

# غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات

ئاپتورى: خۇاتاۋ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
قۇربان تۇران
ئەخمەت زىيا
تۇرغۇن ئۆمەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2000 - يىل 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海古籍出版社 2000 年 2 月 第 1 版, 2000 年 2 月 第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرزائەخمەت تۇردى
مەسئۇل كوررېكتور: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن، قۇربان تۇران، ئەخمەت زىيا، تۇرغۇن ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مم. 1/23، باسما تاۋىقى: 14.3
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN7 —228—07629—X/K.1063
باھاسى: 20.00 يۈەن

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .................................................. (1)
بىرىنچى باب 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن
قارلۇقلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ......... (1)
1- بۆلۈم 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى
غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى .............................. (1)
2- بۆلۈم قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە
ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان
ئالاقىسى .................................................. (7)
1. قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ........... (7)
2. قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى........ (20)
3. قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭلىرى ......... (26)
ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە
تۈركىي تىللىق قەبىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
پائالىيىتى .................................................. (69)
1 - بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە شەرقىي
تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ............ (69)
1. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشكە دائىر تالاش -
تارتىشلار .................................................. (69)
2. پانتېكىننىڭ ئۆزىنى قاغان ئاتىشى ۋە ئۇنىڭغا
ئوتتۇغات بېرىلگەنلىكى .................................. (77)
3. شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
پارچىلىنىپ كېتىشى ........................................ (85)
4. قىرغىزلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى

تىزگىنلىشى ...... (91)

2- بۆلۈم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىلدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ... (101)

1. قارىمۇ قارشى ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى ...... (101)

2. 840 - يىلىدىن كېيىنكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مەنبەلەر ...... (105)

1) خەنزۇچە مەنبەلەر ھەققىدىكى تەتقىقات ...... (105)

2) ئەرەب - پارس مەنبەلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ...... (116)

3. 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ...... (122)

1) 840 - يىلىدىن ئاۋۋالقى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سامانىيلار خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... (122)

2) ئىبنى خۇردادبېھنىڭ شەرقتىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ...... (130)

3) سالامنىڭ شەرق خاتىرىسى ...... (138)

4) 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ...... (145)

**ئۈچىنچى باب قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تەرەققىياتى ...... (175)**

1- بۆلۈم قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ...... (175)

2- بۆلۈم قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاشقى ئالاقە پائالىيەتلىرى ...... (195)

3- بۆلۈم «توققۇز ئوغۇز» مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ...... (212)

1. 9 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ............... (215)
2. 9 ـ ئەسىردىكى ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ............... (220)
3. بەلخ ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ............................................ (245)
4 ـ بۆلۈم قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي چېگراسى ...... (253)
1. «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دا تەسۋىرلەنگەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى ...................... (256)
2. تارىشا پوتىوكتىكى «نوج ( 弩支 )» ۋە «بارسخان» ............................................ (260)
3. «ھودۇدۇل ـ ئالەم» دىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى .................................................. (272)


## ئۈچىنچى باب غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ساتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيەتلىرى

ئۈچىنچى باب غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ساتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيەتلىرى ............................ (225)
1ـ بۆلۈم 893 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى ............... (225)
2ـ بۆلۈم 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى...................... (333)
3ـ بۆلۈم ساتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى........................ (351)
1. ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى پائالىيىتىگە ئائىت دەسلەپكى خاتىرىلەر.......................... (355)
2. ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ......................................... (359)
3. ساتۇقنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە ئائىت يىلنامىلەر مەسىلىسى ............................ (369)
4. ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەت-

لىرىنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى ........................... (376)
قوشۇمچە (1) قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاندانلىق
نەسەب تەركىبى توغرىسىدىكى تەتقىقات ............ (400)
قوشۇمچە (2) جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ «سۇراھ
لۇغەتىگە ئىلاۋە» ........................................ (430)
قوشۇمچە (3) تارىخي ماتېرىياللار ۋە ئاساسلىق
پايدىلانغان تارىخي ھۆججەتلەر ......................... (445)
ئاخىرقى سۆز ............................................. (447)

# كىرىش سۆز

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەن «يول ئاچقان» دىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار خىشى كارىدورىدىكى يۈمېنگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى غەربىي يۇرت دەپ ئاتاشقا ئادەتلەندى. كەڭ دائىرىدىكى غەربىي يۇرت غەربىي ئاسيادىكى تازىك (تاجىك) جەنۇبىي ئاسيادىكى سىندۇ (ھىندىستان) ۋە ئاسياغا يىراق بولغان رۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تار دائىرىدىكى غەربىي يۇرت ئاساسلىقى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ تەڭرىتاغ رايونىنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

غەربىي يۇرتتىكى تەڭرىتاغ — ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇھىم تاغ تىزمىسى، ئۇ شەرقتە ئالتاي تېغىغا يېقىن، غەربى ماۋارائۇننەھرگە بارىدۇ. ئۇ شەرقتىن غەربكە قاتار كەتكەن ئۇزۇك تاغلاردىن تەشكىل تاپقان ھەمدە ئۇنىڭدىن بەزى تارماق تاغ تىزمىلىرى بۆلۈنۈپ چىققان. تەڭرىتاغدا ئويمانلىق، دەريا ۋادىلىرى ۋە ئوتلاقلار بولۇپ، بۇ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىققا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ يەنە قەدىمكى دەۋردە ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش لىنىيىسى — يىپەك يولىنى ئىسكەنجىگە ئالغان بولۇپ، دۇنيادىكى بىر نەچچە چوڭ مەدەنىيەت مۇجەسسەملەشكەن جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ①. قەدىمدىن بۇيان، نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ رايوندا ياشىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىيە 6 - ئەسىردە ئاشنا تۈركلىرى باش كۆتۈرۈپ

چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ زېمىنى ناھايىتى تېزلىكتە بۇ رايونغا
كېڭەيگەن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇبۇتلەر 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا
كېيىنكى مەزگىللى ۋە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي
يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا چولىسى تەگمەي قالغاندىن كېيىن،
تۈركىي تىللىق قوۋملار تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق سىياسىي
كۈچلەرگە ئايلاندى. 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي
تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار خېلى كەڭ
كۆلەمدىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى باشلىدى ھەمدە قاراخانىيلار
سۇلالىسى دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەتنى دەسلەپكى قەدەمدە
راۋاجلاندۇردى. غەربىي لياۋ ۋە موڭغۇل يۇەن سۇلالىسى
دەۋرلىرىدە كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن
تەڭرىتاغ رايونىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تۈركىي تىللىق
قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق ئاھالە بولۇش
ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. بۇ رايوندىكى مەدەنىيەت
ئۆزگىرىشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى. بۇ كىتابتا
تەڭرىتاغ رايونىنى يادرو قىلىپ، 8 - ئەسىردىن 10 -
ئەسىرگىچە تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرت (تار
دائىرىدىكى) رايونىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت
ئۆزگىرىشنىڭ تۈركىي تىللىق قوۋملاردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى
مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللىك نۇرغۇن شەرقشۇناسلار
تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ غەربىي يۇرت رايونىدىكى
پائالىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، 8 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە
تەڭرىتاغنىڭ تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەندى
ھەمدە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
بۇ مەزگىلنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار،
بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب، پارس يېزىقلىرىدىكى تارىخىي
ماتېرىياللار غەربتە رەتلىنىپ نەشر قىلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە

تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنىڭ يېشىپ ئوقۇلۇشى ۋە تۈركشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەربلىكلەرنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىمۇ غەربىي يۇرت رايونىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى ماتېرىيال ۋە تۈرتكە بىلەن تەمىن ئەتتى.

20 - ئەسىردىن باشلاپ غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىغا، بولۇپمۇ 8 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ بىر باسقۇچنىڭ تارىخىغا دائىر ئەڭ مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېلان قىلىندى. روسىيە - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئاتاقلىق ئالىمى 8 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ باسقۇچنىڭ تارىخىغا چېتىلىدىغان ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن زور ۋەقەلەر ئۈستىدە ئىزدەندى، ئۇنىڭ تارىخىغا دائىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى. بارتولد يازغان «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (1898 — 1900)②، «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار» (1893)③، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» (1893 — 1900)④، «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» (1922)⑤، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە» (1926)⑥ قاتارلىق ئەسەرلەر ھېلىھەم مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. دەرۋەقە بارتولد ئۆزى ئېتىراپ قىلغىنىدەك ئۇ خەنزۇچىنى بىلمىگەنلىكى، خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەتقىقاتتا ئاساسلىقى ئەرەبچە - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارغا تايانغان، تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا قاراتقان.

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەرەبچە - پارسچە تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغان يەنە بىر بۈيۈك ئالىم ۋ. مىنورسكىي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «ھۇدۇدۇل — ئالەم»

(دۇنيانىڭ چېگرا - پاسىللىرى)⑦، ئەل مەرۋەزى ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باب - پاراگرافلىرى ⑧ ۋە «تەمىمنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ساياھەت خاتىرىسى» ⑨ قاتارلىقلارنى رەتلىدى، تەرجىمە قىلدى، تەتقىق قىلدى ۋە ئىزاھلىدى. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن مىنورىسكىينىڭ تەتقىقاتىنىڭ بۇ كىتابقا بىۋاسىتە ئەھمىيىتى بار. مىنورىسكىينىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنالمىغانلىقىدا ئىدى.

خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن ئې. چاۋاننېس (شاۋەن) بىلەن پ. پېللىيوتنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. پېللىيوت يازغان «غەربىي تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ⑩ نى غەرب ئالىمى خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ ھەمدە ئۇنى باشقا يازما يادىكارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغان تۇنجى مۇھىم ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ھازىرمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقتا. ۋاھالەنكى، چاۋاننېسنىڭ تەتقىقات دائىرىسى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەمما مېنىڭ تەتقىقات دائىرەم دەل مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ.

پېللىيوتنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىمى كەڭ، ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلگەچكە بىزگە نۇرغۇن كونكرېت تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ 8 — 10 - ئەسىرلەردىكى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىنى سىستېمىلىق بايان قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ باسقۇچنىڭ تارىخىغا دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان، بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ⑪.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن، خەنزۇچە يازما

يادىكارلىقلاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان غەربلىك ئالىم ج. ر. خامىلتوننىڭ ئەسەرلىرىمۇ بۇ كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ يازغان «بەش دەۋر ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ⑫ («ستايول خالىستوي جىلدلىرى») ⑬، «توققۇز ئوغۇزلار ۋە ئون ئوق ئۇيغۇرلار» ⑭ دېگەن كىتابلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىمىز. ئەمما، ئۇنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئازراق. غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇلار خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنالايدۇ ھەمدە غەربنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشقان. بۇ كىتابتا نۇرغۇن ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلاندىم. ياپونىيە ئالىملىرىدىن ئابې تاكېئو ھەممىدىن ئاۋۋال 8 — 10 - ئەسىرلەردىكى پۈتكۈل تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (1956) ⑮ ناملىق كىتابىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە پايدىلىنىش دائىرىسى نۇرغۇن مۇھىم يەكۈنلىرىنى تارىخنىڭ ئەسلىي قىياپىتىدىن خېلى يىراقلاشتۇرۇپ قويدى. ياپونىيىنىڭ پېشقەدەم ئالىملىرىدىن خانېدا تورۇ بەزى مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ⑯، ئۇ بۇ جەھەتتە ئېلان قىلغان بەزى ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسى شۇ چاغدىكى غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەزى قاراشلىرى بۈگۈنكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىغا يول كۆرسىتىپ بەردى.

40 — 50 - يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى غەربىي

يۇرت تارىخى تەتقىقاتى جەھەتتە نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئالايلۇق، غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى قەدىمكى خارابىلەرنى تەكشۈردى، قازدى ۋە تەتقىق قىلدى، مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى رەتلىدى، نەشر قىلدى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاكادېمىيىلىرى چوڭ ھەجىملىك رايون ئومۇمىي تارىخى قاتارلىقلارنى يازدى ۋە نەشر قىلدى، بۇلار تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى چېتىلىدىغان دەۋردىكى غەربىي يۇرت رايونىنىڭ تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى، غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا قارىتىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشمۇ يېتەرلىك بولمىغان.

مەملىكىتىمىزدە تەڭرىتاغ رايونىنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىش 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمالشۇناسلىق قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا باشلانغان. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن جۇڭگو ئالىملىرى غەرب ۋە ياپونىيىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەمدە تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خېلى چوڭقۇرلاشتى، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا مەملىكىتىمىزنىڭ 8 — 10 - ئەسىرلەردىكى بۇ رايوننىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە يەنىلا چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن خېلى كەينىدە قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى خېلى ئۆسۈپ، خەلقئارا سەۋىيە بىلەن بولغان پەرقى كىچىكلىدى.

تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېقىنقى 10 — 20 يىلدىن بۇيانقى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپ ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

بىرىنچىدىن، خوتەن ساك تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى بىزنى خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تۈرك تىل يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلاردا يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپلا قالماي يەنە يېڭى بىر خىل يەرلىك يازما يادىكارلىقتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ خىل يازما يادىكارلىق بەزى تارىخى تەپسىلاتلارغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇ بەزى ۋاقىت جەدۋىلى بىلەنمۇ تەمىن ئەتتى. ئىككىنچىدىن، خەلقئارا زاڭزۇشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى ئالىملار زاڭزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەردى، ئۇلار ئۇنى خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىكى يازما يادىكارلىقلاردىكى مەلۇماتلارغا بىرلەشتۈرۈپ، تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر بىر قاتار ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى ۋە تارىختىكى بەزى گۇمانلىق نۇقتىلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى بەزى توسالغۇلارنى تۈگەتتى.

قىسقىسى، بىز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھازىرقى تەتقىقاتلار ئاساسىدا خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشقا يېزىقلاردىكى ماتېرىياللارغا بىرلەشتۈرۈپ، 8 — 10 - ئەسىرلەردىكى غەربىي رايوندىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ پائالىيەت تارىخىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق كارتىنىسىنى سىزىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

### ئىزاھلار

Matsyda, Hisao, The T'ianshan Range in Asian History①
(ماتسۇدا سۇمىئۇ 1981).

②بارتولد 1898؛ بارتولد 1977.

③بارتولد 1956 (2).

④بارتولد 1987.

⑤بارتولد 1956 (1).

⑥بارتولد 1935.

⑦ 1937 ـ يىل «مىنورىسكىي» (1970)

⑧ مىنورىسكىي 1942 (2)

⑨ مىنورىسكىي 1948.

⑩چاۋاننېس 1013.

⑪ مەسىلەن، ئۇ چاۋاننېس بىلەن بىرلىكتە يازغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە»، (چاۋاننېس، پېللىئوت 1913).

⑫خامىلتون 1955.

⑬خامىلتون 1958.

⑭خامىلتون 1962.

⑮ئابې تاكېئو 1955.

⑯ بولۇپمۇ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي يۇرتنىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى تەڭلا راۋاجلانغان دېگەن مەسىلە توغرىسىدا خانېدا تورۇ 1978 ـ يىلى؛ يەنە خانېدا تورۇ 1973 ـ يىل (4 ـ قىسىم «تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئىسلام») غا قاراڭ.

# بىرىنچى باب 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى

## 1ـ بۆلۈم 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى

8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تەڭرىتاغ رايونى ئىنچىل تۇردە ئاسىيا قىتئەسىدىكى بارچە زور كۆچلەرنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى بولۇپ كەلدى①. شەرقتىكى تاڭ سۇلالىسى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ 30 يىلغا يېقىن كۆڭۈل قويۇپ ئىدارە قىلىشى بىلەن كەييۈەن يىللىرى (713 ـ 741) نىڭ ئاخىرى، تيەنباۋ يىللىرى (742 ـ 756) نىڭ باشلىرى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە بېيىدى ۋە قۇدرەت تاپتى. 736 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەشبالىقتىكى قورۇقچى بېگى گەي جياۋيۈن تۈركەشلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، تۈركەش قاغانى سۇلۇنى ئەل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. تيەنباۋنىڭ 6 ـ يىلى (747 ـ يىلى) ئەنشىنىڭ ئورۇنباسار قورۇقچى بېگى گاۋشيەنجى كىچىك بولۇر دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، پادىشاھنى ۋە تۇبۇت مەلىكىسىنى ئەسىرگە ئالدى. تيەنباۋنىڭ 9 ـ يىلى (750 ـ يىلى) گاۋشيەنجى (بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەنشىنىڭ ساتراپلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى) چىتراللارنى مەغلۇپ قىلىپ②، پادىشاھى بوتمىينى ئەسىرگە ئالدى. جەنۇبتىكى تۇبۇتلار 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئانا ماكانىدىن ھالقىپ چىققاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە تاڭ سۇلالىسى

بىلەن ئۆزئەڭگە سوقۇشتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە ھەدېسىلا شىمال تەرەپتىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى ھەمدە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ خەۋپلىك قوشنىسى بولۇپ قالدى. غەربتە ئەرەبلەر 674 - يىلى (ھىجرىيە 54 - يىلى) ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. قۇتەيبە قوشۇن تارتىپ شەرققە يۈرۈش قىلغان مەزگىللەردە (705 - 715) ئەرەب قوشۇنلىرى شاش (ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ئەتراپى) ۋە باغانتا (پەرغانە) لەرنى ئىشغال قىلىپلا قالماستىن ھازىرقى قەشقەر ئەتراپلىرى دەپ مۆلچەرلىنىۋاتقان جايلارغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى③. 737 - يىلى ئەرەب سانغۇنى ئەسئەد توخارىستاندا تۈركەشلەرنىڭ ئاقساقلى سۇلۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. 750 - يىلىدىكى ئابباسىيلار خاندانلىقى (قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر) نىڭ قۇرۇلۇشى ئەرەبلەرنىڭ شەرقتىكى كۈچىگە قىلچە زەرەر يەتكۈزمىدى.

مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردا شىمالدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. غەربىي تۈركلەرگە سوڭدىشىپلا باش كۆتۈرگەن تۈركەشلەر بىر مەھەل بەكلا قۇدرەت تېپىپ، تاڭ سۇلالىسى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئاسان يەڭگىلى بولمايدىغان رەقىبلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، تۈركەش قاغان سۇلۇ 736 - يىلى ۋە 737 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ۋە ئەرەبلەردىن زەربە يېگەندىن كېيىن قەبىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركەشلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 745 - يىلىغا كەلگەندە ئىزچىل تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى ئىشلارغا قول تىقىپ كەلگەن شىمالىي دالادىكى كېيىنكى تۈرك خانلىقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر،

بولۇپمۇ تۈركەش قەبىلىسىنىڭ زاۋاللىقى تۈپەيلىدىن 751 ـ يىلى (تيەنباۋنىڭ 10 ـ يىلى) شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى زور كۈچ ئوتتۇرىسىدا تۈنجى قېتىملىق، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىملىق بىۋاسىتە توقۇنۇش سوپىتىدە تالاس ئۇرۇشى يۈز بەردى. جەڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق، تاڭ سۇلالىسى مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىنلا غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتمىدى، بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتاتتى.

755 ـ يىلى «ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى» پارتلاپ شەرقنىڭ ۋەزىيىتى تېزدىن ئۆزگەردى. «جىمى ئىقلىمنى بىر ئېلىپ جەڭ دۈمبىقى ياڭرىدى، ئېسىلزادە تۆرىلەرگە قىيامەت ـ قايىم بولدى». تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چېگرا رايونلاردىكى ھەربىي كۈچلىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى، بەشبالىق ۋە خېشى كارىدورىدىكى زور تۈركۈم قوشۇنىنىڭ يادەمگە مېڭىشى تۈبۈتلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 763 ـ يىلى تۈبۈتلەر گۇەنلوڭنى ئىشغال قىلدى ۋە چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلىپ باقتى. 764 — 766 ـ يىللىرى لياڭجۇ، گەنجۇ، سۇجۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى ④. تاڭ سۇلالىسى مالىمانغا تولغان، تۈبۈتلەر ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان پەيتتە ئۇيغۇرلار شىمالىي دالادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، تەدرىجىي شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا كېڭىيىشكە باشلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەنشى بەشبالىقنى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ساقلاپ تۇراتتى. گۇەنلوڭ رايونى تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن تەڭرىتاغ رايونىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ساقلابچى قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلار تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئوردا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

789 ـ 792 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەر بەشبالىقنى تالىشىپ ئۇرۇشتى. مورا ياسۇ تۇبۇتلەر بىر يۇرۇش تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا⑤ ئۇرۇشتا تۇبۇتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان قارلۇقلار بىر مەھەل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، بەشبالىقنى ئىشغال قىلغان ۋە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا (791 ـ يىلى / جېنيۇەننىڭ 7 ـ يىلى) ساداقەتمەن قاغان ئۇيغۇرلارغا سەردار بولۇپ تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلغان ۋە بەشبالىق رايونىنى تارتىۋالغان. ئەنە شۇنداق قىلىپ 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئۇيغۇرلار شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى، تۇبۇتلەر بولسا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە خېشى كارىدورىنى تىزگىنلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى تەڭرىتاغنى مەركەز قىلغان غەربىي يۇرتتىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە قارىتا بارتولد 751 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ «بۇ ئۇرۇش غەربىي يۇرت تارىخىدا شەك ـ شۈبھىسىزكى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، مۇشۇ ئۇرۇش شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيىتى ياكى غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇشۇ تۇپراقتا يېتەكچى ئورۇنغا چىقىشىنى بەلگىلىدى» دەپ قارايدۇ⑥. مورى ياسۇ تاكائو بولسا «بۇ باھا پەقەت يۈزەكى ھادىسىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۇرۇۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»⑦ دەپ قارايدۇ ۋە 789 — 792 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەشبالىق ئۇرۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ توقۇنۇشلار بۈگۈنگە قەدەر بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى كۆپلىگەن ۋەقەلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇردى. يەنە كېلىپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ مۇھىملىقى شەرق ـ غەربتىكى ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تالاس

ئۇرۇشىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالىغان بولسا، كېيىنكى كۈنلۈكتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىستان (تۈركلەرنىڭ ماكانى، ياكى بولمىسا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ زېمىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ) غا كەڭ يول ئېچىلغان بولاتتى. ئەكسىچە....»⑧.

دەرۋەقە، 751 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانىدانلىقلار ئاشۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەت تۈپەيلىدىنلا غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققىنى يوق⑨. تيەنباۋنىڭ 12 ـ يىلى (753 ـ يىلى) ئەنشى ساتراپى فېڭ چاڭچىڭ ئۇلۇغ بولۇر دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ «ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان ۋە تەسلىم قىلدۇرۇپ قايتىپ كەلگەن» ئىدى. («ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 6919 ـ بەت). تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب گىب ئېيتقاندەك⑩ «تالاس ئۇرۇشىدەك پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەردە ئەمەس، بەلكى 757 ـ يىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىكى ئىسيانى تىنچىتىشقا ياردەملىشىشى شەرقتە يۈتكەلگەنلىكىدە» ئىدى، ئەمما غەربىي يۇرتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا تالاس ئۇرۇشىنى غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ.

مورى ياسۇ تاكائۇنىڭ پىكرى بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە. چۈنكى، ئۇ غەربىي تۈرك خانىدانلىقىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە بولغان بىر نەچچە ئەسىرلىك جەرياندىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى بىلەن مەزكۇر رايوننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ رايوننىڭ تۈركلىشىشى بىلەن مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىشى

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بولغان چۈشەنچىسى چولتا بولۇپ قالغانىدى. كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەزكۇر رايوندىكى ئاساسلىق ئاھالە بولۇپ قالغان مەزگىلدىلا ئۇلار مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تۈنجى باسقۇچقا قەدەم تاشلاپ بولغانىدى. شۇڭا، 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تالاس ئۇرۇشى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەشبالىقنى ئىگىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى زور ۋەقەنى غەربىي يۇرت ۋە تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئىككى تۈرلۈك نىشان كۆرسەتكۈچىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇ.

8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگىچە بولغان مەزگىلدىكى غەربىي يۇرت تارىخى يېقىندىن بېرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قانچە ئالىمنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە. مەزكۇر ئالىملار تۈبۈتلەرنىڭ مۇشۇ مەزگىللىك تارىختىكى رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خەنزۇچە، تۈبۈتچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇرلار، تۈبۈتلەر، ئەرەبلەر ۋە تۈركەشلەرنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ چىققتى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىغا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، بۇ ئالىملار ئوخشىمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قارلۇقلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىختا ئوينىغان رولىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشنى روشەن ھالدا دىققەتتىن ساقىت قىلىپ قويدى. مەسىلەن، بېكۋىزنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈبۈت ئىمپېرىيىسى»⑪ناملىق ئەسىرىنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈبۈتلەر، تۈركلەر، ئەرەبلەر» ئەسەردە تۈركەشلەرنىڭ پائالىيىتىگە ناھايىتى زور سەھىپە ئاجرىتىلغان بولسىمۇ، قارلۇقلار ھەققىدىكى بايان ھېچقانچە

چىقمايدۇ. (5-، 6 - باب) مورى ياسۇ تاكائۇ «تولۇقلىما: ئۇيغۇرلار ۋە تۈبۈتلەرنىڭ بەشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە قارلۇقلارغا دائىر باياناتلارنى تولۇقلىغان بولسىمۇ⑫، ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ياماداً نوبۇئونىڭ («تۈرك مىللىتى ۋە سوغدى سودىگەرلىرى»، «تۈركىستاننىڭ شەكىللىنىشى» ناملىق كىتابلىرىدىن)، خانېدا تورۇنىڭ («تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات») ناملىق كىتابىدىن، ئۇچىدا گىنفۇنىڭ («قارلۇقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات») ناملىق كىتابى قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرغا قەدەر قارلۇقلار ھەققىدىكى تەتقىقات تۈبۈتلەر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، تارىخي ئەمەلىيەتنى يورۇتۇشتىن كۆپ يىراق تۇرماقتا⑬. ھالبۇكى، 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى تەڭرىتاغ ۋادىسىنى مەركەز قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىنى قارلۇقلارسىز بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## 2- بۆلۈم قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقىسى

### 1. قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى

تەخمىنەن سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى شەكىللەنگەن قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى⑭ ئالتۇنتاغ

(ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىدە پادىچىلىق قىلغان بولۇپ، غەربىي تۈركلەر ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەمىشە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشكە ئىشتىراك قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئەھۋال خۇددى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە. قارلۇقلار» (6143 ـ بەت) دا ئېيتىلغاندەك «ئۈچ ئۇرۇق غەربىي تۈركلەر ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەمىشە ئۇلارنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا ماس ھالدا بويسۇندۇرۇلغان ياكى ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى». 744 ـ يىلى قارلۇقلار باسمىللار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى ھالاك قىلدى. 745 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ باسمىللارغا زەربە بەردى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارىنى قاغانلىققا تىكلىدى. «يېڭى تاڭنامە» قاتالىق خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا جىدې يىللىرى (756 — 758) دىن كېيىن قارلۇقلار «ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، ئون ئوق قاغانىنىڭ ئىلگىرىكى ماكانىغا كۆچۈپ كەتتى ۋە سۇياب، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىدى».

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرى بارتولد قاتارلىقلار «سۇياب، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىدى» دېيىلگەن ۋاقىتنى 766 ـ يىلى دەپ بېكىتتى⑮. نەتىجىدە كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ قاراشنى قوبۇل قىلدى. مەسىلەن، چاۋاننىس «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دا مۇنداق دەيدۇ: «قارلۇقلار ئون ئوقلارنىڭ قەدىمىي ماكانىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن تەخمىنەن 766 ـ يىلى ئىلگىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانى ئوردا قۇرغان سۇياب، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىدى»⑯. ئەمما، بارتولد قاتارلىقلارنىڭ «766 ـ يىلى» دېگەن يىلنامىسى بىچۈرىنىنىڭ مەنبەلەرنى خاتا تەرجىمە قىلىشىدىن كەلگەنىدى. «قەدىمكى

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار مەجمۇئەسى» (1851 ـ يىلى) دە بىچۇرىن «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى (Ⅱ) (6069 ـ بەت) دىكى «دالى يىللىرىدىن كېيىن قارلۇقلار قۇدرەت تاپتى ۋە سۇياب ۋادىسىغا كېلىپ ماكانلاشتى» دېگەن باياننى «دالى يىللىرىدا، 766 ـ يىلى، قارلۇقلار قۇدرەت تاپتى ۋە سۇياب دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ كەلدى»⑰ دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغانىدى. «766 ـ يىلى» دېگەننى بىچۇرىن قارىسىغىلا قوشۇپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن تارتىپ «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىكى بىر نەچچە قۇر خاتىرە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە⑱.

«تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

(27 ـ قۇر) .... كېيىن ئىت يىلىدا (746 ـ يىلى) ئۈچ قارلۇق ئاسىيلىق قىلىشنى كۆزلەپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار

(28 ـ قۇر) ئون ئوق يېرىگە قېچىپ كەتتى»

«بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

(10 ـ قۇر) توخۇ يىلى (745 ـ يىلى) .... خەلق. ..... تۇيۇپ...... (11 ـ قۇر) ئۈچ قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى. غەربتىكى ئون ئوق خەلقىگە قوشۇلدى».

بىر قىسىم ئالىملار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن 745 ـ يىلى 746 ـ يىلى قارلۇقلار سابىق ئىتتىپاقدىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قىستىشى بىلەن غەربىي تەڭرىتاغ بويلىرى ۋە يەتتىسۇ ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ⑲. ئۇلار يەنە قارلۇقلارنىڭ تالاس جېڭىگە قاتناشقانلىقى ۋە كېيىنچە شاش دۆلىتى بىلەن بىرلىكتە تاڭ سۇلالىسىگە سالامغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ قارايدۇ⑳. ئەمما، قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە ئائىت بۇ

خىل نۇقتىسىنەزەر زادىلا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بىرىنچى، 746 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە دەرۋەقە بىر قىسىم قارلۇقلار شىمالىي دالادىن كۆچتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆچۈشى ئەمەلىيەتتە ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىكى ئانا يايلاققا قايتىش ئىدى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 100 - جىلد «قارلۇقلار دۆلىتى» (1787 — 1788 - بەتلەر) دە باسمىللار، ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارنىڭ بىرلىشىپ تۈركلەرنىڭ ئۇزمىش قاغانىنى ئۆلتۈرگەنلىكى (744 - يىلى)㉑، ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارنىڭ باسمىل قاغانىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە «قارلۇقلار بىلەن توققۇز ئۇرۇقنىڭ ئۇيغۇرلاردىن بولغ ن تۇن يابغۇنى قاغانلىققا كۆتۈرگەنلىكى» (745 - يىلى) قاتارلىق ۋەقەلەر خاتىرىلەنگ ن㉒. بۇ خاتىرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە، يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئۆتۈكەندە قالغانلىرىغا بىر تۇتۇق تەيىنلەندى، ئالتۇنتاغ ۋە بەشبالىقتا قالغانلىرىغا بىر تۇتۇق تەيىنلىنىپ، يىلمۇ يىل ئولپان ئېلىندى» ㉓. بۇ بايانلار «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ 28 - قۇردىكى «توققۇز يىلى ئۈچ قارلۇقلار، توققۇز تاتارلار㉔. . . . توققۇز بۇيرۇق ㉕ . . . . سانغۇنلار ئاتام تۇرياننىڭ بارلىق خەلقى ھۆرمەت بىلەن ئۇنى قاغان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى» دېيىلگەن قارلۇقلارنىڭ شىمالىي دالادىكى ئۆتۈكەن ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان قارلۇق قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن㉖، ئىككى مەڭگۈ تاشتا ئېيتىلغان قارلۇقلارنىڭ قېچىپ كەتكەن كونكرېت ئورنىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن جاڭجاللاشقاندىن كېيىن «ئون ئوق يېرى» ناملىق رايوننىڭ ㉗ شەرقىي قىسمىغا قېچىپ كەلگەن بولۇپ، قانداقتۇر تۈركەشلەر ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان غەربىي

تەڭرىتاغ رايونى ياكى يەتتىسۇ ۋادىسىغا كەتمىگەندى.

قارلۇقلارنىڭ ئورنى تيەنباۋنىڭ 11-، 12 - يىللىرى (752، 753) دىكى ئابۇس (لى شيەنجۇڭ) نىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانىدىمۇ كۆزگە چېلىقمىدۇ. تيەنباۋنىڭ 12 - يىلى 5 - ئايدا ئابۇس شىمالىي دالادا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن كۆنپېتمىشقا قېچىپ، قارلۇقلاردىن پاناھلىق تىلىگەندە قارلۇق يابغۇسى ئۇنى باغلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ئېلىپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسى قارلۇق يابغۇسى تۇن بىلگەنى ئۈچ دەرىجىلىك ئوردا ئەمىرلىرىگە ئوخشاش تارتۇقلاپ ئالتۇنتاغ بېگى مەرتىۋىسىنى تەقدىم قىلدى ھەمدە بەشبالىقنى ھەدىيە قىلدى ㉘. «ئالتۇنتاغ ( 金山 ) تۈرىسى (بېگى)» مەرتىۋىسى شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

كەييۇەننىڭ 4 - يىلىدا (716 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى كۆك تۈركلەرنىڭ بەگچۇر ئىسيانىغا قاتناشقان ئۈچ قارلۇقلارنى «ئەسلىي ماكانى بولغان ئالتۇنتاغقا ئورۇنلاشتۇرۇش» («كىتابلار جەۋھىرى») نى قارار قىلغانىدى. كەييۇەننىڭ 29- يىلى (741 - يىلى) كۆك تۈركلەردەمالىمانچىلىق كۆرۈلگەندە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرگە يارلىق ئەۋەتكەنىدى. شۇ چاغدىمۇ قارلۇقلار يەنىلا «ئالتۇنتاغدىكى ئانا ماكانىدا ياشاۋاتقانىدى. سۈيى ئەلۋەك، چۆپلىرى بولۇق بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇقرالار ئارىسىدا ئېغىرچىلىقلار كۆرۈلسە ئوردا ئۇلارغا ھەسسىلەپ ماددىي ياردەم بېرىپ كەلدى» («كىتابلار جەۋھىرى»). «ئالتۇنتاغ بېگى» مەرتىۋىسى قارلۇقلارنىڭ، ھېچبولمىغاندا قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ يەنىلا ئالتۇنتاغ ئەتراپىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت «كونا تاڭنامە. خۇن جيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا ئابۇس ئىسيانىدىن

كېيىن شىمال ساتراپى ئەن سىشۇننىڭ ㉙ خۇن جيەننى «قوشۇن باشلاپ قارلۇقلار زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش، خۇمى چۆلى ۋە تۆلەس تېغى ئارقىلىق مېڭىپ ئابۇس قەبىلىلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىش» قا ئەۋەتكەنلىكى خاتىرىلىنىدۇ㉚. «خۇمى» دېگىنى تۈركچە «قۇم» (چۆللۈك) دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 15 ـ قۇرى (49 — 51 ـ خەتلەر) دىكى « 口媚碛 » دېگەن خەتمۇ قۇم (چۆللۈك) نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى چۆللۈك بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ㉛. «تۆلەس تېغى» تاڭ دەۋرىدىكى شىجۇ ئايمىقىنىڭ نەق شىمالىغا 1500 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى دۆلەس دەرياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن㉜. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دا بىردەك دۆلەس دەرياسى قارا ئېرتىش دەرياسى دەپ قارىلىدۇ㉝. شۇنداقتا تۆلەس تېغىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن. «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دە Tulas دېگەن تاغ نامى بار. مىنورسكىي «زەپەرنامە» دىكى Tulas تېغىنىڭ ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئىكەنلىكىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ تاغنى ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ㉞. مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىدە بولسا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان ھالدا مۇنداق دېيىلىدۇ㉟: «قارلۇقلار ئىلگىرى tunis (=Tulis) تېغى، يەنى ئالتۇنتاغدا ماكانلاشقانىكەن»㊱. دېمەك تۆلەس تېغى Tulas تېغى، يەنى ئالتۇنتاغنى كۆرسىتىدۇ. خۇن جيەن خۇمى چۆلى ئارقىلىق شىمالغا مېڭىپ، تۆلەس تېغىنى ئىگىلەپ، قارلۇق قەبىلىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋە ئابۇس قوشۇنىغا زەربە بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن قارلۇقلارنىڭ يەنىلا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي قىسمىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئاندىن قالسا، قارلۇقلارنىڭ تالاس ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان غەربىي تەڭرىتاغ رايونى ياكى يەتتىسۇ بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. تاڭ سۇلالىسى سىرتقا قارىتا لەشكىرىي يۈرۈش قوزغىغاندا ھەمىشە باشقا قەبىلىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىناتتى. بۇ ئەھۋال بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ جايدا تۇرۇۋاتقان قوشۇنىنىڭ ياكى لەشكىرىي يۈرۈشكە ئاتلانغان قوشۇنىنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەسلىكىدىن بولسا[37]، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ «ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق ياتلارنى تىنچىتىش» تەك ئادەتلەنگەن ۋاستىنى قوللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، كەييۈەننىڭ 8 - يىلى (720 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا باسمىللار بىلەن بىرلىكتە كېيىنكى تۈركلەرگە زەربە بەرگەنىدى[38]؛ كەييۈەننىڭ 10 - يىلى سۇللۇغىنىڭ ئۇرۇنباسار يالۋاچى جاڭ سىلى تۈبۈت - خەنزۇ قوشۇنىدىكى ئاتلىق ۋە پىيادە تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كىچىك بولۇرنى قۇتقۇزۇپ تۈبۈتلەرگە زەربە بەرگەن[39]؛ تاڭ سۇلالىسىمۇ قارلۇقلارنى بويسۇندۇرغانىدى. كەييۈەننىڭ 5 - يىلى (717 - يىلى) تۈركەشلەر تۈبۈتلەرنى تۆت شەھەرنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتكەندە ئەنشى سانغۇنى ئۈچ قارلۇقلارغا زەربە بەرگەنىدى[40]. مۇشۇ خىلدىكى ئۇرۇشلارغا ئىشتىراك قىلغان قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇش يۈز بەرگەن جايدا ياشاۋاتقان قەبىلىلەردىن بولۇشى ناتايىن ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا ناھايىتى يىراق جايلاردىن كەلگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە گاۋشيەنجى غەربىي تەڭرىتاغ بويلىرىغا ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلغانىنىڭ بىرىنچى قېتىمىدا يەنى تيەنباۋنىڭ 9 - يىلى (750 - يىلى) شاش دۆلىتىگە ھۇجۇم قوزغىغاندا قارلۇقلار قاتناشمىغانىدى[41]. بۇ قېتىمقى يۈرۈش كۈتمىگەن يەردە «غۇزلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇلار ئەرەبلەرگە دوست تارتىپ تۆت شەھەرنى تارتىۋېلىشنىڭ قەستىگە چۈشتى». نەتىجىدە «گاۋشيەنجى ئەندىشىدە قېلىپ «نەچچە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ㊷ قايتا يۇرۇشكە ئاتلانغاندا ئاندىن غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېقىن جايدا تۇرۇۋاتقان قارلۇقلارنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈۋالالايمىزكى، تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئەلچىلىرى تيەنباۋنىڭ 11 - يىلى (752 - يىلى) 2 - ئايدا، 11 - ئايدا، 12 - يىلى، 4 - ئايدا، 12 - ئايدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، 12 - يىلى 4 - ئايدا كەلگەنلەرنىڭ سانى 130 كىشىگە يەتكەنىدى㊸. تيەنباۋنىڭ 13 - يىلى (754) 5 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى قاشتېشى مۆھۈر سوۋغا قىلىش ئارقىلىق قارلۇقلارنىڭ ئابۇسىنى تۇتۇپ بەرگەن تۆھپىسىنى تارتۇقلىغانىدى㊹. بۇ ئەھۋال قارلۇقلارنىڭ ئىزچىل تۈردە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ۋە «ھەر يىلى سالامغا كېلىش» ئادىتىنى زادىلا ئۈزۈپ قويمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تالاس ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ پەقەت قارلۇقلاردىن ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغانلارلا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولۇپ㊺، «قارلۇقلارمۇ تالاس ئۇرۇشىغا قاتناشقان» دېگەنگە تايىنىپلا ئەينى ۋاقىتتىكى قارلۇقلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دە مەزكۇر ئۇيغۇر قاغانىنىڭ (747 — 759 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) قارلۇقلار، تۈركەشلەر بىلەن قىلغان سوقۇشلىرى قايتا - قايتا زىكرى قىلىنىنىمۇ، (جەنۇبىي يۈز 1 - قۇردا) بايانچۇرنىڭ

توشقان يىلى (751 ـ يىلى) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ، تۈركەشلەر ھەققىدە بولسا ھېچنەرسە دېيىلمەيدۇ[46]. شۈبھىسىزكى، ئەينى ۋاقىتتا قارلۇقلارنىڭ ماكانى يەنىلا ئون ئوق خەلقىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئۇلار تېخى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كىرمىگەنىدى.

ئۇنداقتا قارلۇقلار قايسى ۋاقىتتا ئالتۇنتاغدىن يۆتكىلىپ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كىرگەن؟

بىزگە مەلۇمكى، كەييۈەننىڭ 25 ـ يىلى (737 ـ يىلى) سۇلۇ ئۆز قوۋمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن داۋالغۇشقا پاتقان تۈركەشلەر يەنىلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۆز پائالىيىتىنى داۋام ئەتتۈرۈۋەردى. تيەنباۋنىڭ 1 ـ يىلى (742 ـ يىلى) تۈركەشلەرنىڭ قارا تۈركەش قوۋمى (يەنى سۇلۇ قوۋمى) ئەل ئەتمىش قۇتلۇق بىلگەنى قاغانلىققا كۆتۈردى[47]. تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (744) تاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا ئون ئوق قاغانى دېگەن ئوتتۇغات نامىنى ھەدىيە قىلدى[48]. مەزكۇر قاغاننىڭ قارارگاھى سۇياب ئەتراپىدا ئەمەس ئىدى[49]. بىراق ئۈچ ـ تۆت يىلنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ كۈچى زورىيىپ شەرقتە سۇيابنى ئىگىلىدى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماس بولۇۋالدى[50]. نەتىجىدە تيەنباۋنىڭ 7 ـ يىلى (748) بەشبالىق ساتراپى ۋاڭ جېڭجيەن سۇيابقا ھۇجۇم قىلىپ[51] شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى ھەمدە ئىككىنچى يىلى تاڭ سۇلالىسى قۇتلۇق بىلگە كۆچچىنى قاغان قىلىپ تەيىنلىدى[52]. تيەنباۋنىڭ 10 ـ يىلى (751 ـ يىلى) دىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركەشلەر قارا تۈركەش خانى يەنىلا تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەڭ كېيىنكى خاتىرە

چېيەنيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (759 ـ يىلى) غا مەنسۇپ. ئەمما، ۋاڭ جېڭجيەننىڭ سۇيابنى ۋەيران قىلغانلىقىدىن قارىغاندا تۈركەشلەرنىڭ مەركىزى قارارگاھى كۆنپېتمىشقا يۆتكەلگەن بولسا كېرەك. گاۋ شيەنجىنىڭ ئەرەبلەرگە زەربە بېرىشتە تۈركەشلەرنىڭ لەشكىرى كۈچىنى ئىشقا سالمىغانلىقى بولسا تۈركلەرنىڭ ئاجىزلىقى ۋە تارقاقلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مانا مۇشۇ خىل ۋەزىيەت قارلۇقلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت ئىدى.

قارلۇقلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلارغا زەربە بېرىشى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قىرغىزلار» دا قىرغىزلارنىڭ «چيەنيۈەن (758 — 760 ـ يىللىرى) ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى» قەيت قىلىنىدۇ. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە بولسا بۇ ۋەقەنىڭ ۋاقتىنى چيەنيۈەننىڭ 1 ـ يىلى دەپ ئەسكەرتىدۇ[53]. قىرغىزلار قارلۇقلارغا قوشنا بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا بۇ ئىككى قوۋم ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىتتىپاقداشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «(23 ـ قۇر) . . . . قىرغىز خانى كۆگمەن تېغى ئىچىدىكى ئۆيىدە ئىكەن. (24 ـ قۇر) ئاتلىق پايلاقچىسىنى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق پايلاقچىلىرىنى مېنىڭ يىگىتلىرىم يېگىپ «تىل» قىلىپ تۇتۇپتۇ. ئۇ (تۇتۇلغان تىل) (25 ـ قۇر) خانغا ئىتتىپاقداشلىرى كەلدى، لېكىن قارلۇقلار ياردەمگە كەلمىدى، دەپتۇ. . . . »[54]. قىرغىزلار قاتتىق زەربە يەپ «جۇڭگو بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئىلاجسىز قالغان»

يەنى جەنۇبقا ئىلگىرىلەشكە چارىسىز قالغان بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنپېتىش يولىدىكى شىمالدىن كەلگەن تەھدىتىنى يوقاتقانىدى. بۇ ھال تەبىئىيكى ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلارنى قاتتىق تەشۋىشكە سالىدىغان بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق غەربكە سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. دەرۋەقە، قارلۇقلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن ياشاشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆز رازىمەنلىكى بىلەن يەنىمۇ يۆتكەلدى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 100 - جىلد «قارلۇقلار دۆلىتى» دىكى «جىدې (756 — 758) يىللىرىدىن⑤⑤ كېيىن قوۋمى تەدرىجىي گۈللەندى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن رەقىبلەردىن بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆچۈپ ئون ئوق قاغان يېرىگە ماكانلاشتى» دېگەن ئەھۋال دەل يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى كۆرسەتتى. بۇ خىل يۆتكىلىش ئەلۋەتتە بىر كۈندىلا تاماملانمايتتى. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىكى ئۇلاپلا يېزىلغان «نۆۋەتتە سۇياب، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى قارلۇقلار ئىگىلىۋالدى» دېگەن خاتىرىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىدىغانلا بولساق ھەر قايسى شەھەرلەرنى تەدرىجىي ئىگىلىۋالغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. «يېڭى تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «دالى (766 — 779) يىللىرىدىن كېيىن» دېگەن ۋاقىت تەخمىنەن مۇشۇ جەريانغا توغرا كېلىدۇ. گەرچە تۈركەشلەر زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ۋاقىتتىلا بىر قىسىم قارلۇقلارنىڭ تۈركەشلەر رايونىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن بولسىمۇ، ئەمما تيەنباۋنىڭ 12 -، 13 - يىللىرى (753 — 754) ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىكى ئانا ماكانىدا ياشاۋاتقانىدى. جىدې يىللىرىدىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدە كۈنسېرى ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقان تۈركەشلەر قارلۇقلارنىڭ «ۋاسسال قوۋمى» بولۇپ قالدى،

شۇنىڭ بىلەن بىرگە قارلۇقلار ئەرەبلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى.

ئەرەب سالنامىلىرىدە بۇ ئەھۋاللار دەل ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. «تەۋارىخى ياقۇبى» نىڭ سالنامە قىسمىدا ئېيتىلىشىچە، ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى مەھدى (775 — 785 ، يىللار تەختتە ئولتۇرغان) ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمرانلىرىغا يارلىق ئەۋەتكەندە قارلۇق ھۆكۈمرانى يابغۇ، تۈرك پادىشاھى تارقان، تۈبۈت پادىشاھى جاخۇران، جۇڭگو پادىشاھى Baghbyn ۋە توققۇز ئوغۇز پادىشاھى قاغان قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[56]. بۇ ئەرەبچە ۋە پارسچە مەنبەلەردىكى قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە. مەزكۇر ئابزاستىكى «تۈرك پادىشاھى تارقان» دېگەننى بارتولد شاش (بۈگۈنكى تاشكەنت) نىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشىدۇ[57]. دېمەك، غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا يابغۇ سەردارلىقىدىكى قارلۇقلارنىڭ بىر بۆلۈك سەر خىل كۈچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ مۇشۇ رايونغا ماكانلاشقان ۋاقتىنى تەخمىنەن 8 - ئەسىرنىڭ 60- يىللىرى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، بىز بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ بىردەك مەھدىگە بويسۇنغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ، دەپ قارىمايمىز. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ دوستانە مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. «تەۋارىخى ياقۇبى» نىڭ يەنە بىر يېرىدە [58] قارلۇق يابغۇسىنىڭ مەھدىنىڭ قولىدا ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئېھتىمال قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ دوستلۇقىنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى. قىرغىزلار» دا قىرغىزلار، ئەرەبلەر، تۈبۈتلەر، قارلۇقلارنىڭ

ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشقانلىقى خاتىرىلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 8 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى قارلۇقلار شەكسىز غەربىي تەڭرىتاغدىكى ئاساسىي كۈچلەردىن بولۇپ قالغان بولۇپ، غەربتىكى قوشنا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەرەبلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى.

بىراق، قارلۇقلار زادى قايسى ۋاقىتتا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراپ كېڭەيگەن. ئالىملار ئۇلارنىڭ جەنۇبقا كېڭەيگەنلىكىنى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، بۇنىڭ كونكرېت ۋاقتى مەسىلىسىگە ئۇدۇل جاۋاب بېرىدىغان بىرەرى چىقمىدى.

8 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى باغانىنا (پەرغانە) غا ئائىت ئەرەبچە پارسچە مەنبەلەردىن قارلۇقلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئاببasىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى مەنسۇر (754 — 775 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) پەرغانىگە ئەلچى ئەۋەتكەندە، پەرغانە پادىشاھى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئەرەبلەر بىلەن پەرغانىلىكلەر كەسكىن ئېلىشقان. ئەڭ ئاخىرىدا پەرغانە ھۆكۈمرانى سۈلھى تەلەپ قىلىپ، زور مىقداردا تۆلەم تۆلىگەن[59]. بۇ ۋەقەلەر ئېھتىمال مەنسۇر ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن[60]. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا (777 - يىلى) ماۋەرائۇننەھردە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قېتىملىق قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن[61]. «سوغدىيانا ۋە پەرغانە لەرزىگە كەلدى.... (ئاببasىيلار) ئەھمەد بىن ئەسئەدنى پەرغانە ھۆكۈمرانى تۇرۇۋاتقان كاسان شەھىرىگە ئەۋەتتى»[62]. بۇ ئىككى ۋەقەدىن قارلۇقلارنىڭ زەررىچە ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. 8 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئەنەتكەكتىن غەربىي يۇرت ئارقىلىق

شەرققە قايتقان راھىب ۋۇكۇڭمۇ پەرغانىدە قارلۇقلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان. شۇبھىسىزكى قارلۇقلار بۇ ۋاقىتتا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كېڭىيىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى.

قارلۇقلارنىڭ پەرغانىگە كىرگەن ۋاقتىغا ئائىت بىۋاسىتە ماتېرىيال يوق. ئەمما، گەردىزىنىڭ بىر ئابزاس خاتىرىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ زامانىسىدا (786 — 809) خۇراسان ۋالىيسى غىترىف بىن ئاتا (792 — 793) نىڭ ئەمىر بىن جەمىلنى قارلۇق يابغۇسىنىڭ قوشۇنىنى ھەيدىۋېتىشكە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ [63]. بۇ قىممەتلىك خاتىرە بىزگە قارلۇقلارنىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ 8 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى پەرغانە ۋادىسىغا كىرىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز كېيىنكى بەتلەردە تەپسىلىي قاراپ چىقىدىغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا بەشبالىقتىكى ئۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ۋە تۇبۇتلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشى، «تاپ بېسىپ شىمالغا قوغلاپ بارغانلىقى، غەربتە باغانىنا دۆلىتىگىچە يەتكەنلىكى» سۆزلىنىدۇ. بۇلارمۇ قارلۇقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئاللىقاچان پەرغانە رايونىغا يېتىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2. قارلۇقلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەبلەر ناھايىتى تېزلا تەڭرىتاغ رايونىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇڭا، قارلۇقلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ بويلىرىغا كۆچۈشىگە ئەرەبلەر رەنجىپ كەتمىدى ھەمدە ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئابباسىيلار خاندانلىقى ئۇمەييە

خانىدانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن جەمئىيەت تەرتىپى تېزلا مۇقىملاشتى، بايلىق كۆنسېرى ئاشتى. جەمئىيەتنىڭ بايلىققا تولۇشى ئەرەبلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودىسىنى ئالغا سىلجىتتى. ئاببasيلار خانىدانلىقى بۇ سودا پائالىيەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىن كۆپلەپ سودا بېجى يىغىۋالدى. ئەرەبلەرنىڭ سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئۆز نۆۋىتىدە ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقان باشقا رايون خەلقلىرىنىڭ سودا قىزغىنلىقىغا سەۋەب بولدى. ماۋرائۇننەھرىدىكى سوغداقلار ئەسلىدىنلا سودىغا ماھىر خەلق ئىدى. ئەمدىلىكتە ئەرەبلەرنىڭ بۇ سەپكە قېتىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سودا پائالىيىتى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. «يېڭى تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كام (يېنسەي) دەرياسى بويىدىكى قىرغىز ئاياللىرى ئىشلەتكەن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە يىپەك بۇيۇملار ئاساسەن ئەرەبلەر ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ (ئەنشى، بەشبالىق) بويلىرىدىكى ئاھالىلەردىن سېتىۋېلىنغانىدى. ئەرەبلەر ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم قىرغىزلار رايونىغا يىپەك - دۇردۇن ئاپىراتتى[64]. گەرچە قولىمىزدا ئەينى ۋاقىتتىكى قارلۇقلار قاتارلىق تەڭرىتاغ ئاھالىلىرى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا پائالىيەتلىرىگە دائىر بىۋاسىتە ماتېرىياللار بولمىسىمۇ، بۇ خىل سودىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل سودا ئەرەبلەر، قارلۇقلار، تۈبۈتلەر ۋە قىرغىزلارنى شەكىلسىز ئىتتىپاقداشچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، «بىر - بىرىگە تايىنىش»[65] ئارقىلىق بۇ خىل سودا مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇردى.

ئەمما، ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بۇ خىل ئىتتىپاقداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ 792 - يىلى ئەتراپىدا ئەرەب سانغۇنى غىتىرىف قارلۇقلارنى قوغلاپ

چىقارغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولغان ـ بولمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن ماتېرىياللار ئۇن نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ راۋرۇس يىرىكلىشىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. «تەۋارىخى ياقۇبى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا[66] 806 — 810 ـ يىللىرى ئابباسىيلار خاندانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن رافىئ بىن لەيس ماۋەرائۇننەھردىكى ئاھالىلەرنى ھەمدە تۈركلەر (بەلكىم غوز تۈركلىرى بولۇشى مۇمكىن)، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۇبۇتلەرنى ئۆزىنىڭ خەلىپىگە قارشى ئۇرۇشىنى قوللاشقا دەۋەت قىلغان. لەيس ئۇلارنى، بولۇپمۇ تۈركلەر، توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۇبۇتلەرنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرالىدىمۇ، يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما، ياقۇبى قارلۇقلارنىڭ لەيسنى قوللىغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىدۇ. ئۇ خەلىپىنىڭ سانغۇنى ھەرسەمەنىڭ لەيسقا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ (436 ـ بەت): «كېيىن لەيس قارلۇق يابغۇسىدىن ياردەم سورىدى. بۇ يابغۇ ئىلگىرى مەھدى (775 ـ 785) نىڭ قولىدا ئىسلامغا كىرگەنىدى. ئۇ دەسلەپ ھەرسەمەنى كولدۇرلىتىپ ھەرسەمە تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقىنى، لەيسنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن بىردىنلا بويسۇنۇشنى رەت قىلىپ، ئادا ـ جۇدا بولۇشقانلىقىنى جاكارلىدى. لەيسنىڭ ئەھۋالى ئۇ قوللىغانلىقتىن جىق كۈچەيدى». ياقۇبىنىڭ خاتىرىسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھېچبولمىغاندا لەيس ئىسيان كۆتۈرگەن مەزگىللەردە قارلۇق يابغۇسى ئۆزىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىغان. قارلۇق يابغۇسىنىڭ ھېچ سەۋەبسىزلا ئەرەبلەرگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەن ئۆكتىچىنى قوللىغانلىقى زادىلا ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇلار ئېھتىمال ئۆز كۈچىنىڭ زورايغانلىقىغا سۆيۈنۈپ ئەرەبلەرگە تېز پۇكۈشتىن باش تارتقان بولسا كېرەك.

810 - يىلغا كەلگەندە قارلۇقلار يابغۇسىنىڭ دۈشمەنلىك مەيدانى ئەرەبلەرگە تېخىمۇ زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئاببасىيلار خاندانلىقى تەخت ماجىراسىغا پېتىپ قالغانىدى. مۇھەممەد ئەمىن 809 - يىلى باغداتتا ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلاپ، ئاكىسى مەئمۇننى خوراساندىن ئىراققا قايتىشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارتىۋالماقچى بولدى. تەبەرى ئەينى ۋاقىتتا خوراساننىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان مەئمۇن بىلەن ئۇنىڭ يېقىنى فەزل بىن سەھلنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى سۆھبىتىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇلار قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئەرەبلەرگە بولغان ۋاسساللىقتىن باش تارتقانلىقى توغرىسىدىمۇ سۆزلەشكەنىدى[67]. مەئمۇن قارلۇق يابغۇسىنىڭ باش ئېگىشىنى رەت قىلغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئىلاجسىز قالغانىدى. ئۇ ئېھتىمال فەزلنىڭ پەنتى بويىچە يابغۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ باشقا ھۆكۈمرانلار بىلەن بولغان كۈرەشلىرىنى قوللاشقا ۋەدە بەرگەن بولۇشى، شۇ ئارقىلىق قارلۇقلارنىڭ بىتەرەپلىكىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە 813 — 814 - يىللىرى مەئمۇن مۇھەممەد ئەمىننى مەغلۇپ قىلىپ[68]، خەلىپىلىك تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن تىغ ئۇچىنى دەرھاللا ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېرىپ بەرگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچلەرگە قاراتتى.

ئەزرەكىنىڭ «مەككە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، فەزل بىن سەھل قوشۇن تارتىپ ئاۋۋال كابۇل ھۆكۈمرانىنى مەغلۇپ قىلغان، مەزكۇر ھۆكۈمران مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا كىرگەن[69]. ئارقىدىنلا فەزل تۈبۈتلەرگە قارشى قوشۇن تارتقان ۋە ۋاخان قاتارلىق جايلاردا غەلىبە قازىنىپ ئەسىرگە چۈشكەن تۈبۈت سانغۇنلىرى ۋە تۈبۈت لەشكەرلىرىنى باغداتقا ئەۋەتكەن[70].

شۇنىڭدىن كېيىن فەزل قوشۇن تارتىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ 816 ـ يىلى (ھىجرىيە 200 ـ يىلى) ئوترارنى ئىشغال قىلدى ۋە قارلۇق يابغۇسىنىڭ خانىشى ۋە باللىرىنى ئەسىرگە ئالدى. يابغۇ قىماقلار رايونىغا قېچىپ كەتتى[71]. فەزل ئىبن سەھلىنىڭ مۇشۇ قېتىمقى شەرق يۈرۈشى ۋە قازانغان غەلىبىلىرى ھەققىدە باشقا ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرىدىمۇ مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى مەنبەلەردە خاتىرىلەنمىگەن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ يېتىپ بارغان ئەڭ يىراق چېكى جاۋابسىز قالغان بولسىمۇ[72] ئۇنىڭ قارلۇقلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكى ئېنىق. ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە قىماقلار قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا، يەنى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىدا ئىدى[73]. بۇنداقتا كىشىلەر قارلۇق يابغۇسىنىڭ شىمالدىكى قىماقلار رايونىغا قېچىپ كېتىشى قارلۇق قوۋمىنىڭ پۈتۈنلەي شىمالغا كېتىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ، دەپ سورىماي تۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا «ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن» دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 821 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەمىم ئىبن بەھىر تالاس بويلىرىدىن شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قارارگاھىغا قاراپ يولغا چىقتى. تەمىمنىڭ شەرق سەپىرى ھەققىدىكى خاتىرە ئىبن خوردادبېھ، ئىبن فەقىھ، قۇدامە ۋە ياقۇتى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. 1948 ـ يىلى مىنورسكىي بۇ سەپەر خاتىرىسىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ تەمىمنىڭ شەرق سەپىرىنىڭ ۋاقتىنى 821 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەپ بېكىتتى[74]. 821 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مۇشۇ سەپەر خاتىرىسىدە ھەقىقەتەنمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۈچ نۇقتا بار:

1) تەمىم تالاسنىڭ شەرقىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى تۆۋەن بارسخاندىن يولغا چىققان[75].

2) ئۇ شەرققە ئاتلانغاندا ئۇيغۇر قاغانى ئەۋەتكەن ئاتقا مىنگەن (1 ـ قۇر).

3) ئۇ ئىسسىقكۆل بويىدىكى بارسخاندىن ئۆتكەندە بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ جەسۇر خەلق ئىكەنلىكىنى، قارلۇقلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنىڭ ئون قارلۇققا تېتىيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىلا ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان (9 ـ قۇر).

دەرۋەقە، تەمىم شەرق سەپىرىدە قارلۇقلارنى ئۇچراتمىغان بولۇپ، مىنورىسكىي بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغانىدى. ئەمما، ئۇ بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرىنى ئۇچراتمىدى ۋە غەرب جۇڭگوشۇناسلىرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، قارلۇقلارنىڭ غايىپ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلارغا زەربە بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، خەنزۇچە «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» نىڭ 17 — 21 ـ قۇرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار «قوغلاپ يىنچۇ دەرياسى» ۋە «شىمالغا قوغلاپ، غەربتە باغاننا دۆلىتىگىچە كەلدى» دېگەن بايانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلدى ⑯. بىراق، بۇ خىل «قوغلاپ يوقىتىش» ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن ۋاقىت بۇنىڭدىن بالدۇر بولۇپ (795 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە)، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغانىدى. بۇ ھەقتە كېيىن يەنە ئايرىم ۋە تەپسىلىي توختىلىمىز. ھازىر شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 821 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەمىمنىڭ شەرق سەپىرىدە قارلۇقلارنى ئۇچراتمىغانلىقى دەل 816 ـ يىلى فەزل بىن سەھلىنىڭ قارلۇقلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، شىمالغا قېچىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 816 ـ يىلى فەزل شىمالغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئەرەبلەر

بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىقى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولۇپلا قالماستىن، يەنە غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىن چېكىنىپ چىقتى (ۋاقتىنچە چېكىنىپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن).

## 3. قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭلىرى

قارلۇقلارنىڭ ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدىن تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچكەن ۋاقتى دەل غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلدى. 755 - يىلى (تيەنباۋنىڭ 14 - يىلى) ئەنلۇك - سىيگون ئىسيانى پارتلىدى. «جەڭ دۇمباقلىرى جاھاننى تىترىتىپ» تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن تارمار قىلىندى ۋە ئىككى ئاستانە ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتتى. ئەنلۇك - سىيگون ئىسيانچى قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خېبىي، لۇڭيۇ، ئەنشى، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىچكىرىگە يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ھەربىي كۈچى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالدى.

بۇ ۋاقىتتا تۇبۇتلەر ئاللىقاچان كۈچلۈك لەشكىرىي قۇۋۋەتكە ئىگە قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەمىشە چىڭخەي، غەربىي يۇرت ۋە خېشى كارىدورى، لۇڭيۇ قاتارلىق جايلاردا تاڭ سۇلالىسىدىن زېمىن تالىشىۋاتقانىدى. گەرچە 730 - يىلى (كەييۈەن 18 - يىلى) ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ھالىدىن كەتكەن ۋە يارىشىپ قالغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا سانغۇنلىرى ۋە ئۇردا ئەمەلدارلىرى ھەتتا پادىشاھلارغىچە ھەممىسىدىلا لەشكەر تارتىپ «ياتلار» نى جازالاش ئارقىلىق تۆھپىدار بولۇش ئىستىكى مەۋجۇت ئىدى. 737 - يىلى (كەييۈەننىڭ 25 - يىلى) تاڭ

سۇلالىسى ئەھدىگە خىيانەت قىلىپ چىڭخەينىڭ غەربىدىكى تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇبۇتلەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئۇرۇش ئوتلىرى زادىلا ئۆچمىدى. ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانى پارتلىغاندىن كېيىن تۇبۇتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى مالىمانغا پېتىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەرقتىن غەربكە بولغان يۆنىلىشتە خېشى رايونىنى بىر - بىرلەپ تارتىۋالدى، ھەتتا خېلى بالدۇرلا (747) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى گاۋشيەنجى كىچىك بولۇر دۆلىتىگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان كۆكئارتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرمۇ دەرھاللا تۇبۇتلەرگە ئېغىپ كەتتى. تۇبۇتلەر توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى ئەنشى، بەشبالىق قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەر يەنىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدا ئىدى. تۇبۇتلەر خېشى رايونىنى ئىگىلىۋالغاچقا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ساقلاپچى قوشۇنلىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان ئالاقىسى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مۇشكۇلاتقا پېتىپ قالغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ساقلاپچى قوشۇنلىرى ھەمىشە ئۇيغۇرلارغا «قارام» بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى(«كونا تاڭنامە»، 5209 - بەت).

ئۇيغۇرلار ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانى مەزگىلىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىشقا ياردەملىشىپ، ئۆز كۈچىنى زورايتتى. خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، تۇبۇتلەر خېشى، لوڭيۇ، ئەنشى، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى ئەمەلدارلار ئوردا بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامالسىز قالغان، جيەنجۇڭنىڭ 2 - يىلىغا كەلگەندە (781 - يىلى) «ئىشۋېرغول ۋە بەشبالىقنىڭ ساتراپى لى يۈەنجۇڭ، تۆت شەھەرنىڭ باقاۋۇلبېگى گوشىن ئۆز ئەلچىلىرىنى غوزلار ۋە ئۇيغۇرنىڭ يېرى ئارقىلىق مېڭىشقا» يەنى ئايلىنىپ شىمالىي دالا ئارقىلىق ئوردىغا

بىر نىشقا ئەۋەتكەن. جېنيۇەنىنىڭ 4 ـ، 5 ـ يىلى (788 — 789) راھىب ۋۇكۇڭ غەربىي يۇرت ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتقاندا خېشى كارىدورى توسۇلۇپ قالغاچقا تۆت شەھەر، بەشبالىق ۋە ئەنشى قاتارلىق جايلاردىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ «ئۇيغۇر يولى» يەنى شىمالدىكى يايلاق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق شەرققە قايتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. «كونا تاڭنامە»، (5209 ـ بەت) دە ئەنشى ۋە بەشبالىق قاتارلىق جايلار ئۇيغۇرلار تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئۇردا بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ «ھە دېسە يۇقىلاڭ تەلەپلەرنى قويۇپ تورۇۋالغانلىقى، بەشبالىق ئۇيغۇرلار تېررىتورىيىسىگە بىر قەدەر يېقىن بولغاچقا شەھەردە ئاز ـ تولا بىر نەرسە يىغىلغان ھامان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپكەتمەي قويمايدىغانلىقى»، «بەشبالىققا يېقىن» بولغان چۆل تۈركلىرىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارام بولۇۋالغانلىقى» ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي دالادا باھادىر بولۇۋېلىشتىن تاشقىرى ئۆز تەسىرىنى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كېڭەيتىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەسىرىنى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىگە كېڭەيتكەن ۋاقتىنى تەخمىنەن 780 ـ يىلى دەپ ئېيتالايمىز⑰. 781 ـ يىلى ۋە 787 ـ يىلى ئىۋىرغول، شاجۇ ئارقۇ ـ ئارقىدىن تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇبۇتلەر ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى زور كۈچنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنى تالىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

قارلۇقلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ كەتكەنىدى. قارلۇقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۇيغۇر قاغانلىقى ئالدىدا ئىككى تەرەپ

تېزلا ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇردى. قىرغىز خانى يەنە قارلۇق يابغۇسىنىڭ مەلىكىسىنى خاتۇنلۇققا ئالغانىدى (يېڭى تاڭنامە، 6149 ـ بەت). ئەمما قىرغىزلار «چيەنجۇەن يىللىرى (759 — 760) ئۇيغۇرلاردىن قاتتىق مەغلۇپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسى چورتلا ئۈزۈلگەنىدى» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە «قىرغىزلار»). ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنپېتىشقا ئىلگىرىلەش يولىدا شىمالدىن كەلگەن تەھدىتنى يوقىتىشى تەبىئىي يوسۇندا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىدە (ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدە) چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قارلۇقلارغا نىسبەتەن غايەت زور بېسىم بولدى ۋە ئۇلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. قارلۇقلار 50 ـ يىللاردىن باشلاپ تەدرىجىي غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە بولسا مەزكۇر رايوندىكى ئاساسلىق كۆچمەنلەردىن بولۇپ قالدى ھەمدە غەربتىكى ئەرەبلەر بىلەن، قوشنا بولۇپ، دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. ئەمما ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر دېگۈدەك تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ باقمىدى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ شەرقىي ئۇچى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى بولغان بولۇشى مۇمكىن. «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» نىڭ 15 ـ بابىدا قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان قارلۇقلار شەھىرى Jamgh.r تىلغا ئېلىنىدۇ. مىنورسكىي مەزكۇر بۆلەكتىكى تەرتىپتىن قارىغاندا بۇ شەھەر بارسخاننىڭ شەرقىدىكى قارلۇقلار تەۋەلىكىنىڭ ئەڭ شەرقىي ئۇچى، تېخىمۇ ئوچۇقراقى ماناس ئەتراپى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ[78]. بەشبالىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا مەلۇمات بەرگۈچى خەنزۇچە ۋەسىقىلەرمۇ قارلۇقلارنىڭ بەشبالىقنىڭ غەربىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىكەنلىكىنى ئىشارە قىلىدۇ: قارلۇقلار

ئۇيغۇرلارغا يېقىنلا جايدا تۇرغانلىقى ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئۇيغۇرلارنىڭ «بۇلاڭ ـ تالاڭ» لىرىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇبۇتلەرنىڭ «كاتتا ئىنئاملار بىلەن ئۆزىگە قارىتىشى» ئارقىسىدا ئاخىر تۇبۇتلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قالدى⑲. جېنيۈەننىڭ 5 ـ يىلى (789 ـ يىلى) قىشتا تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ساقلاپچى قوشۇنلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. ئىككىنچى يىلى قارلۇقلار تۇبۇتلەرگە ئەگىشىپ بەشبالىقنى ھۇجۇم بىلەن تارتىۋالدى. قارلۇقلار ئارقىدىنلا غەلىبىسىرى يۇرۇش قىلىپ بەشبالىقنىڭ شەرقىدىكى قاغانبۇت شەھىرىنى ئىشغال قىلدى («ئومۇمىي ئۆرنەك»، 7522 ـ بەت).

ئەمما، تۇبۇتلەر ۋە قارلۇقلار ئۇرۇش مېۋىسىنى قانچىلىك ۋاقىت تۇتۇپ تۇرالىدى؟ مورى ياسۇ تاكائو ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش ماقالىلىرىدە⑳ مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن خۇلاسىلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى ھەمدە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (5210 ـ بەت) دە ئېيتىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ جېنيۈەن 5 ـ يىلى (791 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «تۇبۇت ۋە قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغاندا بەشبالىقتا قولغا چۈشكەن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ۋە چارۋا ماللاردىن تەقدىم قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بەشبالىقنى تارتىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ بەزى مۇھىم دەلىللىرى مەنبەلەرنى چۈشىنىشتىكى خاتالىقنى ئاساس قىلىپ قالغانىدى»㉑. گەرچە ئۇنىڭ يەكۇنى خىرىسلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ㉒، بۇنىڭغا قارشى نۇقتىئىنەزەردىكى ماقالىلەر ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىيەلمىگەچكە بەشبالىق ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ئېنىق بولماي ۋاتىدۇ. شۇڭا، خەنزۇچە «توققۇز ئۇيغۇرلار تەگرىدە قۇت

بولمىش بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس قەۋرە تېشى ۋە ئۇنىڭغا مۇقەددىمە» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» دېيىلىدۇ) نى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى شۈبھىسىز ئاشىدۇ.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تېپىلغان بولۇپ، مەزكۇر مەڭگۇ تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمىنى گ. دېۋېرىئا، رادلوف، ۋاسلىيېف، لى ۋېنتيەن، ۋاڭ گوۋېي، شلېگىل، چاۋاننېس، پېللىئوت، لوجېنيۇ، خانېدا تورۇ، ك. ماسكېرراس، چېڭ سولو قاتارلىق ئالىملار[83] تەتقىق قىلدى. مەزكۇر مەڭگۇ تاش تېپىلغان ۋاقىتىدىلا پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن بولغاچقا مەڭگۇ تاش مەزمۇنى ئوبدانلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. شۇڭا، ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت.

مەزكۇر مەڭگۇ تاشنىڭ[84] 1 - بۆلىكى (يەنى 3 - قۇردىن 7 - قۇرغىچە بولغان قىسمى) دە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرغانلىقىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۆگلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنى تىنچىتقانغا قەدەر بولغان تارىخى خاتىرىلەنگەن. 2 - بۆلەكتە (يەنى 8 - قۇردىن 10 - قۇرغىچە) ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ جەريانى سۆزلەنگەن. 11 - قۇردىن باشلانغان تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە [85] (تېكىست مەزمۇنىدىكى كۆپ چېكىت كەمتۈك جاينى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىي تېكىستتە تىنىش بەلگىسى يوق):

«11 - قۇر» ... قاغان تەختتە ئولتۇردى. تالانتلىق ... ئىدى. ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەرنى دانالىق بىلەن يۈرگۈزدى. ئوغلى تەڭرىدىن بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان تەختكە چىقتى. ئەلنى ئادىل ئىدارە قىلىپ ئاسايىشلىقتا يېتەكلىدى ۋە تەڭداشسىز سەۋىيىگە يەتتى. ئوغلى ... قۇتلۇق بىلگە ... قۇدرەت تاپتى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن ... تەڭرىدىن ئۇلۇغ

بولمىش ئالپ قۇتلۇق كۇچلۇك بىلگە قاغان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

(12 ـ قۇر) . . . ئالپ بىلگە قاغان ئەجدىها سۇغا چۆككەندە تەختكە چىققانىدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى بارچە قاغانلارنىڭكىدىن ئۇزۇن بولدى. تۇتۇق، ئايماقدار، ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىرلىرى، . . . ئەمەلدارلىرى پەرمانىنى ئىشىتتى. تەڭرى قاغان چۇگوڭ يىلىدا تەختكە چىقتى. . . . ياردەملىشىش ئۇچۇن . . . تالانتى. . . ئاجايىپ كۇچلۇك ئىدى. ئەل . . . قانۇن ـ پەرمانلار ئېنىق ئىدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىماسلىرى . . . تەشنا ئىدى.

(13 ـ قۇر) . . . . قاغان تېخى ۋەزىر بولۇۋاتقان ۋاقتىدا باشقا ۋەزىرلەر بىلەن يىرىكلىشىپ قالدى. ئەل قىلىدىغان ۋاقىتتا ئاجايىپ ئىشلار يۇز بەردى. باللىقتىن ئۇسۇپ دانالىقتا . . . يەتتى. ئۆز چېدىرىدا ئولتۇرۇپ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قارار قىلدى. مۇلايىم ۋە ھىممەتلىك ئىدى. . . . . نى يۆلەپ . . . ئەۋلادىنى ئەلنى ئىدارە قىلدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى تەڭلەشتۇرگىلى بولمايتتى. دەسلەپ شىمالدىكى قىرغىزلار دۆلىتى بىر تۇمەندىن ئارتۇق ئوقياچى شىرمەتلەرگە ئىگە ئىدى. بۇ . . .

(14 ـ قۇر) . . . . دانا ۋە جاسارەتلىك، كۇچ ـ ھەيۋىدە تەڭداشسىز، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغان كىشى ئىدى. قىرغىز قاغانى شۇنىڭ ئوقىدا يىقىلدى. چارۋا ۋە ئاشلىق . . . قورال تاغدەك دۆۋىلەندى. دۆلەت ھالاك بولۇپ، ئەلدە ئادەم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قارلۇقلار ۋە تۇبۇتلەر . . . قوشۇن توپلاپ يۇەنخېخۇدا دۇشمەن بولدى. ئەقىل ـ پاراسەتتە ھالقىپ چۇشتى...

(15 ـ قۇر) بەشبالىقنى قايتا ـ قايتا قورشاۋغا ئالدى. . . . تەڭرى قاغان شەخسەن ئۆزى زور قوشۇنغا يېتەكچىلىك

قىلىپ، رەقىبلىرىنى يەر چىشلەتتى ۋە شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. . . يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ئوخشاپ كېتىدۇ. پاك ـ دىيانەتلىك ئىنسانلار ھايات قالىدۇ، بەدنىيەتلەر ھالاك بولىدۇ. . . . غا ئەگىشىپ. . . مى چۆللۈكنى كۆپلىگەن كىشىلەر كېسىپ ئۆتتى. چارۋىچىلار . . . .

( 16 ـ قۇر ) . . . تاشلىۋەتتى. كېيىن تۇبۇتلەرنىڭ زور قوشۇنى كۇسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. . . . تەڭرى قاغان قوشۇن باشلاپ قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلاندى. تۇبۇتلەر . . . . يوشۇغا قاچتى. تۆت تەرەپتىن قورشاپ بىراقلا يوقىتىلدى. جەسەتلەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى خېلى يىللارغىچە پۇراپ تۇردى. قاراشقا . . . ئادەم يوق. پۇتۇنلەي مەغلۇپ بولدى. . .

( 17 ـ قۇر ) . . . پۇقرالار بىلەن قاراقچىلار بىرلىشىۋالدى. تەڭرى قاغان زور قوشۇننى باشلاپ ئاتلاندى. ئوغرىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ. . . يىنچۇ دەرياسىغىچە قوغلاپ كەلدى. ئەسىر ئالغان ئاۋام پۇقرالار نەچچە تۇمەندىن ئېشىپ كەتتى. تۆگە ۋە ئاتلارنىڭ بولسا ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. . . كۆپلىگەن خەلق كېلىپ بەيئەت قىلدى. . .

( 18 ـ قۇر ) . . . گۇناھىنى بىلدى ۋە ھەممەت ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. تەڭرى قاغان ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە ئىشەندى ۋە گۇناھىدىن ئۆتتى. . . . بېگى . . . ئاۋام خەلقنى ئۆز ئەمگەكلىرىنى داۋام ئەتتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بەگ . . . تاۋاپ . . . ئوق تاسىل . . .

( 19 ـ قۇر ) . . . سانغۇن، شەخسەن سەپراس بولدى ۋە ئوغرىلار زېمىنىغا يېتىپ كېلىپ ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۆزى نەچچە ئاتلىق ئىدى. . . پەرمانىنى يۇرگۇزدى ۋە جەزمەن غەلىبە قىلىش، ياۋنى جەزمەن يەر بىلەن يەكسان قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئارقىدىن قوغلاپ شىمالغىچە . . . غىچە باردى. قالغان . . .

(20 ـ قۇر) قارلۇقلار ۋە تۇبۇتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۇغنى سۇندۇرۇپ، سانغۇننىڭ بېشىنى چاپتى. شىمالغىچە قوغلاپ كەلدى. غەربتە باغاننا دۆلىتىگىچە كەلدى. . . . خەلقىنى قولغا چۈشۈردى. مال ـ چارۋىسىنىمۇ قولغا چۈشۈردى. يابغۇ سىياسەتكە تارتىلىشتىن قورقۇپ ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلىپ. . . ⑧⑥

(21 ـ قۇر) . . . . . . . . بىلگە قاغان. قايتىدىن بەيئەت قىلغان قارلۇقلارغا يىنچۇ دانا ياب . . . نى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. يەنە ئون ئوق ئۇچ . . .

(22 ـ قۇر) . . . . راھىبلارغا كەڭچىلىك قىلىشنى بۇيرۇدى. لەشكەرلەرنى خاتىرجەم قىلدى. ئەل بىنا بولغاندىن تارتىپ . . . بۇنداق مەنزىرە كۆرۈلمىگەنىدى.

(23 ـ قۇر) . . . . . . . بار. . . . . . ئوتتۇرىسىدا. يات ئەل . . . . . . . تاپشۇرۇپ. . . . . ئىچىدە. . . . .

(24 ـ قۇر) . . . . . . . بالا ـ قازا. . . . . .

خەنزۇچە ۋە باشقا ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئېدىكەن قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۆتكۈلۈك ـ سۆيگۈن ئىسيانىنى تىنچىتقان مەزگىلدە يۈز بەرگەنىدى. شۇڭا مەڭگۇ، تاشنىڭ 11 ـ قۇرىدىكى ئارقا ـ ئارقىدىن تەختكە چىققان تۆت نەپەر قاغان تۇن باغا (779 — 789، باتۇر، رەھىمدىل، خىزمەت كۆرسەتكەن قاغان)، تالاس (789 — 790، ساداقەتمەن، پاك قاغان) ئايچۇر (790 — 795، ساداقەتمەن قاغان) ۋە قۇتلۇق (795 — 808، دىيانەتمەن قاغان⑧⑦) قاتارلىقلار ئىدى.

12 ـ قۇردىكى مەزمۇن ھەققىدە ئالىملارنىڭ پىكرى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ. 12 ـ قۇرنىڭ بېشىدىكى «. . . . بىلگە قاغان» ۋە كېيىنكى قۇرلاردا كۆپ قېتىم كۆرۈلىدىغان «تەڭرى قاغان» غا بولغان چۈشەنچىنىڭ

ئوخشىماسلىقىدىن ئابىدىنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتى ۋە ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن قاغاننىڭ كىمنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر شەكىللەندى.

دارلوف (88) «تەڭرىدىن بولمىش ئالپ بىلگە قاغان»، 11 - قۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى «تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق كۈچلۈك بىلگە قاغان»، 12 - قۇرنىڭ بېشىدىكى «.... ئالپ بىلگە قاغان» ۋە كېيىنكى قۇرلاردىكى «تەڭرى قاغان» قاتارلىقلارنى دىيانەتمەن قاغان، دەپ قارايدۇ ۋە مەزكۇر مەڭگۇ تاشتىن دىيانەتمەن قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «ئۇلۇغ مەمۇرىي ۋە لەشكىرىي تۆھپىلىرى» نى مەدھىيىلەش يۈزىسىدىن تۇرغۇزۇلغان، دەيدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ تۈپكى ئاجىزلىقى ئۇنىڭ مەڭگۇ تاشتىكى دىيانەتمەن قاغاننىڭ نامى بىلەن (11 - قۇردىكى ئەڭ ئاخىرقى قاغان) مەڭگۇ تاش نامىنىڭ ماس كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

شىلېگېل(89) 11 - قۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قاغان بىلەن 12 - قۇرنىڭ بېشىدىكى «... ئالپ بىلگە قاغان» نى دىيانەتمەن قاغان دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇ «تەڭرى قاغان» تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە مەڭگۇ تاش نامى ئەدەپمەن قاغان (824 — 832 - يىلى تەختتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نامى مەڭگۇ تاش نامى بىلەن ئوخشاش) نىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا، مۇشۇ سەۋەبتىن 15 - قۇردىن 18 - قۇرغىچە بولغان قىسمىنىڭ كەمتۈك جايىغا دىيانەتمەن قاغاندىن كېيىن كۈچلۈك بىلگە، ئادالەتلىك قاغان، ئەخلاقمەن قاغان قاتارلىقلارنى تولۇقلىدى. بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى(90). شىلېگېلنىڭ ناھايىتى روشەن خاتالىقىنى باشقا ئالىملار ناھايىتى تېزلا كۆرسىتىپ ئۆتتى: «تەڭرى قاغان» ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرسىتىدۇ، تاڭ

سۇلالىسى پادىشاھىنى كۆرسەتمەيدۇ91. يەنە كېلىپ ھېچكىممۇ «تەڭرى قاغان» تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن خاتالىقنى قايتا سادىر قىلمىغاچقا ئۇنىڭ پۈتكۈل خۇلاسىسى تەۋرىنىپ قالىدۇ.

1913 - يىلى چاۋاننېس بىلەن پېللىئوت «مانى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى»92 ناملىق ئەسىرىدە شىلېگىلىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى تەنقىد قىلدى ھەمدە 12 - قۇرنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان «ئالپ بىلگە قاغان» نىڭ ئېنىقلا دىيانەتمەن قاغان (11 - قۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قاغان) دىن كېيىنكى قاغاننى، يەنى ئادالەتلىك قاغاننى كۆرسىتىدۇ، بۇ قاغاننىڭ ئۇيغۇرچە نامى ئەدەپمەن قاغاننىڭكىگە ئوخشايدۇ، يەنى بىردەك «ئاي تەڭرىدىن بولمىش ئالپ بىلگە قاغان»، بۇ نام مەڭگۇ تاش نامى بىلەنمۇ بىردەكلىككە ئىگە، شۇڭا مەزكۇر مەڭگۇ تاشتا دىيانەتلىك قاغانغا مەدھىيە ئوقۇلغان، «... ئالپ بىلگە قاغان» ۋە 15 - قۇر ھەم شۇنىڭدىن كېيىنكى «تەڭرى قاغان» دېگەنلەر بىردەك مەڭگۇ تاشنىڭ ئىگىسى بولغان ئادالەتلىك قاغاننى كۆرسىتىدۇ. 12 - قۇرنىڭ 34 - 36 - خەتلىرى بولغان «تەڭرى قاغان» سۆزى دىيانەتلىك قاغاننىڭ «ئەجدىھا سۇغا چۆككەن ۋاقىتتا» تەختكە چىققان قاغان ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار پەقەت مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشىغا ئائىت 8 — 10 - قۇرلارغا شەرھلەپ چىقتى93. ئۇزۇن ئۆتمەي لوجېنيۇ مەزكۇر مەڭگۇ تاش ھەققىدە «تەقرىز» يازدى، ۋاڭ گوۋېي بولسا بۇ ھەقتە «باھا» يازدى94. شۇنداقلا ئادالەتلىك «قاغان مەڭگۇ تېشى» دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلىدى. كېيىن خانېدا تورۇ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە يەنە مەزكۇر مەڭگۇ تاش ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتتى95. خانېدانىڭ ئەسىرىدىكى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلە شۇكى، ئۇ

چاۋاننېس ۋە پېللىيئوتنىڭ «تەڭرى قاغان» هايات ئۇيغۇر قاغاننى كۆرسىتىدۇ، دېگەن هۆكمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر شەرھلىمىدى. ئۇ [96] گەرچە مەڭگۈ تاشتا مەلۇم بىر مەرھۇم ئۇيغۇر قاغاننى 2 - قېتىم تىلغا ئالغاندا «قاغان» دېگەن ئىككى خەت بىلەنلا ئاتىغان (مەسىلەن، 5 - قۇر، 38 — 39 - خەت، 7 - قۇر 15 — 16 - خەت[97])، گەرچە مەڭگۈ تاشتا ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى خانغا مەلۇماتنامە يوللىغاندا ئۇيغۇر قاغاننى «تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىغان (مەسىلەن، 12 - قۇر، 34 — 36 - خەتلەر)، شۇنداقتا «تەڭرى قاغان» شەك - شۈبھىسىزكى هايات ئۇيغۇر قاغانىنىڭ هۆرمەت نامى بولۇپ چىقىدۇ، هۆرمەت نامىنىڭ ئالدىدا ئىككى خەتلىك بوش ئورۇن بار، مەرھۇم قاغان ياكى باشقىلار (مەسىلەن، جۇڭگو پادىشاھى، مانى داھىس) نىڭ نامى ئالدىدا پەقەت بىر خەتلىكلا بوش ئورۇن قويۇلغان، هەتتا بۇمۇ يوق. مەسىلەن 5 - قۇرنىڭ 38 — 39 - خېتى ئالدىدا بوش ئورۇن يوق، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بايانلىرى چاۋاننېس، پېللىيئوت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەزكۇر مەڭگۈ تاش ئادالەتلىك قاغان (808 — 821 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) هايات ۋاقتىدا، تېخىمۇ ئېھتىمالغا يېقىنراقى 814 - يىلى تىكلەنگەن بولۇشى مۇمكىن[98] دېگەن هۆكۈمنى كۈچلۈك هالدا قۇۋۋەتلىدى. بۇ بىزنىڭ مەڭگۈ تاشتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈت، قارلۇقلارنىڭ كۈرەشلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشىمىزگە زور دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار، مەسىلەن، ئابې تاكېئو، چاۋاننېس، پېللىيئوت، خانىدا تورۇ قاتارلىقلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدۇ. ئۇ [99] گەرچە مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ ئادالەتلىك قاغان تەختتىكى ۋاقىتتا تىكلەنگەنلىكىنى ۋە مەڭگۈ تاش نامىنىڭ ئادالەتلىك قاغانىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ مەڭگۈ تاشتىكى «تەڭرى قاغان» نى دىيانەتلىك قاغان دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا

مەڭگۈ تاشنىڭ 13 ـ قۇرىدىن باشلاپ بايان قىلىنغانىنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك قاغاننىڭ تۆھپىسى دېگەننى تەكىتلەيدۇ. ئۇ دىيانەتلىك قاغاننىڭ تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ۋەزىر بولغان چاغدىكى مۇھىم ئورنى ۋە ئۇنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى سىستېمىسىدا (ئادىز ئۇرۇقى) ئىگىلىگەن ئالاھىدە ئورنىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ كىشىنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئەمما، يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ نېمە مۇنازىرە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەڭگۈ تاشنىڭ 13 ـ قۇر 39 ـ خېتىدىن باشلاپ بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار، تۈبۈتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ دىيانەتلىك قاغان تەختتىكى ۋاقىتتىنىڭ (795 — 808) ئالدى- كەينىدە يۈز بەرگەنلىكىگە قارشى تۇرمايدۇ. ئۇنداقتا يۇنخېخۇ، بەشبالىق، كۇسەن، يۇشۇدىكى جەڭنىڭ 790 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بەشبالىق ئۇرۇشى ياكى بەشبالىق ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟

مەڭگۈ تاش مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار تولۇق غەلىبە قازانغان. بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇندىن ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى 17 ـ قۇردىكى «تەڭرى قاغان زور قوشۇننى باشلاپ ئاتلاندى. ئۇغرىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ..... يىنچۇ دەرياسىغىچە قوغلاپ كەلدى» ۋە 20 ـ قۇردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قېتىم «قارلۇقلار ۋە تۈبۈتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ» باغاننا دۆلىتى (پەرغانە) گىچە قوغلاپ كەلگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باغاننا ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. يۇقىرىقى ماۋزۇلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك قارلۇقلار غەربكە كۆچكەندىن تارتىپ 8 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە

غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاساسلىق كۆچلەردىن بولۇپ قالغان ۋە ئىزچىل تۈردە ئەرەبلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. شۇ مەزگىلدىمۇ قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى باغانىناغا كۆز ئالايتىپ باقمىغانىدى. ئەمما، 790 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئەرەبلەرنىڭ خۇراساندىكى باش ۋالىيسى غىترىف بىن ئەتا (792 ـ 793) نىڭ ئەمر بىن جەمىلنى باغانىناغا قارلۇق يابغۇسىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئەۋەتىشى قارلۇقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا (792 ـ 793) پەرغانە رايونىغا كىرىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ دەل ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر بەشبالىقنى چۆرىدەپ كەسكىن ئېلىشىۋاتقان مەزگىل ئىدى. قارلۇقلار تۈبۈتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئىشتىراك قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بىرلىكتە ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بەشبالىقنى ئىگىلىۋالدى. قارلۇقلار يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانبۇد شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. («ئومۇمىي ئورنەكلەر»، 7522 ـ بەت) ئەمما، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ جىنيۈەن 7 ـ يىلى (791 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلاردىن بەشبالىقتىكى غەلىبىدە قولغا چۈشۈرگەن چارۋىلاردىن تەقدىم قىلغان» لىقى ئېيتىلىدۇ. يەنى بۇ 791 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار بەشبالىقتا تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلدى، دېگەنلىك ئىدى. گەرچە باشقا مەۋجۇت خاتىرىلەردە ئېنىق قىلىپ، تۈبۈتلەرنىڭ 792 ـ يىلى شىجۇ (تۇرپان ئويمانلىقى) نى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى (دۇنخۇاڭ مەكتۇپلىرىدىن p. 3918 ۋە p. 2732 نومۇرلۇق ھۆججەتلەر <100>) ئېيتىلىسىمۇ، بۇ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 791 ـ يىلى بەشبالىقتا غەلىبە قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايلا قالماستىن ئەكسىچە تۈبۈتلەرنىڭ غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىپ شىجۇنى

ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىشغالىيەتنىڭ مۇستەھكەم بولمىغانلىقىنى، بۇ خىل تۇراقسىزلىقتا سەۋەب بولغان تەھدىتنىڭ ئېھتىمال بەشبالىقتىكى ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىشارە قىلىدۇ<101>. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ بەشبالىق ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى ۋە غەلىبىدىن كېيىن تۇبۇتلەر بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىنى تالىشىشىنىڭ جەريانى ئېنىق خاتىرىلەنگەن (16 ـ قۇر). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تۇپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغان سابىق ئىتتىپاقدىشى قارلۇقلارنى ھەرگىزمۇ بوش قويمايتتى. مەڭگۇ تاشنىڭ 16 ـ قۇرىدا ئۇيغۇر تەڭرى قاغاننىڭ كۇسەنگە ياردەمگە كېلىپ تۇبۇتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. 17 ـ قۇردا بولسا تەڭرى قاغاننىڭ ياۋ قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن يېنچۇ دەرياسىغىچە (يەنى سىر دەرياسى) قوغلاپ كەلگەنلىكى، سان ـ ساناقسىز ئادەم ۋە ئات ـ تۆگىلەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. 18 ـ قۇردا بولسا ئۇلاپلا مۇنداق دېيىلىدۇ: «. . . گۇناھىنى بىلدى ۋە ھىممەت ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى. تەڭرى قاغان ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. . . . . . بېگى . . . . . . . ئاۋام خەلقىنى ئۆز ئەمگەكلىرىنى داۋام ئەتتۇراشكە بۇيرۇدى. بەگ . . . تاۋاپ. . . . ئوق تاسىل. . . . . . . .»

«تاسىل» ئۈچ قارلۇقنىڭ بىر قەبىلىسىنى ئىدى، ئۇيغۇرلاردىن زەربە يەپ، ئۇيغۇرلارغا تىز پۈككەنلەر تەبىئىيكى قارلۇقلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا، تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق قىلىپ تۆۋەندىكىچە ئىككى تۈرلۈك يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ:

1) «كونا تاڭنامە» (5210 ـ بەت)، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» (17ـ، 18 ـ قۇرلار) ۋە يۇقىرىدا نەقىل

كەلتۈرۈلگەن ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرى (گەردىزى) ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇت. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» نىڭ 13 ـ قۇر 39 ـ خېتىدىن باشلاپ بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ۋە تۈبۈتلەر بىلەن قىلغان جەڭلىرى دەل 790 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بەشبالىق ئۇرۇشى ياكى بەشبالىق ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى.

2) ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىنكى، 791 ـ يىلى ئۇيغۇرلاردىن زەربە يېگەندىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن جەنۇبىي ئېتىكىدىكى پەرغانە رايونىغا سۈرۈلگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك ئەرەبلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويغان، ئاقىۋەت 792 — 793 ـ يىللىرى ئەمر بىن جەمىل لەشكىرىي يۈرۈش قوزغىغان.

گەردىزى، ئەمر بىن جەمىلنىڭ لەشكىرىي يۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمەيدۇ. «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» نىڭ 20 ـ قۇردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا قارلۇقلار پەرغانە رايونىدىن ئايرىلمىغان<102>. يۇقىرىقى ۋەقەلەردىن كېيىن 20 ـ قۇردا ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار ۋە تۈبۈتلەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ھۇجۇمنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى قارلۇقلار بولۇپ، ھۇجۇم لىنىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى تۈبۈتلەر كونترول قىلىپ تۇرغان جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. قارلۇقلار بۇ قېتىم ناھايىتى قاتتىق زەربە يېدى، يابغۇسى «سىياسەتكە تارتىلىشتىن قورقۇپ، زېمىننى تاشلاپ قاچقانلىقى» سەۋەبلىك جازالاندى. 21 ـ قۇردىكى («بىلگە قاغان قايتىدىن بەيئەت قىلغان قارلۇقلارغا يىنچۇ دانا . . . . بەگ قىلىپ تەيىنلىدى، يەنە ئون ئوق ئۆچ») باياندىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر پەرەس قارلۇق يابغۇسىدىن بىرىنى بەگ قىلىپ تىكلىگەنىدى.

ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ توقۇنۇشى مەڭگۇ تاشتا ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ: بىرىنچى قېتىم (14 ـ قۇرنىڭ بېشىدا) تۇبۇتلەر بەشبالىققا ھۇجۇم قىلغاندا يۈز بەرگەن، ئىككىنچى قېتىم (18 ـ قۇردا) 791 ـ يىلى ئۇيغۇرلار بەشبالىقنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن. ئۇنداقتا ئۈچىنچى قېتىملىقى (20 ـ قۇر) تەخمىنەن قاچان يۈز بەرگەن؟ مەڭگۇ تاشنىڭ 21 ـ قۇرىدىكى «..... لىق بىلگە قاغان» دېگەن ئاتاق نامى بىزنى مۇھىم بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەڭگۇ تاشتا 12 ـ قۇردىن باشلاپ «تەڭرى قاغان» نىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى بايان قىلىنىدۇ. «تەڭرى قاغان» نىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دەرىجىدىن تاشقىرى پەۋقۇلئاددە زور ۋەقە يۈز بەرمىگەنلا بولسا «تەڭرى قاغان» دېگەن ئاتاق نامىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. شۇنداقلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ يەردىكى «.... لىق بىلگە قاغان» دېگەن ئاتاق نامىنى ئادالەتلىك قاغان 808 ـ يىلى توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مۇقەددەس تەختىگە چىققانلىقىنىڭ بەلگىسى، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئالدىنقى قاغان «ۋاپات بولغاندىن كېيىن» ئادالەتلىك قاغاننىڭ «تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى» ھەققىدىكى بايانلار ئەسلىدە ئېھتىمال 18 ـ ياكى 19 ـ ياكى 20 ـ قۇرلاردىكى پۇچۇلۇپ كەتكەن كەمتۈك جايلاردا بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن <103>. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن 19 ـ قۇرنىڭ ئالدىدىكى بۆلەكتە 808 ـ يىلى ئادالەتلىك قاغان تەختكە چىقىشتىن ئاۋۋالقى ئىشلار بايان قىلىنغان ۋە «تەڭرى قاغان» دېگەن ئاتاق نامى ئىشلىتىلگەنىدى. 19 ـ قۇردىن باشلاپ بايان قىلىنغىنى ئادالەتلىك قاغان تەختكە چىققاندىن تارتىپ مەڭگۇ تاش تېكىستى يېزىلغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى تارىخ بولۇپ، ئادالەتلىك قاغاننىڭ رەسمىي ئاتاق نامىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى قوللىنىلغان. شۇڭا، مەڭگۇ تاشتا 3 ـ قېتىم تىلغا

ئېلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ توقۇنۇشىنى تەخمىنەن 808 ـ يىلىدىن كېيىنكى مەلۇم بىر مەزگىلگە تەۋە دېيىشكە بولىدۇ.

مەزكۇر مەڭگۈ تاشنىڭ سوغدىچە قىسمى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى يۇقىرىقى قىياسىمىزنى تەققاسلاپلا قالماستىن، بىزنى تېخىمۇ توغرا بولغان ۋاقىت ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يۇتاكا يوشىدا <104> ئۇ. خانسېنىنىڭ نەق ئورنى تېخى بېكىتىلمىگەن 7 ـ ۋە 9 ـ پارچە تاشتىكى سوغدىچە يېزىقنى ترانسكرىپسىيە قىلىشىدا سەۋەنلىك بارلىقىنى بايقىدى. يېڭى ترانسكرىپسىيىگە ئاساسەن ئۇ بۇ ئىككى پارچە تاش پارچىسىنىڭ توغرا ئورنىنى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز سوغدىچە تېكىستتىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدۇق <105>. (تېكىستتىكى كۆپ چېكىت كەمتۈك جايىنى كۆرسىتىدۇ): «...... كۆپ قېتىم ....... ئۇ ئۇلۇغ تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇردى..... پۇتكۇل ئەرەب زېمىنىدا ..... بەختلىك <106> قاغاندىن قورققانلىقى ۋە چۆچۈگەنلىكى ئۈچۈن .... (سوغدىچە تېكىست، 18 ـ 22 ـ قۇرلار)، بەختلىك قاغان ۋاپات بولغاندا ئۇ خوراسان ئەمىرى ۋە باشقا يۇرتلارنىڭ ئەمىرلىرىگە، شۇنداقلا ھۆكۈمرانلىرىغا بىر پارچە يارلىق ئەۋەتتى (سوغدىچە تېكىست 21 ـ قۇر)».

سوغدىچە تېكىستتە بولغان يېڭى تونۇشقا ئاساسەن يۇتاكا يوشىدا خەنزۇچە تېكىستنىڭ 19 ـ قۇرىنىڭ ئاخىرىدىكى «قوغلاپ شىمالغىچە .... غىچە باردى» دېگەننى ئەسلىدە «قوغلاپ شىمالغىچە ۋە ئەرەبلەر زېمىنىغىچە باردى» بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قىياسى مەنتىقىگە تولىمۇ ئۇيغۇن. ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشى ئېھتىمال بىر قېتىملىق

توقۇنۇش بولۇشى مۇمكىن، مىنورسكىينىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ قېتىمقى توقۇنۇشنى 806 — 810 - يىللىرى غەربىي يۇرتنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدا كۆتۈرۈلگەن لەيس قوزغىلىڭى بىلەن باغلاش مۇمكىن، دەپ قارىدى. يۇتاكانىڭ تەتقىقاتى ۋە تەپەككۇرى ناھايىتى پاساھەتلىك بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەرەبچە مەنبەلەرنى شەرھىيلىشى توغرا بولماي قالغان.

ئالدىنقى ماۋزۇلاردا «تەۋارىخى ياقۇبى» (2 - توم، 235 — 236 - بەتلەر) دا لەيسنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ئاھالىلەرنى ۋە تۈركلەر (غۇز تۈركلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن)، قارلۇقلار توققۇز غۇزلار (ئۇيغۇرلار) <107> ۋە تۈبۈتلەرنى ئۆزىنىڭ خەلىپىگە قارشى ئۇرۇشنى قوللاشقا دەۋەت قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. لەيسنىڭ ئۇلارنى، بولۇپمۇ تۈركلەر (غۇزلار)، توققۇزغۇزلار ۋە تۈبۈتلەرنى جەڭگە قاتناشتۇرغان - قاتناشتۇرۇلمىغانلىقى نامەلۇم. ئەمما، شۇ نەرسە روشەنكى، ياقۇبى قارلۇقلارنىڭ لەيسنى قوللىغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتكەن. ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشقا ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. 810 - يىلى (ھىجرىيە 195 - يىلى) ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۆرىشى ئەۋج ئالغاندا مۇھەممەد ئىمىن (193/809) باغداتتا خەلىپىلىك تەختكە چىققانلىقىنى جاكارلىغان ۋە ئاكىسى مەئمۇنغا <108> خۇراساندىن ئىراققا قايتىش يارلىقىنى ئەۋەتكەنىدى. تەبەرى ئەينى ۋاقىتتا خۇراساننىڭ شەرقىي قىسمىدا تۇرۇۋاتقان مەئمۇن بىلەن ئۇنىڭ يېقىنى فەزل بىن سەھل ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بولۇنغان سۆھبەتنى ئەينەن خاتىرىلەپ قالدۇرىدۇ<109>: «مەئمۇن دېدى: ناۋادا مەن قۇدرەت تاپقان، ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلالىغۇدەك بولغان ۋاقىتتا مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىدى، بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي ئىدى. (ئىمىنگە

تاقابىل تۇرۇشنىڭ كارى چاغلىق بولۇر ئىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە بۇ ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. خۇراساندا تەرتىپ بۇزۇلۇپ، چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈۋاتقاندا (قارلۇق) يابغۇسى ۋاسساللىقتىن باش تارتتى، تۇبۇت پادىشاھىمۇ بويۇن تولغاۋاتىدۇ، كابۇل خانىمۇ ئۆزىگە قوشنا بولغان خۇراسانغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئوترارنىڭ بېگىمۇ خىراج تۆلەشنى رەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلارغا ھازىرچە يېتىشىپ بولالمايۋاتىمەن. مۇھەممەد ئىمىننىڭ مېنى چاقىرتىشىدا ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆپتەك قىلىدۇ. قارىغاندا ھازىرقى ئەھۋالنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ تۈرك قاغاندىن ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىدىن ياردەم تىلىمەكتىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ. مەن ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ خاتىرجەملىكىمنى ساقلاپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ بىزنى مەغلۇپ قىلىشىدىن، بىزگە ئاسىيلىق قىلىشىدىن ساقلىنىشىم كېرەك»<110>. بۇ يەردىكى تۈرك پادىشاھى بولغان «قاغان» ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرسىتىدۇ<111>. مەئمۇننىڭ سۆزى ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ راۋۇرۇس يېقىنلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. مەئمۇن ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئۇيغۇر قاغانىنىڭ «پېشىنى تۇتۇپ»، «ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلغان» ئىدى. بۇ تەبىئىيكى ھالدا بىزگە «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» نىڭ سوغدىچە قىسمى (ۋە خەنزۇچە قىسمى) دىكى ئەرەبلەرگە ئائىت خاتىرىلەرنى ئەسلىتىدۇ. بۇ قىياس خاتا بولمىسا، ئۇ ھالدا مۇنداق دەپ يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ:

1) خەنزۇچە مەڭگۈ تاشنىڭ 19 ـ قۇرىدا ئېيتىلغان «قوغلاپ شىمالغا ۋە ئەرەبلەر دۆلىتىگە باردى» دېگەنلىك قانداقتۇر ئۇيغۇرلار ئەرەبلەرگە ھۇجۇم قىلدى، دېگەن ئۇقۇمنى

بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە ياۋنى قوغلاپ ئەرەبلەر زېمىنىغىچە بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھۇجۇم قىلىنغۇچى ئوبيېكت ئۇيغۇرلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى يەنى خەنزۇچە 18 — 21 - قۇرلىرىدا تىلغا ئېلىنغان قارلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوۋمى ئىدى.

2) بۇ قېتىمقى لەشكىرىي ھەرىكەت 810 - يىلىنىڭ ئالدىدىراق يەنى 806 - يىلى لەيس ئاببا سىيلار خانىدانلىقىغا قارشى چىققاندىن تارتىپ 810 - يىلى مەئمۇن ھېلىقى سۆھبەتنى قىلغان ۋاقىتقىچىلىك (806 - 810) بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن. چۈنكى، بۇ يىلنامە بىزنىڭ خەنزۇچە 21 - قۇرىدىكى «. . . . بىلگە قاغان» نىڭ ئاتاق نامى ھەققىدىكى پىكرىمىز بىلەن ماس كېلىدۇ<112>. بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ ھەرىكەتنىڭ يىل دەۋرىنى 808 - يىل بىلەن 810 - يىل ئارىلىقىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

ئومۇمەن، مەڭگۈ تاشتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، 789- 791 - يىللىرىدىكى بەشبالىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار كۆپ قېتىم قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئاخىر 808 - يىلى ئادالەتلىك قاغاننىڭ زامانىسىدا تامامىلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن بولغان «قەسىدىلەر» (مەھىرنامە Mahrnamag) نىڭ فراگمېنتىدا (بىرىنچى پارچىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، 1 - 159 - قۇرلار) قاغان، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا بەخت تىلەنگەن بولۇپ، بۇ ۋەزىر - ۋۇزرالار پەنجىكەند (بەشبالىق)، Cinanckand (چىنانكەند، قۇچۇ)، Kwc (كۇچا)، Kash (قەشقەر)، Parwan پەرۋان، ئەرك (ئارگى، يەنى قاراشەھەر)، Wcwr (ئۇنسۇ) قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى <113>. بۇ ئىسىملىك بىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ

بېرەلەيدۇ. دەرۋەقە ئادالەتلىك قاغان ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغاندىن كېيىن تېزلا پەرغانىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئۇيغۇرلار تىكلەپ قويغان يىنچۇ دانا يابغۇ 806 — 810 ـ يىللىرى لەيس ئىسياننى قوللىغان قارلۇق يابغۇسى بولمىسا كېرەك. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغاندىن كېيىنمۇ قارلۇقلار يەنىلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشاۋەردى. تاكى 816 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئەرەب سانغۇنى فەزل ئۇلارنى تەڭرىتاغ رايونىدىن قوغلاپ چىقاردى. بەشبالىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شىجۇ ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مورى ياسۇ تاكائۇنىڭ «تۈبۈتلەرنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا كىرىشى ۋە چېكىنىشى» (مورى ياسۇتاكائۇ 1984) ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ، 5 ـ بابلىرىغا؛ بېكۋىز نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈبۈت ئىمپېرىيىسى» (بېكۋىز 1987) ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ بابىغا؛ ۋاڭ شياۋفۇنىڭ «تاڭ سۇلالىسى، تۈبۈتلەر ۋە ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەت تارىخى» (ۋاڭ شياۋفۇ، 1992) ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ، 4 ـ بابلىرىغا قاراڭ.

② «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» (تولۇقلانغان نۇسخا) 49 ـ 50 ـ بەت؛ مورى ياسۇتاكائۇ 1984، 42 ـ بەت ۋە <203> ئىزاھ؛ خەنزۇچە تەرجىمىسى، 112 ـ بەت (ئىزاھ قىسقارتىلغان).

③ خ. گىب: «ئەرەبلەرنىڭ 751 ـ يىلى سۇللۇغقا يېسىپ كىرىشى» ناملىق ماقالىسىدە بەزى مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى قۇتەيبەنىڭ قەشقەرنى بويسۇندۇرغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەرنى

ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما ئۇ قۇتەيبەنىڭ قەشقەرنى بويسۇندۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. گىبنىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى» (لوندون، 1923 ـ يىلى، 52 ـ 53 ـ بەتلەر) ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قاراڭ. بېكۋىز (بېكۋىز، 1987، 82 ـ بەت) گىبنىڭ پىكرىنى ئورۇنسىز، دەپ ئىنكار قىلىسمۇ، يېتەرلىك پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ ھەمدە قۇتەيبە ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ قەشقەرگە بارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

④ بۇ جايلارنىڭ تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ۋاقتى توغرىسىدا مورى ياسۇتاكائۇ 1984، ۋاڭ شياۋفۇ 1992 غا قاراڭ.

⑤ مورى ياسۇتاكائۇ: «ئۇيغۇرلار ۋە تۈبۈتلەرنىڭ بەشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى» (مورى ياسۇتاكائۇ، 1973)؛ «تولۇقلىما: ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ بەشبالىقنى تالىشىش ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى» (مورى ياسۇتاكائۇ 1979 ـ يىلى)؛ «ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ 789 ـ 792 ـ يىللىرىدىكى بەشبالىق ئۇرۇشى» (مورى ياسۇتاكائۇ، 1981)

⑥ بارتولد، 1977، 197 ـ بەت، ئۇ. پرتساكمۇ بۇنى «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن بىر مەيدان ئۇرۇش» دەپ قارايدۇ (پرتساك، 1951، 275 ـ بەت)

⑦ مورى ياسۇتاكائۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى تىبەت»، (مورى ياسۇتاكائۇ 1987، 113 ـ بەت)

⑧ مورى ياسۇتاكائۇ 1987، 114 ـ بەت، يەنە مورى ياسۇتاكائۇ 1984 (43 ـ 44 ـ بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمىسى 113 ـ بەت) نىڭ تەھلىلىگە قاراڭ.

⑨ ئەڭ دەسلەپ بۇ ھەقتە تەپسىلىي دەلىللەش ئېلىپ بارغان

كىشى بەي شۈيى ئەپەندىدۇر (قاراڭ: تالاس ئۇرۇشىدىن ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە خاتىرىلەرگە نەزەرويسۇندۇرۇشى» ناملىق ئەسىرىدە (97 - بەت) «جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن ھەقىقىي ئەجەللىك زەربە بولغىنى تالاس ئۇرۇشىغا ئوخشاش تاسادىپىي ھادىسىلەر ئەمەس، بەلكى، 757 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشۇنلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن شەرققە يۆتكەلگەنلىكىدە ئىدى. يىراقتىن كەلگەن بۇ كىشىلەر جۇڭگونى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يېڭىلمەس ئىمپېرىيە دەپ قارايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلارنىڭ كۆرگىنى بۇ دۆلەتنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ھالاكىتى بولدى... جۇڭگونىڭ ھەيۋىسى مۇشۇ زەربىدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئەسلىگە كېلەلمىدى».

⑪ بېكۋىز، 1987.

⑫ مورى ياسۇتاكائو 1979، 220 — 224 - بەتلەر.

⑬ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ياپونىيە ئالىملىرىدىن تاشقىرى يەنە پرتساك يازغان «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» (پرتساك 1951)، ئىلدىكو يازغان «تاڭ دەۋرىدىكى قارلۇقلار تارىخى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات»، سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى تۈزگەن «قىرغىزىستان س س ر تارىخى» (فرۇنزى، 1984 - يىل، I توم، 250 - 257 - بەتلەر) قاتارلىقلار بار.

⑭ ئۇچىدا گىنفۇ: «قارلۇقلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (ئۇچىدا گىنفۇ 1975). «سۈينامە. تېلېلار تەزكىرىسى» دە «ئىمۋېرغولنىڭ غەربى، ئاگىنىنىڭ شىمالىدا، ئاقتاغنىڭ ئېتىكىدە» ياشايدىغان تېلى قەبىلىلىرى ئارىسىدا كېيىنكى قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان چىگىللارنىڭ بارلىقى ئېيتىلسىمۇ، «قارلۇق» نامى زادىلا كۆزگە

چېلىقمايدۇ. قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشمۇ شۇنچە ئاسان ئەمەس. ...

⑮ بارتولد 1956، 87 ـ بەت؛ بارتولد 1899 («قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئەرەبچە مەنبەلەر») 27 ـ بەت.

⑯ چاۋاننېس 1903، 286 ـ بەت. مىنورىسكىي 1970 (287 ـ بەت) دىمۇ مۇشۇ خىل قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

⑰ن. يا. بىچۇرىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە ئائىت ماتېرىياللار» I توم، 300 ـ بەت، مەزكۇر تومنىڭ 347 ـ بېتىدە «تالاس» نى «خالاس» دەپ ئوقۇۋالغان.

⑱ «تارىيات مەڭگۈ تېشى» (تېرخىن مەڭگۈ تېشى) نىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تەتقىقاتلار توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ: كىلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» («سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ ئېلچان شەھىدىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «مىللەتلەرگە ئائىت تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى»، 1981 ـ يىللىق 5 ـ سان)؛ كىلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (ئىنگلىزچە). بايانچۇر (يەنى شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى) مەڭگۈ تېشىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا گېڭ شىمىننىڭ تەرجىمىسىگە قاراڭ (لىن گەن «تۈرك تارىخى»)

⑲ پرتساك 1951، 275 ـ بەت، «قىرغىزىستان س س ر تارىخى» (I توم، 252 ـ بەت) دا «قارلۇقلارنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇش ئارزۇسى ئۇلارنى ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن دۈشمەنلىشىشكە ئېلىپ باردى. 746 ـ يىلى قارلۇقلار كونا ئىتتىپاقدىشىنىڭ قىستىشى نەتىجىسىدە يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈرۈپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانى (يەنى بايانچۇر قاغان، 747 ـ 759) ھايات ۋاقتىدا ئويۇلغان تېرخىن مەڭگۈ تېشىدا مەزكۇر ۋەقە تۇنجى بولۇپ تىلغا

ئېلىنىدۇ» دېيىلگەن. بېكۋىز بولسا (بېكۋىز 1987) مۇنداق دەيدۇ: «كېيىنچە ئۇيغۇرلار ئۆز سەردارىنى شەرقتىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ قاغانى قىلىپ تىكلىدى ۋە قارلۇقلارنى ئانىي تېپىشقا باشلىدى. نەتىجىدە قارلۇق قەبىلىلىرى 745 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ماكانىغا كۆچۈپ كەتتى. 751 - يىلىغا كەلگەندە گەرچە دومۇدو ۋە تالڭ سۇلالىسىگە سادىق باشقا قورچاقلار بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار (ئۇ جايدىكى) ئاساسىي كۈچلەردىن بولۇپ قالغانىدى. (ئەسلىي ئاپتورنىڭ ئىزاھى: «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈز 11 - قۇرى ئاساس قىلىندى)» ئۇنىڭدىن باشقا پ. گولدېن 1972 - يىلى ئېلان قىلغان «ئوغۇزلارنىڭ كۆچۈش پائالىيەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئۈچ قارلۇق 745 - يىلى كۆتۈپېتىشكى ئون ئوق خەلقىنىڭ يېرىگە قېچىپ كەتكەن، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قاتار جەڭلەرنى قىلغاندىن كېيىن شىمالىي دالادا قېلىپ قالغان. قارلۇقلارمۇ كۆتۈپېتىشقا قاچقان، دەپ قارايدۇ (مەزكۇر ماقالىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. نەقىل بېكۋىزنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىندى، ئالدىنقى نەقىل 126 - بەت ⑬ ئىزاھ).

⑳ بېكۋىز: 1987، 126 - بەت، 14 - ئىزاھ. گىب «ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى» (6 - بەت) ناملىق ئەسىرىدە تالاس ئۇرۇشى مەزگىلىدە قارلۇقلار تۈركەشلەرنىڭ ئورنىغا چىقىپ غەربىي تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ۋاتقانىدى، دەپ قارايدۇ.

㉑ «ئىككى تاڭنامە» نىڭ «خانلارنىڭ تەرجىمىھالى» قىسمىدا ۋە «ئەلنى باشقۇرۇش ئۈرنەكلىرى» دە بىر دەك تيەنباۋنىڭ 3 - يىلى (744 - يىلى) 8 - ئايدا باسمىللارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئۆزمىش قاغانىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە كاللىسىنى ئاستانىگە يەتكۈزگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تېخىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەر

بار. بۇ يىلنامىنى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» ئىسپاتلايدۇ. مەزكۇر مەڭگۇ تاشتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «(24 ـ قۇر) . . . . ئۇزمىش تېكىن خان بولۇپتۇ. قوي يىلى (743) يۈرۈش قىلدىم. (25 ـ قۇر) ئىككىنچى قېتىم (ئۇلار بىلەن) ئېلىشتىم. مايمۇن يىلى (744) يۈرۈش قىلدىم. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم، ئۇ يەردە يەڭدىم (26 ـ قۇر) خاننى تۇتتۇم. . . (كىلياشتۇرنىينىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىن نەقىل ئېلىندى). خانېدا تورۇ بۇ يىلنامىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىدە بىقارار بولۇپ قالغان، (قاراڭ خانېداتورۇ 1957، 138 ـ 186) بۇنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولىدۇ.

㉒ ئۇيغۇرلار ۋە قارلۇقلارنىڭ باسمىل قاغاننى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان ئوتتۇغاتنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى ھەققىدە خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە بەزى چىگىشلىكلەر مەۋجۇت. خانېدا تورۇ (خانېدا تورۇ 1957، 168 ـ 169 ـ بەت) تەھلىل قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن بۇنى 745 ـ يىلى، دەپ بېكىتتىدۇ.

㉓ «باشقىدىن بىر تۇتتۇق تەيىنلەندى» دېگەننى «باشقىدىن ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن تۇتتۇق تەيىنلەندى» دەپ چۈشىنىش كېرەك. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ «تيەنباۋ 3 ـ يىلى كۈز باسمىللارغا ھۇجۇم قىلىپ ئېلتەرىش قاغاننى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلاردىن كۆل بىلگە ئۇزنى . . . . شۇنداق قىلىپ جەنۇبتا تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، ئۆتۈكەن تېغىدا بارگاھ تىكتى. ئىلگىرى ياغلاقار قاتارلىق توققۇز ئۇرۇقتا كېيىنچە باسمىل، قارلۇق قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ئون بىر بولدى ۋە ھەر بىرىگە بىردىن تۇتتۇق تەيىنلەندى» دېيىلىدۇ. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىكى ئالاقىدار خاتىرىلەرگىمۇ قاراڭ. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە. قارلۇقلار» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلارنىڭ ئۆتۈكەن تېغىدا

تۇرۇۋاتقانلىرى ئۇيغۇرلارغا ۋاسال بولدى. ئالتۇنتاغ، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىكىلىرى ئۆز ئالدىغا يابغۇ تەيىنلەپ، ھەر يىلى ئولپان تاپشۇرۇپ كەلدى».

㉔ 10 — 12 ـ بەلگىلەر پۇچۇلۇپ كەتكەن. كىلياشتۇرنىينىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىكى ترانسكرىپسىيىسىگە قاراڭ.

㉕ 3 ـ، 4 ـ بەلگىلەر پۇچۇلۇپ كەتكەن، كىلياشتۇرنىينىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قاراڭ.

㉖ موري ياسۇتاكائۇ (1979، 221 — 222 ـ بەتلەر) بۇ جايدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئالتۇنتاغنىڭ خاتا يېزىلىشى، دەپ قارايدۇ ۋە بۇلار قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان قالدۇقلىرى دەپ كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىللىرى يېتەرلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بىز «بايانچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي دالادىكى قالدۇقلىرى قارلۇقلارغا كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

㉗ «ئون ئوق يېرى» نىڭ شەرقىي قىسمى «جۇڭگو تارىخىي خەرىتىلىرى» نىڭ 5 ـ قىسمىدا (63 — 64 ـ بەت) ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىنىڭ غەربىگە چۈشۈرۈلگەن. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى. ئاشنا قارا» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «دەسلەپ ئاشنا بۇجېن بەيئەتكە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تولۇق قاغان ئاشنا قارانى يابغۇ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئاشنا بۇجېنىنىڭ ئورنىغا تالاس ۋادىسىنى ئىگىلىدى ۋە شىجۇنىڭ نەق شىمالىغا 1500 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چىگىل، غۇز، قارلۇق، بەش ساداقلىقلار قاتارلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى». «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «(جېنگۈەنىنىڭ 22 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئاشنا قارانى بەش چۇر، بەش ئېركىن قاتارلىق 20 نەچچە قەبىلىگە سەردار قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ تالاس

دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ماكانلاشتى. بۇ جاي شىنجۇدىن ئاتلىق 15 كۈنلۈك كېلىدۇ» . كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇن ئوق زېمىنىنىڭ ئەڭ شەرقتىكى ئۇچى تالاس دەرياسى ( «قارا ئېرتىش دەرياسى» چاۋاننېس 1903، 92 ـ بەت) غىچە ئىدى.

㉘ «ئومۇمىـــي ئۆرنەكلەر» ، 6919 ـ بەت، «قارلۇق يابغۇسىغا ئۈچ دەرىجىلىك ئوردا مەمۇرلىرىنىڭ دەرىجىسىنــى ئىنئام قىلىش يارلىقى» ـ «تاڭ دەۋرىدىكى بۈيۈك يارلىقلار توپلىمى» 128 ـ بەت (690 ـ بەت)

㉙ ئەن سىشۇن تيەنباۋنىڭ 11 ـ يىلى خېشىدىن شىمالغا يۆتكەلگەنىدى. ئۇنىڭ مەنسەپتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا «فاڭجېن يىلنامىسى» گە قاراڭ.

㉚ «يېڭى تاڭنامە. خۇن جيەنىنىڭ تەرجىمىھالى» دا «خۇمى چۆلى ئارقىلىق» دېگەن سۆزلەر چۈشۈپ قالغان.

㉛ ۋاڭ گوۋېي: «‹توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى› غا باھا» ناملىق ماقالىسىدە بۇنى ۋاڭ يەندې قۇچۇغا ئەلچىلىككە بارغاندا ئۆتكەن جىن ـ ئالۋاستىلار ياشايدىغان چۆللۈك، دەپ قارايدۇ. ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا يىجۇ (قۇمۇل) نىڭ غەربىدىكى چېنانكەند ئالۋاستىلار ياشايدىغان چۆللۈكنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يەنى بۇ چۆللۈك يىجۇنىڭ غەربىي شىمالىدا دېگەنلىك ئىدى. ۋاڭ گوۋېي يەنە ئالۋاستىلار چۆللۈكنى باغايان چۆللۈكى بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمما باغايان چۆللۈكى يىجۇنىڭ شەرقىـــي جەنۇبىـــدا (قاراڭ: «شۈەنزاڭنىـــڭ تەرجىمىھالى» 1 ـ جىلد؛ چاۋاننېس 1903، 74 ـ بەت). شۇڭا، خۇمى چۆلىنى بەشبالىقنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈك، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل بېكىتىش خۇن جيەنىنىڭ لەشكىرىي يۈرۈشتىكى يۆنىلىشىگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار بەشبالىقنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن بۇ جاينىڭ تىنچ بولۇشى ناتايىن ئىدى. يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالتۇنتاغدىن ۋە ۋۇلوڭگو دەرياسىـــدىن

بەشبالىققىچە بولغان يول ئۈستىگە جايلاشقان سۆگەتزارلىقتا دىققەت قىلىش كېرەك.

㉜ چاۋاننېس 1903، 32 — 92 - بەتلەر؛ خەنزۇچە تەرجىمىسى 37 — 38 - بەتلەر، 92 - بەت.

㉝ چاۋاننېس 1903، 32 - بەتتىكى 6 - ئىزاھ.

㉞ مىنورىسكىي 1970، 196 - بەت.

㉟ مىنورىسكىي 1942، 31 - بەت.

㊱ مىنورىسكىينىڭ ئىزاھى، قاراڭ: مىنورىسكىي 1970، 31 - بەت.

㊲ بەي شۇيى ئەپەندىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

㊳ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 6742 — 6743 - بەتلەر.

㊴ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 6752 - بەت.

㊵ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 6728 - بەت.

㊶ «كونا تاڭنامە» (گاۋشيەنجىنىڭ تەرجىمىھالى)، 3206 - بەت.

㊷ ئەسكەرلەرنىڭ سانى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بەي شۇيىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدىكى دەلىللەشكە قاراڭ. ئەمما دۇيوۋنىڭ «قانۇنلار قامۇسى» دىكى «70 مىڭدىن ئارتۇق» دېگەن سۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، باشقا ماتېرىياللارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

㊸ بۇ ئولپانلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن چاۋاننېسنىڭ «غەربىي تۈركلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارغا تولۇقلىما» (خەنزۇچە تەرجىمىسى، 281 — 339 - بەتلەر) ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 971 - جىلدىدا «تيەنباۋنىڭ 12 - يىلى (753 - يىلى) 12 - ئايدا قارلۇقلار ۋە شاش ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تاپشۇردى» دېيىلىدۇ. بېكۋىز (1987، 126 - بەت، 114 -

ئىزاھ) «ۋە شاش دۆلىتى» دېگەن سۆزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قارلۇقلارنىڭ ئالىلىقاچان غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى تېكىستنى خاتا چۈشىنىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. «ۋە» بىلەن «بىرلىكتە» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قوشنا ھەم بىرلىكتە تاۋاپقا كەلگەن، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 971 ـ جىلدىدا تيەنباۋنىڭ 14 ـ يىلى «4 ـ ئايدا كورىيە، تۇركەش ئەلچىلىرىنىڭ بىرلىكتە ئەلچى ئارقىلىق سوۋغات يوللىغانلىقى» خاتىرىلىنىدۇ.

㊹ خان يارلىقىنىڭ مەزمۇنىنى «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 975 ـ جىلدىدىن كۆرۈڭ.

㊺ پرتساك (1951، 275 ـ بەت) مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو بىلەن ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ كۈرىشىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەن تالاس ئۇرۇشىدا قارلۇقلارنىڭ ئىلگىرىكى ھامىيسى جۇڭگو تەرەپتە ئەمەس، ئەرەبلەر تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز». بارچە ئالىملارنىڭ نۇقتىئىينەزەرلىرىگە دېگۈدەك ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇ بايانىنى ئەمدىلىكتە تۈزىتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

㊻ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ بولچۇ دىگەن جايدا (بۇنى كىشىلەر ھەر خىل ئوقۇغان: تومسېن Bolchu، گېڭ شىمىن Bolqu؛ كىلياشتۇرنىي Bolucu) قارلۇقلارغا قاتتىق زەربە بەرگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بۇ نام تۇركچە باشقا مەڭگۈ تاشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «(35 ـ قۇر) بىز ئالتۇنتاغنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق، ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىكسىز جايلىرىدىن كېچىپ ئۆتتۇق. بىز تۈن بويى ئىلگىرىلىدۇق، بولچۇغا تاڭ يورۇغاندا تەگدۇق. . . (39 ـ قۇر) . . . تەگدۇق، يېڭىپ چىقتۇق.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە كەلدى، (40 ـ قۇر) ئۇلار ئوتتەك قىزىپ كەلدى. سوقۇشتۇق. . . . (41 ـ قۇر) . . . . . بىز يەڭدۇق، قاغاننى تۇتتۇق. يابغۇسى ۋە شادى (42 ـ قۇر) شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئەللىكچە ئادەمنى تۇتتۇق. شۇ كېچىسى ھەر قايسى قەبىلىلەرگە (ئەلچى) ئەۋەتتۇق. بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ ئون ئوق بەگلىرى ۋە خەلقـــى پۈتۈنلەي (43 ـ قۇر) كەلدى. يۈكۈندى» . «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيـىلــىدۇ: «(شەرقىي يۈز، 36 ـ قۇر) . . . شۇ يىلى ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ (37 ـ قۇر) ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈركەشلەرگە يۈرۈش قىلدۇق. تۈركەشلەرنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. تۈركەش قاغانىنىڭ قوشۇنى بولچۇدىن ئوتتەك، بوراندەك (شىددەت بىلەن) كەلدى، ئۇرۇشتۇق، كۆلتېكىن. . . . (38 ـ قۇر) . . . . تۈركەش قاغانىنىڭ بۇيرۇقى، ئازار تۇتۇقنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ قاغانىنى ئۆلتۈردۇق، ئېلىنى ئالدۇق. ئاددىي تۈركەش پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى (بىزگە) بويسۇندى» . «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «(27 ـ قۇر) . . . . شۇ يىلى تۈركەش خەلقىگە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېرتـــىش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىم. تۈركەش خەلقىنى ئۇيقۇدا باستىم. تۈركەش خاقانىنىڭ قوشۇنى ئوت ـ بورانــدەك كــەلــدى (28 ـ قۇر) بولچۇدا سوقۇشتــۇق. خــاقــانىنـــى، يابغۇسىنى، شادىنى شۇ يەردە ئۆلتۈردۇم، ئېلىنى ئالدىم» . كىلياشتورنىي «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك جۇڭگو تاشلىـرى» (140 — 141 ـ بەتلەر) ناملىق ئەسىرىدە بۇنى ئېنىقلاپ بۇ ئۈچ بۆلۈك تېكىستتىكى خاتىــرىلەر بىـــردەك 710 — 711 ـ يىللىرىدىكى تۈركلەرنىڭ تۈركەشلەرگە قىلغان جازا يۈرۈشىنى تەسۋىرلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۈركەشلەر ساقالنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، 708 ـ يىلى (جىڭلوڭنىڭ 2 ـ يىلى) ئۇ بىر مەھەل ئەنشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال

قىلىنغانىدى. كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يۇمشاپ، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئۇن ئوق قاغانى («كىتابلار جەۋھىرى») ۋە چىنخۇا قاغان دېگەندەك ئۇتۇغات ناملىرىنى ھەمدە شوۋجوڭ دېگەن ئىسمىنى ھەدىيە قىلغان. جىڭلۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (710 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ لەشكىرىي كۈچى ئارقىلىق شىمالىي دالادىكى تۈركلەرنىڭ بەگچۇر ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش ئىستىكىدە بولغانىدى. گەرچە تاڭ سۇلالىسىدە پادىشاھ ئالمىشىش سەۋەبلىك بۇ مۇددىئا ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، جىڭلۇڭنىڭ 4 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سۇتىڭ يازغان «لۇ شيۇجىڭ قاتارلىقلارغا چۇشۇرۇلگەن شىمالغا يۈرۈش قىلىش يارلىقى» دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «. . . . ئالتۇنتاغنىڭ سابىق لەشكىرىي مۇشاۋىرى، ئالىي دەرىجىلىك تۆرە، تۈركەشلەرنىڭ بىلگە چىنخۇا قاغانى شوجوڭ ئىككى ئەل خەلقىنىڭ رىشتىسىنى ئەلا بىلىپ، ئۇن مىڭ چاقىرىم دائىرىدە شۆھرەت قازاندى. ساداقەتمەن ۋە دانا، باتۇر ۋە كەسكىن بۇ قاغان مەردۇ ـ مەردانىلىكتە بارچە ئىقلىمغا ئۈلگە بولدى. ئۆزى يات قوۋملاردىن بولسىمۇ زور تۆھپە كۆرسىتىشنى ۋە سۇلالىمىزگە ئەجىر ـ خىزمەت ھەدىيە قىلىشنى كۆزلەپ ئىنىسى، ئوڭ قول ياساۋۇل سانغۇن شوۋجېنى بىپايان چۆللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ جىنخۇي بارگاھىغا كېلىشكە ماڭدۇردى. ھالا بەگچۇر شۇلارنىڭ قوۋمىدىن بولسىمۇ ئەكسىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ رەھىمسىز ئوق ـ نەيزىلىرىمىز ئاستىدا تېپىچەكلىمەكتە. قىرغىزلار ئوڭ تەرەپتە، مۇڭگۇزلۇكلەر شەرقتە تۇرۇپ بىرلىكتە مەكتۇپ يوللاپ قاراقچىلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئىلتىجا قىلماقتا. . . » بۇ يارلىق بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا تۈركەشلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئالىلقاچان قىرغىزلارنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتاي تاغلىرى ۋادىسىغا كېڭىيىپ بولغان. شۇڭا،

تۈركلەر غەربتىكى تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەڭ قىلغان جاي ئېرتىش دەرياسىدىن ئانچە يىراق بولمىسا كېرەك. ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئىككىسى (تۇنيۇقۇق ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرى) دە جەڭ بولغان جاينىڭ بولچۇدا ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا يەنە تەپسىلىي قىلىپ تۈرك قوشۇنلىرى ئېرتىش دەرياسىدىن بىر كېچىلىك يىراقلىقتىكى جايدا تۈركەشلەرگە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، تۈركەش قاغانىنىڭ 2 ـ كۈنى ئاندىن يېتىپ كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بولچۇ ئېرتىش دەرياسىدىن يىراق بولمىغان جايدا بولۇشى مۇمكىن. كىلياشتورنىي (ئالدىنقى ئەسەر، 36 ـ بەت) گرۇم گرژىمايلونىڭ «غەربىي موڭغۇلىيە ۋە ئۇرانخاي ئۆلكىسى» (لېنىنگراد، 1926 ـ يىلى، Ⅱ توم، 262 — 263 ـ بەتلەر) ناملىق ئەسىرىگە ئاساسەن بۇ جاينى يەتتىسۇ ۋادىسىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس (كىلياشتورنىينىڭ ئۆزىمۇ بۇ پىكرىگە قارىتا تازا كۆڭۈل توختىتىپ كېتەلمەيدۇ). ناۋادا يۇقىرىقى دەلىللەش خاتا بولمىسا بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بايانچۇر قاغان 751 ـ يىلى قارلۇقلارغا زەربە بەرگەندە قارلۇقلارنىڭ يەنىلا ئالتۇنتاغنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىيالايمىز.

㊼ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

㊽ «كىتابلار جەۋھىرى»، 965 ـ بەت.

㊾ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ «تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلى (742) 3 ـ ئاي» ماۋزۇسىدا «پادىشاھ ئالىيلىرى قوشۇن تارتىپ ئون ئوق قاغانى ئاشنا شىنىنى تۈركەشلەر زېمىنىدا تۇتماقچى بولدى. ئۇ قېچىپ قۇلان شەھىرىگە بارغاندا باغا تارقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى» دېيىلىدۇ. بۇ ئەھۋال تۈركەش قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

㊿ «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 965 ـ جىلدىدىكى

تيەنباۋنىڭ 8 ـ يىلى (749 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئون ئوقلارنىڭ تۈركەش ئېلىبار قاغانىغا ئەۋەتىلگەن يارلىقتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەزكۇر قاغان «يامانلارغا ئەگەشمىدى» دېگەن جۈملىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ ئېلگىرىكى سابىق قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى «يامان ئادەم» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(51) «قانۇنلار قامۇسى»دا دۇخۇەننىڭ «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرى ۋە «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. شاش»تىن نەقىل ئېلىنغان.

(52) «كىتابلار جەۋھىرى»، 965 ـ جىلد

(53) «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە «(چيەنيۈەننىڭ تۈنجى يىلى) 9 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار سەردارى ئەلچى بولۇپ كېلىپ مەلىكىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى ھەمدە قىرغىزلارنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلارغا سەيچېن ئوردىسىدا زىياپەت بېرىلىپ، ئىنئام تارقىتىلدى» دېيىلىدۇ. شىلېگىل («قاراباغاسۇندىكى ئۇيغۇرلار مەڭگۈ تېشىنىڭ خەنزۇچە قىسمى» 82 ـ بەت) خانېدا تورۇ («تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 148 ـ ئىزاھ) قاتارلىقلار «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» نىڭ 14 ـ قۇرىدىكى ۋەقەنى مۇشۇ شۇ، دەپ قارايدۇ. ۋاڭ گوۋېي («〈توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى〉 غا باھا» 994 ـ بەت) بولسا باشقا بىر ۋەقە، دەپ قارايدۇ.

(54) بۇ چيەنيۈەن يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلار ۋە قارلۇقلارغا ھۇجۇم قىلىشىدىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر. ئالدىنقى نەقىلدە كەلتۈرۈلگەن «لۇشيۇجىڭ قاتارلىقلارغا چۈشۈرۈلگەن شىمالغا يۈرۈش قىلىش يارلىقى» («بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى») دىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركەشلەر ۋە قىرغىزلار بىلەن

بىرلىشىپ تۈركلەرگە زەربە بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(55) جىدېنىڭ 3 ـ يىلى = چيەنيۈەنىنىڭ تۈنجى يىلى (758)

(56) «تەۋارىخى ياقۇبى» II توم، 387 — 398 ـ بەتلەر. بۇ ۋەقەلەر ھىجرىيە 164 ـ يىلى (780 — 781) بىلەن 165 ـ يىلى (781 — 782) ئارىلىقىغا مەنسۇپ. بۇ كىتابتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا بارتولدنىڭ «تۈركىستان» (6 ـ بەت) ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ. ياقۇبىنىڭ ئەسلى ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەھدى (خەلىپە، 158 — 775/169 — 785) ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىغا ئەلچى ئەۋەتكەندە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بەيئەت قىلدى. بۇلار كابۇل شاھى.... تەبەرىستان پادىشاھى al—Asbahbadh، سوغداق پادىشاھى al—Ikhshid، توخرىلار پادىشاھى Sharwain، باميان ھۆكۈمرانى — al — ishir ، باغاننا پادىشاھى .... سۇترىشانا پادىشاھى ـ — al Afshin ، قارلۇق پادىشاھى يابغۇ، شىستان پادىشاھى R. tbil، تۈرك پادىشاھى Tarkhan، تۈبۈت پادىشاھى Jahuran، ھىندىستان پادىشاھى al—Ray، جۇڭگو پادىشاھى Baghbur، Hind پادىشاھى Wanrah يەنى Fur، توققۇز غۇز پادىشاھى قاغان قاتارلىقلاردۇر».

(57) بارتولد 1977، 202 ـ بەت. تۈركچە بولغان Tarkhan سۆزىنىڭ ئەرەبچە ۋەسىقىلەردىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دورفېرنىڭ «يېڭى پارس تىلىدىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە تەركىبلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى 879 ـ سۆزىگە قاراڭ. ئۇمۇ ياقۇبىنىڭ بۇ جايدا تىلغا ئالغىنىنىڭ ئېھتىمال شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ.

(58) «تەۋارىخى ياقۇبى» II توم، 436 ـ بەت.

(59) يۇقىرىقى ئەسەر II توم، 387 ـ بەت.

⑥⓪ بۇ خاتىرە ھىجرىيە 155 ـ يىلى (772) دىن كېيىنگە مەنسۇپ.

⑥① تەپسىلىي ئەھۋالنى بارتولد 1977، 198 ـ بەتتىن كۆرۈڭ.

⑥② «تەۋارىخى ياقۇبى» Ⅱ توم، 397 ـ بەت.

⑥③ بارتولد 1977، 202 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

⑥④ مورى ياسۇتاكائۇ ۋە بېكۋىز بۇ مەنبەنىڭ يىل دەۋرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن. بىز بېكۋىزنىڭ «790 ـ يىلىدىن ئىلگىرى» دېگەن قارىشىغا مايىلمىز. بىراق، بېكۋىز بۇنى تۈبۈتلەر بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا، دەپ قارايدۇ. بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

⑥⑤ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە. قىرغىزلار» (6149 ـ بەت) «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» نىڭ 24 — 25 ـ قۇرلىرىغا قاراڭ.

⑥⑥ «تەۋارىخى ياقۇبى» Ⅱ توم، 435 — 436 ـ بەتلەر.

⑥⑦ تەبەرى: «تارىخىي تەبەرى» Ⅲ توم، 815 — 816 ـ بەتلەر.

⑥⑧ مۇھەممەد ئىمىن شۇ يىلى ئۆلگەن.

⑥⑨ بېكۋىز: 1987، 160 — 161 ـ بەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

⑦⓪ بېكۋىز: 1987، 162 ـ بەت. يەنە قاراڭ: ئاندىراس روناناس: «تۈبۈت تىلى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىن لېكسىيىلەر» 1985 ـ، 64 ـ، 65 ـ بەتلەر.

⑦① بېكۋىز: 1987، 162 ـ بەت. پرتساك 1951 ـ يىلدىكى ئەسىرىنىڭ ئىزاھاتىدا بۇ تارىخنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانمىغان.

⑦② نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەمىمنىڭ ساياھەتنامىسىدىن قارىغاندا تالاسمۇ ئەرەبلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

سایاھەتنامىسىنىڭ 2 - بابىغا قاراڭ.
⑦③ مىنورىسكىي 1970، 304 — 310 - بەتلەر.
⑦④ مىنورىسكىي 1948، 300 — 301 - بەتلەر.
⑦⑤ مىنورىسكىي 1948، 292 — 294 - بەتلەر.
⑦⑥ مىنورىسكىي 1948، 300 — 301 - بەتلەر.
⑦⑦ مورى ياسۇتاكائو 1979، 201 - بەت، ۋاڭ شياۋفۇ 1992، 4 - باب، 1 - پاراگراف.
⑦⑧ مىنورىسكىي 1970، 98-، 293 - بەتلەر. بارسخان ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە، مورى ياسۇتاكائو (1979، 223 - بەت) قارلۇقلارنى شەرقتە ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىگىچە كېڭەيگەن، دەپ قارايدۇ.
⑦⑨ ۋاڭ شياۋفۇ تۈبۈتلەر بىلەن قارلۇقلار جېنيۈەننىڭ 2 - يىلى (786) ئىتتىپاق تۈزگەن، دەپ قارايدۇ، قاراڭ؛ ۋاڭ شياۋفۇ 1992، 212 - بەت.
⑧⓪ مورى ياسۇتاكائو 1973، 1979، 1981 قاتارلىقلار.
⑧① مورى ياسۇتاكائونىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدىكى دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى (p.2732 ۋە p.3198) ھەققىدىكى تەتقىقاتقا قاراڭ. چېن گوشەن (1986، «8 — 9 - ئەسىرلەردە تاڭ سۇلالىسى شىجۇغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ قولغا كېلىشى ۋە قولدىن كېتىشى» 15 — 19 - بەتلەر) ۋە ۋاڭ شياۋفۇ (1992، 208 — 209 - بەتلەر) مورى ياسۇتاكائونىڭ پىكرىنى تەنقىد قىلىدۇ. بېكۋىز (1987، 156 — 157 - بەتلەر) بولسا مورى ياسۇتاكائونىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىدۇ.
⑧② مەسىلەن، چېن گوشەن (1938) ۋە ۋاڭ شياۋفۇ (1992، 208 — 209 - بەتلەر) بىردەك تۈبۈتلەرنىڭ خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە بەشبالىقتا بولغان ئىشغالىيەتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىشارە قىلىدۇ.
⑧③ گ. دېۋېرىئا: «ئورقۇندىكى خەنزۇچە مەڭگۈ تاشنىڭ

ترانسكرىپسىيىسى ۋە بۇ ھەققە تەھلىل» - «فىنلاندىيە ئۇرگۈز
جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1892 - يىلى، ۋ. رادلوف:
«موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلار» ، 1986؛
ۋاسىلىيېۋ: «قارابالغاسۇن ۋە قوچو. سەيدامىدىكى ئۇرقۇن مەڭگۈ
تېشىنىڭ خەنزۇچە قىسمى» 1897 (ماسكېرراس، 1872، دىن
ئېلىنغان نەقىل) ، لى ۋېنتيەن: «قاراقورۇم
پۈتۈكلىرى» ؛ ۋاڭ گوۋېي: «‹توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ
تېشى›غا باھا» - «گۇەنتاڭ توپلىمى» 14 - جىلد، 989 —
997 - بەتلەر؛ شلېگېل: «قارابالغاسۇندىكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈ
تاشنىڭ خەنزۇچە قىسمى» لېيدېن، 1896؛ چاۋاننېس ۋە
پېللىئوت: «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى» AJ. 1913
(خەنزۇچە تەرجىمىسى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي
دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر
تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» 8 - كىتاب، سودا نەشرىياتى،
1962 - يىلى. خەنزۇچە تەرجىمىسىدە كۆپلىگەن مۇھىم
ئىزاھاتلار قىسقارتىۋېتىلگەن) ؛ لوجېنيۇ «قارا قورۇم
پۈتۈكلىرىنىڭ شەرھىسى» 1919؛ خانېدا تورۇ «تاڭ دەۋرىدىكى
ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» - «دوكتور خانېدانىڭ
تارىخشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللىرى» كيوتو، 1957؛ كولىن
ماسكېرراس: «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى» 1972؛ چېڭ سۇلۇ:
«خەنزۇچە توققۇز ئۇيغۇرقاغانى مەڭگۈ تېشى» دىكى «ئۇيغۇرلار
بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر» - «تۈرك ۋە
ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» ، 706 — 719 -
بەتلەر (ئەسلىي ماقالە «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي
ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان) .
(84) مەڭگۈ تاش تېكىستىنى شلېگېل 1986، لوجېنيۇ 1919
ۋە خانېدا تورۇ 1957 دىن كۆرۈڭ. پۈتكۈل تېكىست مەزمۇنىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تىرىشچانلىقلار ئىچىدە شلېگېلنىڭ

ئەمگىكى (بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەر بىر قۇردىكى خەت سانىنى بېكىتىشى) نىڭ كېيىنكىلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقاتلارنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

(85) مەن خانېدانىڭ كۆچۈرمىسى (خانېداتورۇ، 1957، 226 — 227 - بەتلەر، ئاخىرقى ئۈچ قۇرى 310 - بەتتە) دىن پايدىلاندىم، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى تاش باسمىدىنىمۇ پايدىلاندىم.

(86) 20 - قۇردىن باشلاپ ھەر قۇردىكى خەت سانى ئېنىق ئەمەس. خانېداتورۇ 1 — 19 - قۇرلاردىكىگە ئوخشاش ھەر بىر قۇردا 75 خەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بىراق، 20 - قۇردىن باشلاپ ئابىدە تېكىستى تاشنىڭ سول تەرىپىگە ئويۇلغان. مەڭگۈ تاشنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت پارچىلىرىدا 45 - خەتتىن كېيىنكى مەزمۇن يوق، شۇڭا ئۇنىڭ يان تەرىپىدىكى خەت سانى يەنىلا تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

(87) 805 — 808 - يىللار ئارىلىقىدا دىيانەتلىك قاغاننىڭ تەختتە بار - يوقلۇقى ھەققىدە ماسكېرراس 1972، 187 — 190 - بەتلەرگە قاراڭ.

(88) رادلوف 1895، 285 - بەت.

(89) شلېگىل 1896، 72 — 76 - بەتلەر.

(90) مەسلەن، چېڭ شولو ئەپەندىم (چىڭ شولۇ 1978) ماقالىسىدە شلېگىلنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە مەڭگۈ تاشنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت تېكىستىتىنى تەڭلا بەرگەچكە كىشىگە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويىدۇ. ليۇ مېيسۇڭ ئەپەندىم ئۇن يىلدىن كېيىن ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلدى. گەرچە كۆچلۈك بىلگە، ئادالەتلىك قاغان، ئەخلاقمەن قاغان قاتارلىقلارغا دائىر تېكىستىتىنى نەقىل ئالمىسىمۇ، يەنىلا شۇنداق سەۋەنلىك يۈز بەردى (ليۇمېيسۇڭ: «ئىككى تاڭنامىدىكى ‹ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە› گە شەرھى» مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى

نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 207 — 214 ـ بەتلەر.

⑨①ۋاسلىيېف 1897، 184 ـ بەت (ماسكېرراس 1972، 184 ـ بەتتىن ئېلىنغان نەقىل)

⑨②چاۋاننېس، پېللىئوت 1913، 179 ـ بەت.

⑨③يۇقىرىقى ئەسەر، 196 — 199 ـ بەتلەر.

⑨④ لوجېنيۇ 1919، ۋاڭ گوۋېي: «گۇەنتاڭ توپلىمى»، 14 ـ جىلد، 989 — 997 ـ بەتلەر.

⑨⑤ خانېدا تورۇ 1957، 304 — 324 ـ بەتلەر.

⑨⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 321 ـ بەت.

⑨⑦ 8 ـ قۇردىكى 62 — 63 ـ خەتلەر. مۇشۇنداق بولسا كېرەك.

⑨⑧ چاۋاننېس ۋە پېللىئوت 1913، 181 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمىسى 59 ـ بەت.

⑨⑨ ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قەيەردە؟» 1954، 435 — 450 ـ بەتلەر (ماسكېرراس 1972، 184 — 187 ـ بەتلەردىن ئېلىنغان نەقىل)

<100> چېن گوشەن 1986، ۋاڭ شياۋفۇ 1992.

<101> بېكۇبز، مورى ياسۇتاكائو يېشىپ ئوقۇغان p.3918 ۋە p.2732 نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرىدىن پايدىلانغان ۋە 792 ـ يىلى ئۇيغۇرلار شىجۇنى ئىگىلەپ بولغان دېگەننى ئۆزىنىڭ باشقا بايانلىرىنىڭ ئاساسى قىلغان. بۇنى تېخىمۇ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بۇنى كەسكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ (157 ـ بەت) ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا شىجۇنى كونترول قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالمايدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلەر چېگراسىنىڭ شىجۇدا ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا بۇ شەھەر كۆپ قېتىم قولدىن قولغا ئۆتكەن بولسا كېرەك.

<102> ۋاڭ شياۋفۇ (1992، 212 — 214 ـ بەتلەر)

794 — 795 ـ يىللىرى ئەرەبلەر تەرىپىدىن خۇراسانغا باش ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن فەزلىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بايان قىلغاندا بۇ كىشى Rasht تا (هازىرقى Germ) بىر قورغان سېلىپ قارلۇقلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىدىكى سۇياب ئەتراپىدىن پەرغانە ئارقىلىق جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئەلەنگەن، دەپ قارايدۇ.

<103> مەڭگۈ تاشنىڭ قالدۇق پارچىلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق تەتقىقات تېمىسى، شلېگېلنىڭ (1896) تولۇقلىمىسى تومتاقلا ئىشلەنگەن بولغاچقا، هازىرقى كۈندە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. 20 ـ قۇردىن باشلاپ يان تەرەپكە ئويۇلغان بولغاچقا هەر بىر قۇردىكى خەت سانىنى ئېنىقلاشمۇ بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

<104> يۇتاكا يوشىدا 1990، 119 ـ بەت.

<105> ئىككى پارچە مەڭگۈ تاشنىڭ يەشمىسى مۇنداق: «. . . . كۆپ قېتىم ئۇ . . . ئۇلۇغ تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. . . . پۈتكۈل ئەرەب زېمىنىدا . . . . بەختىلىك قاغاندىن قورققانلىقى ۋە چۆچۈگەنلىكى ئۈچۈن . . .» (بۇ قۇرلار سوغدىچە تېكىستنىڭ 19 — 22 ـ قۇرلىرىدا ۋە 7 ـ پارچە تاشتا ئۇچرايدۇ). «بەختىلىك قاغان ۋاپات بولغاندا ئۇ خۇراسان ئەمىرى ۋە باشقا يۇرتلارنىڭ ئەمىرلىرىگە، شۇنداقلا هۆكۈمرانلىرىغا بىر پارچە يارلىق ئەۋەتتى. (بۇ قۇرلار سوغدىچە تېكىستنىڭ 21 ـ قۇرىدا ۋە 6ـ، 7 ـ پارچە تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ.)

<106> سوغدىچە ئەسلىي تېكىستتىن بۇ سۆزنى يۇتاكا يوشىدا «بەختىلىك» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

<107> توققۇز غۇزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇشقا ئائىت بايانلارنى «مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى توققۇز غۇزلار: شىمالىي دالا ئۇيغۇرلىرىمۇ قوجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ» («غەربىي يۇرت

تەتقىقاتى» 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان) ناملىق ماقالەمدىن كۆرۈڭ.

<108> كېيىن ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ خەلىپىسى بولغان.

<109> تەبەرى: «تارىخىي تەبەرى» Ⅲ توم 815 — 816 ـ بەتلەر.

<110> تەبەرى ئۇلاپلا مۇنداق يازىدۇ: «فەزل دېدى: مېنىڭچە سىز هازىرقى ئورنىڭىزدىن ئايرىلىپ مۇھەممەدنىڭ يېنىغا تېز پۇككىلى بارسىڭىز بولمايدۇ. ئەكسىچە قاغانغا ۋە يابغۇغا مەكتۇپ ئەۋەتىڭ. ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى سورىشىغا ئىجازەت بېرىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ هازىرقى باشقا هۆكۈمرانلار بىلەن قىلىشۋاتقان جەڭلىرىنى قوللاشقا ۋەدە بېرىڭ. خۇراساننىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن سوۋغات تەييارلاپ كابۇل هۆكۈمرانىغا ئەۋەتىڭ ۋە ئۇنىڭغىمۇ زۆرۈر بولغان تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇڭ. ئوترار پادىشاھى بۇ يىل يوللىغان خىراجنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، بۇنى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋەتلىشىشىدىكى تۇگۈچكە ئايلاندۇرۇڭ».

<111> بۇ مەنبە هەققىدىكى تەپسىلىي مۇھاكىمىنى كۆرۈڭ: خۇاتاۋ 1991.

<112>بېكۋىز (1987، 165 ـ بەت) «تارىخىي تەبەرى» دىكى 821 ـ يىلىدىكى توققۇز غۇزلارغا ئائىت خاتىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مەڭگۇ تاشنىڭ 17 ـ قۇرىدىن كېيىنكى ئىشلارنى 821 ـ يىلىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ شەرھلىشى زورمۇ زور بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. خۇا تاۋنىڭ ئالدىنقى ئىزاھتا ئېيتىلغان ماقالىسىگە قاراڭ.

<113> مورى ياسۇتاكائۇ 1979، 215 — 221 ـ بەتلەردىكى نەقىل ۋە تەتقىقات.

# ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى

## 1- بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە دائىر ئالاش - تارتىشلار

8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى شىمالىي دالادا دەۋران سۈرۈپ، غەربىي يۇرتقا تەھدىت سېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئىچكى مالىمانچىلىق، تەبىئىي ئاپەت ۋە سىرتنىڭ ھۇجۇمى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تۈپەيلىدىن 840 - يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە ھالاك بولدى. يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قارام قەبىلىلەر ئىككى بۆلەككە بۆلۈندى. بۇلاردىن ئۆگە قاغان باشچىلىقىدىكى 13 قەبىلە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كەلدى ۋە تارىلىپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ قىسمى باشقا قوۋملارغا سىڭىپ كەتتى. بۇ تارماق ئۇيغۇرلارغا دائىر مەنبەلەر يېتەرلىك بولۇپ ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى بىزگە ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس، ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىمۇ خېلىلا تەپسىلىي. مەسىلەن، خانېدا تورۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، مايىتاماسانىنىڭ، «گەنجۇ ئۇيغۇرلار گۇرۇھىنىڭ

قۇرۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتىكى ئالاقىدار تەتقىقاتلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر شۇنداق بولدى①.

شۇڭا، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. يەنە بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار بولسا شىمالىي دالادىن كۆچۈپ كەتتى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (1630 — 1631-بەتلەر) دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇزۇن ئۆتمەي سانغۇن گۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر بالىقىغا ھۇجۇم قىلدى. قاغاننى ئۆلتۈرۈپ كۆرە بىرنى چېپىۋەتتى ۋە قاغاننىڭ ئوردىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ھەر قايسى قەبىلە - قوۋملار ۋە باشقا ۋەزىر - سانغۇنلار پانتېكىننىڭ 15 قەبىلىسى بىلەن بىللە قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتتى، قالغانلىرى تۇبۇتلەر ۋە ئەنشى ئەتراپىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاغان ئوردىسىدىكى 13 ئۇرۇق بىردەك ئۆگە تېكىننى قاغان دەپ جاكارلاپ سوزىشەن تاغلىرىدا ماكانلاشتى.»

بۇ تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا ئالىملار كۆپ تالاش - تارتىش قىلىشتى. تۆۋەندە ئالىملارنىڭ پىكرىنى قىسقىچە قىلىپ جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقتۇق②:

| تەكرىتاغىنىڭ غەربىي قىسمى | تەكرىتاغىنىڭ شەرقىي قىسمى | تۇبۇتلەر رايونى | ئاپتور |
|---|---|---|---|
| پانتىبكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە ماڭغان ۋە قارلۇقلار تەۋەسىگە كىرگەن. | ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەنشىگە كەلگەن. | بىر قىسمى تۇبۇتلەرگە كەتكەن. | بىرتشنىيدىر (1910) |
| بىر قىسمى قارلۇقلارغا قوشۇلغان، ئەمما كېيىنكى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. | بىر قىسمى ئەنشى (كوسەن) غا كەلگەن. پانتىبكىننىڭ ئەۋلادلىرى گەنجۇغا كەتكەن. | بىر قىسمى تۇركلەرگە ئەل بولغان. | خانىداتورۇ (1957) |
| پانتىبكىن باشلاپ ماڭغانلار ئاۋۋال قارلۇقلارغا قوشۇلغان. كېيىن يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. | بىر قىسمى ئەنشى (پانتىبكىننىڭ باشچىلىقىدا) گە كەلگەن، ۋارىسلىرى گەنجۇدا ماكانلاشقان. | بىر قىسمى تۇبۇتلەر رايونىغا كەتكەن. | كوۋاتا روكورو (1930 ـ 1929) |
| بىر تارماق قارلۇقلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. | بىر تارماق | بىر تارماق (بۇلار بىر ـ بىرىگە بېقىنمىغان) | ۋاڭ رىۋېي (1936) |
| ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسى (پۈتكۇل ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمى) غەربكە مېڭىپ قارلۇقلار (ئالتاي ئەتراپى بولۇشى مۇمكىن) غا قوشۇلغان، كېيىن يەنە ئىككى تارماققا ئايرىلغان. | بىر قىسمى ئەنشىگە (كوسەن بىلەن بەشبالىقنىڭ ئارىلىقى) كەلگەن (پانتىبكىننىڭ باشچىلىقىدا) | بىر قىسمى تۇبۇتلەر تەرەپكە ماڭغان (شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە گەنجۇ ئەتراپلىرى) | خامىلتون (1955) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاساسىي قىسمى غەربكە كۆچۈپ قارلۇقلارغا (بەشبالىق ـ بالاساغۇن) قوشۇۋالغان ۋە كېيىنكى بەشبالىق ئۇيغۇرلىرى (ئامۇ دەرياسى، ئىددىقۇت) نى شەكىللەندۈرگەن. | (پانتىبكىن باشچىلىقىدىكى) بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئەنشى (ئاگنى) غا كەلگەن، كېيىن گەنجۇغا كەتكەن. | بىر قىسمى تۇبۇتلەر رايونىغا (لياڭجۇ ۋە گەنجۇ) غا كەلگەن. | ئابى تاكېئو (1955) |
| بىر قىسمى يامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان | ئاساسىي قىسمى ئىدىقۇت رايونى (شىجۇ) غا كەلگەن، كېيىن غەربكە سۈرۈلۈپ كۇسەننى ئىگىلىگەن (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) | بىر قىسمى دەسلەپ تۇبۇتلەرگە (گەنجۇ، لياڭجۇ) بېقىنغان، كېيىن جاڭيىچاۋغا بېقىنغان، كېيىن تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان (گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى) | فېڭ جياشېڭ، چېڭ شولۇ، چېڭ شولۇ، موگواڭۋېن (1958) |
| بىرقىسمى قارلۇقلار تەۋەلىكىگە (سۇياب ۋادىسى) كەلگەن. | بىر قىسمى ئەنشى (پانتىبكىن) گە كەلگەن، كېيىن خېشى (خېشىغا كىرگەن ئىككىنچى تارماق ئۇيغۇرلار) غا سۈرۈلگەن بولار پانتىبكىننىڭ ئەۋلادلىرى | بىر قىسمى خېشىغا كەلگەن | مايىتاماسانا (1962) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پانتىبكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە قارلۇقلارغا قوشۇلغان ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. | قالدۇقلىرى ئەنشىگە كەلگەن، كېيىن بەشبالىققا كەلگەن. شىيەنتۇڭ يىللىرى شىجۇنى ئىگىلىگەن. | قالدۇقلىرى بەشبالىققا كەلگەن، تۇبۇتلەر ئۇلارنى گەنجۇغا ئورۇنلاشتۇرغان (بۇ جايدا يەنە بىر پانتىبكىن بار) | لىيۇ يىتاڭ (1975) |
| بىرقىسمى قارلۇقلار تەۋەسىگە (غەربىي تەڭرىتاغ — يەتتىسۇ) كىرگەن | (پانتىبكىن باشچىلىقىدىكى) بىر تارمىقى ئەنشى (ئاگنى) غا كىرگەن ۋە ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان. شىيەنتۇڭ يىللىرى بەشبالىقتىكى بۆكۈ كۈنىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن. | بىرقىسمى خىبشىغا كىرگەن. | مورى ياسۇ تاكائو (1977) |
| ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربكە مېڭىپ قارلۇقلار (يەتتەسۇ رايونى) تەۋەسىگە كەلدى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. پانتىبكىن بالاساغۇندا ئوردا قۇرۇپ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى. | پانتىبكىن ئۆز زېمىنىنى ئەسلىدىكى ئەنشى، بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگىچە كېڭەيتكەن. | | ۋېي لياڭتاۋ (1982) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پانتېكىن ئۆز قوۋمىنى باشلاپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەلگەن. قارلۇقلارنىڭ يابغۇسى ئۆزىنى قاغان، دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقى ۋۇجۇدقا كەلگەن. | | | پىرتساك (1951) |
| بىرقىسمى قارلۇقلارغا كەلگەن، بۇلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس. قارلۇقلار قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇرغان. | پانتېكىن بىر قىسىم قوۋمىنى باشلاپ بەشبالىق ئەتراپىغا كەلگەن. كېيىن ئاگنىغا كەلگەن. | | يامادانوبۇئو (1971) |

كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئەنە شۇنداق دەتالاشقا سېلىپ قويغان مەنبەلەردىن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىلەرمۇ بار:

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (5213 - بەت) : «سانغۇن كۇلۇگ باغا قورسىقىدا كۇرە بىرگە غۇم ساقلاپ يۇرگەچكە، قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ كۇرسا ۋە كۇرە بىرنى چېپىپ تاشلىدى، ھەممىلا جايغا ئوت قويۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئۇيغۇر بۇيرۇقلىرىدىن ساغىنىچ جىيەنى پانتېكىن ۋە باشقا بەش قېرىندىشىنى باشلاپ 15 قەبىلە بىلەن غەربكە قېچىپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كىردى، بىر قىسمى تۇبۇتلەرگە

قوشۇلدى، يەنە بىر قىسمى ئەنشىگە كەلدى. قاغان بارگاھىغا يېقىن جايلاردىكى 13 قەبىلە ئۆگە تېكىنىنى قاغانلىققا كۆتۈرۈپ جەنۇبقا كەلدى ۋە سۇلالىمىزگە بېقىندى».

«ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. تاڭ خاتىرىلىرى. كەيچىڭ 5 ـ يىلى» (7947 ـ بەت): «... ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر سانغۇنى گۈلۇگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. كۈرسا ۋە كۈرە بىرنى ئۆلتۈرۈپ، قاغان بارگاھىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ قېچىشتى. بۇيرۇق ساغىنىچ ۋە پانتېكىن قاتارلىقلار 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەۋەلىكىگە كەلدى، بىر قىسمى تۇبۇتلەرگە كەتتى، يەنە بىر قىسمى ئەنشىگە كەلدى».

يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئۈچ بۆلەك مەنبەدىن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكىنى ئېھتىمال ئەسەر مۇئەللىپى ئۆز چۈشەنچىسىگە ئاساسەن «كونا تاڭنامە» دىكىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. مورى ياسۇ تاكائومۇ ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى توغرىسىدا توختالغاندا مۇشۇنداق پىكىرنى ئىشارە قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن، ئۇناگاۋا ئەپەندىدىن باشقىلار بىردەك ‹يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە› دىكى خاتىرىلەر ‹كونا تاڭنامە› دىكى خاتىرىلەرنىڭ ئىخچاملانغان شەرھىسى ۋە ئاددىيلاشتۇرۇلغىنى، پەقەت ‹كونا تاڭنامە› دىكى خاتىرىلەرلا ھەقىقىي ۋە ئىشەنچىلىك، دەپ قارايدۇ»③. «يېڭى تاڭنامە» بىلەن بىر زاماندا يېزىلغان «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە سىماگۇاڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆرۈشكە بولىدىغانلىكى تۈرلۈك ۋەسىقىلەردىن پايدىلانغان بولسىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنى ۋە باشقا تەپسىلاتلىرىنى ئېنىقلاپ كېتەلمىگەن، شۇڭا ئەسىرىدىكى

مۇشۇ بۆلەكنى يېزىشتا ئاساسەن «يېڭى تاڭنامە» دىكى بايانلاردىن پايدىلانغان، ئايرىم تەپسىلاتلىرىدا بولسا «كونا تاڭنامە» دىكى بايانلارنى ئاساس قىلغان. ئەمەلىيەتتە، يالغۇز سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى كىشىلەرلا بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالماي قالغان ئەمەس ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇ زاماندا ياشىغان ۋە سىياسىي سەھنىدە چېپىپ يۈرگەن تاڭ سۇلالىسى سىياسەتۋازلىرىمۇ كەيچېڭ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا جىق نەرسىلەرنى بىلىپ كەتمەيتتى. لى دېيۇ تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ۋۇزۇڭ خانغا ۋاكالىتەن يېزىپ چىققان كۆپلىگەن پەرمان - يارلىقلار «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» دا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ يازغان ئۇيغۇر «ئۇيغۇر بولمىش تېكىنگە يوللانغان مەكتۇپ» تا مۇنداق دېيىلىدۇ: «. . . . ئۆتكەندە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ماتەم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىلگەن سىرى بېگى رۇڭ قايتىپ كەلگەندە بۇ ئەلنىڭ خارابىلىق ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە قالغانلىقىنى، قوۋم - ئۇرۇقلىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. . . . » ④. شۇبھىسىزكى تاڭ سۇلالىسى ئوردا سىپاھلىرى ۋېنزۇڭ خان قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا ئەۋەتكەن ماتەم خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى ئەلچى قايتىپ كەلگەندە ئاندىن كەيچېڭ يىللىرى يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلاردىكى ئىچكى مالىماندىن خەۋەر تاپقان. لى دېيۇ ئارقىدىنلا مۇنداقلا يازىدۇ: «يېقىن قوشنىمىزنىڭ مۇشكۈلاتتا قالغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەم قولىمىزنى سۇنمىساق شاپائەتنى ئۇنتۇغان بولىمىز. شۇڭا، لەشكىرىي قىسىملارنى تەقلەپ سەرۋازلارغا ئاتلىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردۇق. ھالا بۈگۈن قىرغىزلارنىڭ كېچىلەپ قارارگاھ باسقىنى قىلغانلىقى، قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، مەلىكە ۋە يېڭى قاغاننىڭ ئۇ جايدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئاستانە شەھىرىگە ئىككىنچىلەپ قايتمىغانلىقىنى، تېكىن

قاتارلىقلارنىڭ يىراق جايلارغا كېتىش نىيىتىدە قوزغىلىشى — قېرىنداشلىرىنى باشلاپ نەلەرگىدۇر كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق». كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى تاڭ سۇلالىسىگە ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ئەلچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇشقا ئۇيغۇر قاغانلىقىدا تېخىمۇ زور ۋەقە — قاغانلىقنىڭ هالاكىتى يۈز بەرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خۇيچاڭنىڭ 1 - يىلى (841 - يىلى) 11 - ئايدا تەيخې مەلىكە خانغا مەلۇمات يوللىغاندا ۋە كېيىنكى يىلى قىرغىزلاردىن ئەلچى كەلگەندە تاڭ سۇلالىسى ئاندىن بەزى تەپسىلاتلارنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بولسا تاڭ سۇلالىسى پەقەت ئانچە - مۇنچە كوچا پاراڭلىرىنىلا ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، كېيىنكىلەرگە قالغان ئاشۇ خاتىرىلەر ئەنە شۇ يوسۇندىكى ئېنىقسىزلىققا تولغانىدى⑤.

نائېنىق ماتېرىياللارغا تايىنىپ نائېنىق مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا مۇقەررەر يوسۇندا دەتالاش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا مەزكۇر نائېنىق تۇگۇچنى يەشكىلى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن ۋاقىتتىكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخىنى بىر قەدەر مۇۋاپىق چۈشەنگىلى بولىدۇ؟

## 2. پانتېكىننىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۇتۇغات بېرىلگەنلىكى

ئالاقىدار خاتىرىلەر تولىمۇ چىگىش ھەتتا مالىماتاڭ بولغان مۇشۇ تارىختا ئومۇم ئېتىراپ قىلغان بىر ئەھۋال بار. ئۇ بولسىمۇ داجۇڭ 10 - يىلى ۋە 11 - يىلى (856 — 857) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى پانتېكىنگە ئۇتۇغات بەرگەنلىكىدۇر.

بۇ قېتىمقى ئۇتۇغاتنى بەرگۈچى تاڭ شۇەنزوڭ لى چېن بولۇپ، ئۇ خۇيچاڭنىڭ 6 - يىلى (846 - يىلى) 3 - ئايدا ۋۇزوڭ خان قازا قىلغاندىن كېيىن تەختكە چىققانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە كەلگەندە خان جەمەتى، ئوردا سىپاھلىرى، ھەرەم ئاغىلىرى قاتارلىق ھەر خىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا تىنىمسىز ئۇرۇشلار ۋە جەڭگى - جېدەللەر يۈز بەرگەنلىكتىن، مەزكۇر خاقان تەختكە چىقىش بىلەنلا سابىق ۋەزىر - ۋۇزرالارنى ئالماشتۇرۇپ، ئىلگىرىكى خاننىڭ سىياسەتلىرىنى ئىنكار قىلدى. سابىق ۋەزىر لى دېيۇ تەقىب قىلىنىپ، كېيىنچە ياجۇ ئايىمىقى (خەينەندىكى چيۇڭشەن ئېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) دا ئۆلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆگە قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ تەيخې مەلىكىنى تارتىۋېلىشتا زور ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپ تارتۇقلانغان شى شيۇڭ قاتارلىقلارمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى⑥. خۇيچاڭ يىللىرى ئۆگە قاغان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان ھۇجۇم يېڭى سىياسەتتە «ئاسىي ۋە مۇناپىق ۋەزىرلەرنىڭ قوترىتىشى ئارقىسىدا توخۇ يۈرەك سانغۇنلارنىڭ تىغ كۆتۈرۈپ چىقىش ھەرىكىتى، ئۇلار باشقىلار مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلغان ۋە ئىشنى يوغانتىۋەتكەن. ئۇلار باشقىلارنىڭ بىزنى مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرغىنىنى ئۇنتۇغانلاردۇر» دەپ قارالدى⑦. ئىچكى سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ خېشى ۋادىسىدىكى تۇبۇتلەر ئەل بولۇپ، شاجۇدىكى جاڭ يىچاۋ 11 - ئايماقنىڭ خەرىتىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن شۇەنزوڭ خان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر قاغانىغا ئۇتۇغات بېرىشنى نىيەت قىلدى.

داجۇڭ 10 - يىلى (856 - يىلى) 2 - ئايدىكى «ئۇيغۇر قاغانىغا يوللانغان خان مەكتۇپى»⑧ دا، مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن .... ھەممەتكە شاپائەت بىلەن

جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلاپ كەلگەن بولسامۇ زادىلا نېسىپ بولماي
كەلدى. شۇ مەقسەتتە كۆپ قېتىملاپ ئەلچى ئەۋەتىپ ھۆرمەتلىك
قاغاننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدىم. چېدىر - بارگاھلار غايىپ
بولۇپ ئىزناسىمۇ قالماپتۇ. جاسارەتلىك قوشۇننىڭ سەردارى،
ئەنقانىڭ بېشى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇشبۇ مەقسەتتە يولغا
چىققان ئەلچىلىرىمىز نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن
كەچۈرۈپ جانابىڭىزنىڭ ئەزىز دىيارىنى نەچچە يىللاپ كېزىپ
كەلدى. چۆل - جەزىرىدە ئىنس - جىننىڭ قالمىغانلىقى،
بۇلاق - قەلئەلەرنىڭ چۆلدەرەپ تۇرغانلىقى پېقىرغا مەلۇم
بولدى. يېقىندا كۆڭلى تارتىپ يولغا چىققان ئۇيغۇر ئەلچىلىرى
كەلگەندە سانغۇن - سەرۋازلارغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇلار
ئەلچىلەرنى ھوزۇرۇمغا يەتكۈزدى. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى
لى جيەن قىرغىزلاردىن ياندۇرۇپ كەلدى. ئوردا جايلاردىكى بەگ
سىپاھلار (ئۇيغۇر) تۆرىلىرى بولسا ئوردىغا يوللاپ بېرىش
ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئاڭلىغان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىلا
بىر - بىرىگە ئوخشاش چىقتى. ئۆز ئىلىگە قايتىشنى خالىغانلارغا
مەرھەمەتىمنى ئايىمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھازىرقى ۋاقىتتا
پانتېكىننىڭ ھازىرقى كۈندە قاغان بولغانلىقىنى، يەنىلا ئەنشىدە
تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بارچە قوۋمنىڭ سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا
بولۇشنى خۇشاللىق، دەپ بىلىدىغانلىقىنى، بۇيرۇق -
بەگلىرىڭىزنىڭ ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى ۋە ئەجدەربالىقنى قايتا
گۈللەندۈرۈشكە قەسەمياد قىلىشقىنىنى مەلۇم قىلدى. مەدىكارلار
ۋە ئەسىرلەرمۇ ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى ئەنە شۇنداق دەپ مەلۇم
قىلدى. ئارزۇ - ئارمىنىم ئىشقا ئاشسا كۆپتىن - كۆپ خۇرسەن
بولۇر ئىدىم. شۇ مەقسەتتە ھۇزۇرىڭىزغا ئالاھىدە ئوتتۇغات
بېرىش پەرمانى بىلەن ئەلچى ماڭدۇردۇم. . . . . بۈگۈنكى
كۈنلەردە ئارىلىقىمىز يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ تارتۇقنى
كىچىكىپ بولسىمۇ يەتكۈزمەكنى ئىستەيمەن. ئۆز دۆلىتىڭىزنى

بۆرە ماكانىدا بەرپا قىلىپ، پۇقرالىرىڭىزنى توپلىۋالغاندىن كېيىن دوستلۇق رىشتىسىنى قايتىدىن چەگسەك ۋە پۈتۈن ئالەمنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلساق دېگەن ئۈمىد ھەر قاچان يادىمدىن چىقمايدۇ».

مەكتۇپ يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئەنشىگە ئەلچى ماڭدۇردى. ئەلچىلەر لىڭۋۇ (ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ) غا كەلگەندە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىگە ئۇچراپ، شۇ ئەلچى بىلەن بىرلىكتە ئاستانىگە قايتتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا شۇەنزۇڭ خان «ئۇيغۇر خانىغا ئوتتۇغات ھەدىيە قىلىش يارلىقى»⑨نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن شاھ ئاتامنىڭ تەختىگە چىققاندىن بۇيان دائىم سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەپ غەم - غۇسسىدىن خالىي بولالمىدىم. شۇڭا، ئەلچى ئەۋەتىپ يىراق جايدىكى جانابلىرىدىن ھال سورىماقچى بولدۇم. جانابلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكلىرىنى ۋە تەختكە چىققانلىقلىرىنى ھەم ئىشتتىم. ئەلچى يول يۈرۈپ لىڭۋۇغا كەلگەندە جانابلىرىنىڭ ئەلچىسىمۇ شۇ جايغا كەلگەنىكەن. ئۇلار بىرلىكتە ئوردىغا يېتىپ كېلىپ، چوڭقۇر سالاملىرىڭىزنى يەتكۈزدى. شۇنداقلا جانابلىرىنىڭ قاغان ئاتىلىپ ھەر قايسى قوۋملارنى ئەتراپلىرىغا توپلىغانلىقلىرىنى مەلۇم قىلدى. . . . . . دەرۋەقە، ئەمدىلىكتە ئىلگىرىكى دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ رايىغا باقمىدىغان ۋە پېقىرنىڭ ئىرادىسىگە ماس كېلىدىغان ۋەقەلەردىن بولۇپ قالغۇسى. جانابىڭىزنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شۈبھە - گۇمانلاردا بولماسلىقى ئۈچۈن يېڭىدىن ئورنىتىلغان دوستلۇقىمىزنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەلچىنى ئوتتۇغاتقا ئەۋەتتىم. . . . قاغانغا (توققۇز ئۇيغۇر) تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان، دېگەن ئوتتۇغات نامى ھەدىيە قىلىندى».

بۇ قىتىمقى ئوتتۇغات بېرىش ھەققىدە «كونا تاڭنامە. شۆەنزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» (640 ـ بەت) دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «(داجۇڭ 11 ـ يىلى/857) . . . ئۇيغۇرلارغا ئوتتۇغات بېرىش ئەلچىلىكىگە ياساۋۇل بېگى، يانداش ئەدلىيە ۋەزىر ۋاڭ دۈەنجاڭ خېجۇ ئەمىرلەشكىرى دېگەن نامدا باش بولدى. ئورۇنباسارلىقىغا خانزادىلەر ئەركانبېگى لى شۈن چىنجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىرلەشكىرى دېگەن نامدا ۋە سوراقچى، خېنەن تۆرىسى لى جى يۈگجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمىرلەشكىرى دېگەن نامدا تەيىنلەندى. ۋاڭ دۈەنجاڭ قاتارلىقلار قورۇلدىن چىقىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا قاراھارۋىلىقلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك يېنىپ كەلدى». «يېڭى تاڭنامە. تۈبۈتلەر تەزكىرىسى» ۋە S6432 نومۇرلۇق دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ھۆججەت «جاڭ يىچاۋنىڭ بەيئەت قىلىشى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا لياڭجۇ ئايمىقى شيەنتۇڭ 2 ـ يىلى (861 ـ يىلى) غا كەلگەندە ئاندىن بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. شۇڭا، ۋاڭ دۈەنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ خېشى كارىدورىنى بويلاپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس. ئېھتىمال شىمالدىكى تيەندى قورۇلىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئايلىنىپ كۆنپېتىشقا ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار يولدا ئۇچراپ قالغان «قاراھارۋىلىقلار» — شېرۋى ـ تاتارلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ئەھۋالمۇ ئۇلارنىڭ شىمالغا مېڭىپ ئاندىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ كۆنپېتىشقا ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ⑩. ئەمما، ئۇلار يولدا توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئوتتۇغات خېتىنى تارتتۇرۇپ قويغان ۋە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان⑪.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىكى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ بىز بۇنىڭدىن پانتېكىننىڭ داجۇڭ 10 ـ يىلى (856 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ئەنشى ئەتراپلىرىدا قاغان دەپ ئاتالغانلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز، «كونا تاڭنامە.

ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» (5215 ـ بەت) دە داجۇڭ 2 ـ يىلى (848 ـ يىلى) شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئاخىرقى قاغان ئىنانىنىڭ ⑫ يوقاپ كەتكەنلىكى، قىرغىزلارنىڭ شىرۋىللارغا بېقىنغان ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇۋېلىپ شىمالغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن: «سىرتتا قاڭقىپ يۈرگەنلىرىمۇ خېلى بار. ئۇلار تاغ ـ جىلغىلارغا ۋە ئورمان ـ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ھەرقايسى قوۋملارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن جان باقىدۇ. ئەمما، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى كۈنپېتىشتىكى ئەنشىر، تۇرۋاتقان پانتېكىنگە تەلپۈنىدۇ. پانتېكىن ئۆزىنى قاغان، دەپ ئاتاپ، دەشت ـ چۆلنىڭ ئۇ يېقىدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەرنى ئىگىلىۋاپتۇ» دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ مەنبە ئىشارە قىلىنغان ۋەقەنىڭ كونكرېت ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىز پانتېكىن تەخمىنەن داجۇڭنىڭ 2 ـ يىلىدىن كېيىن 10 ـ يىلىدىن بۇرۇن (849 — 855) قى مۇشۇ ئارىلىقتا ئۆزىنى قاغان، دەپ جاكارلىغان، دەپ ئېيتالايمىز. داجۇڭنىڭ 3 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولغان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. چۈنكى، ئۇنىڭ قاغان دەپ ئاتىلىشى ئىنانىنىڭ يوقاپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە. تۈركەشلەر» دە (6069 ـ بەت) ئۇيغۇرلار «ھالاك بولغان ۋاقىتتا پانتېكىن ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ ئاگىنىنى ئىگىلەپ ئۆزىنى يابغۇ، دەپ ئاتىدى. قالغانلىرى بوغدا تېغى ⑬ ئەتراپىدا قالدى. ئۇلارنىڭ سانى 200 مىڭغا يېتىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئاۋۋال يابغۇ دەپ ئاتىلىپ، كېيىن قاغان بولغان بولىدۇ. «قوۋمى 200 مىڭغا يېتىدۇ» دېگەنلەر مۇبالىغە بولسىمۇ ⑭، «كونا تاڭنامە» دىكى «دەشت ـ چۆلنىڭ ئۇ يېقىدا كۆپلىگەن شەھەرلەرنى ئىگىلىۋاپتۇ» ⑮ دېگەن بايانلار ۋە «يېڭى تاڭنامە»

دىكى خاتىرىلەر پانتېكىننىڭ قاغان بولۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىر مەھەل قۇدرەت تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

پانتېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان ئەنشى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟ تاڭ دەۋرىدە بۇ سىياسىي ۋە مەمۇرىي رايوننىڭ نامى كەڭ ۋە تار مەنىلەرگە ئىگە ئىدى.

تار مەنىدىكى ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاينى كۆرسىتىدۇ. مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي [16] كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن بولسىمۇ چاڭشۇ ـ ؟ يىلى (692) تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى ۋاڭ شياۋجې تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ تۆت شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان ۋە مەھكىمىنى كۇسەنگە يۆتكىگەندىن تارتىپ 792 ـ يىلى ئەنشى ئاخىرقى قېتىم تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكۈچە[17] بولغان ئارىلىقتا تار مەنىدىكى ئەنشى باشتىن ـ ئاخىر كۇسەننى كۆرسىتىپ كەلگەن. مەسىلەن، «خۇي چاۋنىڭ بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياھىتى» [18]دە خۇي چاۋ كەيىۋەن يىللىرى دۆلىتىگە قايتقاندا «سۇللۇغدىن شەرققە بىر ئاي ماڭغاندا كۇسەن دۆلىتىگە يەنى ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىگە بارغىلى بولىدۇ. . . . . تاڭ خاندانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ جايغا توپلانغان . . . . ئەنشىدىن جەنۇبتىكى ئۇرۇنغا ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. . . . كەيىۋەن 15 ـ يىلى (727 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەنشىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ ۋاقىتتا باش تۇتۇق ۋە ساتراپ بېگى جاۋ ھەزرەتلىرى يەنىلا ئەنشىدە تۇرۇۋاتقان ئىكەن. . . . ئەنشىدىن شەرققە. . . . ئاگنى دۆلىتىگە كەلدۇق» دەپ يازىدۇ. يەنە «ۋۇكوڭنىڭ ئەنەتكەككە ساياھىتى» دە ۋۇكوڭنىڭ 780 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتقاندا سۇللۇغ، ئۇدۇن، ئەنشى، ئاگنى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بەشبالىققا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەنشىمۇ كۇسەننى كۆرسىتىدۇ[19]. تارىخ سالنامىلىرىدە ئېيتىلغان تاڭ قوشۇنلىرى ئەڭ ئاخىرىغىچە مەھكەم ساقلىغان «ئەنشى» مۇ،

كوسەننى كۆرسىتىدۇ⑳.

كەلگ مەنىدىكى ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى كوسەن، ئۇدۇن، سۇللۇغ، سۇياب (ياكى ئاگنى) قاتارلىق تۆت شەھەرنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، چاڭئەننىڭ 2 - يىلى (702 - يىلى) بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن سۇياب مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى ۋە تۆت شەھەرنىڭ بىرى بولۇشتىن قالدى. شۇڭا، پانتېكىن ئۇزىنى قاغان دەپ ئاتىغان. ئەنشى تەخمىنەن شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى كۆرسىتىدۇ، كوسەن ئەترابى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن㉑. «يېڭى تاڭنامە. تۇركلەر تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان پانتېكىننىڭ ئاگنىدا يابغۇ ئاتالغانلىقىمۇ يۇقىرىقى پەرىزىمىزنى تەستىقلايدۇ. خامىلتوننىڭ كۆز قارىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۇ «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر مەنبەلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «تاڭ دەۋرىدە ئەنشى ئاساسەن هازىرقى شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا هازىرقى شىنجاڭدىكى كۇچا شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. شۇنىڭ ئۇچۇن 2 - تارماق ئۇيغۇرلار (ئەنشىگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى) تەڭرىتاغ بويىدىكى مەلۇم جايغا يەنى كوسەن بىلەن بەشبالىق ئارىلىقىدىكى جايلارغا كېلىپ، تۇبۇتلەر تېررىتورىيىسى بىلەن يىراقتىن قارىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن».

ئۇنىڭدىن سىرت، گەردىزى ئۇز ئەسىرىدە توققۇزغۇزلار خانىنىڭ Azal شەھىرىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ㉒. مورى ياسۇتاكائۇ بولسا بۇ قاغاننى پانتېكىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ㉓. گەردىزى يەنە ئاشۇ جايلارغا بارىدىغان يوللار ئۇستىدە توختىلىپ ㉔ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يەرگە

بارىدىغان يول بارسخاندىن ئۇنسۇ (B. njul) غا بارىدۇ[25]. ئۇنسۇدىن كۇچارغا، كۇچاردىن Azal غا، Azal دىن Sikat قا[26]، Sikat تىن M. K. shmignalhur (?) غا[27] بارىدۇ. M. K. mignathur دىن H. KAT (؟) (jinajkat?)[28] قىچە بىر كۈنلۈك يول. بۇ ئۆلكە كۇچاردىن كىچىك، ئۇنىڭ 22 مەھەللىسى بار....»

«ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىمۇ بۇ جايلار تىلغا ئېلىنىدۇ. مىنورسكىي Azal/Arak نى كۇچانىڭ شەرقىدىكى Bugur بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلسا، خېنىنىڭ ئاگنى، دەپ قارايدۇ[29]. ئېھتىمال مورى ياسۇتاكائۇ ئېيتقاندەك ئاگنىنىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ۋە تۈركلەرنىڭ بۇ جايدا ئوردا قۇرغانلىقى ھەققىدىكى تارىخنى نەزەردە تۇتقاندا خېنىنىڭ پىكرى مەنتىقىگە ئۇيغۇنراق كېلىدۇ[30]. مەيلى قايسى خىلدىكى قىياس ئەقلىگە مۇۋاپىق بولسۇن، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: ئەرەب - پارس مەنبەلىرىمۇ يان تەرەپتىن پانتېكىننىڭ ئەنشىدە يەنى كۇسەن، ئاگنى ئەتراپلىرىدا قاغان ئاتالغانلىقىدەك قارىغىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ بولسا خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەرنى دەلىللەيدۇ.

### 3. شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى

داجۇڭنىڭ 3 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەنشىدە قاغان ئاتالغان پانتېكىن بىر مەھەل راسا قۇدرەت تاپتى. ئەمما، بۇ خىل گۈللىنىش تېزلا غايىپ بولدى. داجۇڭنىڭ 10 - يىلى (856 - 857) تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانىغا نام ۋە ئۇتۇغات بەرگەن ۋاقىتلاردا ئۈچ تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە

كەلگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلارنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمى داجۇڭنىڭ 10 - يىلى 2 - ئايدا ياكى شۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك كەلگەن، يەنە بىر تۈركۈمى داجۇڭ 10 - يىلى 2 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا㉛. 3 - تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنى ئەنشىدە قاغان دەپ ئاتالغان پانتېكىن ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ مەسىلىدە ئاساسەن شۇبھە يوق. «كۆڭلى تارتىپ كەلگەن» ئۇيغۇرلار ۋە «لى جيەنگە ئەگىشىپ كەلگەن» ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جايلىرى ئەنشىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولسا كېرەك. چۈنكى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن «پانتېكىن قاغان دەپ ئاتىلىپ ئەنشىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر قوۋملىرى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئىختىيار تىزگىنىنى تۇتقۇزدى» دېگەن ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن㉜ دەرھاللا ئەنشىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ناۋادا بۇ خەۋەرنى ئەنشىدىن ناھايىتى يىراق بولغان جايدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەن بولسا تاڭ سۇلالىسى ئۇنداق تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئەنشىگە ئەلچى ئەۋەتەرمىدى؟ ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئىككى تارماق ئۇيغۇرلار پانتېكىننىڭ قوۋمىدىن ئەمەس ئىدى.

بۇ ئىككى تۈركۈم ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە كېلىشتىن بىر قانچەي يىل بۇرۇن باشقا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى كەلگۈچىگە (ياكى كەلگۈچىلەرنىڭ سەردارىغا) ئۇنۋان ھەدىيە قىلغانىدى. بۇ ئەھۋال دۇمۇدو قەلەم تەۋرەتكەن «قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئۇلۇغ شىرمەت سانغۇن مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلىش يارلىقى» دا كۆزگە چېلىقىدۇ㉝: «قۇچۇ چوپاندارى㉞ئېل ئۆگەسى ㉟يول يۇرمىش باغا تۇتۇق ۋە باشقا تۇتۇق، بۇيرۇق قاتارلىق باھادىرلارنى، شىر يۈرەك ئەزىمەتلەرنى تامام ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى. غەربىي رايونلارنى جاسارىتى ۋە شىجائىتىنى، ئوتتۇرا شيا زېمىنىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش بۇرچىنى ئۇنتۇمىغان بۇ قوۋمنىڭ

بۇيرۇقلىرى ۋە قاغانلىرى تولىمۇ دانىشمەن كىشىلەردىندۇر. نۆۋەتتە ئۇلار سۇلالىمىزگە ئەلچىلىككە كېلىپ مۇقەددەس خان يارلىقىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا يۈكسەك مەرتىۋىسىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۆلچەملىك مۆھۈر تارتۇق قىلىندى. شۇنداقلا ھۆرمەت - ئېھتىرام ۋە ئىززەت ئېكرامنى ئەستىن چىقارماسلىق تەۋسىيە قىلىندى. بېرىلگەن مەرتىۋە سول شىرمەت سانغۇن دەرىجىسىدە بولدى ۋە ئۇشبۇ يارلىق پۈتۈلدى». مەزكۇر يارلىقنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن. ئەمما، دۇمۇنىڭ كاتاۋۇل باش ھۆددىچى بولغان ۋاقتى داجۇڭ 5 - يىلى كۈز پەسلى ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىككىنچى يىل 11 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتكۈچە بىر يىل ئۆپچۆرىسىدە ئۆتىگەن بولۇپ[36]، مەزكۇر يارلىق مانا مۇشۇ ئارىلىقتا يېزىلغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دومۇ «فەنچۇەن توپلىمى» دا يۇقىرىقى يارلىقنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا «شاجۇدىن كەلگەن خاس ئەلچى ۋۇ ئەنجېڭ قاتارلىق 29 كىشىگە مەرتىۋە ئىنئام قىلىش ھەققىدە يارلىق» نى خاتىرىلىگەن. بۇ يارلىقتا مۇنداق دېيىلىدۇ: -«سانغۇن جاڭ يىچاۋ ساداقەتمەنلىك سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان يۈرىكىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن ياۋلارنىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىپ تۇردى... ساداقەتمەنلىك ۋە جاسارەتلىك روھى بويىچە تۆھپە كۆرسىتىپ ئۆز ساداقىتىنى سانسىز جاپا - مۇشەققەتلەر بەدىلىگە بىزگە يەتكۈزدى ھەم ساداقەتنى بىر كۈنمۇ يادىدىن چىقارمىغانلىقىنى ئىزھار ئەيلىدى. شۇڭا، ھەر قايسى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە توغرىلاپ خان ئالىيلىرىنىڭ شاپائىتى ھېسابىدا ئۇلارغا مەرتىۋە بېرىلدى. بۇ ھەقتە ئالدىنقى يارلىققا كۆز يۈگۈرتۈشكە بولىدۇ». شىياڭدا بۇ يارلىقنى داجۇڭنىڭ 5 - يىلى قىشتا پۈتۈلگەن، دەپ قارايدۇ [37]. شۇڭا، تېكىستىكى «بۇ ھەقتە ئالدىنقى يارلىققا كۆز يۈگۈرتۈشكە بولىدۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ «قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىغا

ئۇلۇغ شىرمەت سانغۇن مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلىش يارلىقى» نى كۆرسىتىش ئېھتىمالىغا تولىمۇ يېقىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس، بۇ ئىككى تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمۇ جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ ۋاقىت دەل جاڭ يىچاۋنىڭ گۇاجۇ، شاجۇ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىن، جۈملىدىن شۈەنزۇڭ خان ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن [38] مەلۇم بولۇشىچە جاڭ يىچاۋنىڭ ئەلچىسى داجۇڭنىڭ 5 ـ يىلى (861 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا، تيەندې بارگاھىغا كەلگەن؛ 10 ـ ئايدا جاڭ يىچاۋ ئىنىسى جاڭ يىتەندىن[39] گۇاجۇ، شاجۇ، يىجۇ، سۇجۇ قاتارلىق 11 ئايماقنىڭ خەرىتىسى ۋە نوپۇس رويىخېتىنى تاڭ سۇلالىسىگە تەقدىم قىلغان. باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ 11 ئايماق يەنە شىجۇ، گەنجۇ، لەنجۇ، شەنجۇ، خېجۇ، مىنجۇ، لاڭجۇ قاتارلىق ئايماقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [40]. «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئۇلۇغ شىرمەت سانغۇن مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلىش يارلىقى» دىن ئەينى ۋاقىتتا شىجۇ (ئىدىقۇت) ئايمىقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز قاغانى ۋە ۋەزىر ـ بۇيرۇقلىرى بارلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. داجۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (850) جاڭ يىچاۋ يىجۇنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن[41] بۇ تارماق ئۇيغۇرلار شاجۇ ھاكىمىيىتىگە مەنسۇپ بولغانمۇ يوق، بۇنىسى نامەلۇم. خوجىئېبدا ئاكىرا ئەينى ۋاقىتتا جاڭ يىچاۋ تەسىر كۈچىنى شىجۇغا قەدەر كېڭەيتكەن دەپ قارايدۇ[42]، ئەمما بۇنىڭغا ئاساس كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما، جاڭ يىچاۋنىڭ بۇ جايىنى ئۆز تەۋەسىدە دەپ ئېيتقانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئويلاشقاندا بۇ ۋاقىتلاردا ئىككى تەرەپ ئانچە بەك دۈشمەنلىشىپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ.

ئەمما، قوچۇنى كونترول قىلىپ تۇرغان بۇ تارماق ئۇيغۇرلار پانتېكىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەمەس ئىدى، چۈنكى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، يەنى داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلى (856 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى پانتېكىننى ئۇيغۇر قاغانى، دەپ جاكارلىغاندا شۇنىڭغا قەدەر ئۇيغۇر «كاتتىلىرى» يەنى قاغان ئەۋلادلىرى ھەققىدە بىرەر ئېنىق خەۋەرنى ئاڭلىمىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مورى ياسۇتاكائو قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇس قىلغىنىدەك ⑬ داجۇڭ 5 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنى پانتېكىننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندا تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن «ئۇيغۇر كاتتىلىرى» دىن بولمىش پانتېكىن ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىشى مەنتىقىگە سىغمايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار بەلكىم ئەڭ دەسلەپ پان تېكىنگە ئەگىشىپ غەربكە كۆچكەن ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر تەزكىرىسى» (6069 ـ بەت) دە ئېيتىلغان «قالغانلىرى بوغدا ۋادىسىدا ماكانلاشتى» قالدۇق قوۋم بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆز قاغانى بار بولۇپ بولغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرىدىن p2962 نومۇرلۇق «جاڭ يىچاۋنىڭ ئۆزگىرىش قىلىشى»⑭ دىن داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شاجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ يىجۇ شەھىرى (ئىۋىرغول) ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى لاپچۇق ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر، تويغۇنلار بىلەن دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يىجۇنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار مۇقەررەركى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يۇقىرىقى ھۆججەتتە جاڭ يىچاۋنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئەنشى ئۇيغۇرلىرىغا ئوتتۇغات بېرىشكە ئەۋەتكەن ۋاڭ دۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىغا دوستلۇق

پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. چېن يۈەنخۇڭ ئىسىملىك بۇ كىشى ئۆز توپىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يىتىراپ كېتىشكىنىنى مەلۇم قىلغاندا جاڭ يىچاۋ قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بۇ قاراقچىلار قانداقسىگە شۇنچە قاراملىشىپ، شۇ قەدەر ۋەھشىيلىك قىلغۇدەك بولۇپ كەتكەندۇ ـ ھە» دېگەن، ئارقىدىنلا «ئەلچىلەر، سىلەر ئارامخانىغا قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن بۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ كۆرەي» دېگەن. ناۋادا تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇغات بەرگەن پانتېكىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتتە بولغان بولسا جاڭ يىچاۋ ھەرگىز بۇنداق پوزىتسىيىدە بولمايتتى. بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتا قوچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنشىدىكى پانتېكىن بىلەن بىر قازاندا قاينىمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى بىر نەچچە ئەھۋاللاردىن قارىغاندا شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا بىر مەھەل گۈللەنگەن ئۇيغۇرلار چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن. پانتېكىن كاتتا تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا ئەنشى يەنى كۇسەن ۋە ئاگنى ئەتراپلىرىدا قاغان ئاتالغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىپ ئوتتۇغات بېرىشىگە (گەرچە ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ) ئېرىشكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئانچە زور بولمىغانلىقى ئېنىق. قوچۇنى ئىگىلىۋالغان ئۇيغۇرلار، «قىرغىزلاردىن يانغان لى جيەنگە ئەگىشىپ كەلگەن» ئۇيغۇرلار ۋە «ئۆزلۈكىدىن كەلگەن» ئۇيغۇرلار ئېھتىمال قوچۇنىڭ شىمالىدىكى ئۆز ئالدىغا بەگ ـ خان بولۇۋېلىپ تەپرىقىچىلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پانتېكىننىڭ قاغان بولۇشىنى خالىسا، بەزىلىرى بۇ ئىشلارغا پىسەنتمۇ قىلمىغان. بۇ خىل تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. داجۇڭنىڭ 11 ـ يىلىدىن كېيىن رەسمىي تۈردە ئوتتۇغاتنى تاپشۇرۇۋالمىغان

توققۇز ئۇيغۇر قاغان پانتېكىن ئەنشىدىن غايىپ بولدى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا پانتېكىننىڭ ئەۋلادلىرى ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنجۇغا كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تاڭ ئوردىسى داجۇڭنىڭ 10-، 11 - يىللىرىدىكى ئوتتۇغات سەپىرىگە چىققان ئەلچى تۆرلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندىن سىرت ئۇيغۇر قاغانىغا ئوتتۇغات بېرىش ئىشىنى قايتا تىلغا ئالمىغان. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسى قايتىدىن ئوتتۇغات بېرىش تەييارلىقىغا كىرىشكەندىكى ئوتتۇغات نىشانى ئەنشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى ئەمەس، بەلكى گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانى ئىدى.

## 4. قىرغىزلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى تىزگىنلىشى

شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بىر مەھەل گۈللەندى ۋە قۇدرەت تاپتى. ئەمما، ئۇلار شىمالىي دالادا قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دۆلىتى ھالاك بولغان ۋاقىتتا، پۈتۈن توپ بويىچە رەت - رېتى بىلەن غەربكە كۆچۈپ تېزلا تەڭرىتاغ رايونىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققانمۇ، يوق؟ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى ئالىملارنىڭ ئۆز پىكرىنى دەلىللىمىكى تولىمۇ قىيىن. ھازىرقى مەۋجۇت ماتېرىياللار بولسا ئاز دېگەندىمۇ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئەھۋاللارنىڭ بۇ ئالىملارنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇيچاڭنىڭ 2 - يىلى (842 - يىلى) قىرغىزلار ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ كەيچېڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرى (840 - يىلى) ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەيخې مەلىكىنى قولغا

چۈشۈرگەنلىكىنى، «مەلىكىنى قايتۇرۇشقا خېلى بۇرۇنلا تۆلۈسقاي قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ ھازىرغىچە بىرەر خەۋىرى كەلمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يېتىپ بارغان - بارمىغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكى، ناۋادا باشقىلار خائىنلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان بولسا لەشكەر چىقىرىپ قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئاسمانغا كەتسە تاپىمىزدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ ئۆز ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرىدىغانلىقىنى» ئىزھار قىلدى. روشەنكى، قىرغىزلار بۇ يەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇشنى ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇيغۇر قاغانلىقىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىغا قارىتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقىچە پىكىردە بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئارقىدىنلا قىرغىز ئەلچىسى مۇنداق دېگەن: «بىز قاراسۇ ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ماكانىنى ئىگىلىدۇق. شۇنداقلا ئەنشى، بەشبالىق، تاتار قاتارلىق بەش قەبىلىنى قوشۇۋالدۇق»[46].

ئەسلىدە، قىرغىزلار ئىككى يىلدىن بېرى دىققەت - ئېتىبارىنى غەربكە (غەربىي جەنۇبقا) تىكىپ كېلىۋاتقان ھەمدە ئەنشى، بەشبالىق رايونلىرىنى قوشۇۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار ئەنشى، بەشبالىق رايونلىرى يەنى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى كونترول قىلىۋالغاندىن كېيىن، قاراسۇ ۋادىسىدا يەنى شىمالىي دالانىڭ مەركىزى رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر خانلىقنى قۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانىدى. قىرغىز ئەلچىلىرىنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتىمۇ تاڭ سۇلالىسى قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولمىسىكەن، دېگەننى ئۈمىد قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەمدىلەتىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن بۇ ۋەقە زور ئەھمىيەتكە

ئىگە ئىدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ ئەلچىسى 2 ـ قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەندە قىرغىز ئەلچىسىنىڭ ئورنى بۆركلى خان ئەلچىسىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغانىدى. تاڭ سۇلالىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىرغىزلارغا قارىتىلغان ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە قىرغىزلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنشى، بەشبالىق رايونلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ـ قىلماسلىقنى قارار قىلدى. «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە بۇ ئەھۋال مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ (تاڭ خاتىرىلىرى، 63، 7973 — 7974 ـ بەتلەر): «(خۇيچاڭنىڭ 3 ـ يىلى 2 ـ ئاي) قىرغىزلاردىن ئەلچى كېلىپ ئىككى تۇلپار ھەدىيە قىلدى. خان ئوردا مىراقۇلى جاۋفەنگە ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. كېيىن خان ئۇلار بىلەن روبىرو بولغاندا قىرغىز ئەلچىسىنى بۆركلى خان ئەلچىسىنىڭ يۇقىرىسىغا ئولتۇرغۇزدى. پادىشاھ ئالىيلىرى جاۋفەنگە قىرغىزلاردىن ئەنشى، بەشبالىق شەھەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى بولغاندا لى دېيۇ پادىشاھقا: ‹ئەنشى ئاستانىمىزدىن يەتتە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، بەشبالىق بولسا بەش مىڭ چاقىرىم نېرىدا، ئەلچى كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ جايلارنى قايتۇرۇۋالساق ۋە تۇتۇق قويۇش ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك خاندانلىق قوشۇنلىرىدىن بىر تۈمەن لەشكەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بىراق، بۇ قوشۇن قەيەرگە يۈرۈش قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە باشقا تەمىناتلىرىنى قايسى يول بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىمىز؟ بۇ ئەمەلىيەتتە غايەت زور چىقىم كېتىدىغان ۋە تېزلا قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدىغان ئىش. بۇنى ياخشى تەدبىر دېگىلى بولمايدۇ› دېدى. پادىشاھ ئالىيلىرى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى».

لى دېيۇ «تەقدىنامە» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇشۇنداقراق ئەھۋالنى خاتىرىلەيدۇ㊼. قىرغىز ئەلچىلىرىگە ئائىت بۇ ئىككى پارچە خاتىرىدىن قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، دەرھاللا قوشۇن تارتىپ كۆنپېتىشقا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بەشبالىق، ئەنشى رايونلىرىنى كونترول قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەمما، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ئومۇميۈزلۈك ھالدا 840 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن بەشبالىق، ئەنشى قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلغانلىقى توغۇل، قىرغىزلارنىڭ ئاشۇ جايلارغا كەلگەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار ھەتتا بۇ ئىشنى چورتلا تىلغا ئالمايدۇ. ئابې تاكېئو «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ توغرۇلۇق توختالغان بولۇپ㊽ قىرغىزلارنىڭ بەشبالىق ۋە ئەنشىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى قىپقىزىل يالغان، دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا لى دېيۇ ھېچ زورۇقمايلا ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بىلىۋالغان، دەيدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ ئاساسلىنىدىغان ئەڭ چوڭ پاكىتى خانېدا تورۇ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك㊾ «كونا تاڭنامە. لى دېيۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «(خۇيچاڭ) 3 ـ يىلى (843) 2 ـ ئايدا جاۋفەن مەلۇمات سۇنۇپ قىرغىزلارنىڭ ئەنشى ۋە بەشبالىققا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، دەرھال ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىش كېرەكلىكىنى مەلۇم قىلدى» دېگەن جۈملە ئىدى. ئۇلار، ناۋادا جاۋفەن خۇيچاڭنىڭ 3 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ بەشبالىق ۋە ئەنشىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ياكى ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئېيتقان بولسا ئۇ ھالدا قىرغىزلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ جايلارغا ھۇجۇم قىلمىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ، خۇيچاڭنىڭ 2 ـ يىلىدىكى قىرغىز ئەلچىلىرىنىڭ سۆزىمۇ لاپ ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

شۇغىنىسى «كونا تاڭنامە» دىكى ئاشۇ قۇرلار تولىمۇ گۇمانلىق. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئوردا خاتىرىلىرى» ۋە لى دېيۇ تۈزگەن «تەقدىمنامە» دە جاۋ فەنىنىڭ خۇيچاڭنىڭ 3 - يىلىدىكى ئاشۇ سۆزى كۆزگە چېلىقمايدۇ[50]. سىماگۇاڭ ئەينى ۋاقىتتا «كونا تاڭنامە» دىكى ئاشۇ خاتىرىنى ئىنكار قىلىپ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۈرنەكلىرى» دە «ئوردا خاتىرىلىرى» ۋە «تەقدىمنامە» دىكى قاراشنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇنداقلا «كونا تاڭنامە. لى دېيۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا لى دېيۇنىڭ مەلۇماتىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلگەنلىكىمۇ (4522 - 4523 - بەتلەر) يەنە بىر ئىسپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لى دېيۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشكۇلاتتىن كېيىن خېشى ۋە لۇڭشى ئەتراپلىرى تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەنشى ۋە بەشبالىقتا بېرىش توغرا كەلسە جەزمەن ئۇيغۇر يولىدىن مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇيغۇرلار ھالاك بولۇپتۇ، ئۇ جايلارنىڭ قىرغىزلارنىڭ قول ئاستىدا ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولمىدى. ياردەم بۇيرۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەزمەن بىرىنچى قەدەم سۈپىتىدە تۇتۇق تەيىنلەش ۋە سۇلالە لەشكەرلىرىگە بۇ جايلارنى ساقلىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر ئورۇندىكى ساقلاپچى قوشۇن ئاز دېگەندىمۇ تۈمەن كىشىلىكتىن كۆپ بولۇشى كېرەك. تۈمەن كىشىلىك بۇ قوشۇننى نەدىن چىقىرىمىز؟ ئۇلارنىڭ لەشكىري تەمىناتىنى قايسى يول بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىمىز؟ ... پېقىرنىڭ قىياسىچە ياۋايىلار ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىپ يالغاندىن تېرە - تاراقشىتىپ سۇلالىمىزدىن ئالتۇن ۋە يىپەك - دۇردۇن يۇلۇۋېلىش كويىدا بولماقتا ... بۇ چارىنى قوللانمىغان تۈزۈكمىكىن». لى دېيۇنىڭ سۆزلىرى قىرغىزلار ئەنشى ۋە بەشبالىقنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنراق كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قانداقتۇر

قىرغىزلار بۇ جايلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتىــــدۇ، دېگەندەك مەنا چىقمايدۇ.

«يېڭى تاڭنامە. لى دېيۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى مۇشۇ بايانلارمۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ: «قىرغىــزلارنىــڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كېلىپ ئەنشى ۋە بەشبالىقنى ھۇجۇم بىلەن ئالغانلىقىنى بايان قىلدى. خان ئالىيلىرى قىرغىزلاردىن ئۇ جايلارنى قايتۇرۇۋېپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولغاندا لى دېيۇ: ‹ئۇنداق قىلىشقا بولماسمىكىن. . . . . ھازىر ئۇيغۇرلار ھالاك بولدى. قىرغىزلارنىڭ ئۇ جايلارنى قولغا چۈشۈرگەن ياكــى چۈشۈرمىگەنلىكى تېخى ئېنىـــق ئەمەس؟ . . . . . دېگەن› بۇ يەردىكى « (قىرغىزلار) دىن» دېگەن ئىبارە «كونا تاڭنامە» دىكى «ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىش زۆرۈر» دېگەنگە توغرا كەلىــمۇ «يېڭى تاڭنامە» نىڭ ئاپتورى قىرغىزلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە قارىتا كونكرېت ۋاقتى ئېنىق بولماسلىق ئىپادىسىدە بولغان، بۇ ئەھۋال مەزكۇر ئاپتورنىڭ «كونا تاڭنامە» دىكى جاۋ فەننىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ يەردىكى «قىرغىزلارنىڭ ئۇ جايلارنى قولغا چۈشۈرگەن ياكى چۈشۈرمىگەنلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس» دېگەن قۇرلار ۋە «كونا تاڭنامە» دىكى «ئۇ جايلارنىڭ قىرغىزلارنىڭ قول ئاستىــدا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى» دېگەن خاتىرىلەر تاڭ سۇلالىسىگە يېتىپ كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ قىرغىزلارنىڭ بەشبالىق ۋە ئەنشى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، تاڭ سۇلالىسى بۇ خەۋەرلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالمىغانىدى.

ئۇنىڭدىن سىرت «كونا تاڭنامە. ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ «خۇيچاڭ 3 - يىلى 2 - ئاي» ماۋزۇسىدىكى مەزمۇندا خاتالىقلار مەۋجۇت. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قىرغىزلارنىڭ ئەلچىسى جۇمۇقاي سۇلالىمىزگە سالامغا كېلىــپ تۇلپاردىن

ئىككىنى سوۋغا قىلدى ۋە (قىرغىز) قاغانىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ھالاك قىلغانلىقى ۋە تەيخې مەلىكىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا مەخسۇس كىشى قوشۇپ تاڭ دۆلىتىگە ئەۋەتىپ بېرەي دېسە قالدۇق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خان ئالىيلىرى تاڭ ئەلچىسىنى جۇمۇقايغا قوشۇپ تەيخې مەلىكىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە تەييۇەنگە ئەۋەتتى» . ئەمەلىيەتتە تاڭ سانغۇنى شى شيۇڭ شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئۆگە قاغاننى كۆگمەن تېغىدا قەتل قىلىپ تەيخې مەلىكىنى قورۇلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يۈەنجۇ ئايمىقىغا ئەپكەلگەنىدى(51). «كونا تاڭنامە. ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قىرغىز ئەلچىسىنىڭ سۆزى خۇيچاڭنىڭ 2 - يىلى 10 - ئايدا كەلگەن ئەلچىنىڭ سۆزى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «كونا تاڭنامە» دە سەۋەنلىك يۈز بەرگەن. مەزكۇر ئەسەردىكى «لى دېيۇنىڭ تەرجىمھالى» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جاۋ فەننىڭ شۇ ئايدىكى سۆزىدىمۇ خاتالىق مەۋجۇت. ئومۇمەن، «كونا تاڭنامە» دىكى جاۋ فەننىڭ سۆزى ئىشەنچلىك ئاساس بولالمايدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى خانېدا تورۇ(52) ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، يەنىلا 840 - يىلىدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ ئەنشى، بەشبالىق قاتارلىق جايلارنى قىسقا بىر مەھەل ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ باشقا پىكىرلىرى مەسىلەن، خۇيچاڭ 4 - يىلى كۈزدە ئۆگە قاغاننىڭ ئەنشىگە كەتمەكچى بولغىنى، شيەنتۇڭ 4 - يىلى (863) قىرغىزلارنىڭ ئەنشىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلماقچى بولغىنى ھەققىدىكى خاتىرىلەر(53) توغرىسىدا كېيىنكى ماۋزۇلاردا ئايرىم توختىلىمىز. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاخىرقى نۇقتا جاڭ گۇاڭدا ئەپەندىمنىڭ «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى. ئۇيغۇرلار» دىكى پانتېكىن قوۋمى 843 - يىلى تەڭرىتاغنىڭ

شىمالىدىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ئاكىنى، قوچو ئەتراپلىرىنى ئىگىلىگەن ۋە قوغلاپ كەلگەن قىرغىزلارنى چېكىندۈرگەن، دېگەن سۆزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردىن سىرت ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىمۇ قىرغىزلارنىڭ ئەنشى ئەتراپىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «ھۇدۇدۇل - ئالەم» ㊺نىڭ «ياغمىلار دۆلىتى ۋە ئۇنىڭدىكى شەھەرلەر» بابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قەشقەر چىنغا تەۋە. ئەمما، ئۇ ياغما، توبۇت، قىرغىز ۋە چىننىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئىلگىرىكى زامانلاردا قەشقەرنىڭ خاقانلىرى قارلۇقلار ۋە ياغمىلاردىن چىققان». يەنە شۇ ئەسەرنىڭ «قارلۇقلار دۆلىتى ۋە ئۇنىڭدىكى شەھەرلەر» دېگەن بابىدا «ئۇنسۇ (B. njul) قارلۇق دۆلىتى تەۋەسىدە. ئەمما، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمرانى توققۇز غۇزلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ھازىر بۇ جاينى قىرغىزلار بېسىۋالدى» دېيىلىدۇ.

بىز 840 - يىلىدىن ئىلگىرى قىرغىزلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بىرەر رايوننى بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگۈچى ھېچقانداق ۋەسىقىنى ئۇچراتمايمىز. خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە 790 - يىلىنىڭ ئالدىدا قىرغىزلارنىڭ بۇ جايغا قەدەم ئالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن، 791 - يىلى ئۇيغۇرلار بەشبالىقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردىن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بۇ ماتېرىياللارنى 9 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى، شيەنتوڭ يىللىرى (860 — 874) قوچو ئۇيغۇرلىرى قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن شىمالىي دالادىكى قىرغىزلارنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرى تەۋەسىدىن ئۆتۈپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بىرەر جاينى ئىگىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىرقى مەۋجۇت ماتېرىياللاردىن 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى،

10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇدۇن ساك ھۆججەتلىرى[55]، ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دۇنخۇاڭ خەنزۇچە ۋەسىقىلىرى[56]، 938 — 942 - يىللىرىدىكى جاڭ كۇاڭيې، گاۋ جۈخېي قاتارلىقلارنىڭ ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى[57]، 947 - يىلىدىكى ئىبادەتخانا تۈۋرۈكىگە ئويۇلغان 3 - نومۇرلۇق ھۆججەت[58]، 964 — 976 - يىللىرىدىكى جى يېنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى [59] ۋە شۇ زاماندا يېزىلغان «ئەرش يولىدىكى ئاجايىباتلار»[60] قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قىرغىزلارنىڭ بارلىقى ئېيتىلمايدۇ[61]. بارتولدمۇ «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى بۇ خاتىرىلەرنى قىرغىزلارنىڭ گۈللەنگەن زامانىدىكى تارىخىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايدۇ[62]. شۇڭا، «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى ئاشۇ باياناتلارنى 840 - يىلىدىن كېيىنكى ئانچە ئۇزاق بولمىغان مەزگىلگە توغرا كېلىدىغان ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا تەھلىلىمىز توغرا بولسا ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىكى خاتىرىلەر خەنزۇچە مەنبەدىكى بايانلارنىڭ توغرىلىقىنى؛ 840 - يىلىدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ راستىنلا بەشبالىق ۋە ئەنشىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى، يەنە كۇسەن ۋە ئاگنى ئەتراپلىرىدا ساقلاپچى قوشۇن تۇرغۇزغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەمما، قىرغىزلار ئەنشى ۋە بەشبالىق ئەتراپىدا ئۇزۇن تۇرالمىدى. شيەنتۇڭنىڭ 4 - يىلى (863 - يىلى) قىرغىزلاردىن كەلگەن ئەلچى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «ئۇيغۇرلارغا يەنە بىر قېتىم يۇرۇش قىلىپ ئەنشىنى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئېلىپ بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكى» [63] نى ئېيتقان. بۇ ئەھۋال قىرغىزلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئەنشىدە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. داجۇڭنىڭ 1 - يىلى (848 - يىلى) دىن كېيىن جاڭ يىچاۋنىڭ

گۇاجۇ، شاجۇ، يىجۇ، سۇجۇ قاتارلىق جايلارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەردىمۇ قىرغىزلار توغرۇلۇق بىرەر مەلۇمات كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئېھتىمال خۇيچاڭ 4 - يىلى (844 - يىلى) كۆزدە تاڭ سۇلالىسى ئۇگە قاغاننىڭ ئەنشىگە كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقىتلاردا⑭ قىرغىزلار ئالدىراپ ئۇ جايلاردىن چېكىنىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

شۇ تەرىقىدە تولىمۇ يېتەرسىز بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن 840 - يىلدىن كېيىنكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە قىلىپ مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ:

840 - يىلى　قىرغىزلار شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇلارنى تارمار قىلغان.

پانتېكىن قاتارلىقلار غەربكە كۆچكەن.

قىرغىزلار قوغلاپ زەربە بېرىپ بەشبالىق ۋە ئەنشىنى ئىگىلىۋالغان.

843 - 844 (؟)　قىرغىزلار تەڭرىتاغ رايونىدىن چېكىنىپ چىققان.

پانتېكىن ئاگنىدا يابغۇ ئاتالغان ۋە بىر مەھەل گۈللەنگەن.

849 - يىلى (؟)　پانتېكىن قاغان ئاتالغان.

851 - يىلى (؟)　شەرقىي تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرى پارچىلانغان.

856　پانتېكىن تاڭ دۆلىتىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ئوتتۇغات بەرمەكچى بولغان. ئەمما، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان.

# 2- بۆلۈم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىلدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

## 1. قارىمۇقارشى ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى

يېقىنقى زاماندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار بىردەك خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەلگەنلىكى ھەققىدە خاتىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلدى ۋە شۇ ئاساستا ھەركىم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزدى. مەزكۇر بابنىڭ 1 - پاراگرافىدىكى 1 - جەدۋەلنىڭ «تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمى» دېگەن بۆلىكىتە بۇ ھەقتىكى ئەھۋالنى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندۇق. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ يوقاتقان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى تارىخى ئىزچىل گۇڭگا بولۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى مۇھاكىمە بىلەن بىرىكىپ كەتتى. ئو. پرتساك قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قارلۇق تۈركلىرىنىڭ قۇرغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز پىكرىنى دەلىللىگەندىن كېيىن[65] ئىلىم دۇنياسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسى بويىچە ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى شەكىللەندى. بىرىنچى پىكىردىكىلەر ئاساسەن

ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن شۇ جايدىكى قارلۇقلار ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، مانا مۇشۇ قارلۇقلار ھاكىمىيىتى دەل كېيىنكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى، دەپ قارىدى، بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر كۆپ قىسىم غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىدە ئەكس ئەتتى⑥⑥. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر خەنزۇچە مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەرلىك قارلۇقلارنى قوشۇۋېلىپ، تەدرىجىي قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى شەكىللەندۈردى، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پىكىر ئىلمىدىكىلەر نۆۋەتتە ئىلىمىزدە ئاساسلىق ئورۇننى تەشكىل قىلىدۇ⑥⑦. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۇقىرىقى ئىككى خىل پىكىردىكىلەر بىردەك 840 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېتىپ كەلدى، دېگەننى چىقىش نۇقتا قىلىدۇ. شۇنداقلا، يۇقىرىقى ئىككى خىل پىكىردىكىلەر بىردەك خانلىقتىكى كېيىنكى ۋارىسلارنى ئىسپاتلىغۇدەك ماتېرىياللارغا ئىگە. يەنى ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ قارلۇقلاردىن ئىكەنلىكى ئېيتىلغان بولسا، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر پۈتۈلگەن. ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدىكى ھەممىدىن بەكرەك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەنبە بەلىخ ئۆلىمالىرى سىزىپ چىققان دۇنيا خەرىتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. [(قوشۇمچە 1 ـ خەرىتە) گە قاراڭ⑥⑧].



10 ـ ئەسىردىكى بۇ خەرىتىدىن كۆرسىتىلگەن قارلۇقلارنىڭ تەۋەسىدىكى جايلار ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئەرەب تارىخشۇناسى مەسئۇدى (9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ـ 957) «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئەسىرنىڭ 3284 ـ پاراگرافىدا 893 ـ يىلى تالاسنى ئىگىلىگەن

تۈركىي تىللىق قەبىلىنىڭ سەردارىنىڭ قارلۇقلاردىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ[69]. خەنزۇچە مەنبەلەردىن «جىن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 121 ـ جىلد «جيەنگې غانىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەر تولىمۇ قىزىقارلىق، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ؛ «دادىڭ يىللىرى (1161 ـ 1189) ئۇيغۇرلاردىن 移习览 قاتارلىق ئۈچ كىشى كۇنپېتىشتىكى جايلارغا كېلىپ سودا قىلدى ۋە ‹ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر قوۋمى بارچە يات تائىپىلەرنى بويسۇندۇردى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان شەھەر قۇز ئوردۇ دېيىلىدۇ›، دېدى. . . » . بۇ جايدىكى 移习览 دېگەن ئىبارە Islam سۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى بولۇپ[70]، «قۇز ئوردۇ» ـ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنىڭ بىرى ئىدى. مانا مۇشۇ ئاساستا تارىخچىلار ئىمكان بار 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنى ۋە تۈرلۈك ئىسپاتلارنى توپلاپ ئۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى ئالاقىدار مەنبەلەر تولىمۇ كەمچىل ۋە مالىماتاڭ بولغان بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىككى خىل پىكىردىكىلەرنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولدى، ھەتتا ئىسپاتلاشنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ باسقۇچىدىكى ئاساسلانغان مەنبەلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشاش بولدى. بىراق، نەتىجىسى قارىمۇ قارشى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىياسنى ئىسپاتلاشقا پاكىت ئىزدەش جەريانىنىڭ مۇشكۇلاتقا تولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇڭا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان ماتېرىياللارنى ۋاقىتىنچە بىر ياققا قويۇپ تۇرۇپ ئالدى بىلەن تارىخچىلار ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئېنىق فرونولوگىيىگە ئىگە ماتېرىياللار توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرمەكچىمىز.

## 2. 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مەنبەلەر

### 1) خەنزۇچە مەنبەلەر ھەققىدىكى تەتقىقات

خەنزۇچە مەنبەلەردىن «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكەنلىكى خاتىرىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئالدىنقى ماۋزۇلاردا بىرمۇبىر قۇر كۆرۈپ چىقتۇق. بۇ ماتېرىياللار ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق ئەھۋالىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى سخېما بويىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:




بىراق، تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولغىنى ئىككى «تاڭنامە» دە مۇشۇنىڭدىن باشقا 840 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قارلۇقلارنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت ھېچقانداق خاتىرە كۆزگە چېلىقمايدۇ، ئەكسىچە قارلۇقلار غەربكە كۆچۈپ سۇياب، تالاس ئەترابلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قايتا سالامغا كەلمىگەن. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەركىرىسى. قارلۇقلار» (6143 ـ بەت) دا: «جىدى يىللىرىدىن كېيىن قارلۇقلار تەدرىجىي گۈللەندى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. كېيىنچە ئۇلار ئون ئوق قاغانىنىڭ قەدىمىي ماكانىغا كۆچۈپ كېلىپ سۇياب، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. ئەمما،

ئۇيغۇرلار تۇسالغۇ بولۇپ تۇرغاچقا سۇلالىمىزگە سالامغا كېلەلمەيۋاتىدۇ[71]» دېيىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنپېتىشقا مېڭىپ قارلۇقلارنىڭ تەۋەسىگە كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ماتېرىياللار قەيەردىن كەلگەن؟

«ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە سىماگۇاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەنى كەيچېڭ 5- يىلى (840 - يىلى) 9 - ئايدا لى دېيۇنىڭ ئاستانىگە كېلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلىغانلىقىدىن كېيىنگە، شۇ يىلى قىش 10 - ئايدا (14 - كۈنى) تيەندې بارگاھى ئۇيغۇرلارنىڭ قىستاپ كېلىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى يوللىغانلىقىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ بۆلەكتە سىماگۇاڭ يەنە تەپسىلىي دەلىللەش ئېلىپ بارغان. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئىككى «تاڭنامە» ۋە «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دىكى خاتىرىلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى كۆرسىتىلدى:

| ۋاقىت | كونا - يېڭى تاگنامە | «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» | ئىزاھ |
| --- | --- | --- | --- |
| كەيچىباڭ 5 - يىلى 9 - ئاي | «كونا تاگنامە»: «...لى دىيۇ مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى بولۇپ تەيىنلەندى ۋە ھۇدەيچى بەگلەر بىلەن بىرلىكتە ئوردا ئىشلىرى ئاتقۇرۇشقا باشلىدى...» «يېڭى تاگنامە»: «لى دىيۇ ياندىش بەگلىككە تەيىنلىنىپ ھۇدەيچى بىلەن بىرلىكتە ئوردا ئىشلىرىنى ئاتقۇرۇشقا باشلىدى. | 9 - ئايدا (لى دىيۇ) ئاستانىگە كېلىپ ياندىش بەگلىككە تەيىنلەندى ۋە ئوردا ئىشلىرىنى ئارتقۇرۇشقا باشلىدى، 13 - كۈنى ئوردىغا كىرىپ تەشەككۈرىنى بىلدۈردى ۋە خانغا مۇنداق دېدى... (7945 — 7946 - بەتلەر). | |
| | | دەسلەپ ئۇيغۇرغۇلىنىڭ غەربىدە، ئاگنىنىڭ شىمالىدا، قىرغىز قەبىلىلىرى بار ئىدى. چيەن يۇەن يىللىرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاچقا سۇلالىمىز بىلەن ئالاقىدە بولۇشقا ئامالسىز قالدى... (7946 — 7947 - بەتلەر). | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | كۆرەبىر ئىناۋەتلىك قاغاننى ئۆلتۈرۈپ قاسارنى قاغانلىققا تىكلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر سانغۇنى كۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. . .<br>(8947 ـ بەت) | | |
| | قاغاننىڭ ئىنىسى بولمىش ۋە قاغاننىڭ ئىچ كۆيەر يېقىنلىرىدىن بۆگۈ تېكىن، ئىنانچۇر قاتارلىقلار ئۆز قوۋمىنى باشلاپ تيەندې قورۇلىغا يېتىپ كەلدى، شۇنداقلا ئادەم ۋە مالغا ئاشلىق تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلماقچى بولدى.<br>(7947) | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 10 ـ ئاي | «يېڭــى تاڭنامە» : «ئۇيغۇرلار تيەندې قورۇلىغا يېقىنلاپ كەلدى» | 14 ـ كۈنى تيەندې بارگاھىدىن «ئۇي-غۇرلارنىڭ تارمار بولغان قالدۇق قوۋ-مى غەربىي شەھەرگە قىستاپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سېپى 60 چاقىرىم نېرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، چېگرا ـ قو-رۇل بويلىرىدىكى پۇقرالار ئۇلارنىڭ بەكمۇ كۆپلۈكىدىن ئەندىشە قىلىشۋاتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا مە-لۇمات كەلدى. شۇ-نىڭ بىلەن جېنۋۇ ساتراپى لىۇ مىەن يۇنجا قوۋۇقىدا مۇدا-پىئەدە تۇرۇشقا بۇي-رۇلدى. (7947) | |
| خۇيچالڭ 1 ـ يىلى 1 ـ ئاي | | لىۇمەن ئۇيغۇرلار-نىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، قايتىشقا يارلىق كەلدى. | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 2 ـ ئاي | ئۇيغۇرلارنىڭ 13 قەبىلىسى ئۆگە تېكىننى ئۆگە قاغان دەپ ئاتاپ، ئاق كېگىزدە كۆتۈردى ۋە جەنۇبتا سوزىشەن تېغىنى ئىگىلىدى. | «كېيىنكى تاڭ خانى شيەنزۇڭ نەسەبنامىسى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شاھزادە ئۆگە تېكىن قاسارنىڭ ئىنىسى، قۇت تېكىننىڭ تاغىسى بولىدۇ. قىرغىزلار قوغلاپ كەلگەندە ئۆز قوۋمىنى باشلاپ سوزىشەن تېغىغا يېتىپ كەلدى ۋە قاغان ئاتالدى. كېيىنكى 7 ـ يىلى ئۆگە قاغان دەپ ئاتالدى» | |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىماگۇاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىگە ئائىت خاتىرىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئوردا خاتىرىلىرى»، لى دېيۇنىڭ «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» ۋە «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى ئىسيانكارلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى»، دۇمۇنىڭ «فەنچۈەن توپلىمى»، «كېيىنكى تاڭ خانى شيەنزۇڭنىڭ نەسەبنامىسى» قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلانغان. نۆۋەتتە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان پانتېكىننىڭ 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكەنلىكى ھەققىدىكى مەسىلە كونا ـ يېڭى «تاڭنامە» نىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسىدە گاۋزۇ خاندىن ۋۇزۇڭ خانغا قەدەر ئىزچىل ئوردا خاتىرىلىرى پۈتۈلۈپ كەلگەن ۋە ئوردا خاتىرىسى ئاساسىدا دۆلەت تارىخى يېزىلغانىدى. كېيىنكى تاڭ

خانلىقىنىڭ تېيەنفۇ يىللىرىدىن كېيىنكى جىن خانلىقىنىڭ كەيىۋەن يىللىرى ئارىلىقىدا «كونا تاڭنامە» تۈزۈلگەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى مالىمانچىلىق سەۋەبىدىن دۆلەت ئارخىپلىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن، ئەمما شۈەنزۇڭ (847 — 859) دەۋرىدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەرگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەر يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» نىڭ 57 - جىلدىدا مەشھۇر تارىخشۇناس «جياۋېي تارىخ ئىلمىغا پىششىق ئىدى. ئۇ ۋۇزۇڭ خاندىن كېيىنكى ئوردا خاتىرىلىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئوردا تارىخچىسى دېگەن مەنسەپنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلاردىن توپلىغان ئاغزاكى بايانلارنى توپلاپ ،تاڭ سالنامىسىنىڭ تولۇقلىمىسى، ناملىق 60 جىلدلىق ئەسەر يازدى» دېيىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتا شۈەنزۇڭ خان زامانىسىدىن ئىلگىرىكى تارىختا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولمىغانلىقىنى، ھەتتا ۋۇزۇڭ خان دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرىنىڭمۇ يوقاپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. « ،ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى، نىڭ شەرھى» دىكى ئوردا خاتىرىلىرىدىن نەقىل ئېلىنغان ئەھۋالمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن جاۋيىمىڭ «كونا تاڭنامە» نىڭ «خانلار ھەققىدە خاتىرە» قىسمىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (خۇيچاڭ يىللىرىدىن ئىلگىرىكى) نىڭ ئوردا خاتىرىلىرى ئاساسىدىكى دۆلەت تارىخىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىغا ئاساسەن يېزىلغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىدۇ(72). ئەمما، ئوردا خاتىرىلىرى ۋە دۆلەت تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» يېزىلغاندا ئوردا خاتىرىلىرىدە يەنىلا بۇ خىلدىكى خاتىرىلەر بولغان ئەمەس(73).

ئۇنىڭدىن سىرت، خۇيچاڭنىڭ 1 - يىلى (841 - يىلى) كۈز 8 - ئايدا تيەنديې بارگاھى تيەن مۇ، ھەربىي نازىر ۋېي جۇڭپىڭ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ «ئۇيغۇرلاردىن ئاسىي سانغۇن بولمىش قاتارلىقلارنىڭ قورۇلغا قىستاپ كېلىپ قالغانلىقى، تويغۇن چۆل تۈركلىرى، تاڭغىت قاتارلىق قوۋملار ئۇنىڭدىن ئۆزۈن يىللىق قىساسنى ئېلىش نىيىتىدە بولغاچقا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن چىقىرىپ قوغلاپ زەربە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقى» نى مەلۇم قىلغاندا ئوردىدا يۈز بەرگەن مۇھاكىمە ئەھۋالىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ۋەزىر - ۋۇزرالار «بىردەك بولمىش ئۆز قاغانىغا ئاسىيلىق قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى تيەن مۇ قاتارلىقلار ئېيتقاندەك بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان» . بىراق، لى دېيۇ بۇنىڭغا قوشۇلماي كىشى ماڭدۇرۇپ تەسەللى بېرىش، ئوزۇق - تۈلۈك يۆتكەپ دەردىگە - دەرمان بولۇش پىكرىدە بولغان. «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇ ۋاقىتتا ئوردا ھۇدەيچى جاڭ جيانى قورۇلغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن خان ئالىيلىرى لى دېيۇدىن: ‹بولمىش قاتارلىقلار ئەل بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ كەپتۇ. بۇنىڭ راستلىقىغا ھۆددە قىلالامسىز؟› ، دەپ سورىدى. لى دېيۇ: ‹ئوردا ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەمىنىلىرى ئوردىدىكى كىشىلەرنىڭ ساداقىتىگە ھۆددە قىلالمايمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ياۋنىڭ يۈرىكىدە نېمە بارلىقىنى مەن قەيەردىن بىلەي؟ ئەمما، ئاسىيلىق قىلغان سانغۇن توغرىسىدىكى ئىش بۇ باشقا گەپ، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز، ناۋادا قاغان تېخىچە ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسا ئۆز قوۋمىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولسا بۇنى قائىدە -

يوسۇن ئۇقتىسىدىنمۇ قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمدىلىكتە بولسا
بىزنىڭ ۋاقىپ بولۇشىمىزچە ئۇيغۇر ئېلىدە مالىمان يۈز بېرىپ
ئەل پادىشاھسىز قاپتۇ. سانغۇن - ۋەزىرلەر تەرەپ - تەرەپكە
پىتىراپ كېتىپتۇ. بەزىسى تۇبۇتلەرگە كەتسە، بەزىسى
قارلۇقلارغا كېتىپتۇ. يالغۇز مۇشۇ بىر تارماقلا يىراقتىن كېلىپ
بۈيۈك خانلىقىمىزدىن مەدەت تىلىمەكتە. ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرى
شۇنچە سەمىمي تۇرغانلىقىدىن قارىغاندا ئۇنى قانداقمۇ ئاسىي
سانغۇن، دېيىشكە بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بولمىش قاتارلىقلار
ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا تيەندې باركاھىغا كەلگەندىن تارتىپ بۇ
يىل 2 - ئايدا ئۆگەنى قاغانلىققا تىكلىگەنگە قەدەر ئۆزىنى خان
ياكى ۋەزىر دەپ باقمىدى، شۇنداقلا خېدۇلڭ، جىنۋۇ قاتارلىق
جايلارنى ئۆز قوشۇنى بىلەن مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىپ
تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزهار قىلدى... شۇڭا دەرھال تيەن
مۇ، جۇڭپىڭ دېگەنلەرگە يارلىق ئەۋەتىپ ئىشنى بۇزۇپ
قويماسلىق، ئىشەنچلىك كىشىگە دەر گۇماندا بولماسلىقنى
ئۇقتۇرماق جائىزدۇر. بۇنىڭدا نۇرغۇن نەپكە ئېرىشەلەيمىز.
ئۇلار گەرچە روڭ - دىلاردىن بولسىمۇ شاپائەت بىلەن ديانەتنى
بىلمەيدىغانلاردىن ئەمەس دېدى. شۇنىڭ بىلەن تيەن مۇغا ئادەم
ئەۋەتىپ ئات - ئۇلاغلارنى چىڭ باشقۇرۇش، دەسلەپ بولۇپ
ئۇيغۇرلارغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىققا يارلىق چۈشۈرۈلدى».
«‹ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى›، نىڭ شەرھىي» گە
ئاساسلانغاندا بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇن لى دېيۇنىڭ «خۇيچاڭ
يىللىرىدىكى ئاسىيلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى» دىن ئېلىنغان
(74). بۇ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن شۇ دەۋر مەنبەلىرىدىن
ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتىكى قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكەنلىكى
خاتىرىلەنگەن يېگانە ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئەينى
ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىپ كەتمەيتتى، يېڭى قاغانىنىڭ تەختكە

چىقىشىغا دائىر ئىشلارنىمۇ بىلمەيتتى. تەيخې مەلىكىنىڭ قەيەردىلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئەل بولماقچى بولۇپ كەلگەن سانغۇن بولمىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنمەيتتى، شۇنداقلا ئۇنى ئىلىپ قىلىشقىمۇ كۆڭۈل توختىتالمايۋاتاتتى[75]. شۇڭا، لى دېيۇ ۋاقىپ بولغان (ئاڭلىغان) ئۇيغۇر ئىلىدە مالىمان يۈز بېرىپ ئەلنىڭ قاغانسىز قالغانلىقى، ۋەزىر سانغۇنلارنىڭ توزۇپ كەتكىنى، بەزىلىرىنىڭ تۇبۇتكە، بەزىلىرىنىڭ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكىنى ھەققىدىكى ئىشلار شىمالىي دالادىن كەلگەن ئاخبارات بولماستىن جەنۇبقا قېچىپ تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن بولمىش قاتارلىقلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى ئىدى[76]. بولمىش قاتارلىقلار شىمالىي دالادىكى ھاكىمىيەت يىمىرىلىۋاتقان مەزگىلدە بەزى قەبىلىلەرنىڭ كۆنىپېتىشقا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى كۆنىپېتىشقا ماڭغانلىقىنى بىلگەن. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان ئەھۋالنى تاڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلغان ۋاقىتتا غەربكە كەتكەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئېنىق ئەھۋالىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا لى دېيۇمۇ بۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىپ ئىشىنىپ كەتمىگەن ۋە بۇ خەۋەرنىڭ «ئاڭلىشىمچە» يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. ئۇ كېيىنچە بۇ ئاڭلىغانلىرىنى تولۇق ئىسپاتلاپ كېتەلمىگەن بولسا كېرەك. شۇ ۋەجىدىن كېيىن يازغان «يات يۇرتتىن كەلگەن ساداقەتمەن جاناب تەزكىرىسىگە مۇقەددىمە» دە [77] مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت سانغۇنلىرى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ بەزىلىرى غەربىي رۇڭلارغا كەتتى، بەزىلىرى باشقا قەبىلە – قوۋملارغا قوشۇلۇپ كەتتى. يالغۇز بولمىش سانغۇنلا ساداقەتتە قىيامىغا يېتىپ بۆرە ئۇۋىسىدىن ئەجدىھار ماكانىغا بەيئەتكە كەلدى» بۇ يەردە لى دېيۇ «قارلۇقلار» ۋە «تۇبۇتلەر» دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا «غەربىي رۇڭلار» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىپ غەربتىكى قەبىلىلەرنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىن سۈپەتلىگەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ھەر قايسى ئەلچىلەر، ھەتتا پانتېكىننىڭ ئەلچىسىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ، ئەنشى ۋە خېشى ئەتراپلىرىغا كەتكىنىنىلا تىلغا ئالغان، قانداقتۇر «قارلۇق تەۋەسى» دېگەنلەرنى زادىلا تىلغا ئالمىغان⑱ . شۇڭا، شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، كونا - يېڭى «تاڭنامە» دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئاپتورنىڭ خۇيچاڭ يىللىرىدىكى ئاڭلىغانلىرى ۋە كېيىنكى تارىخىي ئەمەلىيەتنى خاتا ھالدا ئىخچاملاپ چىقىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىراق، بۇ ماتېرىياللار بىزگە قارلۇقلارنىڭ يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىدە ئىكەنلىكىدەك بەزى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. مورى ياسۇتاكائۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا⑲ 840 - يىلىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئىزچىل تۇردە شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى كونترول قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قارلۇقلارنى يەنىلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا تۇرۇۋاتقان، دېيىشكە بولىدۇ.

ئومۇمەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن تارقىلىپ كەلگەن پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلىنىڭ كۆنپېيتىشقا مېڭىپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە ئەسلىدىنلا گۇڭگا ۋە مۇجمەل بولۇپ، تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتمەكچى بولغان ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كەلگەنلىكىگە ئائىت بىرەر مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بىز ھېچ بولمىغاندا بۇنى ھەقىقىي يوسۇندىكى تارىخىي پاكىت، دەپ قاراشقا ئىلاجىسىزمىز، شۇنداقلا بارلىق تەتقىقاتنى مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

## 2) ئەرەب، پارس مەنبەلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى تەتقىق قىلغاندا خەنزۇچە كلاسسىك ۋەسىقىلەردىكى پانتېكىننىڭ 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكىنى توغرىسىدىكى خاتىرە ئەسلىدىنلا تۇتۇق ۋە چىگىش بولغاچقا بۇ مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىشتا يەنە باشقا مەنبەلەرنىڭ دەلىللىشىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئالىملار ئەرەب، پارس مەنبەلىرىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن قارلۇقلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر بەزى ئىنكاسلارنى تېپىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلدى. بۇنداق ئىنكاسلار بىر مەھەل تېپىلغاندەكمۇ قىلدى.

1951 - يىلى پرتساك «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» ناملىق ماقالىسىنىڭ 2 - پاراگرافى «840 - يىلىدىكى ۋەقەلەر» دە[80] قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ قارلۇقلاردىن باشلانغانلىقى ھەققىدىكى قارىشىنى دەلىللەش ئۈچۈن 840 - يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق يېتەكچىسى بولۇش شان - شەرىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆتۈكەن ۋادىسىنى ماكان قىلغان ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قولىدىن غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: بىرىنچى، 840 - يىلى شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندە بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار غەربكە مېڭىپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەلگەن؛ ئىككىنچى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قارلۇقلارنىڭ سەردارى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق يېتەكچىسى بولغان ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ھالاك بولغىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنى قاغان، دەپ ئاتىغان ۋە يېڭى ئورتاق يېتەكچى بولغان؛ ئۈچىنچى، قارلۇقلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇنىڭ غەربتىكى قوشنىلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ

قويغان، نەتىجىدە سامانىيلار خانىدانلىقىدىن نوھ ئىبىن ئەسەد قوشۇن تارتىپ ئىسپىجاپ شەھىرىنى بېسىۋالغان.

پرتساك ئاساسەن ئۈچ تۈرلۈك مەنبەگە تايىنىپ تۇرۇپ يۇقىرىقىدەك ئۈچ ھالقىنى تىزىپ چىققانىدى. بىرىنچى ھالقىدا ئاساس قىلغان «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئالدىنقى ماۋزۇدا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە بىچۇرىن (ئىئاكىنىف) نىڭ «يېڭى تاڭنامە» دىن ئانچە توغرا تەرجىمە قىلىنمىغان تەرجىمىسىدىن پايدىلانغان[81]. كېيىنكى ئىككى ھالقا توغرىسىدا پرتساك بىر قانچە خىل ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ئۆز پىكرىنى دەلىللىگەن، بۇلاردىن ئۇنىڭ بىر قەدەر ئىشەنچلىك ۋە بىر قەدەر مۇھىم دەپ قارىغىنى ئالمائى قەشقەرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى ۋە سەمئانىنىڭ «كىتابۇل ـ ئەنساب» ناملىق ئەسىرىدۇر.

ئالمائى قەشقەرىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئالمائى قەشقەرى بولۇپ 11 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن [82]. ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بەزى ئۈزۈندىلەر 12 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى باشقا ئەسەرلەردە ساقلىنىپ قالغان. 13 — 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى يازغان «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دا[83] «قەشقەر تارىخى» دىن بەزى نەقىللەرنى كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ زامانىسىدا شاش شەھىرىنىڭ ئاھالىسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا دەسلەپ بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب ئەمىرى نوھ ئىبىن مەنسۇر سامانى قادىرخانغا قوشۇن تارتىپ ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىسپىجاپ شەھىرىگىچە قىستاپ كەلگەن ۋە نۇرغۇن بايلىقنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كەتكەن[84]. بۇ ئەسەر بىر

قەدەر قەدىمىي زاماندا يېزىلغان بولسىمۇ مەزمۇن جەھەتتە بەكلا چۇۋالچاق، بولۇپمۇ تېخىمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا تەۋە ۋەقەلەر بەكلا قالايمىقان. شۇڭا، ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسىنىڭ «قادىرخان» دەپ ئاتالغان ـ ئاتالمىغانلىقى توغرىسىدا شۇبھىلىك نۇقتىلار مەۋجۇت⑧⑤. پرتساك بولسا بۇنىڭدىن گۇمان قىلمايلا قالماستىن يەنە بۇ خاتىرىنى سەمئانىنىڭ «كىتابۇل ـ ئەنساب» ناملىق ئەسىرىدىكى خاتىرە بىلەن باغلىۋالىدۇ. سەمئانى 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن غەربىي يۇرت ئەللامىلىرىدىن بولۇپ (1166/562 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مەرۋىدە تۇغۇلغان. ئۇ جاھان كېزىپ سەيياھلىق قىلىپ ماۋارائۇننەھرنىڭ سىرتى، خارەزم قاتارلىق نۇرغۇن جايلارغا بارغان ۋە ماتېرىيال توپلىغانىدى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپ ئەمەس. بىزگە ئۇنىڭ «كىتابۇل ـ ئەنساب» ناملىق بىرلا ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. مەزكۇر ئەسەر كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى بولۇپ، ئەرەبچە ـ پارسچە ئىسىملارغا ئاساسەن شۇ ئىسىمدىكى كىشىنىڭ تۇغۇلغان جايىنى «نىسبەت» دېگەن ھەرپ تەرتىپى بويىچە تىزىپ چىققان. بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەلۇم رايوننىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى قوشنا جايلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماتېرىيالغا ئەڭ دەسلەپ بارتولد دىققەت قىلغان. ئۇنىڭدا ئىسپىجاپ شەھىرىنى 225 ـ يىلى (840 ـ يىلى) نۇھ ئىبىن ئەسئەدنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقى ئېيتىلىدۇ⑧⑥. پرتساكنىڭ بۇلارنى مۇشۇنداق باغلىۋېلىشى تولىمۇ قىزىقارلىق (كېيىن ئايرىم توختىلىمىز)، ئەمما ئۇنىڭ مۇشۇ ئاساستا چىقارغان خۇلاسىسى يەنى 2 ـ ۋە 3 ـ ھالقىلىرى، بولۇپمۇ 840 ـ يىلىدىكى ۋەقە تۈپەيلىدىن قارلۇق سەردارىنىڭ شۇ يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇلاسىسى بەكلا قاپ يۈرەكلىك بىلەن چىقىرىلىپ قالغان.

سەمئانىنىڭ خاتىرىسىنى باشقا ئالىملارمۇ نەقىل ئالغان بولۇپ، ئۇلار 840 - يىلى سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسپىجاپ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشى قارلۇق خانلىقى تەۋەسىدە زور ۋەقە يۈز بەرگەنلىكتىن بولغان، ئېھتىمال پانتېكىن باشچىلىقىدىكى قوۋم قارلۇقلار تەۋەسىگە كىرىپ ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالغاندا سامانىيلار خانلىقى توپىلاڭدىن توقاچ ئۇغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ ۋەقەمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ قارلۇقلار زېمىنىغا كىرگەنلىكىنىڭ بىر ئىنكاسى، دەپ قارايدۇ [88].

نۇھ ئىبنى ئەسئەدنىڭ ئىسپىجاپ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى «قەشقەر تارىخى» ۋە «كىتابۇل - ئەنساب» تىن باشقا يەنە ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ «تارىخى ئۇمۇمىيە» ناملىق ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ سالنامىدە ئاپتور بۇ ۋەقەنى 224 - يىلى (839 - يىلى) دېگەن ماۋزۇغا ئورۇنلاشتۇرغان[89]. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ يىلى نۇھ ئىبنى ئەسئەد پەرغانىدىكى kasan ۋە urasht شەھەرلىرىنى بويسۇندۇردى. بۇ ئىككى شەھەر ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغانىدى. ئۇ يەنە ئىسپىجاپ شەھىرىنى بويسۇندۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇردى ھەمدە خەلقنىڭ ئۈزۈملۈكى، ئېتىزلىقى قاتارلىقلارنى ئاسرىدى». ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا سامانىيلار خانلىقى ھىجرىيە 224 - يىلى يەنى مىلادىيە 838 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 839 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەربىي يۈرۈش قىلغان. بۇ ۋاقىت ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن ئىلگىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا نۇھنىڭ ئىسپىجاپ شەھىرىنى ئىشغال قىلىشى 225 - يىلى (839 - يىلى 11 - ئاي — 840 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) دىكى ئىش ئىدى[90]، يەنى نۇھ 224 -

يىلى (839) پەرغانە ۋە ئىسپىجابقا يۈرۈش قىلغان، ئەڭ ئاخىرىدا 225 ـ يىلى (840 ـ يىلى) ئىسپىجابنى ئىشغال قىلغان، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما، كەيچېكىنىڭ 5 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە غەربكە كۆچۈشىنى قارلۇق سەردارىنىڭ قاغان ئاتىلىشى ۋە نۇھنىڭ ھەربىي يۈرۈشى بىلەن سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە داۋالساق بولمايدۇ. كەيچېكىنىڭ 5 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مىلادىيە 840 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگە، ھىجرىيە 225 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شۇ يىلدىكى ھالاكىتىنىڭ نەق كونكرېت ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قاغانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمى كەيچېكىنىڭ 5 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەنى مىلادىيە 840 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىدىكى تيەندې بارگاھىنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلىش شەھىرى (ھازىرقى ۋۇيۈەننىڭ شىمالى) گە يېتىپ كەلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ۋۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە ھەتتا بۇ ئىشلارنى كەيچېكنىڭ 5 ـ يىلى 10 ـ ئاي، يەنى مىلادىيە 840 ـ يىل 11 ـ ئايغا خاتىرىلەنگەن(91). ناۋادا غەربكە ماڭغان ئۇيغۇرلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېتىپ كېلىشنى ئىستىسە، جەنۇبقا ماڭغانلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، قارلۇق سەردارىنىڭ قاغان ئاتىلىشى ۋە بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان سامانىيلار خانلىقىنىڭ تېز ئىنكاسى ھەرقانچە بولغاندىمۇ ھىجرىيە 225 ـ يىلى ئىچىدە، مىلادىيە 840 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى يۈز بەرمىگەن بولىدۇ.

ئېمىلا دېگەن بىلەن «قەشقەر تارىخى» دىن كەلگەن قاغان ئاتىلىشى ۋەقەسى ھامان گۇمانلىق. مەزكۇر ئەسەردە تۈركىي

تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان جايلاردا ئەڭ دەسلەپ شاشلىقلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال تارىخىي جەھەتتىن توغرا، تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەبلەر چېكىنىپ شاشنى تايانچ نۇقتا قىلىۋالغانىدى. كېيىن بۇ جايدا بەزى قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ (مەسىلەن، 806 — 810 - يىللاردىكى راخې قوزغىلىڭىغا ئوخشاش) شاش ئاساسەن باشتىن - ئاخىر ئەرەبلەرنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى㊹. بولۇپمۇ 816 - يىلى فەزل ئىبن سەھل قوشۇن تارتىپ قارلۇقلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئەرەبلەر شاشنى مۇھتەھكەم تۇتۇپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سامانىيلار خاندانلىقى شاشنى ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇلدى. «ئەڭ دەسلەپ ئىسلامغا كىرگەن» دېگەن ئەھۋال مانا مۇشۇ ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «قەشقەر تارىخى» دىكى خاتىرىلەر توغرا بولسا، بىلگە كۆل ئۆزىنى راستتىنلا «قادىرخان» دەپ ئاتىغان بولسا ئۇ ھالدا بۇ ئىشلار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، «قەشقەر تارىخى» دا بولسا بىلگە كۆلنى قارلۇق قوۋمىدىن دېمەيدۇ. روشەنكى، پرتساك خەنزۇچە مەنبەلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئېنىقتۇ ئارىسىدىن چىقالماي قالغان.

ئوخشاشلا كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى، پرتساك ئۆز ئەسىرىنى تاماملىغاندا ئازراقى يازغان «مەككە تارىخى» دىكى ئالاقىدار بايانلارغا دىققەت قىلغان. ئۇنىڭدا 816 - يىلى قارلۇق يابغۇسىنىڭ تەگرىتاغنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئەرەب سانغۇنى فەزل ئىبن سەھل تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن قىماقلارغا قېچىپ كەتكەنلىكى خاتىرىلىنىدۇ㊺. ئۇ گەرچە بۇ ئىش توغرىسىدا بەك چوڭقۇرلاپ توختالمىغان بولسىمۇ بىز 821 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تەمىم ئىبن بەھر تۆۋەنكى بارسخاندىن شەرق سەپىرىگە ئاتلانغاندا قارلۇقلارنى ئۇچراتقانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات

قالدۇرمىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدۇق⑭. بىز بۇ خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق ۋە بۇ ماتېرىياللار فەزل قوشۇن تارتقاندىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا چېكىنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. ناۋادا ئەھۋال راستىنلا مۇشۇنداق بولسا ئۇ ھالدا خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە قارلۇقلارنىڭ يەنىلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا دائىر ئىشارەتلەر يەنە بىر توقۇناق مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، ئالىملار ھازىرغا قەدەر پايدىلىنىپ كەلگەن ماتېرىياللار 840 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

## 3. 840 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى

### 1) 840 ـ يىلدىن ئاۋۋالقى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سامانىيلار خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

كىتابىمىزنىڭ 1 ـ باب 2 ـ پاراگرافىدا 816 ـ يىلى قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئەرەب قوشۇنىنىڭ سەردارى فەزل تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قىماقلار رايونىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق؛ 821 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەرەب سەيياھى تەمىم تۆۋەنكى بارسخاندىن شەرققە يول ئېلىپ شىمالىي دالانى كېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا تەڭرىتاغ رايونىدا قارلۇقلارنى ئۇچراتمىغان. ئۇنداقتا بۇ رايوننىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى قانداق بولغان بولغىيدى؟

فەزل قارلۇقلارغا يۇرۇش قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەرەب

ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مەئمۇن ھەسەن بىن ئاببادنى خۇراسان ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى بەزى شەھەرلەرنى ئىلگىرى رەفئ ئىسيانىنى تىنچىتىشقا ئۆزلىرى ھەمكارلاشقان سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى⑮. 820 ـ يىلى تاھىر بىن ھۇسەيىن ھەسەن بىن ئاببادنىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىنمۇ سامانىيلار خانىدانلىقىنى ئەرەبلەر قوللاپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا سامانىيلار جەمەتى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان شەھەرلەر مۇنۇلار ئىدى: نۇھ — سەمەرقەنت؛ ئەھمەد — پەرغانە؛ يەھيا — شاش؛ ئىلياس — ئىلى.

ئەمما، چوڭ ئوغۇل بولغان نۇھ پۈتكۈل جەمەتنىڭ سەردارى ۋە يۇقىرىقى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قارىلاتتى⑯. مۇشۇ خاتىرىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەرەب قوشۇنى 816 ـ يىلى قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئوترارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن شاش ئەتراپىغا چېكىنگەن ۋە شاشنى سامانىيلار خانلىقىنىڭ مۇداپىئەسىگە تاپشۇرغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىبن خۇردادبېھ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىدە 211 ـ ۋە 212 ـ يىلى نۇھ ئىبن ئەسئەدنىڭ تەۋەسىدىكى پارچە تۈرك شەھەرلىرىنىڭ سېلىق تۆلەش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ⑰. دەرۋەقە سەمەرقەنت، پەرغانە، شاش قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سامانىيلار جەمەتى بىر قىسىم تۈرك شەھەرلىرىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ھېچ بولمىغاندا نامدا بولسىمۇ شۇنداق بولغان، بۇ تۈرك شەھەرلىرى يەنە سامانىيلار خانلىقىغا «خىراج» (سېلىق) تاپشۇرۇپ تۇرغان. تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغىنى مەزكۇر باج تىزىملىكى ئەينى ۋاقىتتىكى ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ جۈملىدىن خارەزم رايونىدىكى جايلارنىڭ باج تاپشۇرغاندا ئىشلىتىدىغان پۇللىرى توغرىسىدا مەلۇمات

بىرىدۇ (3 ـ جەدۋەلگە قاراڭ) . بارتولد ئەينى ۋاقىتتىكى ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان بىر قانچە خىل پۇللارنى تونۇشتۇرغاندا بۇ ئەھۋالنىڭ ھەر بىر خىل پۇلنىڭ مۇئەييەن بىر جۇغراپىيىلىك رايوندا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[98].

3 ـ جەدۋەل: ماۋارائۇننەھر رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان پۇللار

| پۇل ئوبوروت قىلىنغان جايلار | پۇل نامى |
|---|---|
| خارەزم، [99]Kurdar | خارەزم دەرھەمى |
| «تۈرك شەھەرلىرى» | خارەزم دەرھەمى<br>مۇسەييىب دەرھەمى |
| شاش، ئىراق، خوجەند | مۇسەييىب دەرھەمى<br>مۇھەممەد دەرھەمى |
| پەرغانە، سوغدىيانا<br>قەشقەر، نەسەپ . | مۇھەممەد دەرھەمى |
| بۇخارا | خەتلىق دەرھەمى |

بۇ تىزىملىكتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خارەزم دەرھەمى ئاساسەن ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن رايونىدىكى خارەزم ۋە Kurdar رايونىدا ئىشلىتىلگەن، مۇسەييىب دەرھەمى بولسا

ئاساسەن سۇترىشانا، شاش قاتارلىق سىر دەريا بويىدىكى رايونلاردا ئوبوروت قىلىنغان. ئۇنداقتا سامانىيلار جەمەتى ئىدارە قىلىۋاتقان، ماۋەرائۇننەھر سىرتىدىكى يۇقىرىقى ئىككى رايوننىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، شۇنداقلا بۇ ئىككى خىل پۇل تەڭگە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان «تۈك شەھەرلىرى، قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟ شۇبھىسىزكى شاش (تاشكەنت) نىڭ غەربىي شىمالى (سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىن رايونى) ۋە شەرقىي شىمالىي (تالاس ئەتراپى) دىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە غۇز تۈركلىرىنىڭ شەھەرلىرى بولغان «يېڭى مەھەللە» (DihiNau) لەر خارەزمگە يېقىن بولغاچقا، بۇ جايلاردا خارەزم دەرھەمى ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇسەييەب دەرھەمى ئىشلىتىلگەن «تۈرك شەھەرلىرى» ئالدى بىلەن شاشنىڭ شىمالى، شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي شىمالى تەرەپلىرىدىكى شەھەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جاي دەل 816 - يىلى فەزل قارلۇقلار ۋە ئوتترارغا يۈرۈش قىلغاندىكى ئاساسىي جەڭگاھ ئىدى. قارىغاندا ئاشۇ قېتىملىق يۈرۈش نەتىجىسىدە مۇشۇ ئەتراپتىكى تۈرك شەھەرلىرى ئەرەبلەرگە قارام بولغان ۋە سامانىيلار خانىدانلىقىغا خىراج تاپشۇرغان بولسا كېرەك.

10 - ئەسىردە ئۆتكەن قۇدامە «كىتابۇل - خىراج» ناملىق ئەسىرىدە[100] ئاببasىيلار خانلىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى باج ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خۇراساندىكى Bust, Rakhdj كابۇل، جاغۇدا، كوھىستان (al—quhestan) تەبەس (al—Tabas)، ھېرات (Hivat)، بۇشەنج (Bushandj) بادغىس (Badghis)، ... تارىقان (al—Taliqan) توخارىستان،

ۋەشجەرد (Washdjard) بەلىخ، ئەبەرشەھر (Abar—shahr)
خۇلىم (Khulm) كىچىك مەرۋى، سىغناق، بۇخارا، تۇس،
سەمەرقەند، شاش، پەرغانە، سۇترىشانا، سوغدىيانا، خوجەند،
خارىزم، ئىسپىجاپ، تېرمىز، نىسا، ئەبىـــۋەرد، مەرۋى،
قەشقــەر، بــارســخــان، بــۇتتــەم (al—buttam)، ئــاخــرۇن
(Akhrun) (?) نەسەب قاتارلىق جايلاردىن ئابدۇللا بىــن
تاھىرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە 221ـ (836) ئېلىــنغان باج
جۇملىدىن قول ـ دېدەك، رەخت قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىـــي
قىممىتى 38 مىليون دەرھەم بولدى». قۇدامە بۇ جايدا ئىبنى
خۇردادبىھنىڭ ئەسىرىدىكى تىزىملىكتە قوللىنىــلغان «تۈرك
شەھەرلىرى» نىڭ ئورنىغا «ئىــسپىـــجاپ» دېگەن نامنــى
ئىشلەتكەن. بۇ بولسا بىزنىڭ «تۈرك شەھەرلىرى» نىڭ ئورنى
ھەققىدىكى تەھلىلىمىزنى دەلىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر
كونترولluqىدىكى شەھەرلەر يالغۇز ئىــسپىـــجاپ بىـــلەنلا
چەكلەنمەيدۇ. ئەمما، قۇدامە ئېنىق قىلىپ 836 ـ يىلــى
سامانىيلار جەمەتىگە خىراج تاپشۇرغان شەھەردىن ئىسپىجاپنىلا
كۆرسەتكەن. چۈنكى، قۇدامە ئېيتقان «ئىسپىجاپ شەھىرى»
ئىسپىجاپ رايونىنى كۆرسىتىدۇ. خىراج تاپشۇرغان بۇ رايون
دائىرە جەھەتتىن ئىبنى خۇردادبىھنىڭ تىزىملىكىدىكى «تۈرك
شەھەرلىرى» نىڭ كۆلەم دائىرىسىدىن كىچىك ئىدى. نېمە
ئۈچۈن بۇ دائــىرە كــىچىك بــولىدۇ؟ بــۇنىڭ جــاۋابى پــەقــەت
بىــر: 816 ـ يىلى قارلۇقلار شىمالغا قاچقاندىن كېيىن بىر
مەھەل قارام بولــۇپ خــىــراج تــاپشــۇرۇپ كــەلگەن «تــۈرك
شەھەرلىرى» نىڭ كۆپ قىسمى ئەمدىلىـــكتە سامانىـــيلار

خاندانلىقىغا خىراج تاپشۇرمايدىغان بولۇۋالغانىدى. قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىدا مەلۇم بىر كۈچنىڭ قوللىشى رول ئويناۋاتاتتى.

839 - يىلى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى كونترول قىلىۋاتقان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن سامانىيلار خانلىقىنىڭ جىددىي مۇناسىۋىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. نەتىجىدە نۇھ بىن ئەسەد شاشتىن قوشۇن تارتىپ ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىدى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قۇدامەنىڭ خاتىرىسىدىكى 836 - يىلى، دېگەن يىلنامە هازىرقى مەۋجۇت ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان سامانىيلارنىڭ «تۈرك شەھەرلىرىدىن» ئىسپىجابتىن خىراج ئالغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت بولۇپ هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، 836 - يىلىدىن كېيىن ئىسپىجاب شەھىرىمۇ سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ۋە شاش رايونى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، سامانىيلار جەمەتىنىڭ بۇ شەھەرنى ئىگىلىشى روشەنكى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىن رايونى ۋە غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر رايونىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىدى. سامانىيلار جەمەتى بۇ جاينى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئىسپىجابتا سېپىل سوقۇپ يەرلىك خەلقنىڭ باغ - ۋارانلىرىنى ۋە ئېتىزلىرىنى قوغدىدى [101]. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسپىجاب شەھىرى ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى، دەپ قارالدى [102].

ئەمما، 9 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى سامانىيلار هاكىمىيىتى بىلەن جىددىي مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلار يالغۇزلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكىلەر ئەمەس

ئىدى. جەنۇبتىكى پەرغانىلىكلەرمۇ ئۇلار بىلەن جىددىي مۇناسىۋەتتە ئىدى. كاسان (Kasan) شەھىرى پەرغانە پادىشاھىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەر خەنزۇچە مەنبەلەردە 渴塞城 دەپ ئاتىلىدۇ[103]. Urasht ئوشنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ[104]. بۇرۇن قۇتەيبە لەشكىرىي يۇرۇشكە ئاتلانغاندا ئەرەبلەر بۇ ئىككى جاينى بىر مەھەل ئىگىلىۋالغانىدى. كېيىن بۇ خىل ئەھۋال كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. مەئمۇن خەلىپىلىك تەختىنى تارتىۋالغان مەزگىللەردە بۇ جايلاردىكى ئاھالە تۈبۈتلەر ۋە قارلۇقلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، 814 — 816 ـ يىللىرى فەزل بىن سەھل شەرققە يۈرۈش قىلغاندا كاسان ۋە پەرغانىدىكى باشقا شەھەرلەرنىمۇ ئىشغال قىلغانىدى[105]. ئەمما، 839 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالە يەنە بىر قېتىم سامانىيلارغا قارشى چىقتى، نەتىجىدە 839 ـ يىلى نۇھ بىن ئەسئەد قوشۇن چىقىرىپ بۇ ئىككى جاينى ئىگىلىدى ۋە بۇ جايلارنى «ئاخىرقى ھېسابتا ئەرەب دۇنياسىغا كىرگۈزدى»[106]. گەردىزىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا 839ـ يىلى فەرغانىدە يەر تەۋرىگەن[107]. نۇھ ئېھتىمال ئاپەت يۈز بېرىپ مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلگەندە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ جايغا قوشۇن تارتقان بولۇشى مۇمكىن. سامانىيلار جەمەتى ئۆزئۆن ئۆتمەي يەنە پەرغانە رايونىدا بىر قاتار ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەمىرى نەسر بىن ئەھمەد (875 — 892 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) 649 ـ يىلى Khaylam شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ [108]، كىشىلەر ئادەتتە بۇ شەھەرنى ھازىرقى نارىن دەرياسى،

دەريا بويىدىكى Khaylam شەھىرىنىڭ نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان، دەپ قارايدۇ [109]. نەسر مۇشۇ جايدا تۇغۇلغانىكەن، ئۇنىڭ ئاتىسى، سامانىيلار جەمەتىنىڭ پەرغانىدىكى ھۆكۈمرانى ئەھمەد (864 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئەينى ۋاقىتتا جەزمەن ئۆز تەسىر دائىرىسىنى نارىن دەرياسى ۋە Khaylam شەھىرى ئەتراپىغا قەدەر كېڭەيتكەن بولىدۇ.

فەرغانىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى مالىمان ئېھتىمال يەككە ـ يېگانە بولمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ جاي بىلەن غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ناھايىتى قولايلىق بىر قاتناش لىنىيىسى مەۋجۇت. بۇ يول بىلەن ئوشتىن ئۆزكەندكە، ئاتبېشىغا، شىمالدا نارىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ دولان تېغى ئېغىزىدىن ھالقىپ ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى ھازىرقى رىباچى ئەتراپلىرىغا بارغىلى بولىدۇ[110]. بۇ ئېھتىمال «قانۇنلار قامۇسى» دا خاتىرىلەنگەن تۇبۇتلەر ئېيتقان «بەش ئېرىكىن يولى» بولۇشى مۇمكىن[111]. پەرغانىدىكى مالىمان ئېنىقكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

بىز يۇقىرىدا «غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تۈرك شەھەرلىرىنىڭ خىراج تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئېھتىمال مەلۇم كۆچنىڭ قوللىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدۇق. نۆۋەتتە پەرغانە بىلەن ئالاقىدار بولغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا بۇنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ. ئەمما، بىز بۇ خىل كۆچنى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، 9 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى رايونىدىكى تۇبۇتلەر داۋاملىق شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەلگەندىن سىرت كام دەرياسى (يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) بويىدىكى قىرغىزلارمۇ پات ـ پاتلا جەنۇبقا ئۆتۈپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانىدى، يەنە كېلىپ قىرغىزلار ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ ئۇيغۇرلارغا «سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار پۈتتى. ئەمدى ئۆزۈڭغا قالماي بىز سىلەرنىڭ ئالتۇن چېدىر (ئوردا) ىڭلارنى تارتىۋالىمىز»[112]، دەپ پوپوزا قىلىۋاتاتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئالدى ۋە ئارقا تەرەپلەردىن تەڭلا ياۋغا دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت تولىمۇ تۇراقسىز بولدى. ئۇلار شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنى يەنىلا كونترول قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاھالىنىڭ ئەرەبلەر ۋە سامانىيلارغا قارشى توپىلىڭىنى قوللىغۇدەك ئارتۇقچە كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە بىر كۈچنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرمىز بۇ كۈچ دەل قارلۇقلار بولۇشى مۇمكىن!

**2) ئىبن خۇردادبېھنىڭ شەرقىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى**

9 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئىسپىجاپ قاتارلىق «تۈرك شەھەرلىرى» ۋە پەرغانە رايونىدىكى ئەرەبلەر ۋە سامانىيلارغا قارشى ھەرىكەتلەرنى زادى كىمنىڭ قوللىغانلىقىغا جاۋاب بېرىش ئاسان ئەمەس. بۇ ھەقتە خەنزۇچە مەنبەلەردە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق، پەقەت ئەرەب، پارس مەنبەلىرىگىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ مەسىلە 9 ـ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن كىتاب بولۇپ يېزىلغان ئەرەب، پارس سالنامىلىرىنىڭ شەرقتىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار ھەققىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىبىن خۇردادبېھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىدە بەزى مۇھىم تەپسىلاتلار خاتىرىلەنگەن. بۇ تەپسىلاتلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى «شاش ۋە تۈرك يولى»[113] ھەققىدىكى باياnlىرىدا كۆرۈلىدۇ: «. . . شاشتىن Ilak ۋە Balankank شەھەرلىرىگىچە يەتتە فەرسەخ [114] كېلىدۇ، بۇ جايدىن تۆمۈر قاپقىقا ئىككى چاقىرىم، Kubal غا ئىككى فەرسەخ، Gharkard قا ئالتە فەرسەخ كېلىدۇ. قۇملۇقتىن ئۆتۈپ ئىسپىجابقا بېرىش ئۈچۈن يەنە تۆت فەرسەخ يول مېڭىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا شاشتىن ئىسپىجابقىچە بولغان ئارىلىق 13 فەرسەخ (78 كىلومېتىر) چىقىدۇ.

(ئىسپىجابتىن) Sharab قەلئەسىگىچە تۆت فەرسەخ، Badukhat قا بەش فەرسەخ، Tamladj قا تۆت فەرسەخ، Abardjadj قا تۆت فەرسەخ كېلىدۇ، دەريا بويىدىكى يەنە بىر جايغا بارغۇچە تۆت فەرسەخ مېڭىش كېرەك. Abardjadj تا بىر كىچىك تاغ بار، تاغنىڭ ئەتراپىدا شەرققە ئاقىدىغان مىس تاراملىق بۇلاق بار. كىشىلەر بۇ بۇلاقنى «تەتۈر ئاقىدىغان سۇ» دېگەن مەنىدە Baku—Ab دەپ ئاتايدۇ[115] . . . . . بۇ جايدىن ئۆتۈپ Djuwikat قا بارغۇچە بەش فەرسەخ، تالاسقىچە ئۈچ فەرسەخ كېلىدۇ. شۇڭا ئىسپىجابتىن مۇشۇ جايغىچە جەمئىي 26 فەرسەخ (156 كىلومېتىر) كېلىدۇ.

تالاستىن تۆۋەنكى بارسخانغا بارغىچە ئۈچ فەرسەخ، Kasra —bas قا بارغىچە ئىككى فەرسەخ كېلىدۇ. بۇ بىر ئەلۋەك، ھاۋاسى ئادەمگە ياقىدىغان جاي. قارلۇقلار مۇشۇ جايدا

قىشلاۋېتىپتۇ، قالاجلارنىڭ قىشلاقلىرى مۇشۇ يەرگە يېقىن جايدا ئىكەن. بۇ جايدىن Kul—shub قا بارغۇچە تۆت فەرسەخ، DJal—shub قىچە تۆت فەرسەخ، باي ۋە مۇنبەت كۇلان (Kulan) شەھىرىگىچە تۆت فەرسەخ، Birki غىچە تۆت فەرسەخ، Asharat قىچە تۆت فەرسەخ، [116] Nunkat كىچە تۆت فەرسەخ، Khatandjawan غىچە تۆت فەرسەخ، Djul غىچە تۆت فەرسەخ، Sarigh غىچە يەتتە فەرسەخ، تۈركەش قاغانىنىڭ شەھىرىگىچە تۆت فەرسەخ، Nawakt (يېڭى شەھەر) گىچە تۆت فەرسەخ، Kubl غىچە ئۈچ فەرسەخ كېلىدۇ [117]، بۇ جايدىن يەنە ماڭسا چىن چېگراسىدىكى يۇقىرى بارسخانغا بارغىلى بولىدۇ. سودا كارۋانلىرى يايلاقتا (ماڭسا) 15 كۈن ماڭىدۇ، تۈرك راباتلىرىدىكى ئاتلار ئۈچۈن بۇ پەقەت (ئۈچ كۈنلۈكلا يول). كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قارلۇقلار تالاس ئەتراپىدا قىشلاۋاتقاندى؛ كۇبال (سۇياب) نىڭ يەتتە فەرسەخ (42 كىلومېتىر) غەربىدە تۈركەش قاغانىنىڭ شەھىرى بولغان؛ بۇ يولنىڭ ئىككى ئۇچىنى بېكىتىشتە شاش (تاشكەنت) يەنىلا ئەرەب دۇنياسىنىڭ چېگراسى، دەپ قارالغان، يۇقىرى (ئۈستۈن) بارسخان بولسا جۇڭگو (چىن) نىڭ چېگرىسى، دەپ قارالغان. مىنورسكىي بۇ يول ھەققىدىكى خاتىرىنى تەمىمنىڭ ساياھىتى بىلەن ئالاقىسى بار، دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ[118]. ئەمەلىيەتتە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققانلىقىدەك ھەممىگە ئايدىڭ پاكىتتىن قارىغاندا يۇقىرىقى خاتىرىنىڭ 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى تارىخ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركەش قاغان شەھىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، قارلۇقلارنىڭ تالاس ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىشى ۋە سۇياب (كۇبال) تىن ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى جۇڭگو چېگرىسىغا جايلاشقان ئۈست بارسخان [119] غىچە بولغان ئارىلىقتا تۈرك راباتلىرىنىڭ بارلىقى قاتارلىق

ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىز بۇ خاتىرىنى 8 - ئەسىرنىڭ 60 — 70 - يىللىرىدىكى قارلۇقلار ۋە تۈركەشلەر بىرلىكتە ياشىغان مەزگىلدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تارىخى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمىز.

ناۋادا يۇقىرىقى خاتىرىگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىش ئانچە تەس ئەمەس، دەپ قارالسا، تۆۋەندىكى بىر خاتىرە ھەققىدىكى ئەھۋالنى سەل باشقىچە، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا مۇئەللىپ ياۋرو - ئاسىيا يايلىقى ۋە ماۋەرائۇننەھرىنىڭ سىرتىدىكى شەرق تەرەپتە ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر توغرىسىدا بايانلارنى كەلتۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ[120]: «تۈرك يۇرتلىرى[121] دېگەندە تۇققۇز غۇزلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جاي تۈرك يۇرتلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇلار چىن، تۇبۇت ۋە قارلۇقلار، شۇنداقلا قىماقلار، غۇزلار، ماجارلار [122] بەجەنەكلەر، تۈركەشلەر، Adhkish [123]، قىپچاقلار، قىرغىزلار (بۇ جايلاردىن ئىپار كىيىك چىقىدۇ)، قارلۇقلار ۋە دەريانىڭ بۇ يېقىدىكى قالاجلار [124] بىلەن قوشنا».

بۇ خاتىرىدە غۇزلار، قىماقلار، قىرغىزلار، بەنەجەكلەر، قىپچاقلار توغرىسىدا ئارتۇقچە بايان بېرىلمىگەن[125]، شۇڭا بۇ ھەقتە ھازىرغىچە كۆپ توختالمايمىز. شۇنداقلا 9 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە غۇزلار، قىماقلار قاتارلىقلارنىڭ ماكانلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلار ھەققىدىمۇ كۆپ توختىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق[126]. بۇلاردىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى توققۇز غۇزلاردىن، قارلۇقلار ۋە تۈركەشلەردۇر.

خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچكەندىن كېيىن، تۈركەشلەر «قارلۇقلارغا قارام بولغان» [127]. شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدا شەرق مەنبەلىرىدىلا ئەمەس، ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدىمۇ

تۈركلەرنىڭ تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە بىرەر رولنى ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا، قارلۇق ۋە تۈركەشلەرنىڭ تۈركىي تىللىق چوڭ قەبىلىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تارىخىنى 8 - ئەسىرنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەيدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. ئىبن خۇردادبىھنىڭ مەزكۇر خاتىرىسىنىڭ يىل دەۋرىنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئامىل ئۇنىڭ توققۇزغۇزلار ھەققىدىكى بايانلىرىدۇر. بۇ يەردە توققۇزغۇزلار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان بىر قوۋم، دەپ قارالغان. شۈبھىسىزكى ئۇلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، مەيلى پانتېكىننىڭ غەربكە كۆچۈشى بولسۇن ياكى شيەنتۇڭ 7 - يىلى (866 - يىلى) ئۇيغۇرلاردىن بۆكۈ كۈننىڭ قۇچۇ، بەشبالىقنى ئىگىلىشى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارالسۇن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبن خۇردادبىھ ئۆز ئەسىرىنى ئاخىرقى يوسۇندا تاماملىغان ۋاقىت (885 - يىلى)[128] تىن ئىلگىرى قۇدرەتلىك بىر ھاكىمىيەت شەكلىنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى دەلىللىگۇدەك ماتېرىيال ھازىرچە يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇبۇت ئىمپېرىيىسى دامۇخاننىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك پارچىلىنىپ كەتتى، خېشى كارىدورىدىكى تۇبۇت كۈچلىرىمۇ ھالاك بولدى (886 - يىلىدىن كېيىن)، بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چېگرا - ھۇدۇدىدا ئۇنىڭ بىلەن تىركەشكۇدەك تۇبۇتلەرنىڭ تەسىر كۈچى قالمىغانىدى[129]. 840 - يىلىنىڭ ئالدىدا شىمالىي دالا ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشنىلىرى دەل جۇڭگو، تۇبۇتلەر ۋە قارلۇقلار ئىدى. شۇڭا، بۇ خاتىرىدە ئەكس ئەتكىنى ياكى مۇئەللىپنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ قالغىنىنى 840 - يىلىنىڭ ئالدىدىكى،

توغرىراقى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىدىكى تارىخىي كارتىنا ئىدى.

ئىبىن خۇردادبىھ ھىجرىيە 232 ـ يىلى (مىلادىيە 846 — 847) «يوللار ۋە ئەللەر» نىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى يېزىپ چىققان، كېيىن مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلاپ 272 ـ يىلى (885 /886) دىن ئاۋۋال 2 ـ نۇسخىنى تاماملىغانىدى[130]. گوللاندىيە شەرقشۇناسى دې. گويې ئىسپاتلاپ چىققان بۇ يىلنامىلەر (بولۇپمۇ ئىككىنچى) نى دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئالىملار قوبۇل قىلدى[131]. ئەسەر گەرچە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاماملانغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى تەھلىلىمىز ئىبىن خۇردادبىھنىڭ شەرقتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قەدەر بۇرۇنقى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل كونىلىق ئۇنىڭ ياۋرو ـ ئاسىيا يايلىقى ۋە خۇراساننىڭ شەرقىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەرەب، پارس مەنبەلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى ھەمىشە كىشىدە كىتابتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خاتادەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. يالغۇز ئابى تاكېئولا مۇشۇنىڭغا قاراپ خاتا ھالدا بۇ كىتابنى غەرب دۇنياسىدىكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئائىت خاتىرىلەر پۈتۈلگەن تۇنجى ۋەسىقىلەر توپلىمى، دەپ قارىغان ئەمەس، ھەتتا ماركۋارت، بارتولدقا ئوخشاش كىشىلەرمۇ بۇنىڭغا قارىتا ئارىسالدى بولۇپ كەلگەنىدى[132]. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى ئىككى بۆلەك خاتىرە ئاپتور ياشىغان زامان بىلەن زادىلا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ، ئاشۇ خاتىرىلەرگە تايىنىپ 840 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تارىخنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى.

ئەمما، ئىبىن خۇردادبىھنىڭ يۇقىرىقى بايانىغا ئۇلاپلا

دىگەنلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «فاراب شەھىرىگە كەلسەك ئۇ جايدا مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بار، قارلۇق تۈركلىرىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار»[133].

بۇ تېكىست قارىماققا تاسادىپىي يېزىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگىنىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخا (BGA)[134] ئىكەنلىكىنى ئويلاشقاندا شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئابزاستىكى قۇرلار ئەسلىدە ھازىرقىدىنمۇ كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەنە چۈشىنىشى ئانچە قىيىن بولمىغان باشقا سۆز ـ جۈملىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئىبن فەقىھ يازغان «ئەللەر» [135] ناملىق ئەسەر ۋە ياقۇتى تۈزگەن «يەر ناملىرى قامۇسى» دا مۇشۇ قۇرلارنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلۈشى بۇ خىل قىياسنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ[136]. ياقۇتى مۇنداق يازىدۇ: «تۈرك يۇرتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى توققۇز غۇزلار رايونىدۇر. ئۇلار چىن ۋە تۈبۈتلەر بىلەن قوشنا (قالغان تۈرك يۇرتلىرىدىن يەنە) قارلۇقلار، قىماقلار، غۇزلار، al—J.f.r، بەجەنەكلەر، تۈركەشلەر[137]، Adhkis، قىپچاقلار، فارابتۇر، كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى 16 ئىكەن. تۈركلەردىن توققۇزغۇزلار كۆچمەن خەلق بولۇپ چېدىر ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. تۈركەشلەر شەھەردە تۇرىدىكەن». بىز جەزمەن ياقۇتىغا ئوخشاش فاراب شەھىرىنى ئىبن خۇردادبىھ تەسۋىرلىگەن تۈرك يۇرتلىرى بىلەن ئەرەب دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىلا تەرەپ ئەڭ يېقىن جاي، دەپ قارىشىمىز كېرەك.

فاراب شەھىرى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان رايوندا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئوترارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىكى قىسمى يەنى ئارس دەريا ۋادىسى مەزكۇر دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئىسپىجاپ

شەھىرىدىن يىراق ئەمەس[138]. شاش ياكى تالاستىن فارابقا بارىدىغان يول ئىسپىجاپ شەھىرىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ، موڭغۇللار دەۋرىدىكى چىيۇ چۇجى، لىيۇ يۇ، ياللۇغ چۇساي قاتارلىقلار كۆنۈپىتىشقا سەپەر قىلغاندا بىردەك مۇشۇ يولدا ماڭغانىدى[139]. يۇقىرىقى مەنبەدە بولسا فاراب شەھىرى ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايى، شۇنداقلا ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە ئەڭ يېقىن بەلۋاغ دېيىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەرەبلەر 751 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، تالاس شەھىرىدە قوشۇن تۇرغۇزمىدى، ئەكسىچە كۆنۈپىتىشتىكى سىر دەريا بويىغا چېكىنىپ، شاشنى ئەرەب دۇنياسى بىلەن تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ چېگرىسىغا ئايلاندۇردى، شۇنداقلا بۇ جايدا سېپىل سوقۇپ شىمالدىكى كۆچمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇداپىئە كۆردى[140]. ئەمەلىيەتتە ئاببासىيلار خانىدانلىقى (750 - 1258) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەملىكەت ئىچىدىكى مالىمان - ئىسيانلار بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە ئەرەبلەر بۇ ئالدىنقى قاراۋۇلنى ئىزچىل ساقلاپ قالالمىدى. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ رافىئ ئىسيانى مەزگىللىرىدە (806 - 810) «شاشلىق بىر سەردار ۋە تۈرك قوۋمى» ئىسيانچىلار تەرەپتە تۇرغانىدى[141]. ئەرەبلەر كۈچلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق شىمالغا كېڭىيىشى 816 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە فەزلىنىڭ قارلۇقلار ۋە ئوترار شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ھۇجۇمدىن كېيىن ئەرەبلەر شاشقا چېكىندى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا (817/202 - 818) بۇ جاينى سامانىيلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شاشنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەرەبلەر رازى بولغۇدەك خىراج يىغىۋالدى. مۇشۇ ئارىلىقتىمۇ ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ چېگراسى ئەڭ يىراق بولغاندىمۇ شاشنىڭ

نىرىسىغا ئۆتمىگەن بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ مۇداپىئەچى قوشۇنىنى ئىسپىجاپنىڭ نىرىسىغا ئەۋەتىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىبىن خۇردادبىھنىڭ فاراب شەھىرى ھەققىدىكى خاتىرىسى 839 — 840 - يىللىرى نۇھ بىن ئەسئەد ئىسپىجاپنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ ئىنكاسى. بۇ پىكرىمىز خاتا بولمىسا ئۇ ھالدا قارلۇقلار قىماقلار رايونىدىن غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە قايتىپ كەلگەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەن ئېنىق ۋاقتى نامەلۇم. ئەمما، ئەرەبلەرنىڭ فارابتا ئۇلارغا دۇچ كەلگەنلىكى ۋە تالاسقا قاراپ ئىلگىرىلىمىگەنلىكىدىن قارىغاندا[142] قارلۇقلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۈچى ئۇنچىۋالا ئاجىز بولمىغان بولسا كېرەك. ئۇلار 839 - يىلدىن بۇرۇنلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا قايتىپ كەلگەنىدى.

## 3) سالامنىڭ شەرق خاتىرىسى

ئىبىن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىدىكى يەنە بىر بۆلەك ماتېرىياللار 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن چېتىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاباسىيلار خەلىپىسى ۋاسىق (842 - 847) شەرق ئەللىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچى سالامنىڭ قالدۇرغان مەلۇماتلىرىدۇر [143].

مەزكۇر ئەرەب ئەلچىسىنىڭ يولغا چىققان كونكرېت ۋاقتى ئېنىق ئەمەس[144]. ئىبىن خۇردادبىھ پەقەت ئۇنىڭ 28 ئاي يول يۈرگەنلىكىنىلا ئېيتىدۇ (بېرىشىغا 16 ئاي، قايتىشىغا 12 ئاي)[145]. سالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 841 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خەلىپىلىك تەختىگە ۋاسىق چىققاندىن كېيىن[146] يولغا چىققان، ئۇلار قايتىش سەپىرىدە دىدارلاشقان خۇراسان سانغۇنى ئابدۇللا بىن تاھىر (822 - 844) 844 -

يىلى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئالەمدىن ئۆتكەن[147]. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا سالام قاتارلىقلارنىڭ شەرق سەپىرىنى 843ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 844 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئارىلىقىدا بولغان، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

ئەلچىلەرنىڭ يولغا چىقىشتىكى مەقسىتى رىۋايەتلەردىكى يەجۇج ـ مەجۇجلەر تېمى يەنى سەددى ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش بولغان[148]. ئېيتىلىشىچە خەلىپە ۋاسىق چۈشىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق رايونىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە ياساتقان سېپىل تېمىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكىنىنى كۆرگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال سالام قاتارلىقلارنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ماڭدۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ساياھەت ئەھۋالىنى ئىبن خوردادبېھ ئۆزىنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزگەنىدى.

ئەلچىلەر شىمالدا ئاببازىيلار خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى سەمەرەدىن يولغا چىقىپ، ئەرمىنىيە [149] سەرىر (al—Sarir)، ئالانلار، فىلان شاھ (Filan—shah)، قاسارلار، باشقىرتلار [150]، قاراشغۇ جايلار، تاقىر شەھەرلەر، تاغ بويىدىكى قورغانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئايقۇت (Aikut) شەھىرىگە ۋە بۇ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك نېرىدىكى يەجۇج ـ مەجۇج سېپىلىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ جايدا ئەھۋاللارنى بىر-بىر قۇر سوراشتۇرغاندىن كېيىن پادىشاھ al—Lub ۋە پادىشاھ Tabanoyan نىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ، ئىسپىجاپ، سۇترىشانا، سەمەرقەند، بۇخارا، تېرمىز قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتكەن، ئاندىن نىشاپۇرغا يېتىپ كېلىپ ئابدۇللا بىن تاھىرنى زىيارەت قىلغان. ئاندىن خوراسان ئارقىلىق سەمەرەگە يېتىپ، كېلىپ خەلىپىگە پەرمەنبەردارلىق بىلدۇرگەن.

ئۇنىڭ شەرق خاتىرىسىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىبن فەقىھ

(10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى)، جەيھانى (10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى)، مۇقەددەسى (10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى)، ئىدرىسى (2 ـ ئەسىر) قاتارلىقلار نەقىل ئالغان[151] ئىدى. سالنامىلەردە بۇ ئىش ئادەتتە تىلغا ئېلىنمايدۇ، ئەمما مۇقەددەسى ئىبن خۇردادبېھنىڭ پادىشاھ ئارخىپلىرىغا قول سۇنالايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەھۋاللارنى يەنىلا ئىشەنچلىك، دەپ بېكىتىدۇ[152]. يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلار گەرچە بۇ خاتىرىدىكى ئۆز ئارا زىددىيەتلىك نۇقتىلارنى كۆرۈپ يەتكەن بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭ چىنلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھەتتا پۇختىلىقتا داڭق چىقارغان سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسى كراچكوۋىسكىيمۇ: «بۇ ئىككىلەن (مىنورىسكىي ۋە دې. گويېنى دېمەكچى ـ ئا) سالامنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ چىنلىق ئاساسىدىكى دوكلات ئىكەنلىكىنى، ئىلىم دۇنياسىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. نۆۋەتتە ۋىزانتىيەشۇناس ۋاسىلىيۋ «ئېھتىمال سالام خەلىپىگە ئۆزى يېتىپ بارغان جايدا ئاڭلىغانلىرىنى يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىماقتا. مېنىڭچە مېنىڭ مۇنۇ پىكرىم بۇلار بىلەن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە: شەك ـ شۈبھىسىزكى مەزكۇر خاتىرە مۇشۇ خىلدىكى باشقا ماتېرىياللارغا ئوخشاش جۇغراپىيىۋى ئەسەر ئەمەس. بەلكى ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىي ئەسەر بولغاندىمۇ ھەم خام ماتېرىيالى بار بولغان ھەم مۇئەللىپ ئىجاد قىلغان تەركىبلەرمۇ بار بولغان ئەدەبىي ئەسەر» دېگەنىدى[153].

سالام قاتارلىقلار يېتىپ بارغان Aikut شەھىرى ۋە ئۇلار تەكشۈرگەن يەجۇج ـ مەجۇج تېمىنىڭ ئورنىنى ئاز ـ تولا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈش زۆرۈر. دې گويې Aikut شەھىرىنى ھازىرقى قۇمۇل (Ikat[伊州 ) دەپ قارايدۇ، يەجۇج ـ مەجۇج تېمىنى بولسا قاشقوۋۇق، دەپ قىياس قىلىدۇ[154]. ۋىلسون

بولسا بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ ۋە بۇ پەقەتلا بىر ئاساسسىز قىياس بۇنىڭ ئىزناسىنى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن ئىزدەش كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ[155]. ئۇ ئېھتىمال 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «زېمىن خەرىتىسى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئاشۇ ئەسەردە يەجۈج ۋە مەجۈجلەر شىمالىي دالانىڭ شەرقىي تەرىپىگە سىزىلغان. بۇ خاتىرە تولىمۇ ئاددىي ۋە گادىرماش بولغىنى بىلەن (ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە تېخى ھەممە ئېتىراپ قىلغۇدەك بىرەر يەكۈن چىقىرىشقا ئىلاجسىزمىز) سالامنىڭ ساياھەتنامىسىدىكى بەزى يەر ناملىرى، ئادەم ئىسىملىرى قاتارلىق خاس ناملار تولىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

سالامنىڭ شەرق سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى Aikut بولۇپ، ئەسلىي ئەسەردە (ايكە') دەپ يېزىلغان. دې گويې تەھقىقلەش ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا بۇنى «قۇمۇل» دەپ قىياس قىلىدۇ ۋە YkQA دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىدۇ( BGA، 6 - توم، 126 - بەت، 4 - ئىزاھ)[156]. ۋىلسون بولسا بۇنى Ika ياكى Iga دەپ ئوقۇيدۇ، ئەمما بۇنداق ئوقۇشتىكى بىرەر ئاساسنى كۆرسەتمەيدۇ. بىز مۇبادا يەجۈج - مەجۈج بىلەن ئۇيغۇرلارنى باغلىيالىساق بۇ جاي نامىنى Aikut دەپ ئوقۇشقا مۇمكىن بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنى «ايغە'» ( Aighut ) دەپ ئەسلىگە قايتۇرالايمىز، ئاندىن بۇنى يەنە ئەسلىگە قايتۇرۇپ «ايغر» ( Uyghur ) يەنى ئۇيغۇر دەپ ئوقۇيالايمىز. ئۇنداقتا سالام بارغان جاي، ئۇيغۇر بالىق بولۇپ چىقىدۇ.

پادىشاھ al—Lub نىڭ يېزىلىشى «اللب» بولۇپ، al—lib, al—lub ياكى al—Lab دېگەندەك ئوقۇشقا بولىدۇ. دې گويې «پادىشاھى al — Lub دەپ ئاتىلىدىغان جاي ئېھتىمال لوپ رايونىنىڭ ئاستانىسى بولسا كېرەك ياكى بولمىسا پادىشاھنىڭ نامى بىلەن شۇنداق ئاتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن» [157] دەپ

قارايدۇ. ۋىلسون بۇنى ئاساسسىز قىياس، دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇنى يەر نامى ئەمەس، دەپ قارايدۇ (603 ـ بەت). ئەمما، 1357 ـ يىلىدىكى Catalan خەرىتىسىدىن ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدا راستىنلا Lop ناملىق بىر شەھەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز[158].

پادىشاھ Tabanoyan نىڭ ئەسلىي مەتىندىكى يېزىلىشى (طبانوين). ئەسلىي ئەسەردە (BGA، 6 ـ توم، 169 ـ بەت) «بىز پادىشاھى Tabanoyan دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا كەلدۇق. ئۇ كىشى Sahib al—kharadj ئىكەن. بىز ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن توختىدۇق» دېيىلىدۇ. دې. گويې بۇنى «كېيىن پادىشاھ Tabanoyan نىڭ دۆلىتىگە كەلدۇق. ئۇ خۇراسان ھۆكۈمرانىنىڭ خىراج يىغقۇچىسى ئىكەن. بىز پادىشاھنىڭ زېمىنىدا بىر قانچە كۈن تۇردۇق» دەپ تەرجىمە قىلغان (BGA، 6 ـ توم، فرانسۇزچە تەرجىمىسى، 130 — 131 ـ بەتلەر). دې. گويې تەرجىمىدە ئۆزىنىڭ بەزى چۈشەنچىلىرىنى قوشۇپ قويغان، يەنى ئەسلىي مەتىندىكى Sahib al—kharadj (باج يىغقۇچىلارنىڭ باشلىقى ياكى باجگىر) نى «خۇراسان ھۆكۈمرانىنىڭ خىراج يىغقۇچىسى» دەپ تەرجىمە قىلىۋالغان. ئۇ مەزكۇر پادىشاھ تۇرۇۋاتقان جاينى يۇقىرى نۇشاجان، دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى قاشتېشى ماكانى بولمىش ئۇدۇن بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ خەنزۇچىدىكى 玉右 خېتىنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئاساسەن ئۇنى Yushajan دەپ ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ (ۋىلسون، يۇقىرىقى ئەسەر، 603 ـ بەت). ئەمما، ھازىر مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى «نۇشجان» نىڭ «بارسخان» نىڭ خاتا ئېلىنىشى ئىكەنلىكى بىزگە كۈندەك روشەن بولۇپ بولغان پاكىتتۇر [159]. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا دې. گويېنىڭ ئىسپاتلىشى نۆلگە تەڭ. ئەمما، ئۇنىڭ «مەزكۇر پادىشاھ Nushajan دا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرىزى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ۋىلسون بولسا ئۇنى نامەلۇم جاي، دەپ قارايدۇ (يۇقىرىقى ئەسەر، 610 ـ بەت).

ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدە بېرىلگەن سالامنىڭ قايتىش سەپىرى ھەققىدىكى خاتىرە باشقا ئەسەرلەردە كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ [160]: «بىز ئۇ قورغان ـ قەلئەلەر (Aikut شەھىرىگە يىراق بولمىغان جايدىكى يەجۇج ـ مەجۇج سېپىلى ئەتراپىدىكى قورغان ـ قەلئەلەر ـ ئا) دىن L. kh. man, Ghuran, Nushajan, Taran سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارغا مېڭىپ ئابدۇللا بىن تاھىرى (خۇراساندا) تۇرۇۋاتقان جايغا كەلدۇق. ئۇ جايدا بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن رەيگە كەلدۇق ۋە ئۇ جايدىن سەمەرەگە باردۇق». بۇ خاتىرىدىكى بىر قانچە يەر نامى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

L. kh. man (لخمان) مەشھۇر بالاساغۇن شەھىرىنىڭ نامى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ (تەپسىلىي ئەھۋالنى كىتابىمىزنىڭ 3 ـ باب 4 ـ پاراگرافىدىن كۆرۈڭ). ۋىلسون ئۇنى ئىلى دەريا بويىدا، دەيدۇ.

Gharyan (غريان) قۇلان شەھىرى بولۇشى مۇمكىن. دې گويې (BGA، 6 ـ توم 169 ـ بەت، ئىزاھ b) ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىكى باشقا خاتىرىلەرگە ئاساسەن ئەسلىي مەتىننى «غريان» دەپ بېكىتىدۇ ۋە بۇنىڭ كىتابتا ئېيتىلغان قارلۇقلارنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەمما، ئۇ يەنە (BGA، 6 ـ توم، فرانسۇزچە تەرجىمە، 130 ـ بەت، 3 ـ ئىزاھ) بۇنى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى كرورەن شۇ، دېدى [161]. دې. گويېنىڭ خۇلاسىسى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ نەقىل كەلتۈرگەن ماتېرىياللار مەزكۇر قارلۇق شەھىرىنىڭ قۇلان/كۇلان دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

Nushajan (نۇشجان) يەنى بارسخان. دىققەت قىلىشقا

تېگىشلىكى شۇكى، تەڭرىتاغ رايونىدا يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەپ ئىككى بارسخان بار. يۇقىرى بارسخان ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە (شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە)، تۆۋەن بارسخان تالاسنىڭ ئۈچ فەرسەخ (18 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايدا[162]. بۇ يەردىكى بارسخان تەبىئىيكى تۆۋەن بارسخاننى كۆرسىتىدۇ.

Taran (طران) يەنى تاراز/تالاس (طراز)[163].

سالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇشۇ جايلاردىن ئۆتكەنمۇ، يوق؟ دېگەن سوئالغا ئىبن خۇردادبېھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسىدىن (BGA، 6 - توم) جاۋاب تاپالمايمىز. ئەمما، ئىدرىسى مۇشۇ ۋەقەلەرگە ئالاقىدار خاتىرىلەرنى ئىبن خۇردادبېھ ۋە جەيھانىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىدۇ[164]. بىزنىڭ بۇنى ئىنكار قىلغۇدەك ئاساسىمىز يوق. سالامنىڭ سەپەر خاتىرىسىدە ئىسپىجاپ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلىگىنىدىن قارىغاندا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بالاساغۇن شەھىرى، قۇلان، بارسخان ۋە تالاس قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەنلىكى ئەقىلگە سىغىدىغاندەك قىلىدۇ. ئىدرىس يەنە Lukhman (بالاساغۇن) شەھىرىنىڭ قارلۇقلار رايونىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[165]. ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىكى بىر پارچە خەرىتىدە غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ قارلۇقلار رايونى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىدۇ[166]. بىز ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭ خاتىرىلىرىنى بىۋاسىتە تەتقىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. ئەمما، ئىتالىيىلىك ئالىم R. Rubincci ئىدرىسىنىڭ تۇبۇتلەرگە ئائىت خاتىرىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قارلۇقلارنى غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققى[167]. شۇڭا، سالامنىڭ خاتىرىلىرى توغرا بولسا،

ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىشەنچىلىك بولسا، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىللەشلىرى يوللۇق بولسا ئۇ ھالدا قارلۇقلار ھەقىقەتەنمۇ 840- يىلىدىن بۇرۇنلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ.

**4) 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر**

يۇقىرىقى بىر قاتار تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئەمدى بىز 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئىككى تۈرلۈك يەكۈن چىقىرالايمىز:

بىرىنچى، 814 — 816 - يىللىرى ئەرەبلەر قارلۇق قاتارلىق شەرقتىكى يات كۈچلەرگە زەربە بەرگەندىن كېيىن غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ماۋەرائۇننەھردىكى ئەرەب ھاكىمىيىتىگە بېقىندى ۋە ئۇلارغا خىراج تاپشۇردى. بۇ خىلدىكى خىراج تاپشۇرۇش ۋەزىيىتى 9 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىمال قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا قايتىپ كېلىپ، قۇدرەت تاپقانلىقى ۋە ئەرەبلەرگە قارشى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللىغانلىقى سەۋەبلىك «تۈرك شەھەرلىرى» ماۋەرائۇننەھردىكى ئەرەب ھاكىمىيىتىگە خىراج تاپشۇرۇشنى توختاتقان بولۇشى مۇمكىن، پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئەرەبلەردىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار جەمەتى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، 839 - يىلىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېلىپ چىققان جەمئىيەت مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى مۇھىم ئالاقە تۈگۈنلىرى بولغان ئىسپىجاپ

شەھىرى ۋە پەرغانىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىملىرىنى قوشۇن تارتىپ بېسىۋالغان. بۇ ئەھۋاللار خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە قارلۇقلارنىڭ ئىزچىل غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقى ھەققىدىكى ئىشارەتلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى، ھازىرقى مەۋجۇت ماتېرىياللار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە قارلۇقلارنىڭ 840 ـ يىلىدىن ئىلگىرى، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقىغا ئائىت بەزى مەلۇماتلارنى يەتكۈزىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنى باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. 897 ـ يىلى ۋاپات بولغان ياقۇتىنى بارتولد «ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى» دەپ قارايدۇ. ئۇ «ئەللەر» ناملىق ئەسىرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئىسپىجاپ شەھىرىدىن ئاتلىنىشتىن ئاۋۋال تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن سوقۇشقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تەۋەسىگە كىرىدىغان قەبىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ قارلۇقلارنى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا تىزىدۇ[168]. كېيىنكى بابتا مۇشۇ خاتىرىلەرنى پىرتساك قانداق قىلىپ خاتا ھالدا ئۇلۇغ قارلۇقلار خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئاساس قىلىۋالغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ چىقىمىز. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ماتېرىياللار يەنە غۇزلار ۋە توقۇزغۇزلاردىن باشقا قارلۇقلارنىڭ ھەققىدە ئىسلام جۇغراپىيىسىدىكى ئىسپىجاپ شەھىرى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك تۈركىي تىللىق قوۋم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە ۋە غەربكە

كۆچكەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنى كونترول قىلىپ كەلدى. ھازىرقى مەۋجۇت ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ 840 - يىلىدىكى غەربكە كۆچۈشىنىڭ بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئىزاھلار:

① خانېدا تورۇ 1957 - (2) (3 - سان 1 - باب «ئۆگە قاغاننىڭ تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار») 238 — 264 - بەتلەر؛ مايىتا ماسانا 1962 (3. ئۇيغۇرلارنىڭ پىتىراپ كېتىشىنىڭ باش - ئاخىرى) 4 — 7 - بەتلەر.

② جەدۋەلدىكى مەزمۇنلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى برتشنېيدىر 1910، 1 - توم، 241 - بەتتىن كۆرۈڭ. مۇشۇ خىل پىكىردىكى غەرب ئالىملىرىدىن يەنە پارك («تاتارلارنىڭ يىللىق تارىخى» 207 - بەت) قاتارلىقلار بار. خانېدا تورۇ: «توققۇز ئۇيغۇر ۋە توققۇز غۇزلارنىڭ مۇناسىۋىتى» 56 — 57 - بەتلەر؛ خانېداتورۇ 1957 (2) (3 - سان، 2 - باب: ئەنشى، گەنجۇ ۋە قۇچۇدىكى ئۇيغۇرلار 265 —270 - بەتلەر)؛ كۇۋاتا روكۇرۇ 1928 («ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاك بولۇشى») 113 — 114 - بەتلەر (جوڭ داۋمىڭنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى: «دۆلەت خەۋەرلىرى ھەپتىلىك گېزىتى» 1930 - يىل 7 - جىلد 1-، 2-، 3 - سان؛ خې داخەننىڭ قىسقارتىلما تەرجىمىسى: «ئاسىيا مەدەنىيىتى مەجمۇئەسى» 1944 - يىل 4 - سان. ئەمما، بۇ ئىككى خىل تەرجىمىدە كۆپلىگەن خاتالىقلار كۆرۈلگەن. مەسىلەن، جوڭ داۋمىڭ ئىشلىگەن تەرجىمىدە كۇۋاتا روكۇرۇنىڭ مۇشۇ سۆزى خانېدا تورۇنىڭ نامىدا بېرىلىپ قالغان. پايدىلانغاندا دىققەت قىلىش كېرەك)؛ ۋاڭ رىۋېي 1936 («تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»)؛ خامىلتون 1955 («بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر

مەنبەلەر» ) 7 ـ 12 ـ بەتلەر ، خەنزۇچە تەرجىمىسى 9 — 15ـ
بەتلەر ؛ ئابې تاكېئو 1955 ( «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى
ھەققىدە تەتقىقات» 4 ـ باب «شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
يىمىرىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» ) 231 — 285ـ
بەتلەر ، خەنزۇچە تەرجىمە 169 — 205 ـ بەتلەر ؛ فېلىڭ
جياشېڭ، چېڭ سولو، موگۇاڭۋېن 1958 ( «ئۇيغۇر تارىخىغا
دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» (1 ـ قىسىم) 3 ـ باب،
1ـ ، 2ـ ، 3ـ ، 4 ـ پاراگرافلار ) ؛ مايىتا ماسانا 1962 ( «گەنجۇ
ئۇيغۇرلار گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە تەتقىقات» ) 9 —
13 ـ بەتلەر ؛ ليۇ يىتاڭ ( «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ) 157
— 202 ـ بەتلەر ؛ مورى ياسۇتاكائو 1977 ( «ئۇيغۇرلارنىڭ
غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» ) خەنزۇچە تەرجىمىسى 753— 771ـ
بەتلەر ؛ ۋېي لياڭتاۋ 1986 ( «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» )
(2 ـ باب 1 ـ پاراگراف ) 27 — 50 ـ بەتلەر ؛ پرىتساك 1951
( «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» ) ؛ يامادا نوبۇئو 1971
«تۈركىستاننىڭ شەكىللىنىشى» 3ـ ، 4 — 5 ـ پاراگرافلار )
468 — 487 ـ بەتلەر .

③ مورى ياسۇتاكائو 1977 ، 755 ـ بەت. بۇ مەنبەلەردىكى «غەربكە مېڭىپ قارلۇقلار يېرىگە كەتتى» دېگەندەك بايانلارنى دەلىللەش ئەھۋالىنى كېيىنكى ماۋزۇدىن كۆرۈڭ.

④ «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» 5 ـ جىلد (25 ـ بەت) . «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ۋۇزۇڭ خان تەختكە چىققاندا سىزې بېگى روڭ يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ مالىمانغا پېتىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. كېيىنرەك سانغۇن كۈلۈگ باغا قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزمىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ئۇيغۇر بالىققا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە قاغاننى ئۆلتۈردى. . . » . لى دېيۇ قەلەم تەۋرەتكەن يارلىق

ۋە «يېڭى تاڭنامە» (لى دېيۇنىڭ يازغانلىرىنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن) دىن قارىغاندا سىزىپ بېگى روڭنىڭ ئېلىپ كەلگىنى قىرغىزلارنىڭ تاجاۋۇزى ھەققىدىكى خەۋەر ئەمەس ئىدى. «كېيىنكى تاڭ خانى شيەنزۇنىڭ يىلنامىسى» دىمۇ سىزىپ بېگى روڭنىڭ ئەلچىلىككە بارغانلىقى سۆزلەندى، ئەمما بۇنىڭدا كۆپلىگەن زىددىيەتلىك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ، سىماگۇاڭ بۇ ھەقتە مەخسۇس دەلىللەش يۈرگۈزگەنىدى. «‹ئەلنى باشقۇرۇش ئۈرنەكلىرى› نىڭ شەرھى» گە قاراڭ («ئەلنى باشقۇرۇش ئۈرنەكلىرى 7942 ـ بەت)

⑤ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىنى «خەنزۇچە مەنبەلەر ھەققىدە تەتقىقات» ماۋزۇسىدىن كۆرۈڭ. بۇ يەردە پەقەت ئوقۇرمەنلەرنى لى دېيۇ يازغان «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ قارلۇقلار تەۋەسىگە كەتكەنلىكى زادىلا تىلغا ئېلىنمىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قويۇشقا ئۈندەمەكچىمىز.

⑥ «كونا تاڭنامە. شى شيۇڭ تەرجىمىھالى» (4237 ـ بەت) دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «لى دېيۇ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلدى، شى شيۇڭمۇ سانغۇنلۇقتىن ئاددىي يۇقىرالىققا چۈشۈرۈلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لى دېيۇنىڭ دەرت ـ ئەلەم تارتىپ ئۆلۈپ كەتكىنى ھەققىدە خەۋەر كەلدى». «يېڭى تاڭنامە. شى شيۇڭ تەرجىمىھالى» (5196 ـ بەت) دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۈەنزۇڭ خان تەختكە چىققاندا شەھەرلەردە كۆچ ـ كۆچ بولۇپ سۇمۇرغ پەرۋاز قىلدى، ئەسلىدە بۇ لى دېيۇنىڭ ئوردىغا تاللانغانلىقىدىن بولغانىكەن.... لى دېيۇ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلدى..... ۋەزىيەت ناچارلىشىپ، نارازىلىق ۋە ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى....».

⑦ «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» 128 ـ جىلد (692ـ 693) «ئۇيغۇر قاغانىغا ئوتتۇغات ھەدىيە قىلىش يارلىقى».

«ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» (8059 ـ بەت) «داجۇڭ 10ـ يىلى 3 ـ ئاي» غا قاراڭ.

⑧ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

⑨ «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» 128 ـ جىلد (693ـ بەت)، يەنە 129 ـ جىلد (698 ـ بەت) دىكى «داجۇڭ 11ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانغا يوللانغان مەكتۇپ» تا بەزى ئوخشىماسلىقلار بار. چۈنكى، ئالدىنقى مەكتۇپ خانلىقتىكى ئەمەلدارلارغا يوللانغان، كېيىنكىسى بولسا ئۇيغۇر قاغانغا يوللانغان. مەزكۇر نەقىلدىكى سۆيىنگىل قاغاننىڭ ھۆرمەت نامىدا ئەسلىدە «توققۇز ئۇيغۇر» دېگەن سۆزلەر يوق، بۇنى كېيىنكىلىرىگە قاراپ تولۇقلىدىم. «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. تاڭ خاتىرىلىرى» نىڭ «داجۇڭ 10 ـ يىلى 10 ـ ئاي، 11 ـ ئاي» غا قاراڭ (8061 ـ بەت).

⑩ ۋاڭ گوۋېي كۆپ قېتىم «قارا هارۋىلىقلار» توغرىسىدا توختالغان. ئۇ «تاتارلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تاتارلارنىڭ چوغاي تاغلىرى ئەتراپىغا كۆچكەن ۋاقتى خۇيچاڭ يىللىرى بىلەن شيەنتۇڭ يىللىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ». «قارا هارۋىلىق شېرۋىلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر دۆلىتى ھالاك بولۇپ، قوۋمى چېچىلىپ كەتكەندە، بۇلار (ئۇنىمىش بىلەن ئالاقىدار بولغان قارا هارۋىلىق تاتارلار ـ ئا) ياكى باشقا شېرۋى قوۋمى ئۇيغۇرلارغا ئەگىشىپ جەنۇبقا كۆچتى ۋە جۇڭگونىڭ قورۇلى تۆۋىنگە كەلدى».

⑪ «كونا تاڭنامە. شۋەنزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا ۋاڭ دۈەنجاڭ قاتارلىقلار قاراھارۋىلىقلارنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىغان. ئەمما، دۈنخۇاڭ ھۆججەتلىرىدىن p.2962 نومۇرلۇق ۋەسىقە «جاڭ يىچاۋنىڭ ئىسيان قىلىشى» دا ئۇلارنىڭ «قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىغا

كەلگەندە ئارقىغا يېنىپ كېتىۋاتقان مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرلار توپىغا ئۇچراپ قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇغات شاھادەتنامىسى ۋە دۆلەت مەكتۇپىنى تارتىۋالغانلىقى» ئېيتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «قارلىق تاغ» چىلىيەنشەن تېغى ئەمەس، ئەلچىلەرنىڭ چىلىيەنشەن تېغىغىچە يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئەمەس. تېكىستتىكى بەزى بۆلەكلەرگە ئەدەبىي ئىجادىيەت تۈسى سىڭىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

⑫ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى ئۇگە قاغاندىن كېيىن ئىنەل قاغان ( 846 ـ 848 ) خانىش ۋە تېكىنلەرنى باشلاپ كۆنپېتىشقا كەتكەن ۋە ئىز ـ دېرىكى بولمىغان.

⑬ «يېڭى تاڭنامە» 218 ـ جىلد «چۆل تۈركلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چىگىللار بۇغدا تېغىنىڭ كۆنگەي تەرىپىدە، بارىكۆلنىڭ شەرقىدە» دېيىلىدۇ.

ئالىملار بوغدا تېغىنى تەڭرىتاغنىڭ شەرقى ئۇچىدىكى مەلۇم جايدا، دەپ قارايدۇ. چاۋاننېس 1903، 338 ـ بەت؛ مايىتاماسانا 1962، 16 ـ بەت؛ مورى ياسۇتاكائۇ 1977 ( «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش ھەققىدە» ) 767 ـ بەت. مايىتاماسانا «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەپسىراتى. شىجۇ ئايمىقى» دىكى «يارغولنىڭ شىمالىدىكى تاغ تەڭرىتاغ دېيىلىدۇ، يەنە چىلىيەنشەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دېگەن تاغنى مۇشۇ شۇ، دەپ قارايدۇ.

⑭ «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەپسىراتى ‹4›» تە شىجۇ ئايمىقىغا «بەش ناھىيە قارايدۇ، 6466 تۈتۈن نوپۇسى بار. تيەنباۋ يىللىرى بۇ بەش ناھىيىنىڭ نوپۇس 9016 تۈتۈنگە، ئاھالىسى 49476 كىشىگە يەتتى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىۋېرغول ئايمىقىدىكى «101557 نوپۇس» نى (تيەنباۋ يىللىرى)، بەشبالىقتىكى «9964 نوپۇسى» (تيەنباۋ يىللىرى) نى قوشقاندىمۇ 200 مىڭغا بارمايدۇ.

⑮ خامىلتون ( «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەنبەلەر» 9 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمىسى 11 ـ بەت) خەنزۇچە

مەنبەلەردىكى «دەشت، چۆل» (碛) دېگەننى خانگاي تېغى ياكى ئۇنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ، «چۆلنىڭ غەربى» دېگەندە ئومۇمەن هازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئابې تاكېئو بولسا («غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى هەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە تەرجىمە 187 ـ بەت) ساتو ناگاشىنىڭ «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى چۆلنىڭ غەربىدە قۇرۇلغان تۇتۇق مەهكىمىسى» ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ «بۇ يەردىكى چۆلنىڭ غەربى دېگەندە چوڭ قۇملۇقنىڭ غەربى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بولۇپمۇ بەشبالىقنىڭ غەربىدىكى سۇيابتىن پەرغانىگىچە بولغان كەڭ دائىرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

⑯ ئاساسلىق قۇچۇ ۋە كۇسەننى باشقۇرىدۇ. قاراڭ: ماتسۇدا سۇمىئو: «سۇياب ۋە ئاگنى» (ماتسۇدا سۇمىئو 1970، خەنزۇچە تەرجىمە، 428 — 471 ـ بەتلەر)؛ ۋۇيۇگوي «تاڭ دەۋرىدىكى ئەنشى تۇتۇق هېراۋۇلىنىڭ قىسقىچە تارىخى» («ئوتتۇرا ئاسىيا مەجمۇئەسى» 2 ـ توپلام 76 — 135 ـ بەتلەر)؛ كوۋايىما ماسانا «خۇيچاۋنىڭ ‹بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياهەت خاتىرىسى› ناملىق ئەسىرى هەققىدە تەتقىقات» ‹كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى گۇمانىتار پەنلەر ئىنستىتۇتى» 1992 ـ يىلى) دىكى 206 ـ ئىزاھ.

⑰ چېن گوشيەن 1986 («8 — 9 ـ ئەسىرلەردىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىجۇغا بولغان هۆكۈمرانلىق هوقۇقىنىڭ قولدىن كېتىشى») 15 — 19 ـ بەتلەر.

⑱ «ترېپتاكا» 51 ـ جىلد، 979 ـ بەت؛ خانېدا تورۇ 1957 (1 ـ توم، تارىخ قىسمى)، 626 — 627 ـ بەتلەر؛ كوۋايىما ماسانا: «خۇيچاۋنىڭ ‹بەش ئەنەتكەك ئېلىگە ساياهەت خاتىرىسى› ناملىق ئەسىرى هەققىدە تەتقىقات»، كوۋايىما ماسانانىڭ «ئەنشى» ۋە «ئەنشىدىكى تۆت شەهەر» هەققىدىكى ئىزاهلىرىنى شۇ

ئەسەرنىڭ 187 ـ ۋە 194 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.
⑲ «ترىپىتاكا» 51 ـ جىلد، 980 ـ بەت.
⑳ «كونا تائىنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (5209 ـ 5210 ـ بەتلەر) دە ئەنشىنىڭ تۇبۇتلەر قولىغا چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، ئەنشى ۋە قۇچۇ ئېنىق ئايرىلغان ھالدا سۆزلەنگەن.
㉑ خامىلتون 1955، 10 ـ بەت، 13 ـ بەت. يەنە شۇ كىتابنىڭ 57 ـ بېتى (خەنزۇچە 60 ـ بېتى) دىكى ئىزاھقا قاراڭ، خۇجېدا ئاكىرا! («شاجۇ بەيئەتچى ساتراپىغا دائىر ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشى» 88 ـ ئىزاھ) تار مەنىدىكى (كۇسەن) ۋە كەڭ مەنىدىكى (تۆت شەھەر) ئەنشىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئەينى ۋاقىتتا بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇم جەھەتتە بۇيۇك تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى جاي) دېگەن مەنىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئەمما، ئۇ پانتېكىننى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كەتكەن، دەپ قارىمايدۇ.
㉒ «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى» غا قاراڭ. 133 ـ بەت. Azal مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكىرلەر توغرىسىدا قاراڭ: مىنورسكىي 1937، 273 — 274 ـ بەتلەر؛ ۋ. ب. خېنىنىڭ: «ئارگى ۋە توخارلار» ( BSOSA، 1937 ـ 1939، 9 ـ توم) 564 — 565 ـ بەتلەر؛ مورى ياسۇتاكائۇ 1977، 761 ـ بەت.
㉓ مورى ياسۇتاكائۇ 1977.
㉔ بۇ مەنبە ھەققىدىكى ئەسلىي مەتىننى «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى» 194 ـ بەتتىن كۆرۈڭ. ئىنگلىزچە 136 ـ بەت.
㉕ B. njul بىلەن ئۇنسۇنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدە بارتولد 1956 (2) («يەتتىسۇ تارىخى») 91 ـ بەت، 1935 (12 لېكسىيە)، 76 ـ بەت، خەنزۇچە 78 ـ بەت، BI[1] نىڭ

« Kirqiz » ماۋزوسىغا قاراڭ. مىنورىسكىي 1970، 293 — 297 ـ بەتلەردە بۇنىڭغا قارىتا رۇشەن شۇبھىلىنىش پوزىتسىيىدە بولغان.

㉖ مىنورىسكىي 1970، 273 ـ بەتتە بۇنى سوغدىچە «ئۈچ شەھەر» (S. tkath) دەپ قارايدۇ، ئەمما «تولۇقلىما» (Lxxiv بەتتە) بۇنى Sikth يەنى Yarkhoto دەپ ئوقۇيدۇ. خامىلتون 1958 («ستايول خالىستوي توپلىمى ھەققىدە مۇھاكىمە») 141ـ بەتتە بۇنداق تەڭلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەتنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بۇنى S. N. Kath دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن، ئۇ ھالدا بۇ تاڭ دەۋرىدىكى ئاگنىنىڭ شەرقىدىكى «يېڭى شەھەر» نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇ يەنە «بۇنىڭ شۇنداق بولۇش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى كىچىك» دەيدۇ. خېنىنىڭ ئالدىنقى ئەسىر، 565 ـ بەتتە بەلكىم ئاگنى بىلەن Kumus (ئۈژمىلىك) ئوتتۇرىسىدىكى ئەھمىيەتسىز دوقمۇرۇش بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

㉗خامىلتون 1958 Kmsighiya M. K. shmighnathur ، Kumush Tagh، (ئۈژمىلىك + تاغ).

㉘ يەنى چىن شەھىرى، خامىلتون 1958.

㉙ مىنورىسكىي 1970، 273 — 274 ـ بەتلەر؛

㉚موری ياسۇتاكائۇ 1977، 761 — 764 ـ بەتلەر.

㉛ ئالدىنقى نەقىل «داجۇڭ 10 ـ يىلى 2 ـ ئاي ۋە 11ـ ئاي» دىكى ئىككى پارچە يارلىققا قاراڭ.

㉜ يۇقىرىقى نەقىل داجۇڭ 10 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى يارلىق.

㉝ دۇمۇ: «فەنچۇەن توپلىمى» 20 ـ جىلد، 169 ـ بەت.

㉞㉟ ئەسلىي مەتىندە ھەرپ خاتالىقى كۆرۈلگەن.

㊱ مياۋ يۆ: «دۇمۇنىڭ نەسەبنامىسى» (2 ـ كىتاب) («دۆلەت ئىگىلىكىدىكى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەجمۇئەسى» 2 ـ توپلام، 1942 ـ يىلى)

㊲ شياڭ دا: «تاڭنامىدىكى جاڭ يىچاۋنىڭ تەرجىمىھالىغا تولۇقلىما». خوجىنېدا ئاكىرا («شاجۇ بەيئەتچى قوشۇنلار ساتراپىغا دائىر ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشى» 55 ـ بەتتە «قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئۇلۇغ شىرمەت سانغۇن مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلىش يارلىقى» نى داجۇڭنىڭ 5 ـ يىلى قىشتا پۈتۈلگەن، دەپ قارايدۇ.

㊳ «‹ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى› نىڭ شەرھى» 8049 ـ بەت.

㊴ «ئوردا خاتىرىلىرى»، «كونا تاڭنامە. شۆەنزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»، «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە بىردەك «يېزى» دېيىلگەن، «كىتابلار جەۋھىرى»، «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى»، P2913 ـ نومۇرلۇق «جاڭ خۇەيشىننىڭ قەبرە ئابىدىسى»، P2762 ـ نومۇرلۇق «جاڭ خۇەيشىننىڭ تۆھپە خاتىرىسى» قاتارلىقلاردا «يىتەن» دەپ ئېلىنغان. بىز لۇجېنيۈنىڭ «‹تاڭنامە. جاڭ يىچاۋنىڭ تەرجىمىھالى› غا تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدىكىنى ئاساس قىلدۇق.

㊵ «يېڭى تاڭنامە. شۆەنزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»، «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» نىڭ «داجۇڭنىڭ 5 ـ يىلى» (8048 — 8049 ـ بەتلەر).

㊶ «شاجۇ، ئىۋىرغول ئايماقلىرىنىڭ ھەققىدە قىسسە» نىڭ فراگمېنتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇلالىمىز ئىۋىرغولدا ئايماق تەسىس قىلغان، باۋيىڭ يىللىرى تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، داجۇڭنىڭ 4 ـ يىلى جاڭ يىچاۋ قايتۇرۇۋالدى».

㊷ خوجىنېدا ئاكىرا: «شاجۇ بەيئەتچىلەر ساتراپىغا دائىر ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشى» 56 ـ بەت.

㊸ مورى ياسۇتاكائو 1977، 118 ـ بەت، خەنزۇچە 764ـ بەت.

㊹ تولۇق تېكىستنى جاڭ خۇڭشۈن ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭ

مەدداھلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى) 214 — 221 ـ بەتلەردىن كۆرۈڭ. سۇن كەيدى: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ‹جاڭ يىچاۋنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى› گە تەقرىز» (جۇ شاۋلياڭ، بەي خۇاۋېن تۈزگەن «دۇنخۇاڭ يازمىلىرى» 2 ـ قىسىم 713 — 722 ـ بەتلەر).

㊺ «جاڭ يىچاۋنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى» دە ۋاڭ رۇيجاڭ دېيىلىدۇ. «كونا تاڭنامە. شۇەنزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە» «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. تاڭ خاتىرىلىرى»، «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى» دا بىردەك ۋاڭ دۇەنجاڭ دېيىلىدۇ. «دۇنخۇاڭ مەدداھلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نىڭ 219 ـ بېتىدىكى ۋاڭ جۇڭمىننىڭ ئەسىرىدىن كەلتۈرۈلگەن «تۈزىتىش» كە قاراڭ.

㊻ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» خۇيچاڭ 2 ـ يىلى 10 ـ ئاي (7968 ـ بەت)

㊼ «تەقدىمنامە» 3 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، يەنپىڭ ئوردىسى. لى دېيۇ مەلۇمات سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاينىڭ توققۇزى كەمىنە ۋەزىرلىرى جاۋفەنگە قىرغىزلاردىن ئەنشى ۋە بەشبالىقنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك، دېگەنىدىم». مەزكۇر ئەسەر ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن. «‹ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى› نىڭ شەرھى» (7974 ـ بەت).

㊽ ئابې تاكېئو 1955، 243 — 244 ـ بەتلەر؛ خېنزۇچە تەرجىمە 177 ـ بەت.

㊾ خانېدا تورۇ 1957 (2)، 268 ـ بەت.

㊿ «‹ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى› نىڭ شەرھى» 7974 ـ بەت.

(51) «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» خۇيچاڭ 3 ـ يىلى 1 ـ ئاي «كونا تاڭنامە. ۋۇزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»، خۇيچاڭنىڭ

3 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

52 خانېدا تورۇ 1957 (2) 268 ـ بەت.

53 «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» نىڭ 8012 ـ ۋە 8107 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

54 مىنورسكىي 1970، 95ـ، 98 ـ بەتلەر.

55 بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى بىبىلىنىڭ «خوتەن تېكىستلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن كۆرۈڭ.

56 خوجىئېدا ئاكىرانىڭ «شاجۇ بەيئەتچى قوشۇنلار ساتراپىنىڭ باش ـ ئاخىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ بۆلۈم «بەيئەتچى قوشۇن ۋە ئۇلارنىڭ مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ) قاتارلىقلارغا قاراڭ.

57 «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. يات قوۋملار (3)» 917 — 919 ـ بەتلەر.

58 مۇللېر: «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى پارچە تۇۋرۇك يازمىسى» (مۇللېر 1915) 22 — 24 ـ بەتلەر.

59 ترېپتاكا 51 ـ جىلد، 981 — 982 ـ بەتلەر. يەنە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى ھەققىدە قىسسە (6). ئەنەتكەك» دىكى چيەندېنىڭ 4 ـ يىلى شىڭ چىن قاتارلىقلارنىڭ بۇددا ئۇچۇن كۇنپېتىشقا سەپەر قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرىگە قاراڭ (14104 ـ بەت).

60 خۇاڭ شېڭجاڭ: «‹ئەرش يولىدىكى ئاجايىباتلار› نىڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسىدىكى تارىخىي جۇغراپىيە ھەققىدە تەتقىقات» («تارىخىي جۇغراپىيە» تونجى سان، 9 — 20 ـ بەتلەر).

61 S6551 نومۇرلۇق سۇترادا تىلغا ئېلىنغان «قىرغىزلار» ۋە «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىكى «قىرغىزلار» قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىمالدىكى مەلۇم قىرغىز قوۋمىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن ياكى بولمىسا «لياۋ سۇلالىسى

تارىخى. تەيزۇلۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكى «تيەنشيەنىنىڭ 6 ـ يىلى (932) 1 ـ ئايدا غەربىي جەنۇبتىكى قىرغىزلار دۆلىتىدىن ئەلچىلەر كەلدى» دېگەن باياندىكى قىرغىزلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

62 بارتولد 1893 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان «يەتتىسۇ تارىخى» (91 ـ بەت) ناملىق ئەسىرىدە بۇ ماتېرىيالنىڭ ئېنىق يىل دەۋرىنى ئەسكەرتمەيدۇ. ئەمما، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيە-سى» (EI[1]) نىڭ «قىرغىزلار» ماۋزۇسىدا Panchul شەھىرىدىكى قىرغىزلارنى 10 ـ ئەسىردە كۆچۈپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. 1926 — 1927 ـ يىللىرىدىكى «12 لېكسىيە» (بارتولد 1935، نېمىسچە 76 ـ بەت، خەنزۇچە 78 ـ بەت) دە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ماتېرىيال تەمىنلىگەن ئەھۋالدىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ؛ قىرغىزلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ هازىرقى ۋاقىتتىكى ماكانىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى 10 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەمەس». 1930 ـ يىلىدىكى «ھۇدۇدۇل- ئالەم» گە يازغان «كىرىش سۆز» دە (مىنورىسكىي 1970، 27 — 28 ـ بەتلەر) بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تەپسىلاتلار ئاپتور ياشىغان زامان بىلەن ئۆزئارا ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى پەقەت 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قىرغىز خانلىقىنىڭ ئەھۋالىدۇر». ناۋادا قىرغىزلارنىڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقتىنى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، دەپ تۈزىتىشكە بولغانبولسا (9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرى قىرغىزلارنىڭ شىمالىي دالادىكى مەركىزىي رايونلارنى كونترول قىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرگىدەك ماتېرىيال يوق) بىزنىڭ تەھلىلىمىز بىلەن نەق ماس كېلەتتى. ئەمما، بارتولد نېمە ئۈچۈن شۇنىڭدىن كېيىنكى مەنبەلەردە «ئونسۇ قىرغىزلىرى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ زادىلا تىلغا ئېلىنمىغانلىقى توغرىسىدا ئىزاھ بەرمەيدۇ. مېنىڭ بۇ ھەققىتىكى

تەلىلىمنى كېيىنكى ماۋزۇدىن كۆرۈڭ. مىنورسكىي «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى ئىزاھتا مەزكۇر ئەسەردىكى قىرغىزلارغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ 10 - ئەسىرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتسىمۇ، قەشقەر ئەتراپى ۋە B. njul دىكى قىرغىزلارغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرىنى كۆرسەتمىگەن (203 — 297 - بەتلەر).

⑥③ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» 8107 - بەت.

⑥④ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» (8012 - بەت).

«خۇيچاڭنىڭ 4 - يىلى 9 - ئاي» ماۋزۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «لى دېيۇ مەلۇمات سۇنۇپ: ‹يۇجۇ ئايمىقىدىكى ئەربابلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھى ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋېتىپتۇ. قاغان ئەنشىگە كېتىشنى خالايدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ قوۋمىدىكىلەر ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز تامام تاڭ دۆلىتىدە تۇرۇۋاتقاندىكىن يەنىلا تاڭ دۆلىتىگە بارغانغا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىرۋىلار بىلەنمۇ يامانلىشىپ قالدۇق، ئەمدىلىكتە ئۇلار بىلەن ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ قالمىساق بولاتتى، دېيىشىپتۇ› دېدى».

⑥⑤ پرتساك 1951 («قارلۇقلاردىن قاراخانىيلار خانلىقىغىچە»)

⑥⑥ يامادا نوبۇئو: «تۈركىستاننىڭ شەكىللىنىشى» 5 - باب «قارلۇق دۆلىتى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى» — «ئىۋانامى نەشرىياتى باسقان دۇنيا تارىخى VI» 1971 - يىلى، 480 — 488 - بەتلەر. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «قىرغىز س س ر تارىخى» 1984 - يىلى، 290 — 297 - بەتلەر؛ «تاجىكلار تارىخى» 1964 - يىلى؛ بوشوېز: «ئىسلام سۇلالىلىرىدىكى قولىيازمىلار: خرونولوگىيە ۋە شەجەرە» 1967-، 111 — 114- بەتلەر؛ يەنە شۇ ئاپتور: «ئېل خانلار ياكى قاراخانىيلار» FI2— نىڭ 3 - تومىغا قاراڭ.

⑰ دۆلەت ئىچىدىكى بىر قەدەر بالدۇرقى بايانلاردىن فېلىك جىياشېلىڭ، چېلىڭ شولو، مۇگۇاڭۇېن تۈزگەن «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» (1 ـ قىسىم)، لىيۇ يىتاڭنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرلىرى بار. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەردىن ۋېي لياڭتاۋنىڭ قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا بىر قاتار ماقالىلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئابې تاكېئومۇ مۇشۇ خىل قاراشتا.

⑱ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە خەرىتىنى ئىبىن ھەۋقالىنىڭ «جايلارنىڭ ئەھۋالى» (BGA، 2 ـ توم) 8 — 9 ـ بەتلەردىن كۆرۈڭ.

⑲ پرتساك 1951 (286 ـ 287م 289 — 290 ـ بەتلەر) دە مۇشۇ ئىككى مەنبەدىن پايدىلانغان.

⑳ يەنى ئىسلام. خەن رۇلىن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 348 ـ بەتكە قاراڭ.

㉑ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە. قارلۇقلار» (6143 ـ بەت)

㉒ ۋۇزۇڭ خان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەر قايسى خانلار زامانىسىدىكى ئوردا تارىخىنى يېزىش ئەھۋالىنى جاۋيى يازغان «22 تارىخ، تىن خاتىرىلەر» 16 ـ جىلد «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى ۋە دۆلەت تارىخى ئىككى قېتىم يوقالغان» (دۇنيا كىتابخانىسى، 1939 ـ يىلى) نىڭ 214 — 216 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ. يەنە چېن گاۋخۇا. جىچاۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىدا مەنبەشۇناسلىق» (بېيجىڭ نەشرىياتى 1983) نىڭ 187 — 190 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㉓ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ دەسلەپىدە «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» يېزىلغاندا «ۋۇزۇڭ خان دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن

پايدىلىنىلغانمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىدە سېن جۇڭمېيەن («تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن ئارتۇقچە» جۇڭخۇا كىتابخانىسى، 1960، 183 — 185 ـ بەتلەر) ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان.

⑭ بۇ ئەسەر ئالىملاچان يوقاپ كەتكەن. ئەمما، «ئەلنى باشقۇرۇش ئۈرنەكلىرى» دە ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن نەقىللەر ئېلىنغان.

⑮ لى دېيۇ يازغان «ئۇيغۇر بولمىش تېكىنگە يوللانغان مەكتۇپ» ۋە «ئۇيغۇر بولمىشقا يوللانغان مەكتۇپ» («خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» 5 ـ جىلد، 25 ـ بەت) تا ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى جاڭ جيا ئەلچىلىككە چىقىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىنزچىل ھالدا بولمىشقا شىمالىي دالاغا قايتىپ كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان.

⑯ مەسىلەن، بولمىش ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشنى تىلىگەندە ۋە جاڭ جيا ئەمىن تاپقۇزۇشقا بارغاندا.

⑰ «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى يارلىقلار توپلىمى» 2 ـ جىلد، 10 ـ 11 ـ بەتلەر.

⑱ «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» 128 ـ جىلد، 129 ـ جىلد.

⑲ مورى ياسۇتاكائۇ 1977.

⑳ پرتساك 1951، 279 — 287 ـ بەتلەر.

㉑ بىچۇرىن (ئىئاكىنىف) 1950 ـ 1953 («قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرگە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ) 1 ـ توم، 301 — 339 ـ بەتلەر («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ تەرجىمىسى)

㉒ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ئەسلىي ئەسەر 129 — 130 ـ بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمىسىنى مۇشۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى «قوشۇمچە Ⅱ » («جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ ‹سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما› ناملىق ئەسىرى» ) دىن كۆرۈڭ. سەمئانى

يازغان «كىتابۇل ـ ئەنساب» 470A، 472B بەتلىرىدە ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېيتىلمىغان، ئەمما ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكىنى ئېنىق يېزىلىدۇ. «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» غا ئاساسلانغاندا ئاتىسى ھىجرىيە 486 ـ يىلى (1093.2.1 ـ 20.1.1094) يىلىنىڭ بېشىدا قازا قىلغان، سەمئانىنىڭ «كىتابۇل-ئەنساب» ناملىق ئەسىرىدە (472A) «ئالمائى ئاتىسى قازا قىلىشتىن 20 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن» دېيىلىدۇ، شۇنداقتا ئۇ 466 ـ يىلى (مىلادىيە 1073 ـ 1074) ئەتراپىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ. بارتولد (1977، 18 ـ بەت) بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان.

⑧③ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما». بارتولد بۇنىڭ قىسقارتىلمىسى «موڭغۇل ئىستىبلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. «مەنبەلەر» (بارتولد 1889) 128 — 152 ـ بەتلەر. تەپسىلاتىنى ئەسىرىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى «قوشۇمچە II» دىن كۆرۈڭ.

⑧④ بارتولد 1898، 130 ـ بەت.

⑧⑤ تەپسىلاتىنى ئەسىرىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى «قوشۇمچە I» (قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە) دىن كۆرۈڭ.

⑧⑥ سەمئانىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ سەئىد ئابدۇلكېرىم بىن مۇھەممەد سەمئانى. بارتولد «كىتابۇل ـ ئەنساب» قا ئالاھىدە كۆزدە قارىغان ۋە ئۇنىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنىنى تونۇشتۇرغان (1977)، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى «مەنبەلەر» گە كىرگۈزگەن. بارتولد «كىتابۇل ـ ئەنساب» نىڭ ئىككى قولىيازمىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىرى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، پروفېسسور D. S. Margoliouth بۇنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى GMS نىڭ 20 ـ تومىدا ئېلان قىلغان. بىز مۇشۇنىڭدىن پايدىلاندۇق. يەنە بىرى «ئاساسىي

جەھەتتىن مۇكەممەل ساقلانغان» بولۇپ، ھازىر روسىيىنىڭ ئاسىيا مۇزېيىدا، بارتولد ھەر ئىككىلىسىدىن پايدىلانغان.

(87) ئەسلىي مەتنىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەبۇ ئابباس مۇستەغفىرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بىن ئەھمەد غۇنجار ھافىزى ئىسپىجاپ شەھىرىنى باش ئەگدۇرۇشنىڭ 225 ـ يىلى نۇھ بىن ئەسئەد سامانىينىڭ قولىدا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئېيتقان. ئەبۇ مۇھەممەد نۇھ 227 ـ يىلى قازا قىلغان» . مەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمدە مۇشۇ نەقىلنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن (48 ـ بەت) پايدىلانغانىدىم. ئەمما، ئەرەبچە قولىيازمىدىكى «5» نىڭ تولىمۇ غەيرىي يېزىلغانلىقى سەۋەبلىك مەن خاتا ھالدا ئىسپىجاپ شەھىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان ۋاقتىنى 224 ـ يىلى (مىلادىيە 838 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى — 839 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى) دەپ بېكىتىپ قويغان ۋە «ئىسپىجاپ شەھىرىنى بويسۇندۇرۇش 839 ـ يىلىدىكى ئىش» (توغرىراقى 839 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن بۇرۇنقى ئىش) دەپ خاتا قارىغانىدىم. بۇ يەردە ئالاھىدە تۈزىتىلدى. ئەمما، يۇقىرىقى سەۋەنلىك پۈتكۈل خۇلاسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

(88) ۋېي لياڭتاۋ 1986، 73 ـ بەت.

(89) ئىبنۇل ـ ئەسىرى: «تارىخى ئۇمۇمىيە» 6 ـ جىلد، 509 ـ بەت.

(90) مەسىلەن، «نۇھ پەرغانە ۋە ئىسپىجاپقا ھىجرىيە 224 ـ يىلى (839) يۇرۇش قىلغان، ئەڭ ئاخىرى 225 ـ يىلى (840) ئىسپىجاپنى ئىشغال قىلغان» دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

(91) «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» نىڭ «كەيچىنىڭ 5 ـ يىلى (840) 9 ـ ئاي» (7947 ـ بەت) ماۋزۇسىغا قاراڭ. «يېڭى تاڭنامە. ۋۇزوڭ خان ھەققىدە خاتىرە» (240) بۇ

كەيچىلىك 5 - يىلى 10 - ئاي، دېيىلگەن. بۇ يەردە ۋاقىتنىچە ئاۋۋالراق بولغان ۋاقىت قوبۇل قىلىندى.

㉒ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (EI1) نىڭ «تاشكەنت» ماۋزۇسىغا قاراڭ.

㉓ پىرتساك 1951، قوشۇمچە، بېكۋىز 1987، 162 - بەت.

㉔ مىنورسكىي 1948، 283 — 284 - بەتلەر.

㉕ سامانىيلار جەمەتىنىڭ مالىيىسىنى قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلار نارشاھىنىڭ «بۇخارا تارىخى» (76 — 77 - بەتلەر) ناملىق ئەسىرىدىن كۆرۈڭ.

㉖ مەزكۇر ماۋزۇدىكى بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا بارتولد 1977، 209 — 210 - بەتلەردىن پايدىلاندىم. نار شاھى «بۇخارا تارىخى» (76 - بەت) دا بۇ ۋەقەلەرنى ھىجرىيە 202 - يىلى (817 — 818 - يىلى) بولغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

㉗ ئىبىن خۇردادبېھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6 - توم) ئەسلى مەتىن 34 — 39 - بەتلەر. فرانسۇزچە تەرجىمە 25 — 28 - بەتلەر.

㉘ بارتولد 1977، 206 - بەت.

㉙ Kurdar خارەزمنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر رايون، ياقۇتى تۈزگەن «يەرناملىرى قامۇسى» نىڭ Kurdar ماۋزۇسى ۋە بارتولد 1977، 151 - بەتكە قاراڭ.

[100] قۇدامەنىڭ تونۇشتۇرغان ئەھۋاللىرىنى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (EI¹) نىڭ «قۇدامە» ماۋزۇسىدىن ۋە جاك گۋاڭدا، ۋالىڭ شياۋفۇلار يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا ئالاقىدار ئەسەرلەر كاتالوگى (Ⅱ)» دىن كۆرۈڭ. مەن دې. گويېنىڭ ئەسىرىدىكى قۇدامەنىڭ «باج» ھۆججەتلىرىدىن پايدىلاندىم (BGA، 6 - توم)، بۇ بۆلەك ئەسلىي مەتىننىڭ 243 - بېتىدە بېرىلگەن، فرانسۇزچە تەرجىمە، 184 — 185 - بەتلەر؛ سۇڭ شيەن 1991، 258 — 259 -

بەتلەر.

[101] ئىبنۇل ـ ئەسىر: «تارىخى ئومۇمىيە» 6 ـ توم، 509 ـ بەت. بىلازورى «ھەرقايسى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش» ناملىق ئەسىرىدە (422 ـ بەت) مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاخىرىدا خەلىپە مۇئتەسىم (833 — 842 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىسىدا نۇھ بىن ئەسئەد بۇ جاينى ئىستىبلا قىلدى، ئاھالىنىڭ ئۆزۈملۈكى ۋە ئېتىزلىرى ئەتراپىغا سېپىل سوقتى».

[102] ياقۇتى «يەر نامىلىرى قامۇسى» نىڭ Asfidjab ماۋزۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى تۈركىستان شەھەرلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ نامى. ئۇنىڭ كەڭ زېمىنى ۋە شەھەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆپلىگەن كەنتلىرى بار. ئۇ بەشىنچى بەلۋاغقا تەۋە، ″6°98 ئۇزۇنلۇقتا، ″50°39 كەڭلىكتە جايلاشقان. ئۇ ئاللانىڭ مەملىكەتلىرى ئىچىدىكى نوپۇسى ئەڭ زىچ، ئەڭ ئاۋات، ئەڭ كەڭ جايلارنىڭ بىرى. بۇ جاينىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ئاھالە گۈللەنگەن. خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلاردىن مۇشۇ شەھەرلەر خىراج تولىمەيدۇ، بۇ شەھەردىكى خەلق خىراج تۆلەيدىغان پۇلغا قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىپ، قورغان ـ سېپىل سوقىدۇ. ئۇنىڭغا قوشنا تالاس، Sabran, Sanikath(?) ۋە فاراب شەھەرلىرىمۇ ئىسپىجاپقا ئوخشاش (باجدىن كەچۈرۈم قىلىنغان) ...».

[103] پ. پېللىئوت: «موڭغۇل ئىستىبلاسى مەزگىلىدىكى تۈركىستان، فا باھا» 15 ـ بەت. خەنزۇچە تەرجىمە 14 ـ بەت.

[104] بارتولد 1977، 159 ـ بەت.

[105] ئازراقى، 231 ـ بەت. بېكۈز 1987، 162 ـ بەتتىن نەقىل.

[106] بىلازورى: «ھەرقايسى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش

تارىخى» (420 ـ بەت) دە قۇتەيبە زامانىسىدىكى ئىستىبلا توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «Urasht ۋە Kasan نى ئەلىك ئاخىرىدا بويسۇندۇرغۇچى نۇھ بىن ئەسئەد بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەردىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خەلىپە مۇئتەسىم (861 — 862 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) گە قارشى تۇردى» . بىزگە مەلۇمكى، نۇھ 842 ـ يىلىلا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ خاتىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا (6 ـ توم، 509 ـ بەت) بۇ مەنبەدىكى خاتالىق خەلىپە مۇئتەسىم (833 — 842 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ نامى خاتا ھالدا مۇنتەسىر دەپ يېزىلىپ قالغانلىقتا بولسا كېرەك.

[107] بارتولد 1898، 3 ـ بەت؛ 1977، 210 ـ بەت.

[108] ئىستەخرى: «يوللار ۋە ئەللەر» («مەسالىك ۋە مەمالىك» BGA، 1 ـ توم) 334 ـ بەت.

[109] بارتولد 1977، 155 — 156 ـ بەتلەر؛ مىنورىسكى 1970، «ئىندېكس»، ئەمما مەزكۇر شەھەرنىڭ كونكرېت ئورنى ئېنىق ئەمەس.

[110] بۇ يول ھەمدە «ئاتېبشى» بىلەن 马洪川 نىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدە خۇاتاۋ 1989 غا قاراڭ.

[111] «قانۇنلار قامۇسى» 190 ـ جىلد، ۋاڭ شياۋفۇ 1992، 8ـ، 29 — 30 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[112] «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» نىڭ «كەيچېڭ 5ـ يىلى (840 ـ يىلى) 9 ـ ئاي» ماۋزۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنى سەركەردە سانغۇنلارنىڭ باشچىلىقىدا20 نەچچە يىل سوقۇش قىلغان بولسىمۇ كۆپ قېتىم قىرغىزلار تەرىپىدىن يېڭىلدى. قىرغىز ئاقساقىلى ئۇيغۇرلارغا: «سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلار يۇتتى. بىز چوقۇم سىلەرنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭلارنى تارتىۋالىمىز» دەپ سۆز يەتكۈزدى. ئالتۇن چېدىر — ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئوردىسىنى كۆرسىتىدۇ».

[113] بۇ ئەسلىي كىتابتىكى ئاتالما. ئىبن خۇردادبېھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىگە (BGA، 6 - توم) قاراڭ (25 - بەت). تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ 20 — 21 - بەتلىرىدىن، فرانسۇزچە تەرجىمە 27 — 29 - بەتلىرىدىن كۆرۈڭ؛ سۇڭ شيەن 1991، 30 — 32 - بەتلەر.

[114] بىر فەرسەخ تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر كېلىدۇ. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (EI2) نىڭ Farsakh ماۋزۇسىغا ۋە مىنورىسكىي 1948، 293 - بەتتىكى 4 - ئىزاھقا قاراڭ.

[115] خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «مىڭ بۇلاق» ( 千泉 ) تالاسنىڭ شەرقىدە. تالاسنىڭ غەربىدىكى مىڭ تارامدىن ئارتۇق بۇلاق سۈيى بار جاينى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. جى شيەنلىن ئىزاھلىغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 76 — 77 - بەتلىرىگە قاراڭ.

[116] ئىبن خۇردادبېھ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان بۇ يەر نامى باشقا مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە، جۇملىدىن گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە ۋە «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دە ھەم تىلغا ئېلىنىدۇ. 1989 - يىل تۇماسچېك خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسەن بۇنى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى 城顿建 بىلەن بىر، دەپ قارىغانىدى. مىنورىسكىي 1970، 289 — 290 - بەتلەرگە قاراڭ.

[117] خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە بالاساغۇن شەھىرىدە سۈيابقا 20 چاقىرىم ماڭىدۇ. يەنە ئون چاقىرىم ماڭسا ماغىيان شەھىرىگە كېلىدۇ. يەنە 30 چاقىرىم ماڭسا يېڭى شەھەرگە كېلىدۇ، يەنە 60 چاقىرىم ماڭسا دۇنجيەن شەھىرىگە كېلىدۇ، يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا ئاسبولاي شەھىرىگە كېلىدۇ، يەنە 70 چاقىرىم ماڭسا قۇلان شەھىرىگە كېلىدۇ، يەنە ئون چاقىرىم ماڭسا باج شەھىرىگە كېلىدۇ، يەنە 50 چاقىرىم ماڭسا تالاس شەھىرىگە كېلىدۇ، دېيىلىدۇ. ھازىرقى خەرىتە بويىچە ئۆلچىگەندە سۈياب

(توقماق ئەتراپىدا) تىن تالاسقىچە بولغان ئارىلىق 320 - كىلومېتىرچە كېلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مۇساپە سانى بەكلا ئاز بولۇپ قالغان (ئارانلا 280 چاقىرىم)، مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە بولسا بۇ ئارىلىق 59 فەرسەخ دېيىلگەن (تەخمىنەن 240 كىلومېتىر). بۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىنورىسكىي 1970، 289 — 290 - بەتلىرىگە قاراڭ. بۇ يولنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى كۆبال (سۇياب) ھەققىدىكى تەكشۈرۈشنى جاڭ گۇاڭدانىڭ «سۇيابنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدە تەتقىقات» (جاڭ گۇاڭدا 1979؛ جاڭ گۇاڭدا 1995 - ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ.

[118] مىنورىسكىي 1948 («تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى») 292 — 293 - بەتلەر.

[119] تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكىدىكى ھۆكۈمرانلىقى 790 - يىلى تۈبۈتلەرنىڭ بەشبالىقنى ئىشغال قىلىۋېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

[120] ئىبىن خۇردادبىھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6- توم) 31 - بەت، فرانسۇزچە تەرجىمىسى 22 — 23 - بەتلەر. فرانسۇزچە تەرجىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «توققۇزغۇزلار ماكانى تۈرك مەملىكەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كەڭ بولغان بىر جاي. بۇ جاي چىن، تۈبۈت ۋە قارلۇق دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قالغان تۈرك قەبىلىلىرى بولسا قىماقلار... (قىسقارتىلدى)». بۇنداق چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس. مىنورىسكىي تەرجىمىسىگە قاراڭ (مىنورىسكىي 1970، 347 - بەت).

[121] ئەسلىي مەتىن ئىنگلىزچىدىكى Country غا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەم «دۆلەت» دېگەن مەنىگە ھەم «رايون» دېگەن مەنىگە ئىگە. مەزكۇر بايانلىرىمىزدا بىز «رايون» مەنىسىدە تەرجىمە قىلدۇق.

[122] ئەسلىي مەتىندە بېرىلگىنى al—J.f.r مىنورىسكىي (1970، 319 ـ بەت 2 ـ ئىزاھ) بۇنى Madjghari دەپ بېكىتىدۇ. بۇ خىل بېكىتىش دې، گويې ۋە ماركۋارتىنىڭ «چىگىل» دېگەن پىكرىدىنمۇ بەكرەك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.

[123] بۇ قەبىلىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس.

[124] خالاجلارنىڭ ئەھۋالىنى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيە-سى» (EI¹ ۋە EI²) دىكى Khaladj ماۋزۇسىدا ۋە مىنورىسكىي 1970، 347 — 348 ـ بەتلەردىن كۆرۈڭ.

[125] قىرغىزلار ماكانلاشقان جايلاردىن ئىپار كىيىك چىقىدىغانلىقى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا دېگۈدەك خاتىرىلەنگەن.

[126] غۇزلار ۋە قىماقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىستەخرىنىڭ «ھەرقايسى ئەللەردىكى يوللار» (BGA، 1 ـ توم) ناملىق ئەسىرىدىن ۋە ئىبىن ھەۋقالىنىڭ «ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالى» (BGA، 2 ـ توم) ناملىق خەرىتىسىدىن، شۇنداقلا ئاشۇلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن بىز سىزىپ چىققان «10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى» ناملىق خەرىتىدىن كۆرۈڭ. يەنە مىنورىسكىينىڭ (1970) مۇشۇ ئىككى قوۋم ھەققىدىكى ئىزاھلىرى ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ Kimak, Ghuzz ماۋزۇلىرىغا قاراڭ. قىرغىزلارنىڭ 840 ـ يىلىدىكى جەنۇبقا چۇشۇش پائالىيىتى توغرىسىدا مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ئاساسەن بىرەر مەلۇمات بېرىلگەن ئەمەس. «ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ Kirkhiz ماۋزۇسى (بارتولد يازغان) ۋە كىتابىمىزنىڭ 2 ـ باب 1 ـ پاراگرافى (4. قىرغىزلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى كونترول قىلىشى) غا قاراڭ. قىماقلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ئۇزۇندىن بېرى ئالىملارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كېلىۋاتقان تېمىلىرىدىن بولغاچقا،

مەن بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىدىم.

[127] «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەرنىڭ ھەققىدە قىسسە. تۈركەشلەر» (6069 ـ بەت).

[128] ئىبن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرىنى تاماملىغان ۋاقىت توغرىسىدا دې. گويېنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە يازغان «كىرىش سۆز» دىن (BGA، 6 ـ توم) ۋە بارتولد 1970 («كىرىش سۆز»)، 13 — 14 ـ بەتلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

[129] مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە تۈبۈتلەرنىڭ 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. بۇ بەلكىم تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

[130] ئىبن خۇردادبىھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6ـ توم) «كىرىش سۆز».

[131] ئى. يۇ. كراچكوۋسكىي 1957 («ئەرەبچە جۇغراپىيە ۋەسىقىلىرى») 747 — 750 ـ بەتلەر. ماركۋارت ۋە بارتولدمۇ كېيىنكى يىلنامىدىن گۇمانلانمىغان. بارتولد 1970، 12 — 13 ـ بەتلەر.

[132] ئابې تاكېئو 1955، 272 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 196 ـ بەت. ماركۋارت ۋە بارتولدنىڭ تالاش ـ تارتىشى (توققۇزغۇزلارنىڭ 沙陀 لارنى كۆرسىتەمدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە) ھەققىدە مىنورسكىي 1970 (266 — 268 ـ بەتلەر) ۋە 1948 («تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» 289 — 290 ـ بەتلەر) دىن كۆرۈڭ. يەنە بارتولد 1935 (نېمىسچە 54 — 55 ـ بەتلەر) ۋە EI[1] نىڭ Toghuzghua ماۋزۇسىغا قاراڭ.

[133] ئىبن خۇردادبىھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6ـ

توم) 31 ـ بەت، فرانسۇزچە تەرجىمە 23 ـ بەت. بۇ بىر ئابزاستىن كېيىن: «تۈركلەرنىڭ جەمئىي 16 شەھىرى بار» دېگەن بىر جۇملە سۆز بار.

[134] ئىبىن خۇردادبىھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6ـ توم) «كىرىش سۆز» (15 — 18 ـ بەتلەر)، بارتولد 1970، 13 — 14 ـ بەتلەر، مىنورىسكىي 1948، 277 ـ بەتتىكى خەرىتە.

[135] ئىبىن فەقىھ: «ئەللەر» (BGA، 5 ـ توم) 329 ـ بەت.

[136] ياقۇتى «يەرناملىرى قامۇسى» (2 ـ توم، 23 — 24 ـ بەتلەر).

[137] ياقۇتنىڭ ئەسلىي ئەسىرىدە al—Badhkish دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدا سەۋەنلىك باردەك قىلىدۇ. بۇنى ئىبىن خۇردادبىھنىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن «تۈركەش» دەپ ئۆزگەرتتىم.

[138] فاراب شەھىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ Farab ماۋزۇسىدىن كۆرۈڭ. يەنە بارتولد 1977، 176 — 178 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[139] «چاڭچۇن ئەۋلىيانىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، ليۇيۇنىڭ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، ياللۇغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلارغا قاراڭ.

[140] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ Tashkent ماۋزۇسىغا قاراڭ. ئىبىن خۇردادبىھ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە «شاشتىن تۈركلەرگە بارىدىغان يول» دېگەندەك سۆزلەر بار.

[141] تەبەرى: «تارىخىي تەبەرى» IV، 712 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ يىلى (807/191) نەسەب ئاھالىسى رافىئىگە مەكتۇپ يوللاپ قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ Isa. b. Ali بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا ياردەمچى

قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شاش ھۆكۈمرانىنى ئۆز تۈركلىرى ۋە بىر سانغۇن بىلەن يولغا سالدى. . . .».

[142] مۇسۇلمانلار 893 ـ يىلى ئاخىرقى يوسۇندا تالاسنى ئىگىلىگەن. (كېيىنكى ماۋزۇلارغا قاراڭ) 816 ـ يىلى فەزل ئېھتىمال بۇ جاينى قىسقا بىر مەزگىل ئىشغال قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

[143] ئىبنى خۇردادبېھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6ـ توم) 162 — 170 ـ بەتلەر، فرانسۇزچە تەرجىمە 124 — 131 ـ بەتلەر؛ ۋىلسون 1922 («يەجۇج ـ مەجۇجلەردىن مۇداپىئەلەنگۈچى سەددى ئىسكەندەر ۋە 842 ـ يىلى خەلىپە ۋاسىقنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈشى») 592 — 597 ـ بەتلەر.

[144] ۋىلسون (1922. 607 ـ بەت) «سالام 842 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يولغا چىققان» دەيدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ئاساس كۆرسەتمەيدۇ.

[145] ئىبنى خۇردادبېھ: «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA، 6ـ توم) 170 ـ بەت، فرانسۇزچە تەرجىمىسى 131 ـ بەت؛ ۋىلسون 1922، 597 ـ بەت.

[146] تەبەرى: «تارىخي تەبەرى» IV، 1329 ـ بەت؛ «ۋاسىق خەلىپىلىك تەختىگە ھىجرىيە 227 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چارشەنبە چىققان» (841 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، دۈشەنبە).

[147] تەبەرى: «يىلنامە» IV، 1338 ـ بەت؛ «ھىجرىيە 230 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دۈشەنبە قازا قىلدى» (844 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، چارشەنبە).

[148] يەجۇج ـ مەجۇجلەر ھەققىدىكى ئەھۋالنى پېللىئوتنىڭ «ماركوپولو»غا ئىزاھ» ناملىق ئەسىرىدىن

كۆرۈڭ.

[149] كاۋكاز تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئاۋار قوۋمى. مىنورسكىي 1970، 447 — 450 - بەت؟ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ Daghestan ماۋزۇسىغا قاراڭ (بارتولد يازغان).

[150] ۋىلسون 1922 دا ئىدرىسىنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ تولۇقلىغان. كېيىنكى ماۋزۇلارغا قاراڭ.

[151] ئىبن فەقىھ: «ئەللەر» (BGA، 5 - توم) 301-بەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سالام ۋاسىق قاتارلىق كىشىلەر توغرىسىدا سۆزلىدى ۋە ‹سەمەرەدىكى ۋاسىق ئوردىسىدىن يولغا چىقىپ 28 ئايدىن كېيىن يەنە شۇ جايغا قايتىپ باردۇق› دېدى». بۇ ئەسەردە ئىبن خۇردادبىھنىڭ ئەسىرىدىن كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى «ئەللەر» نىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسى. بۇ جايدا بەزى مەزمۇنلار قىسقارتىۋېتىلگەن. جەيھانىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىكى al — Djayhani ماۋزۇسىغا قاراڭ. ئۇنىڭ سالامنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدىكى بايانلىرىنى كېيىنكى ماۋزۇدىن كۆرۈڭ. مۇقەددەسى ئۆز ئەسىرىدە (BGA ، 3 - توم 362 — 365 - بەت) ئىبن خۇردادبىھنىڭ خاتىرىسىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى بەزى تەپسىلاتلار بىزگە يېتىپ كەلگەن ئىبن خۇردادبىھنىڭ قىسقارتىلما ئەسىرىدە (BGA ، 6 - توم) كۆزگە چېلىقمايدۇ، ئەمما مەزكۇر ئەسەردە سالامنىڭ شەرقتىكى پائالىيەتلىرى قىلچە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئىدرىسىنىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسى ھەققىدىكى بايانلىرىنى ۋىلسون 1922 - دىن كۆرۈڭ.

[152] مۇقەددەسى، BGA، 3 - توم 362 - بەت.

[153] كراچكوۋسكىي 1957، 138 - بەت.

[154] ۋىلسون 1922، 599 -، 601 — 602 - بەتلەرگە

قاراڭ (دې گويېنىڭ پىكرى ھەققىدە توختالغان).

[155] ۋىلسون 1922، 610 ـ بەت.

[156] دې. گويېنىڭ «يەجۇج ـ مەجۇج تېمى» ناملىق ماقالىسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم.

[157] ۋىلسون 1922، 602 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

[158] خ. يۇلى: «جۇڭگو ۋە ئۇياققا بارىدىغان يول» 1ـ توم، قوشۇمچە خەرىتە.

[159] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانــــى» فاكسىمىل نۇسخا 625ـ، 98 ـ بەتلەر ۋە يۇمىلاق خەرىتە؛ مىنورسكىي 1948، 290 — 291 ـ بەتلەر.

[160] ۋىلسون 1922، 599 ـ بەتتىن نەقىل ئېلىندى. بۇلار BGA، 6 ـ توم 169 ـ بەتتىكى ئىزاھ B دىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

[161] ئەسلىي مەتىندە Liulou دەپ خاتا بېسىلىپ قالغان. ۋىلسون (1922، 602 ـ بەت) Liulan/ كروران دەپ ئوقۇغان.

[162] بارسخان ھەققىدىكى ئېنىقلىـــما، جۇملىـــدىن Nushidjan بىلەن بارسخاننىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە يۇقــىرى، تۆۋەن بارسخاننىڭ ئورنى قاتارلىقلارنى مىنورسكىي 1948، 290 — 291 ـ بەتلەردىن كۆرۈڭ.

# ئۈچىنچى باب قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تەرەققىياتى

## 1ـ بۆلۈم قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

840 ـ يىلىدىكى ۋەقەدىن كېيىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ماكانلاشتى. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. بۇ ھاكىمىيەت خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا شىجۇ (قوچو) ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ھاكىمىيەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىرىگە تەۋە بولغان شىجۇدا ئىدى. شۇ يەردىن تېپىلغان تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇلار «Qocho Uighur» دەپ، يەنى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. قوچو ئۇيغۇرلىرى يەنى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئەينى چاغدىكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى چوڭ ۋەقە ئىدى.

تاڭ داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 856 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆسەن، كىنگىت ئەتراپلىرىدىكى كۆسەن ئۇيغۇر قاغانى پانتېكىننى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەرخىل تارىخىي ماتېرىياللاردا پانتېكىننىڭ تەڭرىتاغ رايونىنى مەركەز قىلغان غەربىي يۇرت سىياسىي سەھنىسىدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

ئۇزۇلۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا پاتىپكىن ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ گەنجۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىكى مۇجمەل خاتىرىلەر بار①.

«. . . . . ئۆگە (قاغان) سىگلىسىنى شېرۋىلارغا ياتلىق قىلىپ ئاشۇلارغا قارام بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي ھوقۇقىغا كۆز تىككەن تويىنچور ئاۋام ئۇيغۇرلارنى كۇشكۇرتۇپ ئۆگەنى ئالتۇن تاغدا قەتل قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنان تېكىننى قاغانلىققا ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا قايتىدىن بەش مىڭچە پۇقرا توپلاندى. بۇ كىشىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە كېرەكلىك ئاشلىق ۋە قويلارنى قىماقلار پادىشاھى شۇ شىلاڭ ئەۋەتىپ بەردى. داجۇڭنىڭ 1 - يىلى (847 - يىل) ئەتىيازدا جاڭ جۇڭۇ قىماقلار قوۋمىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگۇدەك بىر نەرسىسى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار كۇنسېرى پىتىراپ تاراپ كەتتى. 2 - يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە پەقەت قاغان، بۇيرۇق دېگەندەك تۆرىلەر بولۇپ بەش يۈزچە كىشىلا قالدى ۋە داۋاملىق شېرۋىلارنىڭ قانتى ئاستىدا پاناھلاندى. جاڭ جۇڭۇ خېجىلىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان شېرۋىلارنىڭ يوجۇ ئايمىقىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنان تېكىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە يوجۇ ئايمىقىغا بېرىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىنان تېكىن قورقۇپ شۇ كېچىسى ئايال قارلۇق، ئوغلى دوست تېكىن قاتارلىق توققۇز كىشى بىلەن ئاتلىق يولغا چىقىپ كۇنپېتىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇق، تارقان ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا چوڭ - كىچىك پۇقرالىرى ھەممەيلەن قاتتىق يىغا - زار قىلىشتى. شېرۋىلار قالدۇق ئۇيغۇرلانى يەتتىگە بۆلۈپ، يەتتە شېرۋىلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن بۆلەكنى ئىگىلىدى. ئارىدىن ئۈچ كېچە

ئۆتكەندىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ ۋەزىرى ئاپان ياۋايلارنىڭ يەتتە تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ تۆۋەنكى تيەندې باركاھىنىڭ شىمالىدا ئىنان ۋە باشقا ئۇيغۇرلارنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە شېرۋىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. شېرۋىلارغا قارام بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپان چۆللۈكىنىڭ شىمالىغا ئېپكەتتى. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سىرتلاردىكى تاغ ـ دالىلارغا، ئورمان ـ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ يات قوۋملارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلاش بىلەن جان باقتى. كۆڭۈل رىشتىسىنى كۈنپېتىشتىكى ئەنشىدە تۇرۇۋاتقان پانتېكىندىن ئۈزمىدى ۋە ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. پانتېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى ۋە بۇيرۇق ـ تارقانلىرى ئاجىز بولغاچقا كۈچلۈكلەرگە ئەل بولدى ۋە گەنجۇدا ماكانلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئالتۇن دەۋرى بولسا كەلمەسكە كەتتى. يېقىندا سۇلالىمىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ قاشتېشى، تۇلپار قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلدى. كېيىن سودىسىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەتتى.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر ھەققىدە قىسسە» نىڭ 6133 ـ بېتىدە ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» تاڭ خاتىرىلىرى» «شۈەنزوڭ داجۇڭنىڭ 1 ـ 2 ـ يىلى (8030 — 8031 ـ بەتلەر) دا بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارنىڭ قىماق پادىشاھسىغا، شېرۋىيلارغا تايانغانلىقى ۋە كېيىن قىرغىزلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنىڭ «كونا تاڭنامە» بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقى بۇ ماتېرىيالنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» («通鉴») دا كونكرېت يىل ئايلار خاتىرىلەنگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلاردىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ «ئوردا خاتىرىلىرى» دىن ئېلىنغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، بۇ سۇڭ

دەۋرىدە يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ گەنشى گەنجۇلارغا نىسبەتەن قىلغان ئىشلىرىغا ئۇلاپ قىلغان بايانلىرىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلمىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق خاتىرىلەر بار:

«.... (قىرغىزلار) ئۇيغۇرلانى تامام ئۇزىگە قوشىۋالغاندىن كېيىن شىمالغا قايتتى. قالدۇق ئۇيغۇرلار تاغ - ئورمانلارغا مۆكۈنۈپ ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ، پان تېكىننىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. بۇ ۋاقىتتا پانتېكىن ئاللىقاچان ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ گەنجۇدا تۇرۇۋاتاتتى ۋە چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. پادىشاھ شۈەندى ئارىلىقنىڭ ئۇزاق چۆل - باياۋان بىلەن ئايرىلىپ تۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ لىڭجۇدىكى سەردارنىڭ يېنىغا ئەلچى ئەۋەتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسىمۇ تاڭ ئەلچىسى بىلەن بىرلىكتە ئاستانىگە كەلدى. پادىشاھ دەرھال (پانتېكىنگە) تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك بىلگە دىيانەتلىك قاغان دەپ ئۇنۋان نامى ھەدىيە قىلدى. كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە ئۇلار ئۇزلۇكسىز سوۋغات يوللاپ تۇردى».

«ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«...... (قىرغىزلار) ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق قوۋمىنى تامام ئۆزىگە قوشىۋالغاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتتى. يەنە بىر قانچە ئۆيلۈك قالدۇق ئۇيغۇرلار تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە قېلىن ئورمانلارغا مۆكۈنۈپ، ھەر قايسى قوۋملارنى بۇلاپ - تالاپ ياشىدى. ئۇلارنىڭ قوۋمىدىن بولغان پانتېكىن دەسلەپ ئەنشىدە قاغان دەپ جاكارلاندى ۋە كېيىنچە گەنجۇدا ماكانلاشتى. چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى بارچە شەھەرلەر ئۇنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتى. قوۋم - قېرىنداشلىرى بارا - بارا ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ پات - پاتلا سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇردى».

چۈنكى، داجۇڭنىڭ 10 - يىلى (مىلادىيە 856 - يىلى) پانتېكىن يەنىلا ئەنشىدە ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىككى كىتاب چوقۇم پانتېكىننىڭ ئەنشىدە خان ئاتالغانلىقى (داجۇڭنىڭ 1 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى) چۆللۈكنىڭ غەربىدە شەھەرلىرى بارلىقى ۋە داجۇڭنىڭ 10 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەنگە ئېلىپ مەنسەپ بەرگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىقتىن كۆچىيىپ گەنجۇدا دۆلەت قۇرغانلىقى قاتارلىق بۇ ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (14114 - بەت) ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار ۋاسساللار - 4 ئۇيغۇرلار» (7714 - بەت) دا تېخىمۇ قالايمىقان قىلىۋەتكەن. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار بۇ خىل خاتىرىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مايىل بولماقتا②، ھەمدە كېيىنكى قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنى پانتېكىن ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى تىكلىگەن بەلكى مىلادىيە 866 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدا پەيدا بولغان بۆگۈكۈن بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. پانتېكىن ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ گەنجۇغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، ياكى پانتېكىننىڭ گەنجۇدا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلىق ئېھتىمالىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىملاردىن، كۇۋاتارۇكۇرۇ (1928)، ۋاڭ رىۋېي، (1936)، خامىلتون (1955)، ئابې تاكېئو (1955)، خانېدا تورۇ (1957) مايىتا ماساما (1962) قاتارلىقلار بار. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سولو، مۇگۇاڭۋېن (1958) قاتارلىقلارمۇ پانتېكىننى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەجدادلىرى قاتارىغا قويىدۇ. پانتېكىن ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ گەنجۇغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلىق نۇقتىئىنەزىرى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىككى، تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا «كونا تاڭنامە» نى تۈزەتكەن كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىننىڭ ۋەزىرى لىۋ شۇ

( 887 ـ 946 ـ يىللار ) نىڭ قارىشى تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ئەينى چاغدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كېيىنكى تاڭ كېيىنكى جىنىنىڭ ئوخشاشلا ئالاقىسى بولۇپ، ليۇشۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەينى دەۋردىكى خاتىرىلەر ياكى تارىخىي كىتابلاردا كۆرۈلمەيدۇ.

بۆگۈكۈنگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار تۆۋەندىكىدەك: «كونا تاڭنامە، يىزۇڭ خاتىرىلىرى» نىڭ 660 ـ بېتىدە③:

«<شيەنتوڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 866 ـ يىلى>) 10 ـ ئايدا (11 ـ ئاينىڭ 11 دىن 12 ـ ئاينىڭ 10 غىچە) شاجۇلۇق جاڭ يىجاۋنىڭ بايان قىلىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆگۈكۈن توبۇتلەر ۋەزىرى شاڭ كۇڭرې بىلەن ئۇرۇشقان، توبۇتلەر مەغلۇپ بولۇپ شاڭ كۇڭرېنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ پايتەختكە ئەۋەتىپ بېرىلگەن» . «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» (6133 ـ 6134 ـ بەتلەر) دە «يىزۇڭنىڭ ۋاقتىدا ئاتامان بۆگۈكۈن بەشبالىقتىن چىقىپ توبۇتلەرگە زەربە بېرىپ، شاڭ كۇڭرېنىڭ كاللىسىنى، ئېلىپ شىجۇ ئۇرۇمتاي قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى.

«يېڭى تاڭنامە، توبۇتلەر ھەققىدە قىسسە» (6108 ـ بەت) دە «<شيەنتوڭنىڭ 7 ـ يىلى> بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن بۆگۈكۈن ئۇرۇش قىلىپ شىجۇنى ئېلىپ نۇرغۇن قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشتى. شىنجۇ شەھىرىدە جاڭ جىيۇ شاڭ كۇڭرې بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئولجا ئېلىپ تەقدىم قىلدى. توبۇتلەرنىڭ قالغانلىرى بېنشيەن، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىپ ھېراۋۇل شۆ خۇزۇڭدىن پانالىق تىلىدى. بۆگۈكۈن بىلەن توبۇتلەر ئارىسىدىكى جەڭدە شاڭ كۇڭرېنىڭ كاللىسى ئېلىندى، ۋە پايتەختكە ئېلىپ

كېلىندى.» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر، تاڭ خاتىرىلىرى» (8113 ـ بەت) دە«< شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى> باھار، 2 ـ ئايدا( مىلادىيە 866 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە) گۈيىي ھېراۋۇلى جاڭ يىچاۋنىڭ ئېيتىشىچە، بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بۆگۈكۈن تېكىن شىجۇ، بەشبالىق، بۈگۈر، چىڭجېن قاتارلىق شەھەرلەرنى بويسۇندۇرغان. كۆگرېغا كەلسەك ئۇ كۈجۇ دا تۇرۇپ يېنىغا قەبىلىلەرنى توپلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇرتىغا سانجىلغان مىق بولماقچى بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بويسۇنمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەن دەپ ئويلاپ سىغدۇرمىدى. ئۇلار شەنجۇدىكى توبا خۇەيگۇاڭغا ئەرز قىلدى، خۇەيگۇاڭ لەشكەر چىقىرىپ (ئۇلارنى) مەغلۇپ قىلدى. كېيىنكى ئايدا ( 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە) تۇبۇتلەر بېنشيەن، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا كىرگەندە ھېراۋۇل شۆ خۇگزۇڭ ئۇلارنى توستى. قىش 10 ـ ئېيىدا(11 ـ ئاينىڭ 11 دىن12 ـ ئاينىڭ 10 غىچە) . . . . . . توبا خۇەيگۇاڭ بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن كۈجۈغا كىرىپ، لۈنگۈگرېننى تىرىك تۇتۇپ، ئالدى بىلەن پۇتىنى چېپىۋېتىپ كېيىن ئۇنى پارا ـ پارە قىلىپ چاناپ تاشلىدى ۋە بېشىنى پايتەختكە ئەۋەتتى. قالغان قەبىلىلەر شەرقتىكى چىنجۇغا قېچىپ، شاڭ يەننى يارد‌ەمگە چاقىرىپ مەغلۇپ بولدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا لىڭنەنگە كۆچۈپ كەتتى. «تۇبۇتلەر ئۆزلۈكىدىن ئاجىزلاپ يوقالدى، ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمىدى» دېيىلگەن. «يىزۇڭنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دە④:

«<شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى باھارنىڭ 2 ـ ئېيىدا> جاڭ يىچاۋنىڭ دېيىشىچە بۆگۈكۈن دەريانىڭ غەربىدىكى قەبىلىلەردىن خۇ، خەنلەرنى قوشۇۋاپتۇ، ھەم شىجۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالغانلىقىنى تەبرىكلەپتۇ» «جاڭ يىچاۋ يەنە ئېيتىدۇكى، شەنجۇ

شەھىرىدىن جاڭ جېيۇ توبا خۇيگۇاڭنى يالاپ ئېلىپ چىقىپ شاڭ كۇڭرې سانغۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ قورال - ياراق ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۆزىمۇ كىرىپ سالام بېرىپتۇ» دېيىلگەن.

1942 - يىلى خوجېئىدا ئاكىرا ئۆزىنىڭ ئەسىرى «شاجۇنى بۇيسۇندۇرغۇچى قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلى (2)» دا بۆگۈكۈن ۋە بارلىق ۋەقەنى تەكشۈرۈپ «ئۇمۇمىي ئۆرنەكلەر» بىلەن «ئۇمۇمىي ئۆرنەكلەر ھەققىدە تەمسىل» دىن ئېلىنغان نەقىل «يىمزۇڭ خاتىرىلىرى» دىكى خاتىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كونا يېڭى «تاڭنامە» دە بۆگۈكۈنىنىڭ شىجۇ بەشبالىقنى تارتىۋېلىش ئىشى بىلەن جاڭ جېيۇ، توبا خۇيگۇاڭلارنىڭ شاڭ كۇڭرېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ئىشىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن⑤ دەپ قارايدۇ. خوجېئىدا ئىككى ئىشنى توغرا ئايرىپ «بۆگۈكۈنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرغان» دېگەن پىكىرگە ئاساس سالدى. بىراق، ئۇ بىلەن جاڭ يىچاۋ ۋە پانتېكىننىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرمەي، پەقەت ئاددىيلا قىلىپ كۇاتارۇ كۇرۇ «جاڭ يىچاۋ بۆگۈكۈننى ئەۋەتكەن» دېگەنگە نىسبەتەن تۇتقان گۇمانىغا⑥ قوشۇلغان ھەم «بەشبالىق ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئاتالغۇدىن بۆگۈكۈن بىلەن پانتېكىننىڭ ئوخشاش بىر تارماق ئۇيغۇر ئەمەسلىكىنى ئويلاشقان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ تىلغا ئالغان بۆگۈكۈن «تارتىۋالغان» بېرى داجۇڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 851 - يىلى) تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى شىجۇ ئىدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى خوجېئىدا ئاكىرا بۆگۈكۈن دۇمۇ «فەنچۇەن توپلىمى» دا تىلغا ئالغان شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتامانى دەپ قارىغان. 1955 - يىلى ئابې تاكېئو غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات دېگەن كىتابىدا⑦ كۆز قارىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكۈنلەپ، بۆگۈكۈنىنىڭ دەل داجۇڭنىڭ 5 - يىلىدىكى تاڭ سۇلالىسى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى

مۇشۇ ئىسىل ئۆگەسىنىڭ (؟؟)، تۇرۇشلۇق ئورنى بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئۇچۇق ئېيتقان ھەم شىيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى بۆگۈكۈن قوغلىۋەتكەنلەر تىبەتلەر دەپ قارىغان.

1977 - يىلى مورى ياسۇتاكائۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى تەتقىق قىلغان ماقالىسىدە⑧ خوجبېشىدا ئاكىرا، ئابې تاكېئولارنىڭ بىلەن كۈنكۈڭرېنى ئايرىۋېتىپ تەھلىل قىلىشىغا قوشۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تىبەتلەرنىڭ داجۇڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 851 - يىلى) دىن كېيىنكى مەلۇم چاغدا شىجۇ، بەشبالىقلارنى قايتىدىن ئىگىلىگەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى قارا شەھەر پانتېكىننىڭ قولىدا، گۇاجۇ، شاجۇلارنى جاڭ يىچاۋنىڭ قوشۇنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، 840 - يىلىدىن كېيىن كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن تىبەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە شىجۇ بەشبالىق ئەتراپلىرىغا بېرىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىكى ئۇيغۇرلار يىمىرىلگەندىن كېيىن «پانتېكىن كىنگىتتە تۇرىدۇ، ئۇ يابغۇ دەپ ئاتىلىدۇ، قالغان قىسمى يۇلتۇز ۋادىسىدا ساقلاۋاتقان بولۇپ، سانى ئىككى يۈز مىڭ ئىدى» دېگەن خاتىرىلەرگە دىققەت قىلغان بولۇپ، بۆگۈكۈن قاتارلىقلارنى ئەسلىدىلا پانتېكىننىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئىدى، دەپ قارىغان.

ئۇ يەنە گەردىزىنىڭ (Gardizi) كىتابىدىكى بەش شەھەر (بەشبالىق) ۋە جۇڭگو شەھىرى (Chinadj,kath =قۇچۇ) نىڭ پادىشاھى كۆل تېگىن (Kul—tegin) نىڭ ئاكىسىنى ۋە كىنگىتتىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانىنى يوقاتقانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بۆگۈكۈن پانتېكىنغا قىلغان غەلىبىسىنى يەنى شىيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى شەرقىي تەڭرىتاغدىكى كۈرەشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش - تارتىشنى ئەكس

ئەتتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.
1983 ـ يىلى مالىياۋكىن يۇقىرىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسىدا، يۇرەكلىك ھالدا بۆگۈكۈننى شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئىچىدىكى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ داھىيسى، تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ رەھبىرى دەپ قاراپ، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا پانتېكىن ياكى ئۆگەگە ئەگىشىپ قاچمىغان. بىراق، مىلادىيە 866 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قىتانلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن بەشبالىق ۋە شىجۇغا كۆچۈپ كەلگەن ھەم تۇرپان (شىجۇ) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان دەپ تونۇيدۇ⑨.
يۇقىرىدىكى تەتقىقاتلاردا بولۇپمۇ 70 ـ، 80 ـ يىللاردىكى مورى ياسۇتاكائو ۋە مالىياۋكىنلارنىڭ بۆگۈكۈن ھەققىدىكى قىياسىدا، سەۋەنلىكلەر بار. مالىياۋكىننىڭ بۆگۈكۈن مىلادىيە 866 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تېلى قەبىلىلىرىنى باشلاپ «مەجبۇرىي» چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشى پەقەت لوگىكىلىق يەكۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ تارىخىي ماتېرىيال ئاساسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە تارىخىي ماتېرىياللار ئەينى چاغدا چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ دەل ھوقۇق بوش قالغان ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن، «لياۋ تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا كىدانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن غەربكە قاراپ كېڭىيىشى تاڭ سۇلالىسى تيەنفۇنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 902 ـ يىلى) كۆزدە ياللۇغ ئاباۋجىنىڭ 40 تۈمەن كىشلىك قوشۇنى بىلەن دەريانىڭ شەرقىدىن شىمالىغا جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ 9 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللىرىدىلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا كۈچلۈك مىللەت بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي ماتېرىيال يوق. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار زاۋال تاپقاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز شەرققە كۆچكەن شىرۋى، تاتار قەبىلىلىرىمۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا مەلۇم كۆلەمدىكى ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۈرمىگەنىدى⑩. ئەكسىچە

بولغاندىمۇ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (8181 ـ بەت) تىكى تاڭ سۇلالىسى چيەنفۇنىڭ 2 ـ يىلىدىكى ( مىلادىيە 875 ـ يىل) «ئۇيغۇرلار يەنە (خې) لۇچۇەنگىچە باردى. 11 ـ ئايدا ئەلچىسى توگرا يۇلۇنى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان تۇمەن توپ شايىنى تاپشۇرۇپ ئالدى» دېگەن خاتىرىلەرمۇ ئەينى چاغدا خېلۇچۇەن ھەم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى ھاكىمىيەتنىڭ بوش قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مورى ياسۇتاكائۇنىڭ مۇلاھىزىسى گەرچە بىر قەدەر مۇۋاپىق بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ داجۇڭنىڭ 5 ـ يىلىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى چوپاندارىنى پانتېكىن ئەۋەتكەن دەپ تونۇشىنىڭ ئېنىقلا ئاساسى كەمچىل. يۇقىرىدا بايان قىلغاندىكىدەك قۇچۇ ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلار داجۇڭنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 851 ـ يىلى) ئاللىقاچان پانتېكىندىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلىغا كەلگەندە (مىلادىيە 856ـ يىلى) ئۇلارمۇ گۇاجۇ، شاجۇ ھاكىمىيىتىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەمما، بۆگۈكۈننىڭ بۇ چاغدا گۇاجۇ، شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دۈشمەنلىشىش بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىكى بۆگۈكۈننى جاڭ يىچاۋنىڭ ئەۋەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر گەرچە «ئوردا خاتىرىلىرىنىڭ ھەققىي دەلىلىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۆگۈكۈن بىلەن گۇاجۇ، شاجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر داجۇڭ يىللىرىدىكى قۇچۇ ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى كېيىنكى بۆگۈكۈن بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى نۆۋەتتە يەنە نۇرغۇنلىغان ماتېرىيالسىز تىكلەنگەن بوش ھالقىلار بار.

شۇنداقلا 866 ـ يىل ۋەقەسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش

ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بۆگۈكۈنىنىڭ شىجۇنى ئىگىلىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولماس.

P3451 نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ يازما يادىكارلىقى خۇەيشىنىنىڭ ئىسيان قىلىشى» دەپ ئاتالغان (تەقلىد نامى) ⑫ ئۇنىڭدا يېزىلغان مەزمۇنلار توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. شيەنتۇڭنىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 867 - يىلى) جاڭ يىچاۋ ئوردىغا سالامغا كېلىپ، چاڭئەندە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، جاڭ خۇەيشېن بۇيرۇق بويىچە بەيتەتچى قوشۇنىنى باشقۇرۇپ تۇرغان بولۇپ، كېيىن داشۇنىنىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 890 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن⑬. بۇ ئەسەردە باش قەھرىمان «دىۋان بېگى» نىڭ لەشكەر تارتىپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى ھەم شىجۇ ئەتراپلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىق ۋەقەسى يېزىلغان. سۇن كەيدىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ «دىۋان بېگى» دەل جاڭ خۇەيشېن بولىدۇ، بۇۋەقە «كېچىككەندىمۇ جۇڭخېنىڭ 4 - يىلىدىن (مىلادىيە 884 - يىلىدىن) كېيىن ياكى جيەنفۇ يىللىرىدا (874 - 884 - يىللار) ⑭ يۈز بەرگەن. ۋاڭ جۇڭمىن قاتارلىقلار تۈزگەن «دۇنخۇاڭدىكى نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلەر توپلىمى» نىڭ «سىپلىشتۇرۇش خاتىرىلىرى» بۇ خىل قاراشنى ئېھتىمال توغرا دەپ قاراپ «جاڭ جىڭچيۇ يازغان «جاڭ خۇەيشىنىنىڭ قەبرە پۈتۈكلىرى» دا دېيىلگەن. «چيەنفۇ يىللىرىدىكى ئۆزگىرىشتە تۆھپە كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئەلچىلىك دەستىكى قايتىدىن جەۋلان قىلدى. ئۇلار خان ئالىيلىرىغا ئالاھىدە ئەل بولۇپ، قورۇلغا كەلدى. سۇلالىمىز ئەلچىسى سۇڭ گۇاڭتىڭ دەپ ئاتىلىدىغان كىشى ئىدى.» لەر ئېھتىمال مۇشۇ ئىشنى كۆرسەتسە كېرەك ھەم سۇڭ گۇاڭتىڭ بولسا توققۇز ئەلچىسىنىڭ بىرى دەيدۇ⑮. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى رۇڭ شىنجياڭنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا، گەرچە نەسرىي بىلەن نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان

ئەسەردىكى دىۋان بېگى جاڭ خۇەيشېننى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن شۇبھىلەنمىسىمۇ لېكىن نەسرىي بىلەن نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان ئەسەرنىڭ يىل دەۋرىنى چيەنفۇ، جۇڭخې يىللىرىنىڭ ئارىلىقىغا بېكىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى تېكىستنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدىكى «ئەمىرى زېمىن» ئاتالغۇسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا «نەسرىي بىلەن نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان ئەسەر» تېكىست بولۇپ شەكىللەنگەن ۋاقىت جاڭ يىچاۋ خانلىقىغا قايتقان شيەنتۇڭنىڭ 8 ـ يىلىدىن 13 ـ يىلىغىچە بولۇشى كېرەك (؟ 872 ـ 867) ، ئۇنىڭدا يېزىلغان ئىشلارمۇ شۇ بۆلەك ۋاقىتتا ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇشى كېرەك» ، «نەسرىي بىلەن نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان ئەسەر» بولسا شيەنتۇڭنىڭ 13 ـ يىلىدىن سەل بۇرۇن شاجۇ ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى كېرەك»⑯ شۇڭا مەزكۇر تېكىست بىزگە شيەنتۇڭنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 867 ـ يىلى) جاڭ يىچاۋ خانلىقىغا قايتىپ چاڭئەندە تۇرۇپ قېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شاجۇنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار كېلىپ تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى، نەتىجىدە جاڭ خۇەيشېننىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى شىجۇ، بەشبالىق قاتارلىق جايلارنى يېڭىلا ئىگىلىگەن بۆگۈكۈن بولۇشى كېرەك.

بۆگۈكۈننىڭ بىر تارماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا P5007 ـ نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ خەنزۇچە كەمتۈك ئەسەر «تۆت رۇبائىي» دا تېخىمۇ يېڭى مەلۇماتلار بار، «تۆت رۇبائىي» ئىچىدىكى تۆتىنچىسىنىڭ سەرلەۋھىسى بولسا:

«بۆگۈكۈن ساماۋى پادىشاھ چيەنفۇنىڭ 3 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇۋېرغول مەغلۇپ قىلدى. . . . جيۇچۇەننى بۇلاپ تالىدى، كېيىن يەنە، تىنچلىق ئۈزۈلدى. » شېئىردىن پەقەت تۆۋەندىكى بىرلا تولۇقسىز جۈملە قېلىپ قالغان.

ئۇيغۇرلارنى ياۋۇز دېيىشىدۇ.

بۇ تولۇق بولمىغان شېئىردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 866 ـ يىلى) شىجۇ، بەشبالىقنى ئىگىلىگەن، شيەنتۇڭنىڭ 8 ـ يىلىدىن كېيىن شاجۇغا بېسىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، جاڭ خۇەيشېننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار چيەنفۇنىڭ 3 ـ يىلى (867 ـ يىلى) يەنىلا شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن بەلكى يەنە يېقىن ئەتراپتىكى يىجۇغا ھۇجۇم قىلىپ، شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا ئۇرۇنغان⑰. ئەمەلىيەتتە ئىشۋېرغول ئەتراپلىرىدا ئۇلار شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن كۆپ قېتىم تۇتۇشقانىدى. «جاڭ خۇەيشېن . . . . » نى ئاخىرىدىكى باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ يېزىلغان جاڭ خۇەيشېننى مەدھىيىلەيدىغان يەتتىلىك جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان بىر قانچە كۇپلېت شېئىردىن «غەربتە ئىشۋېرغول ئايىمىقىنى ئالدى كونا زېمىننى تاڭ»⑱ دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شاجۇ ھاكىمىيىتى بىلەن ئىشۋېرغولدا ئېلىشقانلىقىنى ھەم ئىشۋېرغولنى بىر مەزگىل ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىراق، بۆگۈكۈن ئۇيغۇرلىرى چيەنفۇنىڭ 3 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت ئىشۋېرغول ئىگىلەپ تۇرغانمۇ، يوق؟ «شاجۇ، ئىشۋېرغول يەر ـ جايلار تەزكىرىسى»⑲ ئۇلارنىڭ بۇ جايدا بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ «جايلار تەزكىرىسى» نى جاڭ خۇەيشېننىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭدا چىڭ گۇاڭچىنىڭ 1 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى (886 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) لىڭجۇنىڭ تەسەللى بەرگىلى كەلگەن ئەلچىسىدىن كۆچۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ قىزىقارلىق بولغىنى ئۇ بۆگۈكۈن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىجۇۋغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان. ئۇنىڭدىكى بارلىق تېكىستتىن بولۇپمۇ ئۇنىڭدا دېيىلگەن

«مەملىكىتىمىزنىڭ تاڭ خاندانلىقىمىز ئۇيغۇرغولدا مەھكىمە تەسىس قىلىشنى باشلاپ بەرگەن. بايىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ جاي تۇبۇتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. داجۇڭنىڭ 4 - يىلى جاڭ يىچاۋ قايتۇرۇۋالدى. بۇ شەھەردە شاجۇلۇقلار، چاڭلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. نوپۇسى 1300» دېگەن بايانلاردىن قارىغاندا، داجۇڭنىڭ 4 - يىلىدىن (850 - يىلى) «جايلار تەزكىرىسى» كىتاب بولغۇچە يىجۇنى ئاساسەن باشتىن - ئاخىر شاجۇ بەيئەتچىلەر قوشۇنى كونترول قىلىپ تۇرغان. شۇنداقلا «جايلار تەزكىرىسى» نىڭ پۈتكەن ئېنىق ۋاقتىنى بىلىمگەنلىك سەۋەبىدىن بۇنىڭ «تەڭرىلەر خانى پادىشاھ چيەنفۇنىڭ 3 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يىجۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان» دىن بۇرۇنقى ياكى كېيىنكى ئىشىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىش ناھايىتى قىيىن، ھەتتا ئۇ شيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى (866 - يىلى) بۆگۈكۈن پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما، «جايلار تەزكىرىسى» ناگا جەمەتى ياكى ئەجدىھا قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«جايلار تەزكىرىسى» دە «ئەجدىھا قەبىلىسىدىكىلەر ئەسلى قارا شەھەرلىكلەر بولۇپ، بۆگۈنكى گەنجۇ، سۇجۇ ئۇيغۇرغول قاتارلىق جايلاردا سەردارلىرى بار، ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر ھەتتا پادىشاھلارمۇ شۇنداق» ھەممە تاڭ سۇلالىسى رويخەتكە ئېلىپ ۋەزىپىگە قويغان بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا⑳ ئۇيغۇرغولدىن تارقاپ كەتكەن ھەممە خېشىنىڭ غەربىگە تارقىلىپ، كەتكەن ئەجدىھا جەمەتى ياكى قەبىلىسى ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغاندەك قىلىدۇ. دۇنخۇاڭ يازما يادىكارلىقى S389 - نومۇرلۇق «شاجۇ

قورۇقچى بېگىنىڭ بەيئەتچى قوشۇن ساتراپىغا يوللىغان مەكتۇپى» دا جۇڭخېنىڭ 4 ـ يىلى (884 ـ يىل) نىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى، ئەجدىھا پادىشاھ باشلاپ ماڭغان ناگا جەمەتى ئىلگىرى گەنجۇ شەھىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەنلىكىنى، بىراق جۇڭخېنىڭ 4 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى غەربكە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، پەيدىنپەي ئەسلىدىكى ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تۇيغۇن، چاڭلار، توخرا قاتارلىق قەبىلىلەر گەنجۇدىن ۋاز كېچىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ بەيئەتچىلەر قوشۇنى تۇرۇشلۇق سۇجۇغا كىرگەنلىكىنى ھەم بەيئەتچىلەر قوشۇنى بىلەن قارشىلىشىدىغان «بويسۇندۇرۇش ئىنتايىن تەس» بولغان «قاپ يۈرەك دۈشمەن دۆلەتتىن ئۆزگىرىپ «بۇگۈن پۇقرالىرىنى باشلاپ» بەيئەتچىلەر قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.㉑ ناگارلار (ئەجدىھا جەمەتى) نىڭ بەيئەتچىلەر قوشۇنىغا جۇڭخېنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 884 ـ يىلى) تەسلىم بولغانلىقى سەۋەبلىك «جايلار تەزكىرىسى» دە ناگارلارنى خان بولۇشقا مام دەپ ئاتىغان. شۇڭا، «جايلار تەزكىرىسى» تاماملانغان ۋاقىت جۇڭخېنىڭ 4 ـ يىلىدىن كېيىن بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ خاتا بولمىسا «جايلار تەزكىرىسى» ھېچ بولمىغاندا جۇڭخېنىڭ 4 ـ يىلى ئۆۋېرغول يەنىلا شاجۇنىڭ قولىدا دېيەلەيدۇ. چيەنفۇنىڭ 3ـ يىلىدىن كېيىن شاجۇ ناھايىتى تېزلا بۆگۈكۈن ئۇيغۇرلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ئۆۋېرغولنى قايتۇرۇۋالغان.

بۇ «جايلار تەزكىرىسى» دە يەنە ئۆۋېرغول قوشۇنىنىڭ تۆت تەرىپى «شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن ئۆۋېرغولغا بېرىشتا 300 چاقىرىم، غەربىي جەنۇبتىن ئۆۋېرغولغا بېرىشتا 800 چاقىرىم، غەربتىن بەشبالىققا بېرىشتا 780 چاقىرىم كېلىدۇ، شەرقىي شىمالى ئوغرىلار بىلەن چېگرالىنىدۇ» دېگەن. بۇ ئۆۋېرغول

قوشۇنىنىڭ شەرقىي شىمالى «ئۇيغۇرلار چېگراسى» بىلەن تۇتىشىدۇ دېگەندىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغدا مۇئەللىپ قوچۇنى «ئۇيغۇرى» دەپ قارىمىغان. «جايلار تەزكىرىسى» نىڭ كۆچۈرگۈچىسى جاڭ داچېڭ ئىلگىرى جاڭ خۇەيشېن بىلەن غەربتىن كېلىپ بېسىپ كىرگەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشقا[22] قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ «جايلار تەزكىرىسى» نى ھېچقانداق پەردازلىمايلا كۆچۈرۈپ چىققانلىقى ئېھتىمال. ئۇنىڭ «جايلار تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورىغا ئوخشاشلا قوچۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاللىبۇرۇن دۈشمەن دەپ قارىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك. شاجۇ بىلەن قوچۇنىڭ توقۇنۇشى ئېھتىمال گۇاڭمىڭ، (880 ـ 881 ـ يىللار)، جۇڭخې «881 ـ 885 ـ يىللار» يىللىرىنىڭ ئارىلىقىدا ياكى چيەنفۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (874 ـ 879 ـ يىللار) ئاللىقاچان تۈگىگەن بولۇشى مۇمكىن. P2762 ـ نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ مەكتۇپى («جاڭ خۇەيشېننىڭ بۇيان مەڭگۈ تېشى») دا جاڭ خۇەيشېن ھاكىمىيەت بېشىدىكى «مەزگىللەردە «ئەتراپتىكىلەر مەدەنىيەتسىز بولسىمۇ لېكىن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئىناقلىقنى تەلەپ قىلاتتى، تەرەپ ـ تەرەپتىن مېھمان كېلىپ تۇراتتى، ئۇلار ئەمەل نەسەبى بويىچە سالامغا كېلەتتى، شىمالدىكى شيەنيۇلەرنىڭ زېمىنى كىچىك بولسىمۇ ئاتلىرى يۈگرۈك ئىدى.

«جەنۇبتىكى ياۋايى قوۋملار ئاجايىپ جاۋاھىراتلارنى تەقدىم قىلاتتى. بۇيۇملارنى تەسۋىرلەشكە ئىنسان تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. دېھقانلار تېرىقچىلىق پەسلىنى قولدىن بەرمەي كۈزدە ئوبدان ھوسۇل ئالاتتى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدا قوللىنىلغانلىقىنى. ......»

گۈزەل سۆزلەر بولسىمۇ بىراق، سىرتقا قارىتا بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئاللىبۇرۇن تىنچلانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بىراق، جاڭ خۇەيشىن يىجۇنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شىجۇنى ئىگىلەشكە كۈچى قالماي، قوچۇ ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقتا بەلكىم ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يول قويغان بولۇشى مۇمكىن. P3569 - نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ يادىكارلىق كىتا[23]بىنىڭ مەزمۇنىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بۇنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ھاراق ئىشلەپ چىقارغۇچى پوقرا ماسەنياڭ ھۆكۈمەتكە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئامبىرىدىن ئالغان ئاشلىقتىن قانچىلىك ھاراق ئىشلىگەنلىكى ۋە ھاراقنىڭ سېتىلىشىنى دوكلاد قىلغان ھەم يەنە بىر قېتىم ئاشلىق ئېلىشنى تەلەپ قىلغان؛ ئىككىنچى قىسمى، يامۇلغا ئاپىرىلىپ سوراق قىلىنىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، يوقىرىغا ھاراقنىڭ تەپسىلىي ھېسابات ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان ۋاقتى گۇاڭچىنىڭ 3 - يىلى 4 - ئاي (مىلادىيە 884 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە)، ھاراق ھېساب كىتابىدىن ئاشۇ بىر ئاي ئىچىدە شاجۇغا ئەۋەتىلگەنلەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرى (35 ئادەم) شەنۋېيلىقلار (6 ئادەم) لياڭجۇلۇقلار (ساۋ ۋەنچېڭ قاتارلىق ئۈچ ئادەم) لياڭجۇ ۋېنجۇ ۋە سۇجۇ دېگەن يەرلەردىن (11 ئادەم) ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەلچىسىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئايرىم كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ئىككى جاينىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ دوستانە ئىكەنلىكىنى ھەم ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ۋاقىت دەل جاڭ خۇەيشىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن (داشۇنىنىڭ 1 - يىلى مىلادىيە 890 - يىلى) جاڭ خۇەيشىن ۋاپات بولۇپ، (بەيئەتچىلەر قوشۇنى) قالايمىقانچىلىق مەزگىلىگە كىرىدۇ، سۇشۇن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ باش كۆتۈرىدۇ، لى ئورۇقىدىكىلەر سىياسىي

ئۆزگىرىش قىلىپ ھوقۇقنى تارتىۋالىدۇ، جاڭ چېڭفېڭ ئالتۇنتاغ دۆلىتىنى قۇرۇپ مۇستەقىل بولىدۇ㉔. (بەيئەتچىلەر) نىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا گەنجۇدىكى ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىپ ئاللىقاچان خېشىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالغان، مىلادىيە 911 - يىلى شاجۇ پۇقرالىرىدىن بىر تۈمەن ئادەم گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۈيۈك خانى تەڭرىخانىنى «ئاتامان» دەپ ئاتاپ ئالتۇن تاغ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى جاڭ چېڭفېڭنى «بالاخان» دەپ بىلدىرغانلىقىنى ھەمدە ھۇجۇم قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرىدۇ㉕.

بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ خارابلىشىشى قۇچۇ ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. E. G. «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» نىڭ يىل دەۋرىنى (Pulleyblank مىلادىيە 925 - يىلى㉖ دەپ بېكىتتى. بۇ توپلام خوتەن ساك تىلىدىكى كىتاب بولۇپ (2 - 3 - قىسمى) ئۇدۇن (خوتەن) ئەلچىسىنىڭ دوكلاتىدۇر. دوكلاتتا ㉗ قۇجۇنى پايتەخت شەھىرى دەپ، يەنە نۇرغۇن شەھەرلەرنى «شىجۇنىڭ شەھەرلىرى» دەپ ئاتىغان. «قۇجۇ» ئېنىقلا بىر خىل ھاكىمىيەتنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى «قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى» بولۇشى كېرەك. «قۇجۇنىڭ شەھەرلىرى» ئىچىدە ئۈمۈرغول بىرىنچى ئورۇنغا تىزىلغان بولۇپ، قارىغاندا ئۈمۈرغول بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئاللىقاچان كونتروللۇقىدا ئەمەستەك تۇرىدۇ. S1366 - نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ يادىكارلىقى (خەنزۇچە) شاجۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھېساب كىتاب خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قامجۇ، يىجۇ، ئۇدۇن، سۇجۇ، دېيەن ئەلچىلىرى يانداشتۇرۇلغان. تاڭ چاغرۇ ئەپەندى دېيەننى قامجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى دېيىن بىلەن سېلىشتۇرۇپ، يازما يادىكارلىق كىتابىدىكى يانداشتۇرۇلغان قامجۇ ئەمەلدارى ۋە دېيەن

ئەمەلدارى بۇ ۋاقىتتا تېخى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىتابتا خاتىرىلەنگىنى مىلادىيە 924 - يىلى دېيەن خان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش بولۇشى كېرەك [28] دەپ قارايدۇ. ئەگەر خاتا بولمىسا ئۇ چاغدىكى ئۆۋېرغولمۇ ئاللىقاچان قامچۇ، سۇجۇلارغا ئوخشاش بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ تەۋەلىكىدە ئەمەس ئىدى. ئۆۋېرغول بىر مۇستەقىل سۇبىستانسىيە سۇپىتىدە مەلۇم مەزگىللىك دۇنخۇاڭ يازما ھۆججەت كىتابلىرىدا كۆرۈلىدۇ[29]. مەسىلەن S1366، 3728 S، P2629 - نومۇرلۇق قاتارلىق يادىكارلىق كىتابلار. ۋاڭ يەندى 981 - يىلى قوچوغا ئەلچىلىككە بارغاندا ئۆۋېرغولدا ئۆۋېرغول خانى چىن شىنى كۆرگەن، ھەمدە «تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 2 - يىلى ئۆۋېرغولنى ئالغان ھەم نەچچە ئون يىل سورىغان» دېگەن بىراق جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا ئۆۋېرغولنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئېنىقلا ساختا بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان قوچو ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار شىيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 866 - يىلى) بۆگۈكۈن مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ بۆگۈكۈن ئۇرۇقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بارا - بارا شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغ رايونىدا پۇت تىرەپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە چيەنفۇنىڭ 3 - يىلى (876 - يىل) دىكى «بارغۇن ساماۋى پادىشاھ» بۆگۈكۈننى كۆرسىتەمدۇ ياكى ئۇنىڭ ئىز باسارلىرىنى كۆرسىتەمدۇ دېگەندە ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە[30] بولمىسىمۇ، بىراق بۇ شېئىر مىسرالىرى بۆگۈكۈننىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ قوچو، شىجۇ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئېنىق دەلىللەيدۇ ھەمدە

«ستايول خالىستوي جىلدلىرى» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قۇچۇ خانىنىڭ تۆھپىلىرى» دىكى بۆگۈكۈن خانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۆگۈكۈن ئۇرۇقىدىكى قۇچۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى دەلىللەيدۇ. شيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلىنى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 2- بۆلۈم قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاشقى ئالاقە پائالىيەتلىرى

قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى شەكىللەنگەن چاغ دەل كىدانلارنىڭ قوشنىلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە ئارقا - ئارقىدىن ئاجىزلىشىۋاتقان مەزگىل ئىدى㉛. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ياللۇغ ئاباۋجى يېڭى مۇھىتتا تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرگە كەلگەندە، ئۇ ئالىقاچان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى خېلى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. ئاباۋجى ئەتراپتىكى ھەر قايسى قوشنا دۆلەتلەرگە، مىللەتلەرگە ئۈزلۈكسىز كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مىلادىيە 927 - يىلى ياللۇغ دېگۇاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇرۇشنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ. مىلادىيە 936 - يىلى شى جىڭتا I غا ياردەملىشىپ كېيىنكى تاڭنى يوقىتىدۇ - دە، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يويۈندىكى 16 ئايماقنى ئىگىلىۋالىدۇ. مىلادىيە 943- يىلىدىن كېيىن ئۇلاپلا جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. مىلادىيە 947 - يىلى ياللۇغ دېگۇاڭ (تەيزۇڭ) جىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭغا كىرىپ بۈيۈك لياۋ دۆلىتىنى قۇرىدۇ㉜.

گەرچە تەيزۇ (907 - 926 - يىللار)، تەيزۇڭ (927 - 947 - يىللار) نىڭ دەۋرىدە كىدان قوشۇنى ئاساسەن چوڭ

چۆللۈكنىڭ شەرقىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ خېلى بۇرۇنلا يەنى تيەنيۇننىڭ 2 ـ يىلىلا (مىلادىيە 922 ـ يىلى) ئۇلار زور قوشۇن بىلەن خېدۇڭ دەيبېيگە جازا يۈرۈش قىلىدۇ㉝. شېنسېبىنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 916 ـ يىلى) تەيزۇڭ خان بولىدۇ، 7 ـ ئايدا «شەخسەن ئۆزى تۈرك، تۇيغۇن، تاڭغۇت، شياۋفەن، شاداپىت قاتارلىق قەبىلىلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ھەممىسىنى بويسۇندۇرىدۇ»㉞. لياۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلاپلا غەربتىن شەرققە قاراپ ھۇجۇم بىلەن سۇجۇ (شەنشى سۇشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالى) ۋيجۇ (خېبېينىڭ ۋېشيەن ناھىيىسى)، شىنجۇ (خېبېينىڭ جولۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، ۋۇجۇ (خېبېينىڭ شۇەنخۇا ناھىيىسى) گۇيجۇ (بېيجىڭنىڭ غەربىي شىمالى) رۇجۇ (بېيجىڭدىكى يەنچىڭ دائىرىسىدە) نى ئېلىش يولىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈرك، تۇيغۇن، تاڭغۇت، شياۋفەن، شاداپىتلارنىڭ جايلاشقان ئورنى خۇاڭخېنىڭ دەريا ئەگمىسىدىن يەنبىڭنىڭ شىمالىغىچىلىك بولغان جايلار بولسا كېرەك. بۇ قەبىلە ۋە مىللەتلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى يوقىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان يازما خاتىرىلەردە كۆپ چېلىقىدۇ. بۇ قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە كىدانلار «دەيبېيدىن خۇاڭخېنىڭ دەريا ئەگمىسىگىچە بولغان ھەتتا ئۇ جايلاردىن ئۆتۈپ تاغنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان بارلىق جايلارنى ئىگىلىدى». ئەگەر كىدانلارنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ خېشى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغقا بولغان تەسىرىنى چوڭ دېسەك، ئۇنداقتا تيەنزەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 924 ـ يىلى) باشلانغان غەربكە قىلغان جازا يۈرۈشىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا لياۋ تەيزۇ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا «ئەۋەتكەن قوشۇن چۆللۈكتىن ئۆتۈپ قاغانبۇت شەھىرىنى ئىگىلىدى ۋە

كۆنپېتىشتىكى قوۋملارنى ئاساسەن قولىغا ئالدى،
ئاخىرقى ئېنىق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھازىرچە
ماتېرىيال بولمىسىمۇ، مەزكۇر قاغانبۇت شەھىرىنىڭ
دەۋرىدىكى مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان قاغانبۇت شەھىرى
ئىكەنلىكىنى ئېنىق ㊱. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ
شەرقىي بۆلىكىدىكى شىمال - جەنۇب قاتنىشىدا ھالقىلىق شەھەر
ئىدى. بۇ بولسا ئەمەلىيەتتە قىتانلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرى رايونىغا
قەدەر يېتىپ كەلدى، دېگەنلىك بولاتتى. بىراق، بۇ باسقۇچتىكى
ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
چۆللۈكتىن ئۆتكەن قوشۇن پەقەت بىر بۆلەك قوشۇن، ئالغىنى
پەقەت قاغانبۇت شەھىرى بولۇپ، كىدان قوشۇنى «غەربىي
ياقتىكى نورغۇن قەبىلىلەرنى قوشۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ قارام بولۇش
ھەققىدىكى ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن غەلىبە بىلەن قايتىپ
كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، كىدانلار بۇ قېتىمقى غەربكە قىلغان
يۈرۈشىدە «11 - ئايدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇتۇقى بىلگىسىنى
قولغا چۈشۈرگەن، شۇڭا ئورمۇزد قاغان ئەلچى ئەۋەتكەن» ㊲.
بۇ «ئورمۇزد» سوغدى تىلىدىكى «Ormudz» ياكى «
Ormuzd » سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمالغا
ناھايىتى يېقىن. بۇ قامجۇ خاقانى بەش دەۋر تارىخ ماتېرىياللىرىدا
تىلغا ئېلىنغان قامجۇ خاقانى دېيىن بولۇشى كېرەك㊳.
«لياۋ تارىخى. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا،
تەيزۇنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 913 - يىلى) قىشتا «خېجۇ
ئۇيغۇرلىرى كىدانلارغا سوۋغا تەقدىم قىلغان» ئىلىم ساھەسى
ئادەتتە بۇ خېجۇنى تۈرك تىلىدىكى «Qocho» نىڭ ئاھاڭ
تەرجىمىسى ㊵ دەپ قارايدۇ.
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كىدانلارنىڭ
شەرقتە گۈللەنگەنلىكىنى ئاللىقاچان سېزىشكەن بولۇپ، ئۇلار
ئېھتىمال سوۋغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق خەۋەر ئۇقماقچى بولسا

چۈللۈكنىڭ شەرقىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ خېلى بۇرۇنلا يەنى تيەنيۇنىڭ 2 ـ يىلىلا (مىلادىيە 922 ـ يىلى) ئۇلار زور قوشۇن بىلەن خېدۇڭ دەيىبىيگە جازا يۈرۈش قىلىدۇ㉝. شېنسېنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 916 ـ يىلى) تەيزۇڭ خان بولىدۇ، 7 ـ ئايدا «شەخسەن ئۆزى تۈرك، تۇيغۇن، تاڭغۇت، شياۋفەن، شادايىت قاتارلىق قەبىلىلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ھەممىسىنى بويسۇندۇرىدۇ» ㉞. لياۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلاپلا غەربتىن شەرققە قاراپ ھۇجۇم بىلەن سۇجۇ (شەنشى سۇشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالى) ۋيجۇ (خېبېينىڭ ۋېشيەن ناھىيىسى)، شىنجۇ (خېبېينىڭ جولۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، ۋۇجۇ (خېبېينىڭ شۈەنخۇا ناھىيىسى) گۇيجۇ (بېيجىڭنىڭ غەربىي شىمالى) رۇجۇ (بېيجىڭدىكى يەنچىڭ دائىرىسىدە) نى ئېلىش يولىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈرك، تۇيغۇن، تاڭغۇت، شياۋفەن، شادايىتلارنىڭ جايلاشقان ئورنى خۇاڭخېنىڭ دەريا ئەگىمىدىن يەنىگىنىڭ شىمالىغىچىلىك بولغان جايلار بولسا كېرەك. بۇ قەبىلە ۋە مىللەتلەر چۈللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى يوقىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان يازما خاتىرىلەردە كۆپ چېلىقىدۇ. بۇ قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە كىدانلار «دەيىبېيدىن خۇاڭخېنىڭ دەريا ئەگىمىسىگىچە بولغان ھەتتا ئۇ جايلاردىن ئۆتۈپ تاغنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان بارلىق جايلارنى ئىگىلىدى». ئەگەر كىدانلارنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ خېشى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغقا بولغان تەسىرىنى چوڭ دېسەك، ئۇنداقتا تيەنزەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 924 ـ يىلى) باشلانغان غەربكە قىلغان جازا يۈرۈشىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا لياۋ تەيزۇ پۈتۈن قوشۇنى بىلەن چۈللۈكنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا «ئەۋەتكەن قوشۇن چۈللۈكتىن ئۆتۈپ قاغانبۇت شەھىرىنى ئىگىلىدى ۋە

كۆنپېتىشتىكى قوۋملارنى ئاساسەن قولىغا ئالدى» ㉟. ئەڭ ئاخىرقى ئېنىق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھازىرچە يېتەرلىك ماتېرىيال بولمىسىمۇ، مەزكۇر قاغانبۇت شەھىرىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان قاغانبۇت شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ㊱. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى شىمال - جەنۇب قاتنىشىدا ھالقىلىق شەھەر ئىدى. بۇ بولسا ئەمەلىيەتتە قىتانلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرى رايونىغا قەدەر يېتىپ كەلدى، دېگەنلىك بولاتتى. بىراق، بۇ باسقۇچتىكى ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چۆللۈكتىن ئۆتكەن قوشۇن پەقەت بىر بۆلەك قوشۇن، ئالغىنى پەقەت قاغانبۇت شەھىرى بولۇپ، كىدان قوشۇنى «غەربىي ياقتىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنى قوشۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ قارام بولۇش ھەققىدىكى ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، كىدانلار بۇ قېتىمقى غەربكە قىلغان يۈرۈشىدە «11 - ئايدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇتۇقى بىلگىسىنى قولغا چۈشۈرگەن، شۇڭا ئورمۇزد قاغان ئەلچى ئەۋەتكەن» ㊲.
بۇ «ئورمۇزد» سوغدى تىلىدىكى «Ormudz» ياكى « Ormuzd » سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ قامجۇ خاقانى بەش دەۋر تارىخ ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان قامجۇ خاقانى دېيىن بولۇشى كېرەك㊳.

«لياۋ تارىخى. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، تەيزۇنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 913 - يىلى) قىشتا «خېجۇ ئۇيغۇرلىرى كىدانلارغا سوۋغا تەقدىم قىلغان» ئىلىم ساھەسى ئادەتتە بۇ خېجۇنى تۈرك تىلىدىكى «Qocho» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ㊵ دەپ قارايدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كىدانلارنىڭ شەرقتە گۈللەنگەنلىكىنى ئاللىقاچان سېزىشكەن بولۇپ، ئۇلار ئېھتىمال سوۋغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق خەۋەر ئۇقماقچى بولسا

كېرەك. بىراق، غەلىتە يېرى شۇكى بۇ «قارا قوچو ئۇيغۇرلىرى» نى تيەنزەننىڭ 3 - يىلىدىكى تەيزۇڭنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىدىن كېيىنكى لىياۋ دەۋرىگە ئائىت ھازىر ساقلىنىپ قالغان تارىخ ماتېرىياللىرىدىكىدەك كۆرگىلى بولمايدۇ. يۈتكۈل «لىياۋ تارىخى» دا پەقەت جۇڭشىننىڭ 18 - يىلى (مىلادىيە 1049 - يىلى) «قوچو ئۇيغۇرلىرى» نىڭ ۋە تيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 1112 - يىلى) «قارا قوچو ئۇيغۇرلىرى» نىڭ سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بار (شۇ كىتابنىڭ 1164 - بېتى ۋە 1180 - بېتىگە قاراڭ). ئەمما، بىز سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇ خاتىرىلىرىدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن لىياۋ سۇلالىسىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تيەنزەننىڭ 3 - يىلىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ لىياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىراقلىشىپ كەتكەنمۇ؟

تيەنزەننىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 924 - يىلى) تەيزۇ غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا 2 - يىلى 4 - ئايدا قامجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى ئۇرمۇزد (Ormuzd) ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغاندىن باشقا «لىياۋ تارىخىدا» يەنە تيەنشەننىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 933 - يىلى) ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىدانلارغا سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئارسلان ئۇيغۇرلىرى بىلەن لىياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقىسىنىڭ باشلىنىشىدۇر. كىشىلەر ئادەتتە بۇ ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنى شىجۇ - قوچو ئۇيغۇرلىرى دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ ئاساسى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» دە قوچو ئۇيغۇر خاقانىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6 - يىلى (981) «قوچو خانى ئارسلانخان دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىدۇر. ئىككى يىلدىن كېيىن قوچوغا ئەلچىلىككە بارغان ۋاڭ يەندېمۇ كۆپ قېتىم ئارسلانخاننى تىلغا ئالغان.

ئەمما، 1955 ـ يىلىدىلا خامىلتون بۇ بۆلەك تارىخ ماتېرىيالىدىكى «ئاتىلىشقا باشلىغان» دېگەن ئىككى سۆز كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرگە دىققەت قىلغانىدى. ئالىملارنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى مىلادىيە 981 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى «ئارسلانخان» دەپ ئاتىمىغانىكەن. ئۇنداقتا تيەنشيەننىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 933 ـ يىلى» كىدانلارغا سوۋغا تەقدىم قىلغان ئارسلان ئۇيغۇرلىرى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولماي بەلكى «ئارسلانخان» نامى كۆپ ئۇچرايدىغان قارا خانىيلار سۇلالىسى بولسا كېرەك. بىراق، ھەرخىل ئېھتىماللىقلار ئىچىدە ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىڭ ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ. ئالدى بىلەن خۇيتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 940 ـ يىلى) لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جيېمولى خومۇلى زىيارەت قىلغان ئارسلان ئۇيغۇرلىرى قوچۇ ھاكىمىيىتى بولۇشى كېرەك.

تيەنشيەننىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 933 ـ يىلى) دىن كېيىنكى تۇنجى ئارسلان ئۇيغۇرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى «لياۋ تارىخى، تەيزۇڭ ھەققىدىكى خاتىرە» دە:

«(خۇيتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى 2 ـ ئايدا (940 ـ 3 ـ 26) جيېمولىخومۇلى ئەلچى ئۇيغۇر ئارسلانخانغا ئەلچىلىككە بېرىپ يانغاندا ئىنئاملارغا ئېرىشتى» دېيىلگەن

بۇ ئەلچى بولسا ئىككى يىل ئاۋۋال ئەۋەتىلگەن. «تەيزۇڭ ھەققىدىكى خاتىرىلەر تيەنشيەننىڭ 12 ـ يىلى (937 ـ يىل» دا:

<«9 ـ ئايدا»> (937. 10. 30) دا ئۇيغۇرلار سوۋغا تەقدىم قىلدى. قىش 10 ـ ئاي (11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) خانىشنىڭ مەۋلۇد كۈنى بولغاندا جىن ۋە ئۇيغۇر، دۇنخۇاڭدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەلچى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. 11 ـ ئاينىڭ

8 ـ كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى قىلچ بەگ ۋە ئالابەگنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سوراشتۇردى. 11ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندا بۆرى گۇبى قومۇلنى ئۇيغۇرلارغا ئەلچى بولۇپ بېرىشقا ئەۋەتتى».

تېكىستتىكى «ئۇيغۇر دۇنخۇاڭ» ئىككى سۆزنى ۋىتفورگىل بىلەن فېڭ جىياشىڭ چۈشەندۈرۈپ «دۇنخۇاڭ بوستانلىقىدا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن بىز ئەسلىي تېكىستنى ‹دۇنخۇاڭ ئۇيغۇرلىرى› ياكى ‹دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلار› دەپ ئوقۇش كېرەك، ھەرگىزمۇ ‹ئۇيغۇر دۇنخۇاڭى› دەپ ئوقۇماسلىق كېرەك دەپ قارايمىز. كېيىنكىسى ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ ‹ئۇيغۇر دۇنخۇاڭ›، ‹ئۇيغۇر ۋە دۇنخۇاڭ›، ياكى ‹ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭى› ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى توغرا ئەمەس. خامىلتون «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخي ماتېرىياللىرى» نىڭ 52 — 54 ـ بەتلىرىدىكى بىر بۆلەك ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئىزاھاتتا نۇرغۇن تارىخي ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ گۇاجۇ، شاجۇ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ گەنجۇ بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ تۇزلەڭلىكتىكى بەش دەۋر خانلىقلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭمۇ ئۇلارنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا تايىنىپ، قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. خامىلتون يەنە مۇنداق يازىدۇ: گەرچە«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا 977 ـ يىلىدىن تارتىپلا گەنجۇ ۋە شاجۇدىكى ئۇيغۇر قاغانلىرى ھەققىدە سۆز بولغان بولسىمۇ («لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا تۇنجى قېتىم «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن نام 1014 ـ يىلىغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ)، بۇ ئەھۋال يەنىلا 940 ـ يىللاردىلا دۇنخۇاڭ بوستانلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ».

بۇ ئىككى ئابزاس تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسەن شۇنى بىلەلەيمىزكى، خۇمولى دەپ ئاتىلىدىغان ئەلچى ئاز دېگەندە ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە ئەلچىلىككە بارغان. كېيىنكى جىن، دۇنخۇاڭ بىلەن قوشۇپ تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار قامجۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى كېرەك، ئەينى چاغدىكى ئۇنىڭ قۇدرەت تېپىشى بىلەن دۇنخۇاڭ ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتى (914 ـ 974 ـ يىللار) ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت توغرىسىدا ھەرخىل تارىخىي ماتېرىياللاردا دېگىنىمىزدەك ئىنكاس بار. مەسىلەن: «قامجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچەيگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان دۇنخۇاڭ يازما يادىكارلىق ھۆججەتلەردىن P3633 نومۇر، P3272 نومۇر، P2968 نومۇر ۋە قامجۇ بىلەن ساۋ جەمەتى ھاكىمىيىتىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ئىپادە قىلىدىغان بىر قىسىم موگاۋ پۈتۈكلىرى بار ⑰. ئەمما، دۇنخۇاڭ بەيئەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى «ئۇيغۇر ئارسلان» بولسا ئالدى بىلەن ئۇيلىشىدىغىنىمىز قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى كېرەك.

بۇ ھاكىمىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دۇنخۇاڭدىن چىققان 56551 نومۇرلۇق ھۆججەت «. . . . .» نى جاڭ گۇاڭدا ۋە رۇڭ شىنجياڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەپەندى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلار («نوم تەپسىرىسى») «. . . .» دا تەسۋىرلەنگىنى 10 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى قۇچۇ (شىجۇ) ئۇيغۇرلىرى⑱ دەپ قارايدۇ، نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن يىل دەۋرى 947 ـ يىلىغا تەئەللۇق دەپ كېسىپ ئېيتىلغان تۇرپاندىن تېپىلغان 3 ـ نومۇرلۇق تۇرپان تارىشا پۈتۈكمۇ بۇ نۇقتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەكسىچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئەينى چاغدىكى غەربىي تەگرىتاغ رايونلىرىدا گۈللەنگەن ھەر قانداق تۈركىي تىللىق مىللەت ياكى ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك كىدانلارغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى لياۋ سانغۇنى ياللۇغ خۇاگېنىڭ غەربكە بارغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر، ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان جايى شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. ياللۇغ خۇاگې تەرجىمىھالى» (1381 ـ 1382 ـ بەتلەر) دە:

«كەيتەينىڭ 1 ـ يىلى ( 1012 ـ يىلى) (خۇاگې زۇبۇرلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. زۇبۇرلار ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى، نۇرغۇن ئولجا غەنىيمەت ئېلىندى. خان رازى بولۇپ، ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن چېگرادىكى قوۋملاردىن ئەلچى كېلىپ، خۇاگې قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشلىق ۋە يىلقىلارنىڭ ئۆكسۈپ قالغانلىقىنى، چېگرالىرىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ شۇنىڭ بىلەن خۇاگېنى كۇنېيتىشتىكى چېگرانى باشقۇرۇشقا قايتىدىن يولغا سالدى. خۇاگې يېتىپ بارغاندىن كېيىن چېگرادىكى سانغۇنلار بىلەن چوڭقۇر سىرداشتى. بىر قىسىم يات قوۋملارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش غەرىزىدە ئېچىر دەرياسى بويىدا تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇاگې قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلدى. ياۋ قوشۇنى تېزلا بىت ـ چىت قىلىنىپ، ئات، قوي ۋە نۇرغۇن ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئولجا ئېلىندى. يانارىدا بەيبالى ( 白拔烈 ) دىن ئۆتۈپ ئارسلان ئۇيغۇرلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. نازارەتچى ئەيلى بەگ يېتىپ كېلىپ خۇاگېغا، جانابلىرى خاتالاشمىغايلا! بۇ ناھايىتى ۋاپادار قوۋمدۇر، دېگەندىن كېيىن خۇاگې ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى تامام قايتۇرۇۋەتتى. ھەر قايسى ۋاسساللار مۇشۇنى باھانە قىلىپ قارام بولۇشنى رەت قىلدى. پادىشاھ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارغا تەسەللى بەردى ۋە خۇاگېنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلىدى.

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى. ياللۇغ سىرانىڭ تەرجىمىھالى»

دىمۇ بۇ توغرىدىكى خاتىرىلەر بار، لېكىن بىر قەدەر ئاددىي ۋە قىسقا. ياللۇغ خۇاگې يېتىپ بارغان ئىچىر دەرياسى ئادەتتە ئېرتىش دەريا (بۈگۈنكى ئېرتىش دەرياسى) سىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە⑩. ئۇ بۇ يەردە ياكى بۇ يەرنىڭ غەربىدە بۇيرۇقتا قارشى چىققان ياۋايىلار قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بارگاھىغا قايتقان چاغدا ئۆتكەن «بەيىبابى» موڭغۇل يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى هايدۇن ئۆلۈڭگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قۇمشىڭگىردىن جەنۇبقا مېڭىپ يېتىپ بارغان بىر بالىخ (Berbalex) تۇر.

«Ber» دېگەن سۆز تۈركىي سۆز بولۇپ «بىر» دېگەن مەنىدە، «balex» بولسا تۈركچە «شەھەر» دېگەن مەنىدە. شۇڭا، Berbalx موڭغۇل يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گىلتاغ شەھىرى ۋە تاڭ دەۋرىدىكى بۆرى (بۈگۈنكى مورى ياكى مورىنىڭ غەربىدىكى «قەدىمىي شەھەر» ئەتراپلىرى) بولۇشى كېرەك⑪، ئۇ شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالى ئارىسىدا ئېرىپ كېلىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ئىدى. ئەگەر بۇ نۇقتا خاتا بولمىسا ئۇنداقتا بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا ئۇچرايدىغان ئارسلان ئۇيغۇرلىرى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نازارەتچى ئەيلىنىڭ «بۇلار ناهايىتى ۋاپادار قوۋمدۇر» دېگەن سۆزىمۇ، 983 - يىلى ۋاڭ يەندې شۇ جايدا كۆرگەن. شىجۇ بىلەن لياۋ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئالىملار ياللۇغ خۇاگېنىڭ بۇ قېتىمقى شەرققە قىلغان يۈرۈشىنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئويلىنىپ، ئۇنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر قېتىملىق ئۇرۇشى بىلەن باغلىدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان ئارسلان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارا خانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭگە چىقىش

ئەھۋالىنى ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ «تارىخى ئومۇمىيە» دىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ھىجرىيەنىڭ 408 ـ يىلى (مىلادىيە 1017 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 1018 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە) «تۈركلەرنى چىندىن يۇرۇشكە ئاتلانغانلىقى ۋە تۇغانخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ بايانى»

بۇ يىلى نۇرغۇن تۈركلەر ۋە 300 مىڭ چېدىرلىق تۈرك مىللەتلىرى چىندىن (سىرتقا قارىتا) بېسىپ كىردى، ئۇنىڭ ئىچىدە (كېيىن) دەريانىڭ سىرتىدىكى جايلارغا ھۆكۈمران بولغان كىدانلارمۇ بار، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەھۋالىنى كېيىن پۇرسەت بولسا بايان قىلىمىز. تۈركلەرنىڭ سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ سەۋەبى: تۇغانخان تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا، ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۇزاق ۋاقىت ئاغرىپ ياتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (تۈركلەر) ئاشۇ رايونغا كۆز تىككەن، ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر قىسىم رايونلارنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ئادەملەرنى تۇتتى، ئۇلارنىڭ بالاساغۇن بىلەن بولغان ئارىلىقى سەككىز كۈنلۈك يول بولۇپ قالدى. خەۋەر ئاغرىق ياتقان تۇغانخاننىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ ئاللادىن ئۆزىنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى، ئاشۇ كاپىرلارنى جازالاپ، بۇ رايونلارنى قوغداشنى تىلىدى. ئۇنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولدى، ئاللامۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ ئۇنى سالامەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشۇننى توپلىدى، ئىسلام دۇنياسىغا بېرىپ خەلقنى سەپەرۋەر قىلدى، 220 مىڭ غازاتچى توپلاندى. تۈركلەر ئۇنىڭ ساقايغانلىقىنى، توپلىغان قوشۇنىنىڭ ۋە ياردەمچى لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلگەندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (تۇغانخان) ئۈچ ئاي ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇلارنى قوغلىدى، ئۇلار ئارىلىقىمىز ناھايىتى يىراق دەپ قاراپ خاتىرجەم تۇرۇشقاندا، ئۇ (تۇغانخان)

تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ 10 تۇمەن ئادەمنى ئۆلتۈردى، 10 تۇمەن ئادەمنى ئەسىر ئالدى، ئەسىرلەر بىلەن قوي، كالا بارگاھ چېدىر ھەمدە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان چىندا ياسالغان ئالتۇن كۈمۈش ئەسۋابلارنى غەنىيمەت (ئولجا) ئالدى. ئۇ بالاساغۇنغا قايتىپ يەنە ئاغرىپ يىقىلدى، كېيىن كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ تۇز، ئاق كۆكۆل، كەمتەر، ئىلىمنى، خەلقنى سۆيمەيدىغان دىنىي زاتلارنى قوللايدىغان، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىسى (مەككە) شەھىرى ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان سەئىد بىن مۇئاس ئاسارىغائوخشايدۇ - ھە! بۇنىڭدىن باشقا ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئىشلارنى تۇغانخاننىڭ ئىنىسى ئەھمەد ئەلى قاراخان قىلغان بولۇپ ۋاقتى ھىجرىيە يىلى 403 - يىلى (مىلادىيە 1012 - يىل 7 - ئايدىن 1013 - يىل 7 - ئايغىچە) ئىكەن.

بارتولد ۋە پرتساكنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا(53)، 12 - ئەسىردىكى مۇسۇلمان تارىخچى ئالىم ئۇتبى (al—Utbi) «تارىخىي يەمىنى» (Ta' rikh al—Yamini) دىمۇ بۇ ئىشلارنى تىلغائالغان، گەرچە بىز ئەزەلدىن بۇ كىتاب بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولساقمۇ، لېكىن بارتولد ۋە پرتساكلار «تارىخىي يەمىنى» دىكى خاتىرە بىلەن ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي سانىدا بولۇپ، بۇنىڭدا 10 تۇمەن چېدىر دېيىلگەن، 30 تۇمەن چېدىر دېيىلمىگەن، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇتبى ئىسلام يىلنامىسى 403 - يىلىنى تىلغا ئالمىغان دەيدۇ. شۇڭا، بىز ئىككى تارىخچىنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ۋاقتىنى ھىجرىيە كالېندارى 408 - يىلىغا بېكىتىشكە مايىل بولۇپ، ياللۇغ خۋاگېننىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۇلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەنە بىر خىلى (403 - يىلىدا دەيدىغان) پىكىر ئەسلىدىلا زىددىيەتلىك بولۇپ، ئەھمەد بىن ئەلى بولسا تۇغانخاننىڭ ئۆزى

ئۇنىڭ ئىنىسى ئەمەس[54]، ئىشتا ئېھتىياتچان ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ بۇ ئىشلارنى ۋە ئۆز پىكرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەنلىكى ئەينى چاغدا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. شېڭ زۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ياللۇغ خۇاگېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، كەيتەيىنىڭ 2 -يىلى 1 - ئايدا (مىلادىيە 1013 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە) «خان خۇشال بولۇپ، ۋاڭلىقنى ھەدىيە قىلغان» جازا يۈرۈشكە ئۇچرىغان چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى زۇبۇ قەبىلىلىرى غەربكە قاراپ مېڭىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگراسى ئىچىگە كىرگەن بولۇشى، بۇ تۇغانخاننىڭ شەرققە قىلغان جازا يۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ قەبىلە مىللەتلەر تۇغانخاننىڭ زەربىسى بىلەن شەرققە قايتىپ لياۋ سۇلالىسىدىكى «خۇاگېنىڭ غەربىي چېگراغا قايتا يۈرۈش قىلىشىغا سەۋەب بولغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. شېڭ زۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كۈن بولسا كەيتەيىنىڭ 2- يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (1013 - يىل 6 - ئاينىڭ 11- كۈنى) دۇر. شۇڭا، ياللۇغ خۇاگېنىڭ غەربكە قىلغان جازا يۈرۈشىنىڭ مۇھىم ھەركەتلىرى كەيتەيىنىڭ 2 - يىلى 1 - ئايدا (1013 - يىل 2 - 3 - ئاي) «ۋاڭلىقتا تەيىنلىنىش» تىن بۇرۇن بولغان. لېكىن تۇغانخاننىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى ئېھتىمال مىلادىيە 1013 - يىلى 6 - ئايدىن بۇرۇنقى مەلۇم ۋاقىتتا بولغان بولۇشى مۇمكىن. 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (مىلادىيە 1013 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) ياللۇغ خۇاگې يەنە چۆللۈكنىڭ غەربىدە زوربولارنىڭ سەردارى ۋۇبا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى مەغلۇپ قىلغان. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

(1013 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) لياۋ ئوردىسى خۇاگېنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىغان، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ غەربكە قىلغان جازا يۈرۈشىدە خاتالىشىپ، ئارسلان ئۇيغۇرلىرىغا تېگىپ قويغان. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تۇغانخاننىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشىنى ھىجرىيە 403 ـ يىلىدىكى ئىش دېگەندىمۇ، ياللۇغ خۇاگې بىلەن تۇغانخاننىڭ ئۇرۇشقانلىق ئېھتىمالى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ياللۇغ خۇاگې يولۇققان ئارسلان ئۇيغۇرلىرى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى بولماي، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى كېرەك. ئەمما، بۇ ئىش بىلەن ياللۇغ خۇاگېنىڭ كەيتەيىنىڭ 2 ـ يىلى (1013 ـ 1012ـ يىللار) غەربىي چېگراغا تېگىش قىلغانلىقىنى باغلىماقچى بولساق، بۇنىڭغا ئىشەنچلىك ئاساس يوق.

ئۈچىنچى: «سۇڭنامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى. قوچۇ ئېلى تەزكىرىسى» دىكى، «تەيپىڭ شىڭگو 6 ـ يىلى (981 ـ يىلى) پادىشاھ قوچۇ شىر پادىشاھى ئارسلانخان دەپ ئاتالدى، ھەم تۇتۇق مەيسۇۋېننى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى»

دېگەن خاتىرە قارىماققا ناھايىتى ئېنىقتەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا بەزى مۈجمەللىكلەر بار. «ئارسلانخان» (Arslan Khan) بولسا تۈركچە ئاتالغۇ بولۇپ، «ئارسلان» «شىر» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئاتالغۇدا نېمىشقا بىرلا ۋاقىتتا «ئارسلانخان» بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىسى «شىر پادىشاھ» كۆرۈلىدۇ؟

يەنە بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى تۈرلۈك تارىخى ماتېرىيال بار.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» (1490 ـ يىل) دا «(تەيپىڭ شىڭگو 6 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) دېيىلدا قوچۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئارسلانخان ئۆزىنى قوچۇنىڭ جيەن شىر پادىشاھى دەپ ئاتىدى، تۇتۇق مەيۋېنسۇ

كېلىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن. «سۇڭنامە تەيزۇڭ خاتىرىلىرى» دە «تەيپىڭ شىڭگو» 6 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) دىگىدا قۇچۇ ئېلى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى) دېگەن خاتىرىلەر بار. يۇقىرىدىكى «سۇڭنامە يات ئەللەر تەزكىرىسى قۇچۇ دۆلىتى تەزكىرىسى) «سۇڭنامە تەيزۇڭ تەرجىمىھالى» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» دىكى خاتىرىلەر ئىچىدە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» دىن ئېلىنغان خاتىرە «سۇڭنامە تەيزۇڭ خاتىرىلىرى» دىكى كونكرېت ۋاقتىنى ۋە «سۇڭنامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى قۇچۇ ئېلى تەزكىرىسى» دىكى بارلىق ئىنچىكە ھالقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدا زىددىيەتلىك خاتىرىلەر يوق شۇڭا ئىشىنىشكە تېخىمۇ ئەرزىيدۇ.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ قوشۇمچىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قاراپ ئىلگىرى قۇچۇ پادىشاھىنىڭ تۈرك تىلىدىكى نامىنىڭ «ئارسلانخان» ئىكەنلىكىنى مىلادىيە 981 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەندە تۈرك تىلىدىكى نامىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ «شىر پادىشاھ» دەپ ئاتىغانلىقىنى، ھەم ئالاھىدە «جيەن» دېگەن خەتلەرنى قوشۇپ سۇڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەكىتلىگەنلىكىنى ئوچايلا ئويلاپ بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى نۇرغۇن داۋالغۇشلار ئارقىلىق ئەڭ ئاخىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنتۇڭ يىللىرى (860 ـ 874 ـ يىللار) بۆگۈكۈن تەرىپىدىن مۇقىملىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئېنىق خاتىرە كېيىنكى جۇ خانلىقىنىڭ گۇاڭشۇن 1 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شەكىللەنگەن،

ئۇلار يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتكەن ئېنىق ۋاقىت سۇڭ تەيزۇڭنىڭ چيەنلۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 962 ـ يىل) 4 ـ ئايدۇر. بۇ ئىككى قېتىملىق ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ ئېھتىمال يەنە ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىمۇ بولسا كېرەك. كېيىن گەندېنىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئايدا (مىلادىيە 965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى) قوچو ئەلچىسى سۇڭ سۇلالىسىگە يەنە كەلگەن بولسا كېرەك. بىراق، شۇنداق بولسىمۇ كىدانلار بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىش (مۇناسىۋەت) كە سېلىشتۇرغاندا قوچو خاقانلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىگە تۇتقان ئادەتتىكىدەك پوزىتسىيىسىمۇ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولغان، بىراق 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شىمالىي سۇڭ خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئايرىم ھاكىمىيەت شىمالىي خەن خانلىقىنى يوقىتىپ، ئاكتىپ ھالدا كىدانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، يۇيۇننى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە قۇدرەتلىكلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ چاغدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قىزىشقا باشلىغان «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما ۋاسساللار ـ 7 تارىختىكى ئوردىغا تارتۇق ئېلىپ كەلگەنلەر» (7884 ـ بەت) دە «تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 ـ يىلى (981 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قوچو دۆلىتى ئەلچى ئەنمىچېڭنى ئەۋەتىپ تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى» دېگەن خاتىرىلەر بار. (556 ـ بەت) دە «تىنچ بولۇپ دۆلەت گۈللەنگەننىڭ 8 ـ يىلى (983 ـ يىلى) تاتار دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى تاڭتېمۇ بىلەن قوچو ئېلىنىڭ ئەلچىسى ئەنگۈلۈجۇ كېلىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، گۈلۈ قايتىشىدا شاجۇ ئارقىلىق قايتتى» دېگەن خاتىرىلەرمۇ بار. «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەردىن تاللانما. ۋاسساللار ـ 7 تارىختىكى ئوردىغا تارتۇق ئېلىپ كەلگەنلەر» (7845 ـ بېتىدە) «9 ـ يىلى

(984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن پارسلار ئايلىنىپ خانلىقتا كېلىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى» دېگەن خاتىرىلەر بار. (يەنە «سۆزنامە) ئەنەتكەك تەزكىرىسى» بىلەن سۆك سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار ۋاسىتىلار. ئەنەتكەك» (7758ـ بەت قاراڭ) مىلادىيە 981 ـ يىل، 983 ـ يىل ۋە 984 ـ يىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتىشتىن بۇرۇن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنە ئۆزىنىڭ تۈرك تىلىدىكى ناملىرىنى خەنزۇچە ئىپادە قىلغان، ھەمدە «جيەن» سۆزىنى قوشقان. بىز تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ كۆپ قېتىم مەلىكىلىرىنى ئۇيغۇر ۋە تۇبۇت قاتارلىقلارنىڭ پادىشاھلىرىغا ياتلىق قىلغانلىقلىرىدىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر، تۇبۇتلەرنىڭ دائىم «جيەن تاغىلىق» مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ ئىناق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تەكىتلىگەنلىكىنى بىلىمىز. ئىلگىرىكى نەقىللەردىكى «داجۇڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەلچى ئارقىلىق ئۇيغۇر خانىغا بېرىلگەن پەرمان» بىلەن «داجۇڭنىڭ 11 ـ يىلى ئۇيغۇر خانىغا يوللانغان مەكتۇپ» دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەتتا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتى غۇلاپ چۈشۈپ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى پانتېكىننى ۋەزىيىگە تەيىنلىگەندىمۇ «جيەن تاغا» لىق «مېھر ـ مۇھەببەتنى» ئۇنتۇپ قالمىغان ياكى ھېچ بولمىغاندا «جيەن تاغا» لىق سۆزىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، مەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى تۇبۇتلەرنىڭ پادىشاھى بولسۇن، ھەممىسى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ نامىنىڭ ئارقىسىغا «جيەن» سۆزىنى قوشۇپ ئاتىمىغان. شۇڭا، 981 ـ يىلى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى قوللانغان نامىنىڭ مۇھىملىقى پەقەت «ئارسلانخان» نى خەنزۇچە ئىپادىلىگەنلىكىدە بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى نامىنىڭ كەينىگە «جيەن» سۆزىنى قوشقانلىقىدا. بۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاكتىپ ھالدا

سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىنغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئېھتىمال مۇشۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك، سۇڭ سۇلالىسى ۋاڭ يەندې قاتارلىقلارنى قوچۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، قوچۇ بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمدىلا قىزىشقا باشلاپ يەنە سوۋۇپ قالغان. كېيىنكى ئون نەچچە يىلدىكى سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن قوچۇ ئەلچىلىرىنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا يۇڭ شىنىڭ 3 ـ يىلى (986 ـ يىلى) سۇڭ تەيزۇڭ كەڭ كۆلەمدە شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا چىگوۋگۇەن جېڭىمدە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇشى، شىمالىي سۇڭنىڭ لياۋغا ئاكتىپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە لياۋنىڭ قايتىدىن شىمالىي سۇڭغا ھۇجۇم قىلىشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان. «لياۋ تارىخى» دىن چيەنخېڭنىڭ 1 ـ يىلىدىن باشلاپ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى ئارسلان ئۇيغۇرلىرى ئەلچىسىنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىراق، تۇڭخېنىڭ 6 ـ يىلىدىن (988 ـ يىل) باشلاپ ئارسلان ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ۋە بۇ توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بۇ كىتابتا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن بىزنىڭ خۇلاسىمىزنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، يەنە «لياۋ تارىخى» دىكى «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» نىڭ دەل سۇڭ سۇلالىسى تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى قوچۇ (شىجۇ) ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ شەرق تەرەپتىكى كۈچلۈك ھاكىمىيەتنىڭ قۇدرىتىنى باشتىن ـ ئاخىر دىققەتتىن ساقىت قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3- بۆلۈم «توققۇز ئوغۇز» مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئەرەب، پارس مەنبەلىرىنىڭ قېزىلىشىغا ئەگىشىپ، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېيىنكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئاتالمىش «توققۇز ئوغۇز» غا دىققەت قىلدى، ھەم قەدەممۇ - قەدەم پىكىر بىردەكلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەرەب، پارس ئەدىبلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ تونۇشتى. بىراق 9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئەرەب، پارس ھۆججەتلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنىڭ يەككە دەۋرلىك بولۇش مەسىلىسى يەنى بۇنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىدا كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار. بارتولد بۇ توققۇز ئوغۇز ئەسلىدە خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى 沙陀 لارنى كۆرسەتكەن، كېيىنچە ئەرەبلەر مۇشۇ ئاتالغۇ بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئىپادىلىگەن. ئەمما، بۇ مەنبەلەرنىڭ ئېنىق دەۋرىنى بېكىتىش قىيىن، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بۇ خىل چۈشەنچىسى ئۇنىڭ مەسئۇدىنىڭ (Mas'udi) خاتا يېتەكلىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. 1936 - يىلى پېللىئوت (P. Pelliot) ئۆزىنىڭ بىر كىتابىدىكى تەقرىزدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى توققۇز ئوغۇز دۆلىتى دەپ ئاتالغان، كېيىن ئەرەب، پارس ئەدىبلىرى يەنە بۇ توققۇز ئوغۇز ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ تۇرپان ئەتراپلىرىدا قايتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىگە نام بەرگەن دېگەن. بىراق، ئۇ يەنە بىرلا ۋاقىتتا «راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ تۈردىكى مۇرەككەپ

ناملارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىشىغا نىسبەتەن ئەزەلدىن ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلالمىدىم» دېگەننى بىلدۈرىدۇ ⑥②. 2 - يىلى مىنورىسكىي «ھۇدۇدۇل - ئالەم» ئۈستىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقاتى ۋە تەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇ كىتابتىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك باب، پاگرافلاردا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت بايانلارنى ئېنىق بەلگىلىدى، شۇنداقلا ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب، پارس ئەسەرلىرىدىكى بۇ ئىسىمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىدە بەزى مۇجمەللىكلەرنىڭ بارلىقىغا ئىقرار بولسا، يەنىە بىر تەرەپتىن ئەرەب پارس ئەدىبلىرىنىڭ دائىم بۇ توققۇز ئوغۇز نامىنى ئىشلىتىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا كېيىنكى مەزگىللەردە يوت تىــرەپ تۇرغان ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى كۆرسەتكەن دەيدۇ⑥③. 1948 - يىلى مىنورىسكىي «تەمىم ئىبن بەھرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» ⑥④ نى قايتىدىن تەتقىق قىلىپ، ئىلگىرىكى بەزى قاراشلىرىنى تۈزىتىپ قۇدەمە (Qudamah) كىتابىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنىــڭ تەمــــىمنىــــڭ كــــىتابىــدىن ئېلىنغانلىقىنى، ھەمدە تەمـــم ساياھەت قىـــلغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ 9 - 10 - ئەسىرلەردىكى ئەرەب، پارس ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇز مەسىلىسىنى يەنىلا ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىق قىلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىـــنمۇ بۇ خىزمەتنى قىلىدىغانلار چىقمىغان. نەتىجىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدە بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ھەرخىل مۇلاھىزىلەر كېلىپ چىقتى. مەسىلەن: «ئابې تاكېئو غەربتىكى ئەرەب، پارسلارنىڭ بۇ ئىسىمنى ھەقىقىي پىششىق بىلىشى مىلادىيە 840 - يىل ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىش، مىلادىيە 846 -، 847 - يىللاردا يېزىلغان ئىبن خۇردادىبھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ناملىق ئەسىرى كېيىنكى

ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى ھۆججەت دەپ قارايدۇ. ئېلىمىزدە 80 ـ يىللاردا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى» نىڭ بەشىنچى قىسمىدىكى «قوچو ئۇيغۇرلىرى، ئۇدۇن (خوتەن) توققۇز ئوغۇز، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر» خەرىتىسىدە قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا توققۇز ئوغۇزلارنى سىزغان بولۇپ، يازغۇچى ئېنىقلا توققۇز ئوغۇزلارنى (توققۇز ئوققا باراۋەر) قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر قەبىلە[66] دەپ قارىغان. لېكىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىملار يەنىلا مىنورسكىينىڭ 30- يىللاردىكى نۇقتىئىنەزىرىنى قوللاپ، ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ئاساسەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ[67] دەپ قارىماقتا. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي دىياردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن، تەڭرىتاغ رايونىغا مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە خاتىرىلەر كۈنسايىن ئازلاپ كەتكەن، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بەش دەۋر مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ناھايىتىمۇ مۇشكۇل ۋە يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇ ھاكىمىيەتلەر بىلەن شەرقىي تەڭرىتاغ رايونلىرىنىڭ ئالاقىسى ئىنتايىن (ئاز) شالاڭ بولغان، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى قوچو (شىجۇ) ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت خاتىرىلەرمۇ ھەم ئاز، ھەم قالايمىقان بولغاچقا تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئىلمىي بايان قىلىش ئۈچۈن، 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە خېلى گۈللەنگەن غەربتىكى ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانماي بولمايدۇ. ھەم بۇ خىل پايدىلىنىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغان، كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

## 1. 9 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

پېللىئوت ۋە خامىلتون[68] نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، توققۇز ئوغۇزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى خەنزۇ تىلىدىكى «توققۇز ئوق» قا توغرا كېلىدۇ. خامىلتون بۇ سۆزنىڭ تارىخىنى 7 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا قەدەر سۈرۈشتۈرگەن، ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلىگەن. ئىراق، ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن چاغدا بۇ ئىسىم پەقەت چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلاندى. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەرەب پارس تارىخى ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ بالدۇرقى خاتىرىلەر «تارىخىي ياقۇبى» (Tárikh al—Yàqubi) دا كۆرۈلىدۇ. ياقۇبى بۇ كىتابىنىڭ يىلنامە قىسمىدىكى ھىجرىيە 164 ـ يىلى (مىلادىيە 780 ـ 781 ـ يىللار) ئاستىغا تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەرنى بەرگەن[69]: ئەل مەھدىگە «مىلادىيە 755 ـ، 785 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئىتائەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە[70]: كىبا بورۇشا. . . تەبەرىستان پادىشاھى al—Asbahbadh سوغدى پادىشاھى al—Ikhshid، تۇخارلار پادىشاھى sharwain، باميان پادىشاھى al—shir پەرغانە پادىشاھى . . . سۇترىشانا پادىشاھى «al—Afshin»، قارلۇقلارنىڭ پادىشاھى يابغۇ، شىرىستاننىڭ پادىشاھى R. tbil، تۈركلەرنىڭ پادىشاھى «تارخان» تۇبۇتلارنىڭ پادىشاھى Jahuran ھىندىلارنىڭ پادىشاھى al—Ray (رۇدۇ)، چىن (جۇڭگو) پادىشاھى (Baghbur) (天子)، Hind (ھىندىچىن) پادىشاھى

Wanrah يەنى Fur ، توققۇز ئوغۇز پادىشاھى «قاغان» قاتارلىقلار بار. » بۇ بۆلەك تارىخىي ماتېرىيالدا سۆزلەنگەن ئىشلار بولۇپمۇ جۇڭگو قاتارلىق شەرقتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ پارسلارغا (ئەرەبلەرگە) ئىتائەت قىلغانلىقىدەك ئىش باشقا ھەر قانداق تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ئىسپاتىغا ئېرىشەلمىدى. بىراق، بۇ دۆلەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىش تامامەن مۇمكىن. ئېھتىمال خەلىپە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ تارىختىكى سۇلالىرىگە ئوخشاش، كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى «سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەلچى» ، بۇ ئىتائەت (بويسۇنغان) قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى توققۇز ئوغۇز، تۈرك ۋە قارلۇقلار پادىشاھلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ناملىرىدۇر. مىنورسكىي (1940ـ يىل، 301 ـ بەت) بىردىن ـ بىر «قاغان» ئاتالغۇسى بار بولغان توققۇز ئوغۇزنىڭ كۆرسەتكىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. ياقۇبى مېسوپوتامىيە رايونىدىكى ئەرەبلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن رەفىئى بىن رەيىس (ھىجرىيىنىڭ 190 ـ 194 ـ يىللىرى، مىلادىيە 806 ـ، 810 ـ يىللىرى) گە ئائىت ئىشلارنى خاتىرىلىگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىچىدە تۈركلەر، قارلۇقلار ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالغان<71>. تەبەرى (al—Tabari) «ئەنبىيالار ۋە شاھىنشاھلار تارىخى» (Ta' rikh al—Rusul Wa—l—Muluk) دا ھىجرىيەنىڭ 205ـ يىلى (مىلادىيە 820 ـ، 821 ـ يىللار) غا تەۋە يىلنامىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن<72>:

«بۇ بىر يىلنىڭ 11 ـ ئېيىدا (مىلادىيە 821 ـ يىل، 4ـ ئاي) تاھىر بىن ھۇسەيىن (خۇراساننىڭ ۋالىيسى مىلادىيە 820ـ يىلىدىن ؟) خۇراسانغا كېلىپ ئۇ يەردە تاكى ئابدۇللا راخمان نىشاپۇرى مۇتاۋىنىڭ نىشاپۇردا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى

ئاڭلىغانغا قەدەر ئىككى ئاي تۇردى، ئاندىن نىشاپۇرغا بېرىپ توپىلاڭنى باستۇردى. توققۇز ئوغۇزلار ئۇرە سۇترىشاناغا كەلدى».

بۇ تەبەرى توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان بىردىن - بىر جاي. بىراق، ئۇ بۇنىڭ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئۇرە توپىسىگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ياكى ئەلچىنىڭ ئۇ جايغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. ئۇرە سۇترىشاناغا جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە مىلادىيە 817 -، 818 - يىللاردىن كېيىنكى سامانىيلار جەمەتىنىڭ پەرغانە سەمەرقەنتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى ئويلىغاندىمۇ ئېھتىمال بارتولدقا ئوخشاش بۇنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى دەپ قاراشقا مۇمكىن بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا مەقرىزى (Maqrizi) مىسىر تولۇن خانىدانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەھمەد بىن تولۇن (Ahmed b. Tulun) نىڭ ئاتىسى توققۇز ئوغۇز بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 200 - يىلى (مىلادىيە 815 -، 816 - يىللار) بۇخارا سامانىيلار ھۆكۈمرانى نوھ بىن ئەسەد ئۇنى سوۋغا سۈپىتىدە ئاببا سىيلارنىڭ خەلىپىسى مەئمۇنغا سوۋغا قىلدى دەيدۇ⑭.

بۇ يىلنامە ئەسەرلىرىدىن باشقا، ئەينى چاغدىكى ئەرەب پارسلارنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرى ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلار دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. مۇھەممەد خارەزمى (M.- al—khwarazmi) بولسا ئەرەب جۇغراپىيە پېنىنىڭ (ئىلمىنىڭ) ئاساسچىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ⑮، ئۇنىڭ «زېمىننىڭ خەرىتىسى» (Surat al—Art) تولىمىنىڭ ئەسىرىنى ئەندىز قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى دۇنيانى سىزىپ چىققان. گەرچە كىتابتىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار بولۇپمۇ ئەرەب، پارس دۇنياسىغا بىر قەدەر يىراق بولغان رايونلارنىڭ ماتېرىياللىرى تولىمىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئاپتور بۇ خەرىتىگە ئەينى

چاغدىكى بىلىمىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە تىرىشقان. بۇ كىتابتا[76] :

«رايونى سىكتاي <77> (No300) (NO 1599) تۈركلەرنىڭ يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىنىڭ ئۇزۇنلۇق گرادۇسى 57°30' كەڭلىك گرادۇسى 57°30' . (NO1600) رايونى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يېرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىنىڭ ئۇزۇنلۇق گرادۇسى 148°05' ، كەڭلىك گرادۇسى 59°30'» دەپ يېزىلغان.

بۇ كىتابتا باغدات 78°05' لۇق ئۇزۇنلۇقتا 33°09' كەڭلىككە جايلاشقان، سەمەرقەنتنى 88°30' لۇق ئۇزۇنلۇقتا 36°37' لۇق كەڭلىككە جايلاشقان. ئاقسۇ شەھىرىنى 98°10' لۇق، ئۇزۇنلۇق ۋە 39°50' كەڭلىككە (NO404) جايلاشقان، جۇڭگو خانى تۇرۇشلۇق شەھەر (Baghbur پەغپۇر شەھىرى = چاڭئەن) 159°30' لۇق ئۇزۇنلۇق 37°80' لۇق كەڭلىككە جايلاشقان (NO 904) <78>. بۇ كوئوردىناتلاردىن «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يېرى» نىڭ دەل چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەرەب، پارس ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن سىرت يەنە بەزى «تۈرك» لەرگە ئائىت بولغان خاتىرىلەرمۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە مىسال ھىجرىيىنىڭ 195 - يىلى (مىلادىيە 810 - يىلى) دىكى مەئمۇننىڭ خوراساننىڭ شەرقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى سۆزىدۇر. ئەينى چاغدا ئەرەب ئاببباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خەلىپىلىكنى تالىشىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. مۇھەممەد ئەمىن ھىجرىيىنىڭ 193 - يىلىلا (مىلادىيە 809 - يىلى) باغداتتا خەلىپىلىكنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكىسى مەئمۇنغا

(al—Ma'mun) خوراساندىن باغداتقا قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇننى تارتمۇالماقچى بولغان. تەبەرى ئەينى چاغدا خوراساننىڭ شەرقىدە مەئمۇن بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچلىك يېقىن ئادىمى فەزل بىن سەھل (Fadl b. Sahl) نىڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆھبىتىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن⑲:

«مەئمۇن مۇنداق دېدى: بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك، مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان چاغلىرىمدا، بۇ ئىشلار يۈز بەرمىدى. خوراسانمۇ ۋەيران بولۇپ، ئەتراپنى قالايمىقانچىلىق قاپلىدى، (قارلۇقلار) لارمۇ قارامىلىقتىن قوتۇلدى، تۆبۆتلەر ھۆكۈمرانى قاغان گوئەيىبمۇ بويسۇنمىدى، كابۇل (Kabul) پادىشاھى خوشنا بولغان خوراسانغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئوترار پادىشاھى ئىزچىل تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئولپان - ياساقلارنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. مەن بۇ ئىشلارغا ئامال قىلالمىدىم. مەن مۇھەممەد (ئەمىن) نىڭ مېنىڭ كېلىشىمنى تەلەپ قىلىشىدا يامان نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. قارىغاندا، مەن ھازىرقى ئورنۇمدىن ۋاز كېچىپ، تۈركلەرنىڭ پادىشاھ قاغانلىرىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ قوغدىشىنى ئۆتۈنسەم بولغۇدەك، مەن ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ بىخەتەرلىكىمنى قوغداپ باشقىلارنىڭ مېنى يېڭىۋېلىشىنىڭ، ماڭا ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىم كېرەك».

ئۇ ئامالسىز قالغاندا قوينىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولغان ئاشۇ «تۈرك خاقانى» نىڭ زېمىنى ئېنىقكى پارسلار بىلەن چېگرالانمايدىغان، لېكىن كۈچلۈك پارسلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان، بۇ ئۇيغۇر خاقانىنى كۆرسىتىشى كېرەك<80>.

يۇقىرىدىكى ھەرخىل خاتىرىلەر 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، پارسلار ئاللىقاچان شەرق تەرەپتىكى يايلاقتا شەكىللەنگەن يېڭى بىر قۇدرەتلىك كۈچمەن چارۋىچى كۈچنى چۈشەنگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ توققۇز ئوغۇز دەپ

ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار ئۇنى تۈركلەردىكى يېگىدىن گۈللىنىۋاتقان كۈچ، تۈركلەرنىڭ يېڭى سۇلالىسى دەپ قاراپ ئۇنى يەنە «تۈرك» دەپ ئاتىغان، بىراق يۇقىرىقى خاتىرىلەر يەنە پارسلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇچرىشىشىنىڭ ناھايىتى ئاز، ئۇلارنى چۈشىنىشىنىڭ ناھايىتى تېيىز ئىكەنلىكىنى، خاتىرىلەردە ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2. 9 - ئەسىردىكى ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

مىلادىيە 821 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تەمىمنىڭ شەرققە قىلغان سەپىرى 9 - ئەسىردىكى ئەرەب، پارس تارىخشۇناس، جۇغراپىيە شۇناسلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتتى. تەمىمۇ توققۇز ئوغۇزلارغا بېرىشتىكى يولنى، ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى، پادىشاھى ۋە قوشۇنلىرى ھەمدە ئۇنىڭ دىنى قاتارلىقلارنى خاتىرىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب دۇنياسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى تەپسىلىي چۈشەنگەن. بۇ ساياھەت خاتىرىسىنى ئىبنى خورداببھ⑧①، ئىبنى فاتىھ (Ibn al—Faqih) ⑧②، كۇدامەي⑧③، ياكۇت (Yaqut) ⑧④ قاتارلىقلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە كىرگۈزگەنلىكىدىن تەمىمنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ ئەرەبلەر دۇنياسىغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پارسلار دۇنياسى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كىرگەن ۋقىتتا، ئەرەب، پارس يازغۇچىلىرىمۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلارغا ۋارىسلىق قىلغان (توققۇز ئوغۇز = شەرقتىكى كۆچمەن چارۋىچى چوڭ دۆلەت)، ھەمدە تەمىم تېخى يېقىنقىدىلا ئېلىپ قايتقان بەزى

ئەپسانىلارغا قوشۇلغان بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىكەنلىكى بولغىنى ئىبنى خورداببېھدۇر. ئۇ مىلادىيە 846 ـ 847 ـ يىللاردا «يوللار ۋە ئەللەر» نى تاماملىغان. كېيىن 885 ـ يىلى قايتا تولۇقلاپ پۈتتۈرگەن<85>. بۇ ئەسەردە تەممىنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئېلىپ ئىشلەتكەن مەزمۇنلار بولۇپ قالماي، يەنى بىر بۆلەك تۈرك تىلىدىكى قەبىلىلەر توغرىسىدىكى قىسقىچە بايان بار بولۇپ، ئۇنىڭدا توققۇز ئوغۇز سۆزلەنگەن.

ئۇ «تۈركلەر رايونى توققۇز ئوغۇزدۇر. ئۇلارنىڭ رايونى تۈركلەر رايونى ئىچىدە ئەڭ كەڭ، ئۇلارنىڭ چېگرادىش قوشنىلىرىدىن جۇڭگو، تۈبۈت (تىبەت) ۋە قارلۇقلار. قىماق، غۇز، (? Madjghari) al—J. f. f> پەچەنەك (al—Badjanak) تۈركەش، ئادىز Adhkish (؟)، قىپچاق، قىرغىز (ئۇلار بار جايدا ئىپار بار) ۋە قارلۇقلار ھەممە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدىكى خالاجلار (la — jdalahk) بار)» دەپ يازغان<86>.

خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن تۈركەشلەر «قارلۇقلارغا بويسۇنغان» كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەردە، شەرق تارىخ ماتېرىياللىرى بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدا تۈركەشلەرنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقى قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. شۇڭا، تۈركەشلەر چوڭ بىر قەبىلە بىلەن بىللە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تارىخى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىن تۈگىگەن. شۇڭا، بۇ توققۇزغۇزلارنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، مەيلى بۆگۈكۈننىڭ شىجۇ (قۇچۇ) نى ئىگىلىشىدە بولسۇن، بەشبالىق قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولغان بولۇپ، بىزدە تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كىتاب ئەڭ ئاخىرى تاماملانغان 885 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئاللىقاچان تۈرك تىلىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇپ

شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان تارىخىي ماتېرىيال يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، تىبەتلەر ئىمپېراتورى دامو ئۆلگەندىن كېيىن چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدۇ، خېشىدىكى تىبەتلەر كۈچلىرىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. بۇ چاغلاردا قوچۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بولغاچقا چېگرادا ئۇلار بىلەن قارشىلاشقۇدەك بىرمۇ تۇبۇت كۈچلىرى قالمىغانىدى. ئەمما، مىلادىيە 840 - يىلىدىن بۇرۇن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چېگراداش قوشنىسى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك، قارلۇق ۋە تىبەتلەر ئىدى. شۇڭا، بۇ بۆلەك خاتىرە ئەكس ئەتتۇرگىنى ياكى يازغۇچىنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ قالغىنى، مىلادىيە 840- يىلىدىن بۇرۇن ئېھتىمال مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 30 يىل ئىچىدىكى تارىخىي ئەھۋاللار بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بۇ توققۇز ئوغۇز چوقۇم چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ماركۋارت (B. J. Marquart) ۋە بارتولدلار بۇ كىتابتىكى توققۇز ئوغۇزلارغا قارىتا ئوخشىمىغان پىكىرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇ بۆلەك تارىخنى تىلغا ئالمىغان[87]. مىنورىسكىي «ھۇدۇدۇل - ئالەم» نى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغاندا گەرچە بۇ كىتابتىكى توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۆلەك تارىختىكى توققۇز ئوغۇزلارغا باھا بەرمىگەن[88] قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ توققۇز ئوغۇزلاردا ھېچقانداق مەسىلە يوق دەپ قاراپ، پەقەت كەڭ زېمىننى ئىگەللىگەن كۈچى قۇدرەتلىك بولغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك.

ھەممىگە تونۇشلۇق «سۇلايماننىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىمۇ توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 73 - پاراگرافىدا [89] «ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ سىرتىدىكى زېمىنلاردا تۈركلەردىن توققۇز ئوغۇز خاقانلىقى ۋە تۈركلەر رايونىغا چېگراداش بولغان

تىبەتلەر خانلىقى بار» دېگەن جۈملىلەر بار. بۇ كىتابنى ئەبۇ زەئىد[90] (Abu Zaid) نىڭ ھىجرىيەنىڭ 237 - يىلى يازغانلىقىغا (مىلادىيە 851 - يىل 7 - ئاي 852 - يىل 6 - ئاي) ئادەتتە ھەممەيلەن قوشۇلىدۇ. بىراق، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر بار. 1948 - يىلى سۇۋاج بۇ كىتابنىڭ يېڭى تەرجىمە قىلىنغان ئىزاھلىق نۇسخىسى ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بارغان. ئۇ يۇلې (H. Yule)[92]، پېللىيئوت[93] لارغا ئوخشاش كىتابتا پەقەت بىرلا قېتىم تىلغا ئېلىنغان سۇلايماننى بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئەمەس، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر خەۋەر بىلەن تەمىنلىگۈچى ئادەم دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەينى چاغدا بۇ خىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ (مەسىلەن ئەكبەرنىڭ «كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن خاتىرە» «Akhbar») ئەرەبلەر ئارىسىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، بىزنىڭ بۇ كىتابنىڭ ماتېرىياللىرىنىڭ مىلادىيە 850 - يىللار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ دېڭىز ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ بىر قەدەر بۇرۇنقى تارىخنى ئەكس ئەتتۈرگەن قىزىق خەۋەرلەردۇر، دەپ قاراشقا تولۇق ئاساسىمىز بار. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن بىر نەچچە قۇر ماتېرىيالنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭدىكى توققۇز ئوغۇزلار چوقۇم مىلادىيە 840 - يىلىدىن بۇرۇنقى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇرۇۋاتقان تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەينى چاغدا شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمىگۈدەك يەردە ئەمەس ھەم نامەلۇم يازغۇچىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز رايونى ياكى جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا ئەمەس ئىدى. ئەبۇ زەئىد ئەسەرنىڭ داۋامىدا تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ خۋاڭچياۋ قوزغىلىڭىنى باستۇرغۇچى توققۇز ئوغۇز پادىشاھى

دېگەنىدى(94). بۇ شاداپىتلار سەردارى لى كېيۇڭ ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ خاتا بايانى ئىدى.

ئۇ مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

غەربىي ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر رايونىدا ياشىغان جاھىز (Jahiz، 776 ـ يىلدىن، 869 ـ يىلغىچە ياشىغان) نىڭ ئەسىرىدە(95) «تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ئۇلارنىڭ (تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ. — مىنورىسكىينىڭ ئىزاھاتى») باتۇرلىرى، قارلۇقلارنىڭ داھىيلىرىدۇر، گەرچە (كېيىنكىسى ـ مىنورىسكىينىڭ ئىزاھاتى) ئادەم سانى ئۇلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولسىمۇ» دېگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ئۇنىڭ مانى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارالغان. بۇ بۆلەك تارىخ ماتېرىيالى ئەڭ بۇرۇن ماكۋارت تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىكى زاۋاللىق مىلادىيە 840 ـ يىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغانلىق ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ(96) بىزنىڭ قولىمىزدا جاھىزنىڭ كىتابى يوق ھەمدە نۆۋەتتە بىز كۆرگەن بۇ بۆلەك تارىخىي ماتېرىيالنى مۇھاكىمە قىلغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئەسلىي تېكىستتىن تەپسىلىي نەقىل كەلتۈرمىگەن ھەمدە جاھىزنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان بولغاچقا، بىز بۇ توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشقا ئامالسىزمىز. بىراق، بىز بۇ نامسىز يازغۇچىنىڭ ئەدەب ئىكەنلىكىنى، شەرق جۇغراپىيە مەسىلىسى ئۈستىدىكى بەزى بايانلىرىنىڭ مەسئۇدىنىڭ تەنقىدىگە(97) ئۇچرىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ مىلادىيە 869 ـ يىلى ئۆلگەن يازغۇچىنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى باشقا تىلغا

ئالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە بارتولدنىڭ جاھىز نىڭ باشقا بىر بۆلەك خاتىرىسىدە توققۇز ئوغۇزلار يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن قەبىلە سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى قارلۇقلارنىڭ كونا قوشنىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز[98]. شۇڭا، بارتولد[99] ۋە مىنورىسكىي <100> لار يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلغان ھېلىقى بىر بۆلەك تارىخىي ماتېرىيال مىلادىيە 840 - يىلىدىن بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. يىغىنچاقلىغاندا جاھىز نىڭ كىتابىدىكى مىلادىيە 840 - يىلىدىكى ۋەقە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

«تارىخىي ياقۇبى» دېگەن كىتابنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى خاتىرىسى بۇرۇنقىلارغا چېتىلىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى يېرىمى يىلنامە بولۇپ (تەخمىنەن پۈتۈن كىتابنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن، مىلادىيە 872 _ 873 - يىللار / ھىجرىيە 259 - يىل/ تاھىرىلار سۇلالىسى بىلەن ئاخىرلاشقان)، بابلارغا بۆلۈپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى چوڭ رايونلىرىنى مەخسۇس بايان قىلغان، ئالدىنقى يېرىم قىسمىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلارنى سۆزلىگەن. «شىمالدىكى خانلىقلار» بابىدا ياقۇبى مۇنداق يازغان<101>:

«ئامور (بىن تۇبۇل بىن يا پەس بىن نوھ) نىڭ نەۋرىلىرى ئىچىدىن بىر توپى دەريانىڭ ئەتراپىدىكى يەرگە كېلىپ، ھەر جايلارغا تارقىلىپ ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنى ۋە نۇرغۇن مىللەتلەرنى» شەكىللەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوتتال —al Qawadiyan، سۇترۇشانا، سوغدى، پەرغانە، شاش، تۈرك، قارلۇق، توققۇز ئوغۇز، قىماق تۈركلىرى، تىبەتلەر بار. تۈركلەرنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار قورغان سېپىللاردا تۇرىدىغانلار، تاغ - دالا يايلاقلاردا تۇرۇپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەر بار. ئۇلارنىڭ چېچى ئۇزۇن بولۇپ كىگىز

ئۆيلەردە تۇرىدۇ، ھەربىي يۇرۇشلەردە 20 جەڭچى بىر چېدىردا تۇرىدۇ، ئۇلار قارىغا ئېتىشتا ئۇستا بولۇپ دەل جايىغا تەگكۈزەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى خۇراسان رايونىنىڭ چېگراسىدىن تارتىپ تۈبۈت تاغلىرى ۋە جۇڭگونىڭ تاغلىرىدا ئۈزۈلمەي ئۇچرايدۇ»

بۇ بابتا ياقۇبى يەنە رىۋايەتتىكى نوھنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىنىڭ دۇنيانى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن، ماكانلىشىپ دۆلەت قۇرغانلىق ئەھۋالىنى سۆزلىگەن.

بۇ بىزگە ئەرەب، پارسلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گەرچە ياقۇبىنىڭ بۇ كىتابى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى كۆرستىمدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيىش قىيىن . ئەمەلىيەتتە بۇ كىتابنىڭ يىلنامە (سالنامە) قىسمىدا بۇنىڭغا ئاللىقاچان جاۋاب بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن بىز خەلىپە مەئمۇن (833ـ، 813 ـ يىللار) دىن كېيىنكى خۇراساننىڭ شەرقىنىڭ تارىخقا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى زادى كۆرەلمەيمىز. «تارىخىي ياقۇبى» دىكى شەرققە، توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئىبن خۇردابىھنىڭكىگە ئوخشاش بولسا كېرەك.

ياقۇبىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (Kitab al—Buldan) ھىجرىيەنىڭ 278 ـ يىلى (مىلادىيە 891 ـ، 892ـ يىللار) مىسىردا تاماملانغان. بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن، ئۇ ئاز بولمىغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان <102> بۇ كىتابتا يازغۇچى ئالدى بىلەن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككى ئاستانىسى باغداد بىلەن سەمەرەنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن، ئۇلاپلا ئۇ دۇنيانى تۆت «بۆلەك» كە بۆلۈپ (ئەرەب تىلىدىكى Rub/ سۆزى تۆتتىن بىر دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدۇ) بايان قىلغان. 1 ـ بۆلىكى شەرق تەرەپ بولۇپ، باغداتنىڭ شەرقىدىن تاكى «خۇراسان بىلەن قوشنا بولغان تىبەت ۋە تۈركىستانغىچە» ئىدى. بىزگە ئالاقىدار بولغىنى تۆۋەندىكى بۆلەك<103> بولۇپ ياقۇبى دەرياننىڭ سىرتىدىكى ھەر قايسى جاي، رايونلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق يازغان :<104>

«مانا بۇ (ئامۇ) دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى ئەڭ مۇھىم لىنىيىگە جايلاشقان توخارىستان، سوغدى، سەمەرقەنت، شاش» پەرغانە قاتارلىق جايلارنىڭ شەھەرلىرىدۇر. بۇنىڭدىن سىرتتىكىلىرى كۆپ دىنلىق رايونلاردۇر. يىغىپ ئېيتقاندا خۇراسان ۋە سىجستاننى ئوراپ تۇرغان تۈرك رايونلىرى بولسا بىر قانچە ئۇرۇق ۋە بىر قانچە ھاكىمىيەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار، تۈركەشلەر، قىماقلار ۋە ئوغۇزلار بار. تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئايرىم مۇستەقىل ھاكىمىيىتى بار. ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغان، ئۇلارنىڭ قورغانلىرى يوق. ئۇلار قىرلىرى بار تۈركچە يۇمىلاق چېدىرلاردا تۇرىدۇ، يۇمىلاق ئۆگزىلىك چېدىر ھايۋانلارنىڭ ۋە كالىنىڭ تېرىلىرىنى مىخلاپ سىرتىغا كىگىزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇلار كىگىز ياساشقا ئەڭ ماھىر كىشىلەردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ كىگىزدىن تىكىلگەن. تۈركىستاندا بار بولغان يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرى پەقەت تېرىقتىن ئىبارەت بىر خىللا (al—Djawars?) ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى قىمىز، ئۇلار ئات گۆشى يەيدۇ، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ يەيدىغىنى ئۇۋلارنىڭ گۆشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇ جايدا تۆمۈر كۆپ ئەمەس، ئۇلار سۆڭەكتىن ئوق ياسايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار خۇراساننى قورشىۋېلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلىپ، بېسىپ كىردى. تۈركلەر بىلەن كۈرەش قىلمىغان خۇراساننىڭ بىرمۇ رايونى قالمىدى، بارلىق ئۇرۇقلاردىكى

تۈركلەرمۇ ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلدى».
بۇ يەردىكى توققۇزغۇزلار شىمالىي دالادىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەمدۇ ياكى غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەمدۇ؟ بۇ كىتابتىكى ياقۇپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پارسلارنىڭ شەرقىي چېگراسى ئاقسۇ ئىسپىجاب ۋە كاسانغىچە سوزۇلغان. ئۇ يەنە مۇنداق يازغان <105>:
«شاش تىن تارتىپ ئىسپىجاب شەھىرىگىچە ئەڭ ئۇزۇن بولغان چېگرا لىنىيىسى ئىككى يول بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەردىن (ئاقسۇ شەھىرىگە) بېرىپ تۈركلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، ئۇ سەمەرقەنتنىڭ ئەڭ يىراق بولغان بىر يېرىدۇر».
سامانىيلار جەمەتىنىڭ مىلادىيە 839 ـ، 840 ـ يىللاردا ئىسپىجاب شەھىرىنى ئىگىلىگەنلىك تەرەپتىن ئويلانغاندا، كېيىنكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ بىلىدۇ، دەپ قاراش مۇمكىن. بىراق، مىلادىيە 839 ـ يىلى نوھ يەنە پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى Urasht رايونىنى (ئوش /Ush) ئىگىلىگەن<107>. ئۇزاق ئۆتمەي سامانىيلار يەنە شىمالدىكى نارىن دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ Khaylam (نارىن دەرياسى بويىدىكى مۇھىم شەھەر) گە كىرگەن <108>. ئەمما، بۇلارنى ياقۇبىنىڭ كىتابىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياقۇبىنىڭ پەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ئائىت خاتىرىلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ <109>. ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ۋەخش دەرياسى ( = Wakhsh Surkhab ) ۋادىسىدىكىMunk شەھىرى (بۈگۈنكى تاجىكىستاندىكى <110> BaldJuan نى «تۈرك رايونىغا (ھەممە) راشت (Rasht ، بۈگۈنكى تاجىكىستاندىكى گەرم ، Garm) قۇماد (ۋەخش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جىلغا)<111> پامىر (ئالارتاغ تىزمىسى) <112> قاتارلىق جايلار قارايدىغان چېگرادۇر» دېگەن. ئۇ يەنە <113> ۋەشجىرد بۈگۈنكى

تاجىكىستاندىكى پەيزئاباد ،Faizabad، <114> «ئۇ مۇھىم چېگرا لىنىيىسىدىكى بىر شەھەر، بىر كەڭرى رايون، ئۇ يەردە 700 مۇستەھكەم قورغان بار، چۈنكى ئۇلار ھازىر تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشماقتا. ئۇلارنىڭ تۈركىستاننىڭ يېرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 4 فەرسەخ (24 كىلومېترغا تەڭ كېلىدۇ» «ئۇ يەردە 700 قورغان بار، چۈنكى ئۇلار تۈركلەر بىلەن چېگرىداش قوشنا» دېگەن.

ئەمما، يېزىلغان ۋاقتى بىر قەدەر بۇرۇن بولغان ئىبن خۇردادبېھنىڭ كىتابىدا بۇ رايوننى باشقىچە تەسۋىرلىگەن بولۇپ ئۇ مۇنداق يازغان. <115> «ۋەشجىرد (al—Washdjird) بىلەن راشت (Rasht) تۆت كۈنلۈك يول كېلىدۇ. راشت (Rast) بولسا بۇ يۆنىلىشتىكى خۇراساننىڭ ئەڭ چېتى. ئۇ ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ئىلگىرى تۈركلەرنىڭ خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشتا ئۆتىدىغان بىر ئېغىز ئىدى. شۇڭا، فەزل بىن يەھيا بىن خالىد بىن بەرمەكى بۇ ئېغىزنى ئېتىۋەتكەن» ئىبن خۇردادبېھنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا فەزل بىن يەھيا (مىلادىيە 794 ـ 795 ـ يىللاردا خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولغان) تازىكلارنىڭ ھەممىسى چېگرا سىزىقىنى راشتقىچە سۈرگەن. فەدلىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىنى ياقۇبىمۇ ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن <116>. بىراق، ئۇ ۋە باشقا تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەرنىڭ راشتتىن جەنۇبقا ۋە غەربكە چېكىنگەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ. شۇڭا ياقۇبىنىڭ يۇقىرىقى خاتىرىلىرى ئېھتىمال بۇرۇنقى دەۋردىكى ئەھۋاللار بولسا كېرەك. ياقۇبى ئىبن خۇردادبېھقا ئوخشاش پارسلارنىڭ ئەڭ شەرقىي رايونلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، مىلادىيە 840 ـ يىللاردىن كېيىنكى ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ياقۇبى ئىبن خۇردادبېھنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن <117>. شۇڭا، يۇقىرىدىكى بايان

قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق. ئەمەلىيەتتە ياقۇبى بۇ كىتابىنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ يېزىش پرىنسىپىنى جاكارلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە جايدا قىلغان ساياھەت تارىخىنى، تۆت ئەتراپقا قىلغان زىيارىتىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن<118>:

«مەن ئۇزۇن مۇددەت توختىماي بۇ ئەھۋاللارنى يېزىۋالغاندىن كېيىن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم، مەن ھەربىر خەۋەرنى مۆۋاپىق ئورۇنغا قوشتۇم، مەن ھەر قايسى شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنچلىكلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەن ئىلگىرى ئىگىلىگەن بىلىملىرىمگە قوشتۇم».

مۇشۇ ئەسلىي تېكىستنى تەھلىل قىلغاندىكى مەسىلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قارلۇقلار، تۈركەشلەر، توققۇز ئوغۇزلار قاتارلىق بىر قانچە چوڭ ھاكىمىيەتلەر (ياكى كۈچلەر) بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت 9 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئىش بولۇشى كېرەك» بىز مىلادىيە 840 - يىلىدىن كېيىن تۈركەش قەبىلىسى مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، بىز دۈنخۇاڭ يازما ھۆججىتى S6551 نومۇرلۇق يادىكارلىق <119>، «ھۇدۇدۇل - ئالەم» <120> نىڭ 17- بابى ۋە گەردىزىنىڭ كىتابىدىن ھەتتا «تۈركىي تىللار دىۋانى»<121>. دىن مىنورسكىي تۈركەشلەرنىڭ قالدۇق قىسمى توخشىلار (独西/Tukshi) دۇر دەپ بېكىتكەن ئەھۋاللارنى كۆرەلەيمىز. شۇنداقلا تۈركەشلەر قەبىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ ئۇ ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ دالى يىللىرىدىن كېيىن (مىلادىيە 766 - 779 - يىللار) دىن كېيىن ئاللىقاچان «قارلۇقلارغا بويسۇنغان» ۋە مۇستەقىل بولغان، شۇنداقلا توققۇز ئوغۇز، قارلۇق، ئوغۇز، ۋە قىماقلار بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان تۈركەشلەر ھاكىمىيىتى ئاللىقاچان مەۋجۇتلۇقىنى

يوقاتقان. شۇڭا، مۇئەللىپىنىڭ كاللىسىدىكى تۈركەشلەر ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى توققۇز ئوغۇزلار مىلادىيە IX ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخى ھالەتلەر بولسا كېرەك.

ئىبن فەقىھنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» مۇ <121> ئىبن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» گە، ياقۇبىنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» ئوخشاش ئاپتور ئۆزى ياشىغان مۇشۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى خاتىرىلىگەن، بۇ خاتىرىلەر يەنە دەۋرى ئىزاھلانمىغان، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن كونا بولغان ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاماملانغان بۇ تارىخىي كىتابتا ئىبن فەقىھ سامانىيلار جەمەتىدىن بولغان نۇھ بىن ئەسەد (مىلادىيە 842 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى سۆزلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىسمائىل بىن ئەھمەدنىڭ (Ismàil b. Ahmad 295- 297 -/892 - 907) تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى (تۈركلەر يادا تېشى ئارقىلىق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان) ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك جەريانىنى <123> تەپسىلىي تەسۋىرلىگەن. يىلنامە (سالنامە) لارغا ۋە باشقا تارىخى كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئىسمائىلنىڭ مىلادىيە 893 - يىلى تالاسقا قىلغان جازا يۈرۈشىنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرى بولسا كېرەك<124>. بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئەرەبلەر دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە، بولۇپمۇ توققۇز ئوغۇزلارغا نىسبەتەن تونۇشىنى دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدۇرغان.

ئىبن فەقىھنىڭ كىتابىدا (BGA دې گويې تەھرىرلىگەن 5 - .توم) ئىككى يەردە توققۇز ئوغۇزلارنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭ بىرى سەمەرقەنتتىن زەمىن (Zamin) ئارقىلىق شاش بىلەن تۈركلەرگە ھەمدە پەرغانىگە بېرىشتىكى يوللارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خاتىرە ئىبن خۇردادبىھنىڭ

كىتابىدىن نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار تەمىمنىڭ شەرققە قىلغان ساياھەت خاتىرىسىدىن كەلگەن<125>. يەنە بىر جايدىكى خاتىرەمنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك (مەن رىم رەقەملىرى ئارقىلىق ئابزاسلارغا بۆلۈپ چىقتىم)<126>.

I . تۈركلەرنىڭ سانى كۆپ بولغان ئۇرۇقى توققۇز ئوغۇزلاردۇر. ئۇلارنىڭ دۆلىتى تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ، ئۇنىڭ چېگرىدىكى قوشنىلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، تىبەت، قارلۇق، ئوغۇز، پەچەنەك، تۈركەش، قىپچاق، قىرغىز قاتارلىقلار بار. تۈركلەرنىڭ شەھەر بازارلىرى جەمئىي 16، توققۇز ئوغۇزلار كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەردۇر.

II . كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە تۈركلەرنىڭ قويلىرى تۆتتىن ئارتۇق قوزىلىمايدىكەن. ئەگەر كۆپ قوزىلىسا ئىتتىقا ئوخشاش بەش ئالتىنى قوزىلايدىكەن، ئىككى ئۈچنى قوزىلاش ئايرىم ئەھۋاللار ئىكەن. ئۇلارنىڭ قويلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يوغان قۇيرۇقلىرى يەردە سۆرىلىپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە قارا بۆلۈن بىلەن تۈلكە ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلار پىشقان مەرگەنلەر ئىكەن. ئۇلار يەنە ياخشى بولغان ئىپار ئىشلەپچىقىرىدىكەن، ئۇ ھايۋانلارنىڭ بېشىدىكى مۈڭگۈز ئىكەن.

III . تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى مانى دىنىغا<127> ئېتىقاد قىلىدۇ.

IV . تۈركلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەردىن بىرى شۇكى، ئۇلار قار - يامغۇر تەلەپ قىلىدىغان بىر پارچە تاشنى ئىشلىتىدىكەن، بۇنى ئۇلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى ئىنكار قىلمايدىكەن. بۇ تاش (ھازىر) پەقەت توققۇز ئوغۇزلارنىڭ خانىغا تەۋە بولۇپ، باشقا ھەر قانداق تۈرك خانىغا تەۋە بولمايدىكەن.

V . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار كۈن چىقىدىغان جايدىكى

بۆكەندىن يادا تېشىغا ئېرىشكەن، ئۇ يەردىكى بۆكەن ئۇنى يادا (تېشىنى) ئىشلىتىپ قۇياشنى توسقان ئىكەن.

بۇ بۆلەك خاتىرىدىكى I . ئابزاس ئىبن خۇردادبىھنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان. ئىبن خوردادبىھنىڭ خاتىرىلىرىدە نەقىل قىلىنغانلارغا ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بۇ يەردە قىسقارتىلغان ۋە قوشۇلغان جايلار بار.

II ـ ئابزاسنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس؛ ئۇنىڭ مەزكۇر مەسىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس.

III ـ IV ـ ئابزاس تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېلىنغان (12 ـ 14ـ بۆلەك) <128> .

بىراق، بۈگۈنكى كۈندە BGA غا كىرگۈزۈلگەن ئىبن خوردادبىھنىڭ كىتابى ۋە ئىبن فەقىھنىڭ كىتابىنىڭ ھەر ئىككىلىسى قىسقارتىلغان نۇسخىسىدۇر. كېيىنكىسى بەلكىم ئۆزگەرتىپ يېزىلغان نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن، مىنورىسكىي رەتلىگەن تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىمۇ مۇكەممەل خاتىرە ئەمەس. شۇڭا، چىقىرىشقا بولىدىغان يەكۈن پەقەت ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىبن فەقىھنىڭ كىتابىدىكى (BGA نەشرى) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆپىنچە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. فەقىھنىڭ كىتابىدىكى بايانلار مەشھەد نۇسخىسىغا يېقىن ئىدى<129> .

بىراق سوۋېت ئىتتىپاقى نەشر قىلغان «تۈركمەن ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناھايىتى ئۇزۇن بىر بۆلەكنى<130> تەرجىمە قىلىپ چىققان ھەمدە بۇ بۆلەكنى ياقۇبىنىڭ «يەر ناملىرى قامۇسى» <131> دىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ بۆلەك خاتىرىدە ئېيتىلىشىچە ئىبن فەقىھ بىلەن دەۋرداش بولغان ئەبۇ ئابباس ئىيسا ئىبن مۇھەممەد مەرۋەزى گەرەب دۇنياسىنىڭ چېگراداش قوشنىلىرى ئوغۇز، توققۇز ئوغۇز ۋە قارلۇقلار

ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى ئەبۇ ئاباس توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېچقانداق كىچىك ھالقىلارنى سۆزلىمىگەن. نەتىجىدە بۇ توققۇز ئوغۇزلار، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتكەن. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى بولۇپمۇ شەرقىي شىمالى قاسناقلىرىدا ئىزچىل جانلانغانلىقى سەۋەبلىك ئىبن فەقىھ ئېيتقان ئەھۋال يەنە مىنورىسكىينىڭ يەنە بىر ھۆكۈمىنى مۇئەييەنلەشتۇردى ھەمدە ئەينى چاغدىكى ئەرەب، پارس ئالىملىرى ئەمەلىيەتتە مىلادىيە 840 - يىلىدىن ئىلگىرى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى ئىگىلىگەن توققۇز ئوغۇز (يەنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار) بىلەن 840 - يىلىدىن كېيىن ئۇ يەردە ماكانلاشقان توققۇز ئوغۇزلارنى (يەنى غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ۋە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى) زادىلا ئايرىيالمىغان<132>.

مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب، پارس يازغۇچىلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى توققۇز ئوغۇزلار كۆپىنچە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىش ئېھتىمالى ھەم مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى مەسئۇدىنىڭ ئەسىرىدە يەنە بىر قېتىم ئىپادىلەنگەن. مىلادىيە 956 - يىلى (ھىجرىيە 345- يىلى) ۋاپات بولغان مەسئۇدى<133> ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن ئاساسلىق «ئالتۇن يايلاق ۋە قىممەتلىك جاۋاھىرلار» (مىلادىيە 947 - يىلى ھىجرىيەنىڭ 336 - يىلى يازغان مىلادىيە 956- يىلى ھىجرىيەنىڭ 345 - يىلى تۈزەتكەن (Murudj al—Dhahab wa Màdin al—Djawahir) ۋە «نەسىھەتنامە» ،Kitab al — Tanbih wa al — Ishraf) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا

يازغان) بار. ئالدىنقىسى مەسئۇدىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، قامۇس دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن. كېيىنكىسى ئۇنىڭ خۇلاسە خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولۇپ ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنى تولۇقلىغان. «ئالتۇن يايلاق» تىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر تۆۋەندىكى بىر قانچىدۇر.

I . (333 ـ پاراگراف) «(چىن) خانى يېقىن قوشنىسى تۇبۇتلەرنىڭ Mdu شەھىرىگە <134> تاياندى (ئىلگىرىكى تېكىستلەردە سۆزلەنگەن) ھەم ئۇ يەردىن تۈرك پادىشاھى ئۇيغۇر خانىغا (uyghur — khan) خەت يېزىپ قۇتقۇزۇشنى ئۆتۈندى ... شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانى ئوغلىنى 40 تۈمەن كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇنغا باش قىلىپ ياردەمگە ئەۋەتتى. Banshau (<135>خۇاڭچاۋ) ۋەقەسى ئېغىرلاشقا باشلىدى. ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈم ـ يېتىم ئېغىر بولدى. Banshau (خۇاڭ چاۋ) غايىپ بولدى. بەزىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېيىشتى، بەزىلەر ئۇنى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ دېيىشتى. ئوغلى ۋە بىر قىسىم ئورۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرى ئەسىرگە چۈشتى. جۇڭگو خانى ئاستانىگە قايتىپ خانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى».

بۇ پاراگراف ۋە 329 ـ 333 ـ پاراگراف مىلادىيە 878ـ يىلىدىن كېيىنكى Banshau (خۇاڭچاۋ) رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى <136> بايان قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلارنى ئەبۇ زەئىد ھەسەن (Abu Zayd Hasan) يازغان «جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم (داۋامى)» <137> (تۆۋەندە ئەبۇ زەئىد كىتابى دەپ ئاتايمىز) دىن كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ يەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانى خەت ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلغىنى «تۈركلەرنىڭ توققۇز ئوغۇز پادىشاھىدۇر» بۇ توققۇز ئوغۇز پادىشاھى بىلەن ئۇيغۇر خانىغا نىسبەتەن بىز بۇنىڭ شاراپىت لى كېيوك ھەققىدىكى خاتا بايانلار ئىكەنلىكىنى

كۆرستىپ ئۆتكەن ئىدۇق. مەسئۇدى ھىجرىيەنىڭ 303 ـ يىلى (مىلادىيە 915 ـ 916 ـ يىللار) بەسرەدە ئەبۇ زەئىد<138> بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ ئەبۇ زەئىدنىڭ خاتىرىسىنى نەقىل ئېلىپ يازغاندا «ئۇيغۇر خانى» نى «توققۇز ئوغۇز پادىشاھى» نىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

Ⅱ. (227 ـ پاراگراف) «يۇقىرىدا بايان قىلغانغا ئوخشاش گانگ دەرياسى يەنى ھىندى دەرياسى ھىندىستاننىڭ ئەڭ چەت جايلىرىدىكى تاغلاردىن باشلىنىدۇ» ئۇ يەر جۇڭگو يەنى (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) يەنى (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) نىڭ تۈرك توققۇز ئوغۇز دۆلىتىگە يېقىن بولغان جايىغا قوشنا كېلىدۇ. ئۇ ھىندى دېڭىزى قىرغىقىغا قاراپ ئېقىپ (Habashi) دېڭىزىغا <139> قۇيۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 400 فەرسەخ».

بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەھۋالىنى مەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئامالسىزمەن، بىراق مەسئۇدى «نەسىھەتنامە» دە بۇ دەريانىڭ بېشىنى «تۈبۈت رايونىدىكى تاغدا» دېگەن.<140>

Ⅱ. (326 ـ پاراگراف يۇقىرىدا بايان قىلىنغان) <141> «ئۇلار (جۇڭگولۇقلار) نىڭ دۆلىتى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ دۆلىتى بىلەن قوشنا<142>. كېيىنكىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا مانى دىنى ۋە ئاتەشپەرەسلىك بار. ئۇلار ئىلگىرى نادان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئۇسۇلى بولسا بارلىق تۈركلەرنىڭ ئېتىقاد ئۇسۇلى ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئىككى خۇدالىق دىنىنىڭ ئالدامچىسىغا ئۇچرىغىچە ئىشلەتتى. ئۇ ئادەم ئۇلارغا قۇرۇق گەپ سېتىپ رېئال دۇنيادىكى زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلارغا ھايات ۋە مامات، ساغلاملىق ۋە كېسەللىك، بايلىق ۋە نامراتلىق، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، جەم بولۇش ۋە ئايرىلىش، باغلىنىش ۋە ئۈزۈلۈش، شەرق ۋە غەرب مەۋجۇتلۇق ۋە يوقىلىش، كېچە ۋە كۈندۈز قاتارلىق ھەرخىل بىر ـ بىرىگە زىت بولغان

شەيئىلەرنى بايان قىلىپتۇ، ھەم ئۇلارغا ئەقىل ـ ئىدراكلىق ھايۋانلار ۋە باشقا ھايۋانلار ئۇچرايدىغان خىلمۇخىل ئازاپلارنى ئەسلەتكەن، ئۇلارغا بالىلار، دەلدۇشلەر ساراڭلار دۇچ كېلىدىغان ھەممىنى ئەسلىتىپتۇ». <327 ـ پاراگراف>

«شۇڭا، ئەگەر جۇڭگو پادىشاھى شامان دىنى مۇرىتى بولۇپ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئانداقتا ئۇنىڭ بىلەن تۈرك پادىشاھى ئۇيغۇر خاقانى ئارىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ. ئەگەر جۇڭگو پادىشاھى مانى دىنى مۇرىتى بولسا ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلار بىردەكلىشىدۇ.

مەسئۇدى بۇ يەردە تىلغا ئالغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانى شۈبھىسىزكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 763 ـ يىلىدىكى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدۇر <143>. ئەينى چاغدا ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىغا ئاللىقاچان يەتتە ـ سەككىز يىل بولۇپ قالغان بولۇپ شۈەنزۇڭ، سۇزۇڭ قاتارلىق ئىككى خاقان ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغان، ئاسىي سانغۇن شى جاۋيى ئۇيغۇر مويۇنچۇر قاغانىنى جەنۇبقا باشلاپ كەلگەنىدى. كېيىن خانلىق ئەلچى ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلىپ توسۇش ئارقىلىق، قاغان چاڭئەنگە كەلمەي لوياڭغا بېرىپ شى جاۋيىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مويۇنچۇر قاغان لوياڭدا مانى دىنى راھىبىنى ئۇچرىتىدۇ، مانى «كاھىنلىرى ۋە دانىشمەنلىرىدىن رۇيشى قاتارلىق تۆت كىشى (ئۇيغۇر) ئېلىگە كەلدى ۋە تائەت ـ ئىبادەت، نەزىر ـ چىراق قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كاھىنلار دانالىقتا تەڭداشسىز، كىتاب ـ دەستۇرلاردىن تولۇق خەۋەردار، سۆزمەن كىشىلەر بولغاچقا، تېزلا بۇ دىنىنى بۇ جايدا ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى» <144>. بىز مەسئۇدىنىڭ خاتىرىلىرىدىن مانى راھىبلىرىنىڭ دىن تارقىتىۋاتقانلىقىغا دائىر بەزى تەپسىلاتلارغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ يەردىكى

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز. بىراق، مەسئۇدى ئېيتقان جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش سەۋەبىدىن ئۇرۇش يۈز بەرگەنلىكىدەك ئىش خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئىسپاتىغا ئېرىشەلمىدى. بۇ ئېھتىمال بىر خىل خاتا بايان بولسا كېرەك. بىراق، ئۇنىڭ جۇڭگودىمۇ مەلۇم دەۋرلەردە مانى دىنىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرى خۇيچاڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە مانى دىنىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بىزمۇ كەيچېڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تاڭ ۋۇزۇڭنىڭ خەنزۇلار يېرىدە مانى دىنىغا قاتتىق زەربە بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇلار يېرىدىكى مانى دىنىنىڭ پەيدىنپەي بىر خىل مەخپىي دىنغا ئايلانغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداقتا خەنزۇ يەرلىرىدىكى مانى دىنىنىڭ ئەھۋالىمۇ مەسئۇدىنىڭ بۇ خاتىرىسىنىڭ (327 ـ جىلد) مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى تارىخىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بىراق مەسئۇدى 326 ـ پاراگرافنىڭ باشلىنىشىدا بىر ھازىرقى زامان كېلىشىدىكى پېشلىنى ئىشلىتىپ، (قوشنا yattasil ) جۇڭگو بىلەن توققۇز ئوغۇزنى قوشنا دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ شۇ كىتابىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بۇ ئىشنى ئاللىقاچان بايان قىلغانلىقىنى ئېيتقان، ئانداقتا بىز يەنە ئالدىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

IV. (312 ـ پاراگراف) «ئامورنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىكى باشقا بىر قىسىم كىشىلەر بەلخ دەرياسىدىن ئۆتكەن، ئۇلار بىر قانچە پادشاھلىققا بۆلۈنۈپ ئۇ رايونغا تارقالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتاللار، يەنى قۇتاللارنىڭ

ئاھالىسى Uruwisan، سۇترىشانا، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئارىلىقىدىكى سوغدىلار ھەمدە پەرغانە، شاش، ئىسپىجاب شەھىرى ۋە فارابنىڭ ئاھالىلىرى با. ئۇلار شەھەر، قورۇقلارنى بەرپا قىلغان، باشقىلار ئۇلاردىن ئايرىلىپ يايلاقتا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرك، قارلۇق، توققۇز ئوغۇزلار بار، ئۇلار kushan/ kanshan شەھىرى يەنى، خۇراسان رايونى ۋە چىن (جۇڭگو) ئارىسىدىكى پادىشاھلىقنىڭ خوجايىنلىرىدۇر، بۈگۈنكى كۈندىكى ھىجرىيە 332 ـ يىلىدىمۇ (مىلادىيە 943 ـ 944 ـ يىللار) تۈركلەرنىڭ تۇرغۇن ئۇرۇقى ئىچىدە ئۇلاردىنمۇ جەسۇرى، ئۇلاردىنمۇ باتۇرى يوق، ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇر خان بولۇپ، ئۇلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، تۈركلەرنىڭ ئىچىدە پەقەتلا مۇشۇلار بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

مەسئۇدىنىڭ بۇ يەردىكى سۆزىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئالدىدا نەقىل ئېلىنغان ياقۇبىنىڭ بىر ئابزاس خاتىرىسى ئاساسەن ئوخشاش. بىز يۇقىرىدا ئالىقاچان مۇلاھىزە قىلىپ بولاردا خاتىرىلەنگىنىنىڭ ئەرەب، پارسلار ئارىسىدا تارقالغان تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمى رىۋايەتلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدۇق. بىز يەنە ئۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەنىدۇق. بىراق، مەسئۇدى يەنە بۇ توققۇز ئوغۇزلارنى ھازىر ساقلىنىپ قالغان بىر قەبىلە دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا «جۇڭگو ۋە خۇراسان ئارىسىغا» جايلاشقانلىقىدىن بىز پەقەت ئۇنىڭ نەزىرىدە ساقلانغان توققۇز ئوغۇزلارنى غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردۇر دەپ قارايمىز.

٧. (395 ـ پاراگراف) «جۇڭگو، ھىندىستان ۋە al— Zabadj نىڭ پادىشاھلىرى ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق

پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى بابىلۇن پادىشاھىنى ئۇلۇغلاپ، دۇنيانىڭ بىرىنچى پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭ گويا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇلتۇزلار ئوراپ تۇرغان يورۇق ئاي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ رايونى (Iqlim) ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئۇ بايلىقى ئەڭ كۆپ، تەبىئىتى ئەڭ ياخشى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ كەسكىن پادىشاھ. بۇلار بۇ رايوندىكى ئىلگىرىكى پادىشاھلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بولۇپ، بۇگۈنكى يەنى 332 ـ يىلدىكى (ھىجرىيە يىلنامىسى مىلادىيە 943 ـ 944 ـ يىللار) ئىش ئەمەس. ئۇلار ئۇنى ئىلگىرىكى شاھىنشاھ دەپ ئاتىغان. شاھىنشاھ (Shahan — Shah) نىڭ مەنىسى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنى گويا ئادەمنىڭ يۈرىكىدەك ۋە ئالتۇن زەنجىردىكى قىزىل ياقۇتتەكتۇر. ئىككىنچىسى ھىندىستان پادىشاھى بولۇپ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىگىسىدۇر، «پىلنىڭ خوجىسىدۇر»، چۈنكى باشقا قۇدرەتلىك پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقىل ـ پاراسەت ھىندىستاندا پەيدا بولغانىكەن».

(396 ـ پاراگراف) » ھىندىستان پادىشاھىنىڭ ئارقىسىدىلا جۇڭگو پادىشاھى تۇرىدۇ، ئۇ دۆلەتنى بىخەتەر تىنچ باشقۇرۇشنىڭ نازۇك ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇن ۋە پۇقرالارنى ئىدارە قىلىشىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، دۇنيادىكى پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە ئۇ چارۋىچى خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەڭ ماھىر. ئۇ باتۇر، كۈچلۈك بولۇپ، دائىم زاپاس قوشۇننى توپلاپ باقىدۇ، ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنە، قورال ـ ياراغلىرى بار. ئۇ بابىلۇن پادىشاھىغا ئوخشاش لەشكەرلەرنى باقىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۈرك پادىشاھلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، كۇشان (< kushan < Kaushan) شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى تۇرىدۇ، ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى ۋە ئات ئىگىسى دەپ نام ئالغان. چۈنكى، دۇنيادىكى پادىشاھلارنىڭ

ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەڭ باتۇر بولۇپ، قان ئاققۇزۇشتىن زادى قورقمايدۇ، ئۇنىڭ ئاتلىرى ئەڭ كۆپ. ئۇنىڭ دۆلىتى جۇڭگو ۋە خۇراساننىڭ ئارىسىدىكى ئېدىرلىقتا. ئۇ دائىم ئىشلىتىدىغان ئىسىم ئۇيغۇر خاندۇر. تۈركلەردە نۇرغۇن پادىشاھلار ۋە نۇرغۇن ئۇرۇقلار بولۇپ ئۆزئارا بويسۇنمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ».

(397 - پاراگراف) «ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى رىم پادىشاھىدۇر. ئۇ ئادەملەرنىڭ خوجىسى بولۇپ، دۇنيادىكى پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ قىياپىتى ئەڭ چىرايلىقتۇر».

مەسئۇدىنىڭ بۇ يەردە سۆزلىگىنى ئاتالمىش «تۆت پادىشاھ سۆزى» بولۇپ، «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 344 - پاراگرافىدا ئۇ يەنە ئەبۇ زەئىد خاتىرىلىگەن ئىبن ۋەھھابنىڭ جۇڭگو پادىشاھىدىن ئاڭلىغان «تۆت پادىشاھ سۆزى» نى نەقىل قىلىپ بايان قىلغان. 1923 - يىلى پېللىئوت جۇڭگو، ھىندىستان ۋە مۇسۇلمان رايونلىرىدا تارقالغان «تۆت پادىشاھ سۆزى» نى تەپسىلىي تەھقىقلىگەنىدى<146>. 1931 - يىلى فېرراند يەنە ئۇنىڭغا قارىتا تولۇقلاش ئېلىپ بارغانىدى<147>. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى ئوخشىمىغان ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەر تىزىلدى.

[4 - جەدۋەل «تۆت پادىشاھنى كۆرسىتىش جەدۋىلى»].

| ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەھۋالى ( رەقەملەرنىڭ رەت تەرتىپىنى ئىپادىلەيدۇ | | | | | ئاپتورى | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | توخرى③ ( ئات ئىگىسى ) | بۈيۈك چىن ② ( گۆھەر ئىگىسى ) | جۇڭگو① ( ئادەم خوجىسى ) | | كاڭتەي | 240 ـ 250 ـ يىللار |
| ھىندىستان ② ( پىل ) | توخرى④ ( ئات ئىگىسى ) | بۈيۈك چىن ③ ( ئالتۇن كۈمۈش ) | جۇڭگو① ( ئادەم ) | | ئون ئىككى ساياھەت تەپسىرى | 4-ئەسىر |
| ھىندىستان ① ( پىل ) | ھون ③ ( ئات ) | پېرسىيە② ( گۆھەر ) | جىنا④ ( ئادەم ) | | شۈەنزاڭ | 646 ـ يىل |
| ھىندىستان ① ( پىل ) | تۈرك③ ( ئات ) | خور ② ( گۆھەر ) | كىناستىخانا ④ ( ئادەم ) | | داۋشۈئەن | 650 ـ 667 ـ يىللار |
| ھىندىستان ④ | | رىم③ | جۇڭگو② | ① ئەرەب | سۇلايمان | 851 ـ يىل |
| ھىندىستان ④ ( پىل ) | تۈرك③ ۋەھشىي ھايۋان | رىم⑤ ( گۈزەللەر ) | جۇڭگو② ( ئادەم ) | ئىراق① | ئىبىن ۋەھھاب | 870 ـ يىللار |
| ھىندىستان ④ ( پىل ) | توققۇز ئوغۇز ④ ( ۋەھشىي ھايۋان/ ئات ) | رىم ⑤ ( گۈزەللەر ) | جۇڭگو③ ( ؟ ) | بابىلون ( ؟ ) | مەسئۇدى | 947 ـ 956 ـ يىللار |
| ھىندىستان ② | تۈرك ③ | پېرسىيە④ رىم ⑤ | جۇڭگو① | | ئەبۇل قاسىم | 1027 ـ 1970 ـ يىللار |

بۇ جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىلادىيە 7-ئەسىردىن كېيىن شىمالدىكى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئورنىنى تۈركلەر ئىگىلىگەن. شۇبھىسىزكى مەسئۇدى بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلمىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاتلارنىڭ خوجايىنى ۋە ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ خوجىسى ئورنىنى ئىگىلىگەن تۈرك پادىشاھىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلىمەكچى بولغان <148>. ئۇنىڭ بۇ خىل ئارزۇسى ئۇ ئەرەب ئەنئەنىسىگە ئاساسەن دۇنيانى يەتتە چوڭ رايونغا<149> بۆلۈپ بايان قىلىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 189 ـ جىلدىدا دۇنيادىكى ھەر قايسى چوڭ رايونلارنى قىسقىچە بايان قىلغان بولۇپ،

دېيىلىۋاتقان يەتتە چوڭ رايوننىڭ بىرى بولسا «تۈرك، گاسار، دەيلەم ۋە سلاۋيانلار» رايونىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن «پەندى نەسىھەتلەر» دە دۇنيادىكى يەتتە چوڭ رايوننى بايان قىلغاندا، ئۇ كونكرېتنى چۈشەندۈرۈپ، «تۈرك» دېگىنىمىز قارلۇق، ئوغۇز، قىماق، توققۇز ئوغۇز قاتارلىقلاردۇر دېگەن<150>. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا بۇ تۈركلەرنىڭ ئورنىغا «شىمالنىڭ غوجىسى» قىلىپ قويۇلغان توققۇز ئوغۇزلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىشى كېرەك. ئەمما، ئۇ يەنە بۇلار كۇشان (kushan/kaushan) شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى دەيدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا مىلادىيە 943 - يىلىنىڭ (ھىجرىيە 332 - يىلىنىڭ) ئالدى - كەينىدە جۇڭگونىڭ غەربىدە كۆچەيگەن توققۇز ئوغۇزلار پەقەت قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدۇر. مىنورسكىي بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. <151> مەزكۇر كىتابنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي قىسىم زېمىنلىرى» دېگەن پاراگرافىدا مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينى قوچۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ غەربتىكى زېمىنىنى ئىسسىق دېڭىز يەنى ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغىچە دەپ بۆلۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مۇشۇ تارىخىي ماتېرىيالنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تاۋۇش جەھەتتىكى ئوخشاشلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا kushan (kaUshan) نى قوچۇ بىلەن سېلىشتۇرۇشقىمۇ، يەنە كۇسەن <152> بىلەن سېلىشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى بۇ سۆزنى kushan دەپ تەلەپپۇز قىلىشقىمۇ ياكى Kanshan دەپ تەلەپپۇز قىلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئالىملار بۈگۈنگىچە ئالدىنقىسىدەك تەلەپپۇز قىلىپ كەلمەكتە. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى «ئالتۇن يايلاق» نى

فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى Barbier demeynard دىن بۇيان، ئاز بولمىغان كىشىلەر بۇ سۆزنى قوچو بىلەن سېلىشتۇرۇشماقتا. شۇنداقلا خېلى بۇرۇنقى 1912 ـ يىلىلا پېللىيئوت «قوچو ۋە قارا خوجانى تەكشۇرۇش» دېگەن ماقالىسىدا ئۇ سۆز بىلەن قوچۇنى سېلىشتۇرۇشتا بەزى تىل ئىلمىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. چۇنكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئىشلەتكىنى قوچۇنىڭ تۈرك تىلىدىكى نامى (Qocho) (قوچو) بولۇپ، خەنزۇچە ئاتالغۇ «گاۋچاڭ» (高昌) ئەمەس. 1931 ـ يىلى خانېدا تورۇ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر ئاساسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا، بۇ سۆزنى شۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەردىكى kusan دېگەن سۆزگە ۋە خەنزۇچە يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەردىكى چۇيشىيەن، كۇشەن دېگەن سۆزلەرگە سېلىشتۇرغان ھەمدە مەسئۇدىنىڭ خاتىرىلىگىنىنى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دەپ قارىغان، بىراق كۇسەن ئۇيغۇرلىرى كېچىكىپ يەنى 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ تارىخ ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلىدۇ، شۇڭا 10 ـ ئەسىردىكى كۇسەن رايونى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى كېرەك ، شۇڭا ئۇمۇ بۇ يەردە بارلىق ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ھەمدە كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ پىكرى بويىچە بۇ سۆزنى كۇسەن سۆزىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ بۇ توققۇز ئوغۇز يەنىلا پەقەت غەربكە كۆچكەندىن كېيىن شەرقىي تەڭرىتاغدا ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولۇشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا مەسئۇدى پۇتكول بايانىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىرلەشتۇرۇۋەتكەن، ئۇ مىلادىيە 840ـ يىلىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى خەۋەرلەرگە

ئېرىشكەندىمۇ ئەرەب پارس ئاپتورلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كونا تونۇشىدا يەنىلا چىڭ تۇرغان. مەسئۇدى نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلغان بولۇپ، پېرسىيە، ھىندىستان سەيلۇنلەرنى زىيارەت قىلغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ يەنە سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ جۇڭگو دېڭىزىغىچە بارغان. يەنە ئىچكىگە قاراپ مېڭىپ دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ ساياھەت قىلغان <153>. بىراق، ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتمىگەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلەر بولۇپمۇ سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدا نۇرغۇن ئۆزئارا زىت جايلىرى بار، مەسىلەن: ئۇنىڭ قارلۇقلار توغرىسىدىكى بىر بۆلەك قالايمىقان خاتىرىسىدىن پىرتساك پايدىلىنىپ خاتالاشقان ۋە مۇشۇنىڭغا تايىنىپ 10 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر چوڭ قارلۇق خاقانلىقىنى ئىسپاتلىغان<154>. بىز مەسئۇدىنىڭ توققۇز ئوغۇز توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن پايدىلىنىشىمىز لازىم.

## 3. بەلىخ ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار

مەسئۇدى بىلەن زاماندىش ئەرەب، پارس جۇغراپىيە ئىلمىدە ئاتالمىش بەلىخ ئىلمىي ئېقىمى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بەلخى ( al—Balkhi ھىجرىيەنىڭ 308 - يىلى، مىلادىيە 920- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەسەر يازغان)، ئىستەخرى ( al—Istakhri ھىجرىيەنىڭ 318 - 340 - يىللىرى، مىلادىيە 930- 951 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەسەر يازغان) ئىبن ھەۋقەل (Ibn al—Hauqal ھىجرىيەنىڭ 367 - يىلى، مىلادىيە 977 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەسەر يازغان)، مۇقەددەسى al—

Muqaddasi ھىجرىيەنىڭ 375 ـ 387 ـ يىللار، مىلادىيە 985ـ 997 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەسەر يازغان) قاتارلىقلاردۇر <155>. بۇ ئالىملار ئىلگىرىكى گرېكلارنىڭ كەڭلىك گرادۇسى بويىچە رايونلارغا كىلىمات بەلۋېغىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزگەرتىپ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك بىرلىككە كېلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى رايونلار ئارىسىدىكى نىسپىي ئورنىنى ئىپادىلەيدىغان يۇمىلاق دۇنيا خەرىتىسىنى ۋە بىر قەدەر تەپسىلىي بولغان ھەر قايسى رايونلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، ھەم بۇ خەرىتىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا دۇنيا ۋە ھەرقايسى رايونلارنى تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىملارنىڭ ھەممىسى ماۋارائۇننەھر رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئانداقتا بۇ يازغۇچىلارنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغقا ئائىت قانداق خاتىرىلىرى بار؟

ئىستەخرىنىڭ ئەسىرى «دۆلەتلەرگە يول» دا دائىم توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. مەسىلەن، پەرغانىنىڭ بەزى تاغلىرىدا ئۈزۈم، ياڭاق، ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ ئۆسىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، ئۇ بۇ تاغلارنىڭ پەرغانە ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر رايونلىرىغىچە سوزۇلىدىغانلىقىنىلا <156> ئېيتىپ، پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنى كونكرېت ھالدا تىلغا ئالمىغان. ئۇ ۋاخش دەرياسىنىڭ تۈركلەر رايونىدىن ئېقىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپلا <157> ئۇ رايوننىڭ تۈركلەرنىڭ قايسى قەبىلىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان. ئەگەر بۇ بۆلەكنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېگرىسىنىڭ سىرتىدا دەپ قارىساق، ئۇنداقتا تۆۋەندىكى بۆلەك يەنە ئۇنىڭ چېگراسى ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن <158>:

«بۇ تاغنىڭ ئاخىرقى ئۇچى Warka كەنتىدە بولۇپ، ئۇ كېش ۋە سەمەرقەنتنىڭ ئارىسىدىن سەمەرقەنتكە قاراپ سوزۇلغان

بولۇپ ئۇدۇل پەرغانىنىڭ يېرى بولغان سۇترىشانا بىلەن بۇتتامان تاغ تىزمىسىغا تۇتىشىدۇ، يەنە Shaldji يۆنىلىشىگە قاراپ سوزۇلغان ئاشۇ يوللارنى مېڭىپ باققان كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يەنە جۇڭگو چېگراسىغىچە سوزۇلىدىكەن».

تالاستىن جۇڭگو چېگراسىغىچە قاراپ سوزۇلغاندا قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك، ئىراق يازغۇچى بۇ يەردە بۇنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. يازغۇچى يەنە مۇنداق يازغان <159>:

«سۇترىشانا پەرغانە ئىراق Shaldji ۋە Luban (لابان) دىن قىرغىزلارنىڭ يېرىگىچە بولغان جايلارغا جايلاشقان كان بايلىقلىرى مۇشۇ تاغدا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تۇتاش بولغان تاغ تىزمىلىرىدۇر».

بۇ يەردە يەنىلا قىرغىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تۇرۇۋاتقانلارنى تىلغا ئالمىغان. ئەلۋەتتە ئىستەخرى قاتارلىق بەلخ ئۆلىمالىرى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئۇلارمۇ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا تۇرۇۋاتقانلارنى تىلغا ئالغان <160>. «ئىراقتىن بەلخ دەرياسىغىچە تەخمىنەن 2 ئايلىق يول. بەلخ دەرياسىدىن پەرغانىنىڭ چېگرىسىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باش ئۇچىغا بارغۇچە جەمئىي يىگىرمە نەچچە يول كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئالدىغا قاراپ مېڭىپ قارلۇقلارنىڭ بارلىق يەرلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ يەنە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىغا كىرگىچە جەمئىي 30 نەچچە يول كېلىدۇ. بۇ يەردىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ چېتىدىكى ئوكيانغىچە تەخمىنەن 2 ئايلىق يول» بۇ يەردىكى بەلخ دەرياسى ئامۇ دەرياسىدۇر. پەرغانىنىڭ شەرقىي ئۇچى پارسلار دۇنياسىنىڭ چېگرىسى بولۇپ، ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول» نىڭ بىر يېرىدىكى تەسۋىرىدە تەخمىنەن ئۆزگەند ئەتراپلىرىغا» <161>

جايلاشقان. تېكىستتىكى «يول» ئاتلىق بىر كۈندە باسىدىغان مۇساپىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ يەردە بايان قىلىنغان مۇساپىلەرنى تۆۋەندىكى كۆرسەتكۈچ خەرىتە بىلەن ئىپادىلەپ چىقتۇق.




بارتولد بۇ بۆلەك مۇساپىنى «ئىسلام دۇنياسىدىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىغا يەتكۈچە 30 نەچچە كۈن سەپەر قىلىش، قارلۇقلارنىڭ كەڭ كەتكەن پۈتكۈل زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈش كېرەك» <162> دەپ چۈشەنگەن. بىراق ئەسلىي تېكىستكە ئاساسەن يۇقىرىدىكى كۆرسەتكۈچ خەرىتىنى سىزىپ چىقىپ ھازىرقى زامان خەرىتىسى بىلەن سېلىشتۇرساق 30 نەچچە يول بىلەن 2 ئايلىق يولنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى شاجۇ ئەتراپلىرى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەرەبلەر چېگرىسىنىڭ شەرقىدىكى 30 نەچچە يول قارلۇق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇز ئېنىقلا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربى قوشنىسى پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى قارلۇقلاردۇر، ئۇلار شەرقتە جۇڭگو چېگرىسى بىلەن شاجۇ بەيئەتچى قوشۇنلىرىغا تاقىشىدۇ. ئىستەخرى يەنە ھەر قايسى سىياسىي رايونلار ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ چېگرالىرىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلغان <163>:

«. . . كۆپلىگەن تۈرك ئەللىرى ئۆز ـ ئارا ئوخشىمايدۇ. ئوغۇزلارنىڭ چېگرداش قوشنىلىرى گاسار، قىماق، قارلۇقلار، بۇلغارلار ھەم جۇرجانلاردىن ( DJurdjan ، فاراب، ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسى تەرەپتىكى چېگرالىرىغىچە بولغان

جايلاردۇر. قىماقلارنىڭ دۆلەت زېمىنى قارلۇقلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ ئوغۇز، قىرغىز ۋە سەقالىب (al— Saqalilb) تىغى ئارىسىدا يەجۇج (yadjudj) ئۇلار شىمال تەرەپتە. ئەگەر سەن سەقالىبلار (al—saqalib) بىلەن قىماقلارنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولساڭ، ئۇنداقتا ئاللانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان يېرىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى بىلىسەن.

قىرغىزلار: ئۇلار توققۇز ئوغۇزلار، قىماقلار، ئوكيان ۋە قارلۇقلارنىڭ يېرىنىڭ ئارىسىدا. توققۇز ئوغۇرلار: ئۇلار تۈبۈت، قارلۇقلار، قىرغىزلار ۋە جۇڭگونىڭ زېمىنىنىڭ ئارىسىدا.

جۇڭگو: ئۇلار دېڭىز، توققۇز ئوغۇز ۋە تۈبۈتلارنىڭ ئارىسىدا..

.......

قاسار... ئۇ قاسار دېڭىزى al — Sarir (ئۇرۇش ۋە ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر جاي) ۋە ئوغۇزلار ئارىسىدىكى رايوندۇر.

تۈبۈت: ئۇ جۇڭگو، ھىندىستان، قارلۇقلار توققۇز ئوغۇز ۋە پارس دېڭىزى بىلەن چېگرداش قوشنىلاردۇر. ئۇنىڭ مەلۇم قىسىملىرى ھىندىستانپادىشاھلىقىنىڭ ئىچىدە، يەنە مەلۇم قىسمى جۇڭگونىڭ ئىچىدە: ئۇلارنىڭ ئۆز جايىدا تۇرۇشلۇق پادىشاھلىرى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا دۇنيانىڭ (باشلىنىشى) مەنبەسى بولغان al— Tubba (تۇببە) نى پەقەت ئاللا بىلىدۇ، بىلەرمىش.

بۇ خاتىرىلەردىكى بايانلارغا ئاساسەن 10 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خەرىتىنى سىزىپ چىقالايمىز (قوشۇمچە رەسىم (2) يۇقىرىقى خاتىرىدىكى بايانلار ۋە كۆرسەتمە خەرىتىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆچى




قوشۇمچە رەسىم (2) : X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تارقىلىشىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قاراپ سوزۇلسا، ئانداقتا ئۇنى دائىرىسى جۇڭگو بىلەن قىرغىزلارغا ئوخشاش يىراق شەرقتىكى ئوكيانغىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئۇنىڭ كۆچى ھەقىقەتەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە كېڭەيمىگەن بولۇپ، بۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىك بىلەن بولغان باغلىنىشىنى يوقاتقان، بۇ توققۇز ئوغۇزلار شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى كېرەك. بۇ بۆلەك خاتىرىدىكى جۇڭگو بىلەن قىرغىزنىڭ چېگرالانمايدىغانلىقىنى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىك بىلەن بولغان باغلىنىشىنى يوقاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا مۇھەممەد خارەزمىنىڭ «زېمىننىڭ خەرىتىسى» دىكى ئىلگىرى نەقىل قىلىنغان خاتىرىلەردىن قايتا پايدىلانغاندا، يۇقىرىقى خاتىرىلەر ھەقىقەتەن بەلخ ئىلمىي ئېقىمىدىكى جۇغراپىيەشۇناسلارنىڭ 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 10 -

ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قىرغىزلار كەم دەرياسىغا چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىنكى چۆللۈكنىڭ شىمالى رايونلىرىدىكى ھوقۇقنىڭ بوش قالغانلىقىدەك ۋەزىيەتنى چۈشەنگەنلىكىنى <164> چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالىملار بەلىخ ئېقىمىدىكى ۋە باشقا ئەرەب، پارس جۇغراپىيە ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، بەلخ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى ئاساسەن ئەرەب دۇنياسى <165> دېگەن تونۇشقا كەلگەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئىستەخرى ۋە ئىبن ھەۋقال بىر قانچە رايونلارغا بۆلگەن خەرىتىدىن بولۇپمۇ دەريا سىرتىدىكى يەرلەرنىڭ خەرىتىسىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەرەب دۇنياسىنى ئايرىلمىغان<166>. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر توغرا تونۇشىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ كەم ئىكەنلىكىدىن ئارتۇقچە ئۈمىدسىزلىنىشىمىز ھاجەتسىز.

بەلخ ئىلمىي ئېقىمىدىكى ئەسەرلەردە كام بولغان توققۇز ئوغۇزلار رايونى ۋە ئەرەب، پارس رايونلىرىغا باشقا جايلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىنچىكە ھالقىلار، بەختكە يارىشا ئەرەب، پارسلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇچرىمىغان باشقا بىر ئەسەردە مەلۇم قىسمىدا ساقلانغان. بۇ ئەسەر دەل ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بايقالغان «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دۇر. بۇ ئاپتورى نامەلۇم بولغان پارس تىلىدىكى ئەسەر ھىجرىيەنىڭ 372 ـ (مىلادىيە 982 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 983 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنلىرىگىچە) يېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاستانىسىنى «جىنان شەھىرى» (Jinan jkath) يەنى جۇڭگو شەھىرى دەپ ئاتاپ «ئۇ ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي جۇڭگو بىلەن چېگرىداش قوشنا»، «ياز پەسلى قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، قىشى ئادەمگە ياقىدۇ» دېيىلگەن. ئېنىقكى بۇ «جىنا

شەھىرى» تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قوچۇ شەھىرىدۇر. بۇ يەردە پايتەخت بەرپا قىلغان توققۇز ئوغۇزلار ئەلۋەتتە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدۇر. بۇ كىتابتىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت تەسۋىرلەرنى مىنورسكىي ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئاز بولمىغان ئالىملار ئاللىقاچان تەتقىق قىلغانىدى. مەن بۇ كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى مىلادىيە 925 - يىلىدىن كېيىنكى شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئەھۋالى دەپ قارىغانىدىم <167>، قارىغاندا ھازىر تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بەزى يەكۈنلەرنى يەنە تۈزەتمىسەم بولمىغۇدەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئەرەب، پارس ئەدىبلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزلارغا بولغان تونۇشى ھەل قىلغۇچ ئۆزگىرىشنى تاماملىدى. بىراق بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەرەب، پارس تارىخ - جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردە مەسىلە يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەرەب، پارس تارىخ - جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدە بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ، يازغۇچىلار دائىم ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسىرىنى ئۆزگەرتىپ تولۇقلارىش ئېلىپ بارغان، تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن بۇ كىتابنى ئۆزىنىڭ ئەسىرى قىلىۋالغان. كىتابنىڭ نامىنىمۇ ئۆزگەرتمىگەن. بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ئازراقمۇ توغرا يېرى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن كىتابتىكى ماتېرىياللارنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ قويۇشتىن خالى بولالمىغان. بۇ خىل ئەنئەنە 10 - ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەب، پارس يازغۇچىلىرىنىڭ كونا خاتىرىلەر بىلەن بىر قەدەر يېقىنىدىكى خەۋەرلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، بۇلارغا نىسبەتەن بىز دىققىتىمىزنى تولۇق بېرىشىمىز لازىم.

# 4 - بۆلۈم قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي زېمىنىنىڭ چېگراسى

قوچو ئۇيغۇرلىرى تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، قوچو ۋە بەشبالىقنى پائالىيەت مەركىزى قىلىپ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا 400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەتنى قۇرۇپ پارلاق بۇددا - مانى دىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتتى، ئۇنىڭ تارىخى ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشمەكتە. ئەمما، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى گۈللىنىشتىن ئىلگىرىكى قوچو ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي زېمىنىنىڭ چېگرىسىنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىن غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ قايسى يەرگىچە بارغانلىقىغا قارىتا تەتقىقاتچىلاردا بىرلىككە كەلگەن قاراش بولمىدى. 1906 - يىلىلا پېللىئوت مىلادىيە 11 - ئەسىردىكى ئەرەب ئالىمى ئىدرىسىنىڭ بىر بۆلەك خاتىرىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربتىكى زېمىنى ئىسپىجابقا يەتكەن دېگەن قاراشقا مايىل بولغان، ئەمما ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىمىگەن<169>. 1937 - يىلى مىنورسكىي «ھۇدۇدۇل - ئالەم» (10 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا يېزىلغان) دىكى خاتىرىلەرنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ كىتابنىڭ 12 - بابىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنى قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ زېمىنى غەربتە خانتەڭرى چوققىسىنىڭ ئەتراپلىرى ۋە ئىلى دەرياسى بويلىرىغا يەتكەن دەپ قارىغان<170>. ئەمما ئۇ ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىن باشقا خاتىرىلەر ئۈستىدە

كۆپ ئويلانمىغان، ھەتتا 1915 - يىلى ميوللېر ئېلان قىلغان تۇرپان تارىشا پۈتۈكىنىمۇ تىلغا ئالمىغان. 1955 - يىلى ئابې تاكېئو يۈەن سۇلالىسىدىكى «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۇ تېشى» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى». بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى بەلكىم غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، ھېچبولمىغاندا سىر دەرياسىغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغانىدى < 171 >. ئۇ ئەينى چاغدا تۇرپان تارىشا پۈتۈگى ئىچىدىكى ئۈچىنچى نومۇرلۇق «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خاتىرە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانىدى. بىراق ئۇ دىققەت قىلغان ئابىدە تېكىستى ۋە يۈەن تارىخى تەزكىرىسى ئەسلىدىلا قالايمىقان، مۇجمەل ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ خەنزۇچە مەنبەلەرنى دەلىللەشتە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدە تېكىستىدىن پايدىلىنىش بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالغان بولىدۇ. 1958 - يىلى خامىلتون «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دىكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى < 172> تەتقىق قىلدى، ئۇنىڭ ئاشۇ تەتقىقاتى بىزنىڭ بۇ تەتقىقات تېمىمىزغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يامادا نوبۇئو قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي زېمىنىنى تەسۋىرلىگەندە ئابې تاكېئونىڭ قارىشىغا قوشۇلمىدى. <173> ئۇ تۇرپان ئۈچىنچى نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتىكى تېكىستتە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي زېمىنى Uch نى Nuch (ئۇچ — بۈگۈنكى ئاقسۇ) دەپ خاتا خاتىرىلىگەن، شۇڭا بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى شەرقىي تەڭرىتاغدىن چىقمىغان دەپ قارىغان. بىراق ئۇنىڭ بۇ «Nuch = Uch» دېگەن تەسەۋۋۇرنىڭ ئېنىق ئىسپاتى يوق. كېيىن مورى ياسۇ تاكائومۇ بۇ مەسىلىنى <174 > تەتقىق قىلدى، ئۇ دۇنخۇاڭنىڭ گۈللىنىش - خارابلىشىش تارىخىغا ئاساسەن قوچۇ ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنى XI ئەسىرنىڭ

باشلىرىدا ئەڭ كەڭ بولغان دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇ ئۈچ بىلەن بارسخاننى قانداق چۈشەندۈرۈشتە يەنىلا گۇماننى ئىپادىلىگەن. دۆلەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئىچىدە چىڭ شۇلۇ ئەپەندىنىڭ مەزكۇر تېمىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن <175> 50- يىللاردا، ئۇ «ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرىنى قىسقىچە توپلامى» نىڭ 1 - قىسمىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مىلادىيە 1001 - يىلىدىن ئىلگىرىلا غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ كۇسەنگە يەتكەنىدى دېگەن 1984 - يىلى ئۇ ئىلگىرىكى پىكىرلەرنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاپ 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇنىڭ زېمىنى غەربتە غەربىي تەڭرىتاغقا يېقىنلاشقان دەپ قارىدى. 1988 - يىلى ئۇ يەنە بىر قېتىم تولۇقلاپ، لياۋدىن ئىلگىرىكى قوچۇنىڭ غەربىي چېگرىسى «مۇدۇدۇل - ئالەم» دە خاتىرىلەنگىنىدەك ئىلى دەرياسى مۇزداۋان (ھازىرقى ئاقسۇنىڭ شىمالى) ئەتراپلىرى بولۇشى كېرەك دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى يەنە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى <176> دا ئەكس ئەتتۈرۈلدۇ» ئۇنىڭدىن باشقا ليۇجىشاۋ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى (بىرىنچى قىسىم)» دا يەنىلا قوچۇنىڭ غەربتىكى زېمىنىنى كۇچارغىچە دېگەن قاراشنى ئىشلەتكەن، ھەمدە قوچۇ ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئورنىنى تىلغا ئالمىغان. 1987 - يىلى لىن گەن ئەپەندى، 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىقاچان كۇسەنگە يېتىپ باشقۇرۇش دائىرىسى غەربتە پامىرغىچە يەتكەن دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى، يەنە 1982 - يىلى رەسمىي <177> نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى» نىڭ قىسمى «شىجۇ ئۇيغۇرلىرى، ئۇدۇن، توققۇزئوغۇز ، قارلۇق قارتالىق قەبىلىلەر خەرىتىسى» دە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى شىجۇ بەشبالىق ئەتراپلىرىغا ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئىلى دەريا ۋادىسى ئەتراپلىرىغا توققۇز

ئوغۇزنى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ غەربىگە قارلۇقلارنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل پىكىر ئاللىقاچان كونىرىدى، چۈنكى بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلار ئەنە شۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدۇر. ئەگەردە بۇ خاتا تونۇشنى قايرىپ قويۇپ قارىساق، خەرىتىنى سىزغۇچىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ قارىشى ئومۇمەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەرنى ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇنىڭ بىرى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي چېگراسىنى سىر دەرياسىغىچە، ھەتتا ئامۇ دەرياسىغىچە دېگەننى ئاساس قىلىش، يەنە بىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى غەربىي چېگرىنى قەشقەرنىڭ شەرقىي، كونكرېت ئېيتقاندا كۇچا ياكى كۇچانىڭ غەربىي ئەتراپلىرى دېگەننى ئاساس قىلىشتۇر. بۇ يەردە مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي بويلىرىدىكى غەربىي چېگراسىنى ئاساسلىق تەھلىل قىلىمىز.

## 1. «ستايول خالستوي جىلدلىرى» دا تەسۋىرلەنگەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى

مىلادىيە 840 ـ يىلى پانتېكىن بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارنى باشلاپ غەربكە قاراپ كۆچۈپ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا كېلىدۇ، داجۇڭنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 856 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى (كۇچا، قاراشەھەر) ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى پانتېكىننى ۋەزىپىگە تەيىنلىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر خىل تارىخ ماتېرىياللىرىدا پانتېكىننىڭ تەڭرىتاغ رايونىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى پائالىيەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شيەنتۇڭنىڭ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 866 ـ يىلى) بۆگۈكۈن (بۇقۇچىن) «سەھنىگە» چىقىپ شەرقىي تەڭرىتاغنى

ئىگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن بۆگۈكۈن ئۇرۇقىدىكى ئۇيغۇرلار پەيدىنپەي شەرقىي تەڭرىتاغدا پۇت تىرەپ تۇرىدۇ. شيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلىنى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى شەرقىي تەڭرىتاغدا پۇت تىرەپ تۇرغاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ كېڭىيىشنى باشلاپ شاجۇ بەيئەتچى قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. بىراق جاڭ خۇەيشىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئارا يول قويۇپ، سىرتقى مۇناسىۋەتنى تىنچلاندۇرىدۇ. داشۇەننىڭ 1 - يىلى جاڭ خۇەيشىن ۋاپات بولۇپ بەيئەتچى قوشۇن قالايمىقانچىلىق دەۋرىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ خارابلىشىشى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇرسەت بولىدۇ.

بۇ دەۋردىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرەققىياتى مىلادىيە 925 - يىلى يېزىلغان «سىتايول خالىستوي جىلدلىرى» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن<178>. بۇ ئۇدۇن يېزىقىدىكى كىتاب بولۇپ (2 - 3 - قىسمى) ئۇدۇن ئەلچىسىنىڭ دوكلاتىدۇر. دوكلاتتا <179> (قۇچۇ) نى ئاستانە يەنە باشقا شەھەرلەرنى «قۇچۇنىڭ شەھەرلىرى» دەپ ئاتىغان. «قۇچۇ» ئېنىقلا قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاستانىسىنى كۆرسىتىپ قالماستىن بەلكى ئۇنى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ.

«قۇچۇنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرى» ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئىۋېرغول، قارىغاندا ئىۋېرغول بۇرۇنلا بەيئەتچى قوشۇنىنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان بولسا كېرەك. بىز يۇقىرىدا S1366 نومۇرلۇق دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ ماتېرىيالىدىن نەقىل ئېلىپ ئىشلەتكەنىدۇق. بۇ مىلادىيە 924- يىلدىن ئىلگىرى <180> كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن. شاجۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھېساب - كىتاب دەستۇرىدا، قامجۇ ئەلچىسى،

ئۆزبېرغول ئەلچىسى، ئۇدۇن ئەلچىسى، سۇجۇ ئەلچىسى، دېيەن ئەلچىسى قاتارلىقلارنى تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئەگەر خاتا بولمىسا ئۇ چاغدا ئۆزبېرغولمۇ ئاللىقاچان قامجۇ، سۇجۇلارغا ئوخشاش بەيئەتچى قوشۇنىنىڭ تەۋەلىكىدە بولمىغان. ئۆزبېرغول بىر مۇستەقىل سۇبىستانسىيە سۈپىتىدە خېلى ئۇزاق مەزگىلدىكى دۇنخۇاڭ يازما كىتابلىرىدا كۆرۈلىدۇ <181>. مەسىلەن، P2629, S3728, S1366 نومۇرلۇق ماتېرىياللار قاتارلىقلار. ۋاڭ يەندى مىلادىيە 981 - يىلى قۇچۇغا ئەلچىلىككە بارغاندا ئۆزبېرغولدا ئۆزبېرغولنىڭ سەركەردىسى چېنشى بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە «ئىلگىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۇەنىنىڭ 2 - يىلى بۇ جاي (ئايماق) نامىنى ئالغان، بۇنىڭغا ئون نەچچە زامان بولۇپ قالدى» دېگەن. بىراق جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دىكى پىكىرلەردىن قارىغاندا ئۆزبېرغولنىڭ مۇستەقىللىقى شۈبھىسىز ساختا بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان قۇچۇ ئەتراپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى كېرەك.

خامىلتوننىڭ تەتقىقاتىغا <182> ئاساسەن «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دە خاتىرىلەنگەن قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ جايلىشىشىنى تۆۋەندىكى كۆرسەتكۈچ خەرىتە بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ ئەينى چاغدىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى زېمىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بولۇشى كېرەك.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى «شىجۇنىڭ شەھەرلىرى» قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ بۇ تەسىر كۈچ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى Camaida badaika نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇدۇن يېزىقىدىكى يەر نامىنى Chamil Baliq (ئىران تىلىدا I=d ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ) ھەمدە «ھۇدۇدۇل - ئالەم» نىڭ 12 - بابىدىكى J. ml. Kath قا سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ <183>. بۇ بابتا مۇشۇنداق ئىككى




3. قوشۇمچە رەسىم «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دە خاتىرىلەنگەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ تارقىلىشىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە

يەر نامى خاتىرىلەنگەن. N 12 ـ نومۇردىكى J. ml. Kath بولسا «بىر چوڭ كەنت بولۇپ ئاتامانى يابغۇ دەپ ئاتىلىدۇ، يابغۇنىڭ خەلقى (هازىر؟) ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، چۇنكى قىماقلار، قارلۇقلار ۋە ياغمىلار ئىلگىرى دائىم بۇ بازارنى بۇلاپ ـ تالايدىكەن». مىنورىسكىي بۇ يەر نامى بىلەن تۇرك چۇمۇل قەبىلىسىنى توغرا باغلىغان. تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى چۇمۇل (ۋە چىگىل) لار تۇرغان يەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بىر قەدەر ئېنىق. مەسىلەن: «شىجۇ خەرىتە رىسالىسى» دا «ئاق جىلغا سۇيى ئوڭغا قاراپ ئېقىپ يارغولغا قۇيۇلىدۇ. غەربىي ـ شىمالى چىگىللارنىڭ غەربىدىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەردۇر» <184> دېيىلگەن 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنى يېرىمىغا كەلگەندە بۇ تۇرك قەبىلىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا يەنىلا تاڭغۇتلار ۋە

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىگە قويۇلغان < 185 >. شۇڭا، Camaida Badaika/Jmlikath لار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى، بەشبالىقنىڭ غەربى، قىماقلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ يەرلىرىگە يېقىن جايدا بولسا كېرەك، ئېھتىمال بۈگۈنكى ماناس ۋە ئۇلان - ئۇسۇ ئىككى دەريا ئەتراپلىرىغا جايلاشقان بولۇشى مۇمكىن <186>. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە خاتىرىلىرى (4)» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا شيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى بۆگۈكۈن ھۇجۇم بىلەن ئالغان مۇسۇلمان بازىرى مۇشۇ رايوندا ئىدى. قارىغاندا نەچچە ئون يىللىق مۇستەھكەملىنىش ئارقىلىق، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ماناس دەرياسى ئەتراپلىرىدا ئالىلىقاچان پۇت تىرەپ تۇرغان.

## 2. تارىشا پۈتۈكتىكى «نۇجى (弩支)» ۋە «بارسخان»

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىنى مۇھاكىمە قىلغاندا مىيوللېر ئېلان قىلغان، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىن تاپقان بىر قانچە پارچە تارىشا پۈتۈك كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. تارىشا پۈتۈك ئىچىدىكى ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستتە ئالىملار دائىم نەقىل قىلىپ ئىشلىتىدىغان تېكىست بىر بۆلەك بار. (ئۆزۈك سىزىق كەم جايلارنى ئىپادىلەيدۇ).

بىرىنچى قۇر: بەختلىك كى ئوت، بەختلىك قوي يىلىنىڭ 2 - ئېيىنىڭ 2 - كۈنى (بىزنىڭ) پادىشاھىمىز ئاي تەڭرىدىن بولمىش ئۇلۇغ.

ئىككىنچى قۇر: گوئورنانمىش ئالپىن ئەردەمىن قۇتادمىش ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە تەڭرىخان ………… خانلىق تەختىدە بولۇپ شەرقتىكى شاجۇ.

ئۈچىنچى قۇر: غەربتە نۇچ، بارسغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقاندا ……خان ……… تەڭرىخان …………… ئېل ئۆگەسى تۇتۇق.

ئۈتىنچى قۇر: ئېل ئۆگە بەختىيار قۇچۇ دۆلىتىنىڭ قارىمىقىدىكى چاغدا، مەن، قەلبىم ئۇچ ئەردەنىگە ساپ ئىدى.
...........

بۇ كىتابتىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى غەربتە نۇچ، بارسخانغا يەتكەن. بىراق، بۇ ئىككى جاينىڭ ئورنىغا نىسبەتەن كىتابتىكى دەۋر ئۇزۇك بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدە ئىختىلاپلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ.

مۇئەللىپ ئېلان قىلغان تارىشا پۈتۈكتىكى خەنزۇ يېزىقىدىكى پۈتۈكنىڭ دەۋرى «گويمو» بولۇپ، پېللىئوت مىلادىيە 983 - يىلى، دەپ بېكىتكەن. باشقا ئالىملار ئاساسەن بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن ئابې تاكېئو، گابائىن، خامىلتون، يامادا نوبۇئو قاتارلىقلار<188>. تارىشا پۈتۈكنىڭ ئىچىدىكى 1 - نومۇرلۇق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكتە «بەختىيار تۆپراق، بەختىيار مايمۇن يىلى»<189> دېگەن ئىزاھاتلار يېزىلغان، يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان 3 - تارىشا پۈتۈك (ئۇيغۇر يېزىقىدىكى) تە «بەختىياركى ئوت، بەختىيار قوي يىلى» دېگەن ئىزاھاتلار يېزىلغان. بۇ ئىككى پارچە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكنىڭ يىل دەۋرىگە نىسبەتەن تالاش - تارتىشلار ناھايىتى كۆپ. مۇئەللىپ ۋە پرتساك قاتارلىقلار بۇ تارىشا پۈتۈكلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى بۆگۈكۈن تەختتىكى دەۋردە (مىلادىيە 759 - 779 - يىللار) ئويۇلغان دەپ قارايدۇ. لېكىن ئابې تاكېئو، خامىلتون، بازەن ۋە مورى ياسۇتاكائو قاتارلىقلار بولسا ئۇلارنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئويۇلغان دەپ قارايدۇ<190>. گابائىن (مىلادىيە 1949 - يىل) دەسلەپتە ئالدىنقى قاراشقا قوشۇلدى، كېيىن كېيىنكىسىنى قوللاشقا ئۆزگەردى (گابائىن 1973 - يىل). ئۈچىنچى پۈتۈكتىكى «بەختىياركى ئوت (Ki)، بەختىيار قوي يىلى»نى مۇئەللىپ

خەنزۇ تىلىدىكى «چى ( 气 )» خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قىياس قىلىدۇ<191>. خەن رۇلىن ئەپەندى بولسا خەنزۇ تىلىدىكى «چى ( 期 )» خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ئويلاشقا بولىدۇ دەپ قارىماقتا ھەمدە «قۇتلۇق Ki» ئېھتىمال «قۇتلۇق كۈن دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك، دەپ قارايدۇ<192>. ئۇ ۋە باشقا نۇرغۇن ئالىملار بۇ «Ki» نى يىل ئاي كۈنگە مۇناسىۋەتلىك ماھىيەتلىك خاراكتېردىكى سۆز دەپ قارىماستىن، مۆلېرنىڭ «ئوت» «قوي» يىلىنى «دىڭ ۋېي» يىلى دەپ شەرھلەشكە قوشۇلىدۇ. بىراق گاباىن بىلەن بازەن «Ki» نى خەنزۇ تىلىدىكى « 已 (جى) » دەپ قاراپ بۇنى ئون بۇرجىنىڭ ئالتىنچىسى « 已 جى» ۋە ئون ئىككى مۆچەلنىڭ سەككىزىنچىسى «قوي» بىلەن كەلگەن ئاتمىش يىللىق گەنجى يىلنامىسىنىڭ 56 - يىلى «جى ۋېي» ( 已未 ) يىلىدۇر دەپ قارايدۇ<193>. بىراق ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئوقۇش ئۇسۇلىدا ( Ki= 已 ) شۇ قۇر تېكىستتىكى «ئوت ( 火 )» سۆزىگە سەل قارىغان. تارشا پۈتۈكنىڭ 1 - چىسىدىكى يىل «توخۇ يىلى ( ؟ ؟ ؟ )» ۋە مۆللېر (24 - 25 - بەتلەر) كۆرسەتەن باشقا ئىسپاتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بۇ قۇچۇدىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردە بەش ئاتا بىلەن بۇرج قوشۇپ ھېسابلىنىدىغان يىلنامە ئىشلىتىلگەن.

يەنى ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئورتاق ئىشلىتىدىغان بەش ئاناسىر خەنزۇلارنىڭ يىلنامە بۇرچى ئورنىنى ئالغان <194> (مەسىلەن، ئوت ئات، ئوت قوي، تۆپراق مايمۇن، تۆپراق توخۇ، مېتال ئىت، مېتال چوشقا، سۇ چاشقان، سۇ كالا، ياغاچ يولۋاس، ياغاچ توشقان. . . ) شۇڭا، مۆللېر قاتارلىقلارنىڭ ئوت قوي يىلىنى دىڭمو يىلى دەپ ئوقۇشى مۇۋاپىقتۇر.

دىڭۋېي ( 丁未 ) ۋە جىۋېي ( 己未 ) دىكى تالاش تارتىشتىن باشقا، ئالىملارنىڭ 3 - نومۇرلۇق پۇتۇكنىڭ يىل دەۋرىگە بولغان ئىختىلاپلىرى ئەڭ چوڭ. مۇللېر دىڭۋېي ( 丁未 ) يىلىنى مىلادىيىنىڭ 676 - يىلى دەپ قارايدۇ. بازەن جىۋېي ( 己未 ) يىلىنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنكى بىرىنچى جىۋېي ( 己未 ) يىلى يەنى مىلادىيە 899 - يىلى دەپ قارايدۇ. گابائىن ( 加班 ) نىڭ قارىشى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئۇ يىل ئېھتىمال مىلادىيە 1019 - يىلى بولۇشى ياكى ئۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 60 يىلى ياكى كېيىنكى 60 يىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. خامىلتون پۇتۇك مەزمۇنىنى چىقىش قىلىپ، 3 - نومۇرلۇق تارشا پۇتۇكتىكى ئوت قوي ( 火羊 ) دىڭۋېي ( 丁未 ) يىلىنى مىلادىيە 947 - يىل ياكى 1007 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مىلادىيە 947 - يىلىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭراق، ئابې تاكېئو ئۇنى مىلادىيە 887 - يىل بىلەن 947 - يىل ئارىلىقىدا بولسا كېرەك، لېكىن 947 - يىلىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭراق <195> دەپ قارايدۇ.

مورى ياسۇتاكائۇ بۇ تارىخ ماتېرىيالىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ گابائىن بىلەن بازەننىڭ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان ( <Ki= جى= 己>Ki ). ئۇ تارىشا پۇتۇكتىكى ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ نامىدىكى «ئالىپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە» نىڭ مەنىسىنى «باتۇرلۇقتا خۇددى شىردەك، ئەقىل - پاراسەتتە دېڭىزدەك چوڭقۇر» دەپ تەرجىمە قىلىشقا دىققەت قىلغان. بۇ مىلادىيە 1120 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتكەن كۇسەن پادىشاھىنىڭ نامى «ئۆگە قاغان ئارسلانخان» دېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ كۆسەن پادىشاھىنى قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قاراشقا بولىدۇ، شۇڭا پۇتۇكتىكى جى ۋېي ( 己未 ) يىلى مىلادىيە 1019 - يىلغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، ئۇ يەنە

شاجۇنىڭ تارىخىدىن پايدىلىنىپ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچىيىپ دۇنخۇاڭنى بويسۇندۇرغانلىقىنى، تارىشا پۈتۈكتىكى، «شەرقتە شاجۇ» دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. بىراق، مورى ياسۇتاكائۇ بۇنداق قىياسلارنى قىلغاندىن كېيىن يەنە ئەمەلىيەتتە بۇ جىۋېي( 已末 )يىلىنى مىلادىيە 899 ـ يىل، 859 ـ يىل ياكى 1019 ـ يىل دەپ مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ يەنە مىلادىيە 1019 ـ يىل دېيىشنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى بىلەن ماسلاشمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە نۇچ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا بولغان كونكرېت تەكشۈرۈشكە ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي زېمىنى ھەقىقەتەن پۈتۈكتە دېيىلگەندەك بولسا، پۈتۈكنىڭ يىل دەۋرى دىڭۋېي ( 丁未 ) بولسۇن ياكى ( 已未 ) بولسۇن، ئۇ پەقەت قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى كۈچەيمىگەن چاغدىكى دىڭۋېي يىلى ياكى جىۋېي يىلى بولۇشى يەنى مىلادىيە 947 ـ يىلى ياكى 959 ـ يىلى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

تەڭرىتاغ رايونىدا ئىككى بارسخان بار. 9ـ ئەسىردىكى ئەرەب يازغۇچىسى ئىبىن خۇردادبېھ «يوللار ۋە ئەللەر» دە تالاسنىڭ شەرقىدىكى يوللارنى مۇنداق خاتىرىلىگەن<197>: «تالاستىن تۆۋەنكى بارسخانغا يەتكۈچە 3 فەرسەخ (بىر فەرسەخ 6 كىلومېتىر) Kasra —bas قىچە 2 فەرسەخ كېلىدۇ. ئۇ بولسا بىر ئىللىق جاي، قارلۇقلار دەل مۇشۇ يەردە قىشنى ئۆتكۈزىدۇ، خالاجنىڭ قىشلىق بارگاھىمۇ (دەل) مۇشۇ ئەتراپتا. يەنە Kul —shub قىچە 4 فەرسەخ، Djal Shub قىچە 4 فەرسەخ، ئاۋات كەنت كۆلان غىچە 4 فەرسەخ، چوڭ كەنت بازىرى بىركى ( Birki) غىچە 4 فەرسەخ، ئاسباراتقىچە 4 فەرسەخ، نۇج شەھىرىگىچە (Nuchkat <Tumkat/ تۇمكەنت) 4 فەرسەخ، چوڭ كەنت بازىرى ھارانجاۋانگىچە 4 فەرسەخ، دىجولغىچە 4

فەرسەخ، چوڭ كەنت بازىرى سارىغقىچە (Sarigh) 7 فەرسەخ، تۈركەش خانىنىڭ شەھىرىگىچە 4 فەرسەخ، كېپالغىچە (سۇيئاب) <198> 3 فەرسەخ، يەنە چىن چېگراسىغىچە، يۇقىرى بارسخان سودا كارۋىنى يايلاقتا 15 يول (يۈرۈشى)، ئەمما تۈرك ئاتلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى.» ئىبن خۇردادبىھ بىلەن قۇدامەنىڭ <199> خاتىرىلىرىگە ئاساسەن ھەر ئىككى بارسخاننىڭ غەربىي قىسىم تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى غەرب بىلەن شەرقنىڭ چوڭ يولىغا جايلاشقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تۆۋەنكى بارسخاننىڭ ئورنى تالاسنىڭ (بۈگۈنكى جامبۇل) قارشى قىرغىقىغا بەلگىلىدى. يۇقىرى بارسخاننىڭ ئورنىنى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى ئۇچىغا بەلگىلىدى<200>. مىنورسكىي مۇسۇلمان ئەلچى تەمىمنىڭ شەرققە قىلغان سەپىرىنىڭ سەپەر خاتىرىسىنى تەتقىق قىلغاندا بۇنداق ئورۇن بەلگىلەشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا ياقۇتنىڭ «يەر ناملىرى لۇغىتى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا بۇخارانىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمىمۇ بارسخان ئىكەن<201>.

بۇ يەردىكى نۇچ (Nuch، 弩支) (خەنزۇچە قەدىمكى ئوقۇلۇشى: نوجى سوغدى تىلىدا يېڭى دېگەنلىك بولۇپ، نۇچ يېڭى شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ. «تاڭنامە، پارسلار ھەققىدە قىسسە» (221 - جىلد) نىڭ ئاخىرىدا شاش دۆلىتى (بۈگۈنكى تاشكەنت) نىڭ شەرقىدە بىر يېڭى شەھەر بولۇپ يەنە «نىجكەنت» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. تاڭ شۈەنزاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دىمۇ شاش دۆلىتىنىڭ شەرقىدىكى «نۇجكەنت» <202> نى خاتىرىلىگەن. 1915 - يىلى مۇللىر تارىشا پۈتۈكلەرنى ئېلان قىلغان چاغدا، پۈتۈكتىكى «نۇچ» نى تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى (نۇجكەنت) ۋە ئەرەب، پارس تارىخ

ماتېرىياللىرىدىكى <203> Nudja — kath قا سېلىشتۇرغان. 50 ـ يىللاردا ئابې تاكېئو «ئىدىقۇت قوچو پادىشاھى جەمەتى مەڭگۈ تېشىدىكى» قوچو زېمىنىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، مۇئەللىپنىڭ سېلىشتۇرۇشى ئاساسىدا، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارىشا پۈتۈكلىرىدىكى بۇ نۇچ نىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ جەنۇبى چاش (بۈگۈنكى تاشكەنت) شىمالىدىكى نۇجكەند ئىكەنلىكىنى، بارسخاننىڭ بولسا تالاس دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى تۆۋەندىكى بارسخان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەمدە مۇشۇنى ئاساس قىلىپ «ئابىدە» دىكى قوچونىڭ «شىمالىدىكى ئامۇ دەرياسىغىچە» نى «غەربىي ئامۇ دەرياسىغىچە» دەپ چۈشەندۈرۈپ، ئەينى چاغدىكى قوچونىڭ غەربىي قىسىم زېمىنىنىڭ چېگراسىنىڭ يىراقتىكى ئامۇ دەرياسىغىچە <204> ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىدۇ. ئابې تاكېئونىڭ ئىزاھاتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار قوللانغان<205>. بىراق، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئەمەلىيەتتە پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دىكى ( 努室羯/? 赤? ) نىڭ جايلاشقان ئورنى ئاللىقاچان سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تەرىپىدىن تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۈگۈنكى تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى خانئاباد <206> دەپ بېكىتىلگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ ئورنى خانئابادنىڭ شەرقى شىمالىدىكى چىم كەنت دەپ بېكىتىلگەن، تالاسنىڭ ئورنى جامبۇل دەپ بېكىتىلگەنىدى.

تارىخچى سەمئانى (مىلادىيە 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆز ئەسىرى «نەسەبنامە» دە، ئىبنۇل ـ ئەسىر (مىلادىيە 1234 ـ يىلى ۋاپات بولغان) يىلنامە ئەسىرى «تارىخى ئومۇمىيە» دە 9 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى غەربىي

تەڭرىتاغدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۈركىلىشىنى ھەمدە مىلادىيە 839 ـ، 840 ـ يىللاردا سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسپىجاب شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغانلىقىنى خاتىرىلىگەن<207> . شۇنىڭدىن كېيىن ئىسپىجاب شەھىرى ئەرەب دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى بولۇپ قالغان. ياقۇبى (مىلادىيە 897 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» دە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەت، قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ئالدىنقى سېپىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى يازغان<208> . «تارىخىي تەبەرىي» ، «بۇخارا تارىخى» ۋە «ئالتۇن يايلاق» تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا سامانىيلار سۇلالىسى يەنە مىلادىيە 893 ـ يىلى تالاسنى <209> ھۇجۇم قىلىپ ئالغان. پارسلار ئىسپىجاب شەھىرى بىلەن تالاستىن ئىبارەت شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىككى مۇھىم جاينى ئىگىلىگەندىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز تەسىر كۈچىنى ئىسپىجاب شەھىرى بىلەن تالاسنىڭ غەربىدىكى نۇجقىچە كېڭەيتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە ئابې تاكېئونىڭ قىياسىدىكىدەك بۇخارانىڭ ئەتراپىدىكى بارسخانغا ئۆزارتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارشا پۈتۈكلىرىدىكى نۇچ (Nuch) بىلەن بارسخان پەقەت تالاسنىڭ شەرقىگە جايلاشقان.

ئىبن خۇردادبىھ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خاتىرىسىدە بىر جايدا «نۇچ شەھىرى» دېگەن ئىسىم بار. بىراق، بۇ كىتابنىڭ ھەرقايسى كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرىدا بۇ ئىسىم بىر خىل ئەمەس بولۇپ دې گويې «نۇچ» دەپ ئالغان<210> . 1899 ـ يىل تۇماساكىي خەنزۇ يېزىقىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن بۇ سۆزنى Tumat دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەم خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى دۇنجىيەن شەھىرىگە<211> (顿事)

سىلىشتۇرۇپ كۆرگەن، بۇ ساختىا يېڭى شەھەردىن باشقا، يۇقىرىدىكى نەقىلدە يەنە بىر شەھەر بولۇپ، ئۇ ناۋاكەتتۇر (پارس تىلىدا Nawa = يېڭى؛ سوغدى تىلىدا Kat = شەھەر) . «يېڭى تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى (7 ـ جىلد 2 ـ بۆلۈم)» دىكى خاتىرىلەردە «سۇيئابنىڭ غەربىدىن ئون چاقىرىم جايدا ماغيان دۆلىتى، يەنە 30 چاقىرىمدا يېڭى شەھەر، يەنە 60 چاقىرىمدا دۇنجيەن شەھىرى، يەنە 50 چاقىرىمدا ئاشبۇراي شەھىرى يەنە 70 چاقىرىمدا قۇلان شەھىرى بار ........» دەپ يېزىلغان. سۇيئاب ئالىمبۇرۇن ئالىملار توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاقبېشىم <212> دەپ تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى سۇيئاب بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئارىلىقى 40 چاقىرىم دېيىلگەن بولۇپ، بۇ دەل ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى سۇيئاب بىلەن ناۋكات ئارىلىقىدىكى 3 فەرسەخقا يەنى تەخمىنەن 18 كىلومېتىر (36 چاقىرىم) غا توغرا كېلىدۇ. كۇدامەي «ناۋاكەت» بىر چوڭ شەھەر (ئۇيەردە) زېكات دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ يول بولۇپ ئۇدۇل بارسخان شەھىرىگە تۇتىشىدۇ» <213> . دېگەن. بۇ ناۋاكەت تارىشا پۇتۇكلەردىكى نۇچ شەھىرى بولسا كېرەك. يۇقىرىدىكى بايانلارنىڭ تەرتىپى ۋە مۇھىملىقىدىن قارىغاندا، پۇتۇكتىكى بارسخان ئىسسىقكۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يۇقىرىقى بارسخان بولسا كېرەك، ئەگەر يۇقىرىدىكى تەھلىل خاتا بولمىسىلا ئۇنداقتا 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربتىكى زېمىنى ئىسسىق دېڭىز (ئىسسىقكۆل) ئەتراپلىرىغا كېڭەيگەن بولىدۇ.

3 ـ نومۇرلۇق تارىشا پۇتۇكتىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي زېمىنىنىڭ نۇچ ۋە بارسخانغا يەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونى بولۇپمۇ ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مىلادىيە 893 - يىلىدىن ئىلگىرى، غەربىي تەڭرىتاغ قارلۇقلارنىڭ تەسىر كۆچ دائىرىسى ئىچىدە ئىدى. 893 - يىلىدىن كېيىن تالاس سامانىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىدۇ ھەمدە پەيدىنپەي ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ سودا مەركىزىگە ئايلىنىدۇ<214>. بۇ پۇتۇكلەرنىڭ ئاخىرىدىكى تېكىستلەرنى بالىش، ئىستەخرى ئىبنى ھەۋقەلىنىڭ غەربىي تەڭرىتاغقا ئائىت خاتىرىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 10 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي تەڭرىتاغدىكى قارلۇقلار ھاكىمىيىتىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئەسلىدە «قارلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلە - مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

«ھۇدۇدۇل - ئالەم» بىزگە قارلۇقلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى بەزى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ كىتابنىڭ 16 - بابىدا تەسۋىرلىگىنى Chiqil دۇر. بۇ كىتاب بىلەن مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدە بۇ Chiqil نى ئەسلىدە قارلۇقلارغا تەۋە دېيىلگەن<215>. ئۇ شۈبھىسىزكى خەنزۇ تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلەنگەن قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغاندۇر. قارلۇقلارنىڭ ئىچىدىكى بۇ چوڭ ئۇرۇق ئۇ چاغدا مۇستەقىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، بىر رايوننىڭ خوجايىنى بولغان. بۇ كىتابنىڭ 17 - بابىدا تەسۋىرلىگىنى Tukhshi دۇر. گەردىزى<216> ناۋكەتتىن چىشىسى ۋە Tukhshi غا بارىدىغان يولنى بايان قىلغاندا تۇركلەر چوقۇنىدىغان بىر تاغنى (سۇيئابنىڭ شىمالىدىكى جىيېدە 羯丹، تېغى؟) تىلغا ئالغان، بۇ مۇقەددەس تاغدىن ئۆتسىلا (تاغنىڭ، سول تەرىپى تاغنىڭ شەرقىگە باراۋەر<217>) تۇركەشلەرگە قاراشلىق رايون بولۇپ ئۇ Tukhshi ۋە Az دىن تەركىپ تاپقان. ئۇ يەردىكى Uz—Kat ۋە As نىڭ ئارىلىقىدا سۇياب دەپ ئاتىلىدىغان كەنت بار. مەرۋەزى قارلۇقلار ئالتاي

تېغىدىن تۈركەشلەرنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىدا Tukhshi قەبىلىسى <218> بار ئىدى دەيدۇ. مۇشۇنداق قارىغاندا Tukhshi خۇددى مىنورىسكىينىڭ ئويلىغىنىدەك تۈركەشلەر قالدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن<219>. بىراق، قارلۇقلار غەربىي قىسىم تەگرىتاغقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن قارلۇقلارغا بويسۇنغان Tukhshi نىڭ ھازىر مۇستەقىل ئىكەنلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقتى.

قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى 56551 ـ نومۇرلۇق نوم تەپسىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ نوم تەپسىرىنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن ۋاقتىنى ئالىملار مىلادىيە 930 ـ يىلىنىڭ <220> ئالدى ـ كەينىدە دەپ بېكىتتى. ئۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى قەيت قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قارلۇقلار، ياغمىلار، يېمەكلەر، تاتارلار ئارقا ـ ئارقىدىن تىز پۈكۈپ قارام بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى تەقدىم قىلدى. توخسىلار تۆگە ۋە ئات تەقدىم قىلدى، تۈبۈتلەر ئالتۇن سوۋغات قىلدى، باسمىللار بولسا ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ قول ـ دېدەكلىرىنىڭ ئورنىدا ئىدى. بارچە قوۋم ـ قەبىلىلەر بۈركۈتتىن ھۈركىگەن چۆجىلەردەك، يولۋاسنى كۆرگەن قوي پادىسىدەك بۇ ئەلگە ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈردى ۋە بۇنىڭ راستىلىقى ھەققىدە قەسەملەر ئىچىشتى».

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى بۇنداق تەسۋىرلەشتە روشەنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رەڭدارلىق بار. بىراق، ئۇنىڭدىكى قارلۇق، ياغما، تۈركەش، توخسىلارنىڭ ئەل بولۇپ

ئولپان تاپشۇرغانلىقى، غەربىي تەڭرىتاغدا بۇرۇن بار بولغان قارلۇق ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ مىلادىيە 925 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ماناس دەرياسى ئەتراپلىرىدىن يەنە غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە. بۇ يەردە تېخى ئۇنىڭغا تەۋە رايون ئاللىقاچان غەربىي تەڭرىتاغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. نوم تەپسىرىدىكى خاتىرىچە بولغاندا ئۇ يەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلە مىللەتلەر پەقەت ئەلچى ئەۋەتىپ «ئەل بولغانلىقىنى» ئىپادىلىگەن ھەم سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلغان. 3 ـ نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتىكى تەسۋىرلەرگە ئاساسلانغاندا 10 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ 50 ـ يىللىرىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە رايونلار ئاللىقاچان ئىسسىق كۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى نۇچ (Nuch = يېڭى شەھەر، 弩支) ۋە بارىسخانغا يەتكەن. بۇ قارلۇقلار، توخسىلار ۋە چىگىللەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. گەرچە 3 ـ نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولغان رايونلارنىڭ غەربكە قاراپ ئۆزارغانلىق جەريانىنى چۈشەندۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نىزامۇل ـ مۈلۈكنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابى بىزنى بىر ئىنچىكە ھالقا بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدا 943 ـ يىلى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ تېخى يېقىندىلا بىر قىسىم يات دىندىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغانلىقىنى بىلگەنلىكى يېزىلغان<221>. پىرتساك قاتارلىق ئالىملار بۇ يات دىندىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى قەشقەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ۋە ساتۇق بۇغراخان قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچى بولغان بولسىمۇ ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيالدىن ئاساس تاپالمىغان<222>. ئەمما، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن پۈتۈلگەن 3 ـ نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتىكى تەسۋىرلەردىن بىز بۇ بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغانلارنىڭ

قوچو ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاتالمىش بارسخاننى ئىگىلىۋېلىش ئۇلارنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى بۇ ئەتراپلارغىچە سۈرۈش ھەرىكىتىنى كۆرسەتسە كېرەك.

10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي قىسىم زېمىنىنىڭ چېگراسى ھەققەن ئاللىبۇرۇن ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا يەتكەن.

## 3. «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى

«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىنى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. گەرچە بۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بايقالغان نامەلۇم <223> يازغۇچىنىڭ پارس تىلىدىكى ئەسىرىدە بېرىلگەن ئۇچۇرلار قالايمىقان بولسىمۇ، لېكىن بەلىخ ئەرەب، پارس يازغۇچىلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەسۋىرلەرگە ئوخشاش، بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە ئۆز تەسىر كۈچىنى كېڭەيتكەن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا، ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى «جىنا شەھىرى» ( Jinanjkath/脂那城 ) يەنى جۇڭگو شەھىرى بولۇپ «ئۇ ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي، جۇڭگو چېگراسى بىلەن تۇتاش قوشنا»، «ياز پەسلى قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، قىشى ئانچە سوغۇق ئەمەس»، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىك بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقاتقان ھەم تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قوچونى پايتەخت شەھەر قىلغان بۇ ئۇيغۇرلار شۈبھىسىزكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئىدى<224>.

«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» نىڭ 12 ـ بابىدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بەزى يەرلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: (مىنورسكىينىڭ

تەتقىقاتىنى مىنورىسكىينىڭ 1970 - يىلىدىكى ئەسىرىدىن كۆرۈڭ، خامىلتونىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىنى خامىلتونىنىڭ 1950 - يىلىدىكى ئەسىرىدىن كۆرۈڭ. يەر نامىنىڭ رەت نومۇرىدا 1970 - يىلى مىنورىسكىي تۈزگەن رەت نومۇرى ئاساس قىلىندى. پارس يېزىقىدىكى ئەسلىي نۇسخا بارتولدىنىڭ 1930 - يىلىدىكى تەتقىقاتىدىن ئېلىندى).

1 - 12: نومۇر: «جىينانجىكث» ئەسلىي (Jinan Jkath) ئەسلىي كىتابتا «بۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مەركىزى شەھىرى. ئوتتۇراھال شەھەر «ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي. جۇڭگو بىلەن چېگراداش. يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، قىشتا سوغۇق ئانچە قاتتىق بولمايدۇ». بۇنى «چىن شەھىرى» ياكى «جۇڭگو شەھىرى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، ئۇ قۇچۇ ياكى شىجۇدۇر.

1 - 2 - 12 - نومۇر: «طفقان» (Tafqan)

قۇچۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. تاغنىڭ كەينىدە بەش كەنت - بازار بار. خامىلتون ئۇنى دانشان (Ten Shan) يەنى تيانشان (تەڭرىتاغ) دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

2 - 2 - 12 - نومۇر: «كولوك» (Kuazr. k) Tafqan. (تەڭرىتاغ) تېغىنىڭ كەينىدىكى 5 كەنت بازارنىڭ بىرى. خامىلتون ئۇنى كۇلۇك (<六俱>, Kuluk) دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

3 - 2 - 12 - نومۇر: «جىملكث» T. fqan J. m. Ikath تېغىنىڭ كەينىدىكى كەنت - بازارلىرىنىڭ بىرى 10 - 12 - نومۇرغا قاراڭ.

4 - 2 - 12 - نومۇر: «پەنجىكەنت» Panjikanth بۇ سۆزنى «بەش شەھەر ( 五成 )» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. T. fqan تېغىنىڭ كەينىدىكى بەش شەھەر - بازارنىڭ بىرى. ئەسلىي كىتابتا «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى ياز پەسلىدە مۇشۇ يەردە

تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ نامىدىن (بەش شەھەر ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان تەسۋىرلەردىن قارىغاندا بۇ جاي شۈبھىسىز بەشبالىق ( Besh—baliq ) تۈرك تىلىدا بەش شەھەر دېيىلىدۇ) 5 ـ 2 ـ 12 ـ نومۇر: «بارلۇغ» (Barlugh» T. fqan (تېغىنىڭ كەينىدىكى بەش كەنت ـ بازارنىڭ بىرى. خامىلتون ئالليبۇرۇن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ «يارلىغ» ( Yarligh ) يەنى يارلىغ دەپ ئاتاشنى ئويلىغان.

6 ـ 2 ـ 12 ـ نومۇر: «جامغار» Jamghar.

ئەسلىي كىتابنىڭ 15 ـ بابىنىڭ 12 ـ بۆلىكىدە بۇ جاينىڭ قارلۇقلار تەسىر كۆچمىنىڭ شەرقىي چېكى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. مىنورىسكىي ئۇنى بارسخاننىڭ شەرقىدە، ماناس ئەتراپلىرىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان.

3 ـ 12 ـ نومۇر: «كىمسىغىيا» Kimsighiya ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى كەنت بازىرى» دەپ ئاتىغان. خامىلتون ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ «كۇمۇشتاغ» Kumushtag دەپ، يەنى مەنچىلىك دەۋرىدىكى «ئۆزمىلىك» دەپ ئاتىغان.

4 ـ 12 ـ نومۇر: «سنكت» S. tkath ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «بىر كىچىك رايون، ئۈچ كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن. بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، ئېھتىمال قاراشەھەر بىلەن ئۆجمىلىك ئارىلىقىدىكى «ئۇششاقتال» بولسا كېرەك. (ئالدىنقى تېكىستنىڭ 47 ـ بېتىدىكى 26 ـ ئىزاھتىن پايدىلىنىڭ) .

5 ـ 12 ـ نومۇر: «ارك» Ark

ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «دەريا بويىدىكى بىر كىچىك شەھەر بازىرى» ، «تەۋەلىكىدە 7 كەنت بار» ، «يىگىرمە مىڭ ئەسكىرى بار» دېگەن. ئادەتتە قاراشەھەر دەپ قارالماقتا.

6 ـ 12 ـ نومۇر: «كىرارخون» K. rarkhum ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «قۇملۇقتىكى بىر كەنت بازىرى» «ئاھالىسى ئاز

ئەمەس» دېگەن. خاملىتون ئۇنى «لۇكچۇن» دەپ ئەسلىگە
كەلتۈرگەن.
7 - 12 - نومۇر: Bek — Tegin كەنتلىرى. ئەھۋالى
ئېنىق ئەمەس. بىراق، ئەسلىي كىتابتا ئۇ يەرلەرنىڭ قات - قات
تاغلار ئوراپ تۇرغان سوغۇق جايدا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.
8 - 12 - نومۇر: «كومىزارت» Kum. s — art ئەسلىي
كىتابتا ئۇنى «تاغ ئۈستىدىكى كەنت - بازار» دېگەن.
مىنورسكىي ئۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى Kum
—Talas (ئېھتىمال تالاڭ دەۋرىدىكى تالاس دەرياسى، 多
逻斯川 »، يەنى قارا ئېرتىش دەرياسى <225> بولسا كېرەك)
سېلىشتۇرۇشنى ئويلاشقان.
9 - 12 - نومۇر: «خمود» Kh, mud ئەسلىي كىتابتا ئۇنى
«ئوتلاق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانى بار بىر جاي، توققۇز
ئوغۇزلارنىڭ چېدىرى ۋە كىگىز ئۆيلىرى بار» دېگەن.
مىنورسكىي بۇ يەرنىڭ نامىنى «قۇمۇل» Kh. mul (ئىران تىلىدا
D بىلەن دا ئۆزئارا ئالمىشىدۇ) دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى
ئويلىشىپ، ئۇنى دەل گەردىزىنىڭ كىتابىدىكى جىنا (脂那)
شەھىرى (قۇچۇ) بىلەن شاجۇ ئارىلىقىدىكى Qumul يەنى قۇمۇل
دەپ قارىغان. ئەمما، كېيىن ئۇ يەنە ئىككىلىنىپ قالغان،
چۈنكى ئۇ «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى يەر ناملىرىنىڭ رەت
تەرتىپىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ
بىلەن 10 - 12 - نومۇرنىڭ باغلىنىشى بار، شۇڭا قۇچۇ
ئۇيغۇرلىرى زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى شەرقىي قىسمىدىكى
قۇمۇل بولماسلىقى كېرەك دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
ئىككىلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بۇ بابتىكى 1 -
12 - نومۇردىن 9 - 12 - نومۇرغىچە بولغان نەقىلدە ئۇنىڭ
ئورنى ئاساسەن شەرققە ئاغدۇرۇلغان. 10 - 12 - نومۇرلۇق
نەقىلدىن باشلاپ قىلىنغان بايانلاردا ئاندىن غەربكە ئاغدۇرۇشقا

ئۆزگەرگەن.
10 ـ 12 ـ نومۇر: «جىملىكث» J. mlikath ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «بىر چوڭ كەنت بازىرى، ئۇنىڭ كاتتىسى يابغۇ <226> ( 叶护 ) دەپ ئاتىلىدۇ. يابغۇنىڭ پۇقرالىرى (هازىر؟») ئۇ قەيەرگە ئورۇنلاشقان. چۈنكى، قىماقلار، قارلۇقلار ۋە ياغمىلار ئىلگىرى دائىم بۇ كەنتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى» دېگەن. بۇ جاي ماناس ۋە ئۇلانئۇسودىن ئىبارەت ئىككى دەريا <227> نىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن ئوخشاش بولغان يەر نامىنى يەنە 3 ـ 2 ـ 12 ـ نومۇردىن كۆرگىلى بولىدۇ. مىنورىسكىي توغرا هالدا بۇ نام تۈرك چۇمۇل قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( MS. 21 叶 ) دا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى كۆرسەتكەندە ئۇيغۇر، تاڭغۇتلارنىڭ غەرب تەرىپىدە Chomu لارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ چىگىل ۋە چۇمۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بار، مەسىلەن: «قوچۇنىڭ غەربتىلىك تەپسىرى» دە «ئاقسۇ دەرياسى ئوڭغا قاراپ ئېقىپ يارغول چېگراسىغا قۇيىلىدۇ. غەربىي شىمال يۆنىلىشتىكى چىگىللارنىڭ غەربىدە تۇبۇت قەبىلىلىرى بار» < 228 > دېيىلگەن. 3 ـ 2 ـ 12 ـ نومۇر ۋە 10 ـ 12 ـ نومۇرغا كەلگەندە ئوخشاش بىر جاي بولۇش ـ بولماسلىقىغا هۆكۈم چىقىرىش مۇۋاپىق ئەمەس. خامىلتون «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دىكى خوتەن ساك تىلىدىكى يەر نامى Camaidabadaika (Chamil baliq دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن) نى J. mlikath قا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن، بىراق ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇ Camaida badaika 3 ـ 2ـ 12 ـ نومۇردىكىسى دەپ قارىغاندىن كۆرە، 10 ـ 12 ـ نومۇردىكىسى دەپ قارىغان ياخشىراق.
11 ـ 12 ـ نومۇر: «تىزاغ ارت» (T. znagh — art)

ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «بىر توپا تاغ» ، سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر توختايدىغان «لەنگەر» دېگەن. مىنورىسكىي ئوقۇرمەنلەرنى 11 ـ 12 ـ نومۇردىن 17 ـ 12 ـ غىچە ھەممىسىدە ئۇنىڭ «لەنگەر» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا ئۈندەپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىتاغ ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى يولغا جايلاشقان، لېكىن رەت تەرتىپى ئوخشاش ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتا 12 ـ 12 ـ نومۇر، 12 ـ 13 ۋە 15 ـ 12 ـ نومۇرلاردىكى يەرلەرنىڭ ئورنىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. مىنورىسكىي T. nzagh ياكى «تۇپراغ» topragh (تۈرك تىلىدا «يەر» نى بىلدۈرىدۇ) نىڭ تېكىستتىكى «بىر توپا تاغ» قا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئويلاشقان. ئەگەر بىز بۇ يەرنىڭ نامىنى خاتا ھالدا «سارىغ» Sarigh دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئىبن خۇردا دبىھ ئېيتقان ئاتالمىش «تۈركەش خان كەنتى» نىڭ غەربىگە 4 فەرسەخ كېلىدىغان (24 كىلومېتىرغا تەڭ) جايدىكى بىر چوڭ كەنت بولىدۇ. بىرىنىشتام ئۇنىڭ ئورنىنى فىرۇنېنىڭ شەرقىگە 32 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا مۇقىملاشتۇردى.

12 ـ 12 ـ نومۇر: «مابىنج جراباس» Mab. njj. rabas ئەسلىي كىتابتا ئۇنى «لەنگەر، ئۇ يەردە بىر چوڭ دەريا ۋە مول بولغان ئوت ـ چۆپ سۇ بار» دېگەن، چۈنكى ئۇ «بىر چوڭ دەريا» نىڭ يېنىدا بولغاچقا، مىنورىسكىي Mabnj نى ئىلى دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يېفىنج (Yafendj يافىنج) بىلەن سېلىشتۇرۇشنى ئويلاشقان. لېكىن، مەن بۇ نامنى خاتا بولمىسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئۇ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش سادىقلىقلار قوۋمىدىن ئاسغارلارنىڭ مەركىزى شەھەر مانجۇغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. كېيىن سۇ دىڭفاڭ تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان مابۇ شەھىرىدىكى «ماباۋ» (Ma — Bau) <229 < نامىغا سوغدى تىلىدىكى ئايالچە «ئارقا قوشۇمچىسى. «—anj» نىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ئات

بېشى دېگەن يەر نامىنىڭ كېيىنكى يېرىم قىسمى « J. ra — bas » بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ جاي نارىن دەرياسى يۇقىرى ئېقىمىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاتبېشى ئەتراپلىرىدا بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى جەنۇب - شىمال ئېتەكلىرى بىلەن باغلايدىغان مۇھىم قاتناش يولى. تالڭ دەۋرىدە ياكى «ئېركىن» دەپ ئاتالغان. بۇنداق سىبلىشتۇر ۋشىنىڭ ئېھتىماللىقى 13 ـ 12 ـ نومۇر، 14 ـ 12 ـ نومۇر، بولۇپمۇ 17 ـ 12 ـ نومۇردىن قوللاشقا ئېرىشەلەيدۇ.

13 ـ 12 ـ نومۇر: «باخمكان» B. Ikh. mkan

ئەسلىي كىتابتا «بۇ ئېلگىرى توققۇز ئوغۇزلار تۇرغان، ھازىر تاشلىنىپ قالغان (لەنگەر)» دېيىلگەن. ئالىملار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. بىراق، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىدرىسىنىڭ كىتابىدىكى يەر نامى «لخمان» L. khman نىڭ ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. L. khman بىر شەھەر بولۇپ 6 ـ يەر بەلۋېغىنىڭ 8 ـ رايونىغا جايلاشقان. ۋېرسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە ئاساسەن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىنى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى شۇنداقلا، جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلەر ئىكەن <230>. ئىدرىسى بۇ شەھەرنى قارلۇقلار رايونىدا، سىننى (Suniq) تېغىنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان، بۇ تاغنىڭ چوققىسىدىن بىر دەريا ئېقىپ چۈشىدۇ، ھەم (؟) دەپ نام بېرىلگەن <231> دېگەن. بىز ئىدرىسىنىڭ بىر پارچە خەرىتىسىدىن قارلۇقلارنىڭ ئارال دېڭىز بىلەن ئىسسىقكۆل ئارىسىغا جايلاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز <232>. شۇڭا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان L. khman شەھىرىمۇ مۇشۇ رايون ئىچىدە بولسا كېرەك. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىدرىسى خاتىرىلىگەن (جەيھانىدىن نەقىل قىلىپ ئېلىنغان) ئەلچى سالامنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە، بۇ L. khman قۇلان، تۆۋەنكى

بارسخان، تالاس قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان <233>. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ چوڭ دەريانى چۇ دەرياسى<234> دەپ ئويلاشقا بولىدۇ (دەريا نامىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز: Sunniq سىنى ، سىيى سىياب Suyab). ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلغان ئويىمىز ئورۇنلۇق بولسا ئۇنداقتا بىز يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ دەريانىڭ يېنىدىكى تاغنىڭ ئۈستىدىكى L. khman (بلخمكان B. Ikhman) ئۈستىدە ئويلىنالايمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى يەر نامى «بلاسكان (بلاساغون)» نىڭ خاتاسى بولۇپ، تاڭ دەۋرىدىكى بويلا سانغۇن شەھىرى ۋە كېيىنكى بالاساغۇن شەھىرىدۇر<235>.

14 - 12 - نومۇر: «سدنك» S. d. nk ئەسلىي كىتابتا بۇ يەرنى قار - يامغۇر چۈشمەيدىغان «لەنگەر» دېگەن. مىنورسكىي «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى Sidink دەپ ئاتىلىدىغان كۆلگە دىققەت قىلغان. بۇ كۆل Qochingar—Bashi نىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان<236>. بارتولدنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە<237> مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان بۇ Qochingar — Bashi ناملىق شەھەر، بارسخاننىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان. شۇڭا، Sidink كۆلىمۇ بالاساغۇننىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلىشىشى كېرەك. بىراق، مىنورسكىي بۇ ئىككى Sidink نى ئوخشاش بىر جاي ئەمەس دەپ قارايدۇ، چۈنكى «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. بىراق، بىز بۇ كىتابنىڭ 11 - 12 - نومۇرىدىن 17 - 12 - نومۇرلارغا نىسبەتەن قىلغان بايانلىرى ئالدىدىكى باشقا ئورۇنلارغا قىلغان بايانلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭدا بۇ بىر قاتار يەر نامىلىرىنىڭ ھەممىسىگە «لەنگەر» نامى بېرىلگەن بولۇپ

قاتناش ئىشىدا قوللىنىلىدىغان ئۆتەڭنىڭ نامى ئىشلىتىلگەن. 13 ـ 12 ـ نومۇرىدا ئۇ يەرلەردە بۇرۇنلا توققۇز ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ھازىر ئاللىقاچان تاشلىۋېتىلگەن دېيىلگەن. 925 ـ يىلىدىكى خوتەن ساك تىلىدىكى يازما ھۆججەت «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دا شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربىي چېگراسى Camaida badaika (10 ـ 12 ـ نومۇرىدىكى J. mlikath قا باراۋەر) دېيىلگەن، شۇڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېھتىمال ئاپتور باشقا مەنبەلەردىن ئېرىشكەن بىر قەدەر دەسلەپكى مەزگىللەردىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتەڭلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بولسا كېرەك. بۇ ئۆتەڭلەر شىجۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە ئاللىقاچان مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

15 ـ 12 ـ نومۇر: «سحك ارت» S. h. k. art بىر لەنگەر نامى.

16 ـ 12 ـ نومۇر: «ايرگوزگوكث» Irguztnkath ئەسلىي كىتابتا ئۇنى بىر بىكەت (لەنگەر) ئوت ـ چۆپ، سۇ بار دېگەن. مىنورىسكىي ئۇ «قوش دەريا شەھىرى» نىڭ (ئىككى ئۆگۈز Iki ougz —) يېزىقتىكى خاتالىق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دەپ قارايدۇ. بۇ «قوش دەريا شەھىرى» نىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئورنى ئانچە ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ئاساسىي تېكىستتە ئۇنى ئىلى دەرياسىغا <238> يېقىن، «ئىلى دەرياسى بىلەن يافىنچ (شەھىرى) ئارىسىغا» جايلاشقان دېيىلگەن. لېكىن، يۇمىلاق شەكىللىك خەرىتىدە يافىنچ دەريانىڭ غەربىي (جەنۇبىي) تەرىپىدە، قوش دەريا شەھىرى بولسا دەريانىڭ شەرقىي (شىمالىي) تەرىپىدە بولۇپ، ئىلى دەرياسى بىلەن يافىنچ ئارىلىقىدا ئەمەس. مىلادىيە 1253 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رۇبرۇك بۇ رايوندا ساياھەت قىلغان ۋاقىتتا بىر چوڭ دەريادىن ئۆتكەن، ئادەتتە بۇ دەريا ئىلى دەرياسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئۇ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن

بىر جىلغىدا بىر تاشلاندۇق قەلئەنى كۆرگەن، ئارقىدىن ئۆلاپلا Equius دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ شەھەرگە كەلگەن. 2 ـ كۈنى ئۇ جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز تاغدىن سوزۇلۇپ كەلگەن ئېگىزلىكتىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر تۈزلەڭلىككە كىرگەن. تۈزلەڭلىكنىڭ ئوڭ تەرىپى تۇتاش كەتكەن ئېگىز تاغلار، سول تەرىپى بىر چوڭ كۆل (كۆلنى بىر ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن 25 كۈن كېتىدىكەن) بولۇپ، تاغ ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشۈپ كۆلگە قۇيۇلىدىغان دەريا ئېقىمى تۈزلەڭلىكنى سۇغىرىدىكەن. ئارقىدىن يەنە چوڭ شەھەر بازىرى قايالىققا يېتىپ كەلگەن. كېيىن ئۇ ئالاتاۋ، ئېمىل قاتارلىق جايلارنى بېسىپ شەرققە سەپەر قىلغان <240>. چۈنكى، بىز قايالىقنىڭ بۈگۈنكى قازاقىستاندىكى قېپىل ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، شۇڭا، ئەگەردە بۇ E. quius ھەقىقەتەن شۇ بولسا ياكى كېلىش مەنبەسى IKi—oguz (جۈپ دەريا) بولسا ئانداقتا بۇ جۈپ دەريا چوقۇم ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى بىلەن قايالىقنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى مەلۇم يەردە بولۇشى كېرەك. تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىدە بىر «جۈپ دەريا» نىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە. غەربي تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «يوڭخۇي 2 ـ يىلى (651 ـ يىل) ئاسناقۇل بىلەن ئوغلى قىيۇن ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە بېرىپ تۇغلۇق قاغانىنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلاشتى. غەربىي شەھەردىكى ئايماقلار ئىككى ئۆگۈز (قوش دەريا) بىلەن مىڭبۇلاقتا ئوردا قۇرۇپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتىدى. ساداقلىقلار ۋە ئون ئوقلارنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلدى» دېگەن. كېيىن سۇدىڭفاڭنىڭ شيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى ئاسنا قۇلغا جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىدىمۇ «جۈپ دەريا» نى تىلغا ئالغان. ماتسۇدا سۇمىئو بۇرۇنلا جۈپ دەريانىڭ ئورنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇشۇ خاتىرىلەرگە تايىنىش لازىملىقىنى ئېيتقان. ئانالىزدىن كېيىن

ئۇ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ جەريانىنى تەقلىدى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. (4 ـ قوشۇمچە رەسىم) ئۇ جۇپ دەريانى بورتالا دەرياسى<241> دەپ قارىغان. ئەمما، بورتالانىڭ ئورنى غەربكە ماڭغان ئىككى قوشۇننىڭ بۇ جايدا ئۇچراشمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئەگەر ھەر ئىككى قوشۇن سايرام كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ ماڭسا ئۇنداقتا سۇدىڭفاڭنىڭ قوشۇنى بورتالانى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئەمما ئاشىنا مىشى، بۇ جېنلارنىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەرلەردىن ئۆتمەيدۇ، ئەگەر ھەر ئىككى قوشۇن ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمال يولى ئارقىلىق غەربكە ماڭسا (يەنى رۇبرۇك بېسىپ ئۆتكەن يول بىلەن) ئۇنداقتا قوشۇنى بورتالادىن ئۆتىدۇ. ئەمما، سۇدىڭفاڭ قوشۇنى بۇ يەردىن ئۆتمەيدۇ، ئەكسىچە، ئەگەر بىز «جۇپ دەريا» نىڭ ئورنىنى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان دەپ بېكىتسەك، ئۇنداقتا ئېمىل، دۆربىلجىن، ئالاتاۋ ئېغىزى، قاپاللار ئارقىلىق كەلگەن سۇدىڭفاڭ بىلەن جىڭ — سايرام — قورغاسلار ئارقىلىق كەلگەن ئاشىنا مىشى، ئاشىنا بۇ جېنلارنىڭ قوشۇنلىرى دەرھال مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ، ئاندىن يەنە يېقىن ئەتراپتىكى ئالتۇن ئوردا تېغىدىكى ئاسناقۇلنى ھۇجۇم بىلەن مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدىدىكىدەك تەكشۈرۈپ بېكىتىش خاتا بولماي، «ھۇدۇدۇل-ئالەم» دىكى بۇ يەر نامى ھەققىدە «جۇپ دەريا» بولسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئالدىدا چىقارغان خۇلاسىمىز يەنى بۇ لەڭگەرلەر شىجۇ ئۇيغۇرلىرى قۇرغان ئۆتەڭلەر ئەمەس، چۈنكى بۇ يەر ھەققىدە ئۇنىڭ دائىرىسىدە ئەمەس دېگىنىمىز قوللاشقا ئېرىشكۈسى.

17 ـ 12 ـ نومۇر: «اغراج ارت» Ighraj — Art ئەسلىي كىتابتا ئۇنى يىل بويى قار ـ مۇز ئېرىمەيدىغان بىر لەنگەر، بۇ يەردە نۇرغۇن يىرتقۇچ ھايۋان ۋە بۇغىلار بار. تاغدىن نۇرغۇن

بۇغا مۇڭگۇزى چىقىدۇ دەيدۇ. مىنورىسكىي بۇ ئىسمىنىڭ بۇ كىتابتا بىر قانچە جايدا كۆرۈلىدىغانلىقىنى، مەنىسىنىڭ «تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇ يەر بىر مۇھىم تاغ ئېغىزىنى كۆرسىتىشى كېرەك. گەرچە ئۇنىڭ كونكرېت نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر نامى يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ يەر بىلەن بىز پەرەز قىلغان ماباۋ ( 马保城 ) شەھىرى (12 ـ 12 ـ نومۇر)، بالاساغۇن (13 ـ 12 ـ نومۇر) ھەمدە مىنورىسكىي ئويلىغان Sidink (14 ـ 12 ـ نومۇر)، «جۇپ دەريا» (16 ـ 12 ـ نومۇر) لارنىڭ ھەممىسى دەل ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدا بولۇپ، بۇ لەڭگەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» ۋە «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» دىكى شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەخت شەھىرى ۋە چېگرىسى ئىچىدىكى مۇھىم شەھەر ـ بازارلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى ئومۇمەن ئوخشاش. گەرچە بۇ خاتىرىلەردىمۇ بۇ تۇردىكى ئەرەب، پارس تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى ئوخشىمىغان دەۋر مەنبەلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىك بار بولسىمۇ، شۇنداقلا قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا نىسبەتەن قىلغان كونكرېت تەسۋىرلىرى كەم بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىزگە قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ 10 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرىدا شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغدىكى بىر چوڭ تەسىر كۈچ بولۇپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.



قوشۇمچە رەسىم 4 (سۈدىگەنلىڭ قاتارلىقلارنىڭ شيەنچىنىڭ 2 ـ يىلى خىلۇغا جازا يۈرۈشى قىلغاندىكى يولىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە)

ئىزاھلار

① يۇقىرىدىكى ھەر خىل تارىخ ماتېرىياللىرىغا ھەم «كىتابلار جەۋھىرى» (97 - جىلد «ۋاسساللار ۋارىسلار» ، «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» (28 - جىلد «ئۇيغۇرلار» ) قاتارلىقلارغا نىسبەتەن قىلغان تەھلىلنى مايىتا ماساما 1962 - يىلىدىكى ( «گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۇيۇشۇشىنى تەكشۈرۈش» 5. «ئەنشى ئۇيغۇرلىرىدىن پانتېكىن قاغانىنىڭ قامجۇغا (يۆتكىلىپ) كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىش يىل دەۋرىگە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە» ) دىن كۆرۈڭ. تاڭ كەيجيەنىنىڭ 1983- يىل نەشر قىلغان «پانتېكىننىڭ گەنجۇدا تۇرغانلىقى» خاملتونىنىڭ 1955 - يىل نەشر قىلىنغان «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ 7 - 13 - بەتلىرىگە قاراڭ. خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 9 - 15 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن پانتېكىننى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدىغان ئالىملار: سۈن كەيدى (1937) مورى ياسۇ تاكائۇ (1977) ، پىنكس (Pinks. E (1968) فەن ۋېنلەن (1965) قاتارلىقلار. جاڭ گۇاڭدانىڭ «ئۇيغۇرلار» (جۇڭگو بۈيۈك قامۇسى، جۇڭگو تارىخى تومى) نى كۆرۈڭ.

③ «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 97 - جىلدى «تۇبۇتلەر» دىكى خاتىرىلەر (1742 - 1741 ) بۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش، پەقەت جاڭ يىچاۋ «شاجۇ ھېراۋۇلى» دېگەن بەش خەتنى قوشۇپ قويغان.

④ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەرگە شەرھى» دىن ئېلىنغان نەقىل. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 8113 - بەت.

⑤ «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» (كيوتو نەشرى) نىڭ 12 - قىسمى تۆتىنچى بۆلىكىنىڭ (1942) 54 - 56 - بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥ كوۋاتا رۇكورۇ 1928 ـ يىلىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاكىتى» نىڭ 118 — 119 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑦ ئابې تاكېئونىڭ 1955 ـ يىل نەشر قىلىنغان «بەشبالىقنىڭ ئەھۋالى» نىڭ 247 — 255 ـ بەتلىرىگە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 179 — 183 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑧ مورى ياسۇتاكائۇنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا» نىڭ 119 ـ، 122 ـ بەتلىرىگە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 765 ـ، 767 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑨ گ. مالياۋكىننىڭ 1983 ـ يىلدا نەشر قىلىنغان «9 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» نىڭ 131 ـ بېتىگە قاراڭ. ۋېي لياڭتاۋنىڭ «مالياۋكىننىڭ 9 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ناملىق ئەسىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىقات توپلاملىرى ژۇرنىلى» نىڭ 10 ـ سانىدىن پايدىلىنىڭ.

⑩ ۋاڭ گوۋېي «شېرۋىلار ھەققىدە مۇھاكىمە»، «تاتارلارنى تەكشۈرۈش» نى كۆرۈڭ.

⑪ مورى ياسۇتاكائۇ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابقا قاراڭ.

⑫ «دۇنخۇاڭ يېزىقلىرىنىڭ ئۆزگىرىش توپلىمى» نىڭ بىرىنچى قىسمى ھەم جاڭ خۇگشۇن تاللاپ ئىزاھلىغان «دۇنخۇاڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تاللاپ ئىزاھلاش» تىن ئېلىندى.

⑬ لوچېنيۇنىڭ «تاڭنامە. جاڭ يىچاۋ تەزكىرىسىگە تولۇقلىما» دىن شاگدانىڭ «تاڭنامە جاڭ يىچاۋ تەزكىرىسىگە تولۇقلىماغا تولۇقلىما» دىن، سۇن كەيدىنىڭ 1937 ـ يىلى يازغان «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان جاڭ خۇەيشېننىڭ ئاسىيلىق

قىلىشى ھەققىدىكى بايانلار» دىن پايدىلىنىڭ.

⑭ سۇن كەيدىنىڭ 1937 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئىزاھ ⑬ دىكى كىتابىنىڭ 386 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑮ جاڭ خۇڭشۇنىڭ «دۇنخۇاڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىن تاللانماغا ئىزاھ» نىڭ 232 ـ بېتىدىن ئېلىنغان نەقىلگە قاراڭ.

⑯ رۇڭ شىنجياڭ «شاجۇ بەيئەتچى قوشۇنى ھېراۋۇللىرىنىڭ نامىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش» (1988 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنخۇاڭ — تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالە). دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن يېزىلغان ئىلمى ماقالەمدە (1989 ـ يىلى خۇاتاۋ) مەن سۇن كەيدى، ۋاڭ جۇڭمىننىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى قوبۇل قىلغانىدىم. كېيىن رۇڭ شىنجياڭ ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى ئارقىلىق خاتا جايلىرىنى تۈزەتتىم.

⑰ ۋاڭ جۇڭمىن «تاڭ شېئىرلىرىغا تولۇقلىما» نىڭ (34 ـ بېتىدە) «بۆگۈ تەڭرىخان بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاتتىسى بۆگۈكۈن بولسا كېرەك» دېگەن. بۇ شېئىرنى ئەينى چاغدا يەرلىك ئادەملەر يازغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇنى «تەڭرىخان» دەپ ئاتىغان. چيەنفۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 876 ـ يىلى) ئىۋېرغولنى (قۇمۇل) تارمار قىلغان. بۇ تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەردە كۆرۈلمەيدۇ. ئەپسۇسكى، شېئىرنىڭ ماۋزۇسى كەمتۈك، ساقلىنىپ قالغىنىمۇ ئارانلا ئالتە خەت بولۇپ ئەھمىيىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمەس. بۇ بۆگۈكۈن جاڭ يىچاۋنىڭ قوماندانلىقى بىلەن تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن چاغ ئىدى. بۇ قېتىم (مىلادىيە 876 ـ يىلى) تىگىش قىلغاندا ئۇ جاڭ يىچاۋنىڭ بۇيرۇقىنى ئالغان دەپ ئويلىغان» بۇنداق پەرەز قىلىش مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ.

⑱ «دۇنخۇاڭ نەزمە ـ نەسر توپلىمى» 127 ـ بېتىگە

قاراڭ. «دۇنخۇاڭ، نەزمە ـ نەسر توپلىمى» نىڭ مەزكۇر بۆلەكىنىڭ «تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە بۇ بۆلەك «بىلەن يۇقىرىقى تېكىستنى ئۆز ئارا ماس كەلمەيدۇ، كېيىنكىلەر تولۇقلىغاندەك تۇرىدۇ، نەزمىي ئەسەرنى نەزمە ـ نەسرىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ ئاخىرىنى تۈگەتكەندەك تۇرىدۇ» دېگەن. رۇڭ شىنجياڭمۇ باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ يېزىلغان دەپ قارايدۇ.

⑲خانېدا تورۇنىڭ «تاڭ سۇلالىسى گۇاڭچىنىڭ 1 ـ يىلى يېزىلغان شاجۇ، ئۇيغۇرغول تەزكىرىسىنىڭ كەمتۈك جىلدلىرى» (1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) غا قاراڭ.

⑳ رۇڭ شىنجياڭنىڭ 1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ناگا جەمەتى ھەققىدە ئىزدىنىش» غا قاراڭ.

㉑ رۇڭ شىنجياڭ نەقىل كەلتۈرگەن «دۇنخۇاڭ ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئەلچىلەرنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ تۇرلەرگە ئايرىلىش ئەھۋالى» دىكى P2178 نومۇرلۇق دۇنخۇاڭ يازمىسى «دۇنخۇاڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى قۇر خەتكە قاراڭ: «جاھان پاكلانغاندا يىراق ـ يېقىندىكى بارچە ئاۋام ئۇنتۇمىدى. ئەزگۇ ھامان غالىپتۇر. ئەجدەر جەمەت زوۋۇلىسى تەڭرىنىڭ يازمىشىدۇر. شۇنداقكەن پىتنە ـ ئىغۋا، سۇ ـ خەنلەرگە ئورۇن تېپىلارمۇ؟ بەرھەق، ئىلگىرىكى بۆرە تەبىئەتلىك ياۋ ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئاۋامنىڭ لەنەت ـ نەپرىتى دەستىدىن غايىب بولدى».

خوجېئىدا ئاكىرا خاتىرىنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئالغان «گۇتەيباۋ (故太保) جاڭ يىچاۋنى كۆرسەتسە كېرەك دەيدۇ. (تېڭ جىخۇاڭنىڭ «شاجۇ ‹بەيئەتچى قوشۇنى› نىڭ باش ـ ئاخىرى»، «شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ كىيوتودا نەشر قىلىنغان 12 ـ قىسمىنىڭ 4 ـ بۆلىكى) دەپ كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرىنى جاڭ يىچاۋ ۋاپات بولغان شيەنتۇڭنىڭ 13 ـ يىلىدىن (872 ـ يىلىدىن) كېيىن بولۇشى ھەمدە 5389 ـ نومۇرلۇق

ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن سوجۇغا كىرگەن ئەجدەرھا جەمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

㉒ «جاڭ خۇەيشىننىڭ ئاسىيلىق قىلىشى» دە: «دىۋان بېگى ئۇيغۇرلارنىڭ....... لىرىنىڭ داڭدار سانغۇن خىل قوشۇن بىلەن ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. مۇشاۋىر جاڭ داچىڭ «جىن.... لەشكەرلەرنى قارىغۇلارچە جەڭگە سالغىلى بولمايدۇ، كۆزدە غەربكە يۈرۈش قىلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس دېيىلگەن.

㉓خوجېئىمدا ئاكىرا «شاجۇ بەيئەتچى ساتراپىغا دائىر ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ باش - ئاخىرى» («شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ كىيوتو دا نەشر قىلىنغان 12 - قىسمىنىڭ 4 - بۆلىكىدىكى ماقالە) دىن بۇ بۆلەك ھۆججەتنى نەقىل كەلتۈرگەن (2569 نومۇر دەپ خاتا نومۇر قويۇلۇپ قالغان). ئەمما، 71 - بەتنىڭ 7 -، 8 - قۇرىدىن نەقىل ئېلىنغان سۆز كېيىنكى ئادەمنىڭ ئەسلىي ھۆججەتتىكى مەشىق خېتىدۇر. «دۇنخۇاڭ خەزىنىسى» دىكى چوڭايتىلغان فوتو سۈرەتلەردىن پايدىلىنىلىنىڭ.

㉔ ۋاڭ جۇڭمىننىڭ «ئالتۇنتاغ دۆلىتى» دىن ۋە رۇڭ شىنجياڭنىڭ «ئالتۇن تاغ دۆلىتىنىڭ تارىخىغا تۈزىتىش» نىڭ 73 - 85 - بەتلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

㉕P3633 نىڭ ئالدى يۈزىدە («شاجۇ (沙卅) پۇقرالىرىدىن بىر تۈمەن ئادەم ئۇيغۇر دانىشمەن قاغانىغا ئەرز قىلدى» (شىنمو يىلى، 911 - يىلى) دېيىلگەن خې شىجې، سۇن شيۇشېننىڭ 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىدىن ۋە رۇڭ شىنجياڭنىڭ 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىدىن پايدىلىنىلىنىڭ.

㉖ Pulleyblank. E. G نىڭ 1954 - يىلى نەشر قىلىنغان «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» نىڭ 90 - 97 - بەتلىرىگە

قاراڭ ھەم رۇڭ شىڭجياڭنىڭ 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «ستايول خالىستوي جىلدلىرى» بىلەن «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ئۇستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

㉗ قوچو ئۇيغۇرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلارنى خامىلتوننىڭ 1958 ـ يىلى نەشر قىلغان «ستايول خالىستوي جىلدلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىش» تىن كۆرۈڭ ھەمدە خۇاڭ شىنجياڭنىڭ 1984 ـ يىلىدىكى ئەسىرىگە قاراڭ.

㉘ تاڭ جاڭرۇنىڭ «بەيئەتچىلەر قوشۇنىدىكى ھېراۋۇللارغا ئالاقىدار بىر نەچچە خىل ماتېرىيال» ، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 1 ـ قىسمىدىكى 30 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ. بۇ تېكىستتە يەنە «تەخمىنەن جاڭ خۇەيشىننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلى گەرچە يەنىلا خېشىدىكى 11 ئايماقنى باشقۇردى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت گۇاجۇ، شاجۇ ئىككىلا ئايماقنى باشقۇرغان دەپ قارايدۇ.

㉙ P2629. S3728. S1366 قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىڭ.

㉚ ئىزاھ ⑰ گە قاراڭ. جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ قاتارلىقلار 1989 ـ يىلى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دۇنخۇاڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت» نىڭ 26 ـ بېتى) تەڭرى خاننى دانىش ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار يەنە ئۇۋېرغول شەھىرىنىڭ شاجۇ بەيئەتچىلەر قوشۇنىغا قاراشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

㉛ سەي مېيباۋ، جۇچىڭپىڭ، جۇ رۇيشى، دىڭ ۋېيجى، ۋاڭ جۇڭجۇلارنىڭ «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» نىڭ 6 ـ قىسمىنىڭ 18 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉜ كىدان ۋە لياۋلارنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋاللىرىنى سەي مېيبىياۋ قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن كىتابىدىن؛ «جۇڭگو تارىخى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن

«جۇڭگو تارىخى» نىڭ 5 ـ قىسمىدىن كۆرۈڭ.

㉝ «لياۋ تارىخى. تەيزۇڭ خاتىرىلىرى» 1 ـ قىسمىدا (تيەنفۇنىڭ 2 ـ يىلى) كۈز 7 ـ ئايدا 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن دەريانىڭ شەرقىدىن شىمالغا جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندى دېيىلىدۇ.

㉞ «لياۋ تارىخى. تەيزۇڭ خاتىرىلىرى» 1 ـ قىسىم 11 ـ بەتكە قاراڭ.

㉟ «لياۋ تارىخى. تەيزۇڭ خاتىرىلىرى» 2 ـ قىسمىنىڭ 19 ـ 21 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. شىمازاكى ئاكىرا «كۆچمەقوم» كۆپىنچە جۇڭگونىڭ غەربىدىكى چوڭ قوملۇقنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. شىمازاكى ئاكىرانىڭ «قومتاغقا تەكشۈرۈش» نىڭ بىرىنچى قىسمى، مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېت ئەدەبىيات بۆلۈمى خاتىرىسى، 3، تارىخ ئىلمى 1 ـ نومۇر 1955 ـ يىلى تەرجىمە قىلىنغان شىمازاكى ئاكىرا توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى 1983 ـ يىل نەشر قىلغان «سۈي، تاڭ دەۋرىدىكى تۈركىستان ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 1240 ـ بېتىگە قاراڭ).

㊱ «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە. قۇچۇ» (5296 ـ بەت) («يېڭى تاڭنامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. قۇچۇ» «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (1 ـ جىلد 18 ـ بەت) بىلەن ئاساسەن ئوخشاش) قاتارلىقلاردا قاغانبۇت (فۇتۇ) شەھىرىنىڭ ئورنىنى تىلغا ئالغان. چاۋاننېس (1903 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 109 ـ بېتى؛ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 105 ـ بېتى) شۈسۈڭنىڭ («غەربىي يۇرتنىڭ سۇ يولى خاتىرىسى» ئارقىلىق) تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىغا قوشۇلۇپ بۇ شەھەرنى بەشبالىق دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ (1903 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 305 ـ بېتى، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ قىسقارتىلغان) تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەننىڭ 6 ـ يىلى (970 ـ يىلى) تۇبۇتلەر بەشبالىقنى

ئىشغال قىلغان چاغدىكى «قارلۇقلار غەلبىمدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ۋە ئۇلارنىڭ فۇتۇچۇەن (بۇددا دەرياسى) نى ئالدى» دىكى «فۇتۇچۇەن (بۇددا دەرياسى)» بىلەن قاغانبۇد شەھىرىنىڭ باغلىنىشى بار دەپ قارايدۇ. ماتسۇدا سۇمىئو «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايماق، مەھكىمە، ناھىيىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» دىكى «ئۇتۇغۇ ۋە بېشبالىق شەھىرى» (ماتسۇدا سۇمىئو 1870 ـ نەشر قىلغان) ئاساسەن شۇي سۇڭ، چاۋاننېس (بۇددا) فۇتۇ شەھىرى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا قاغانبۇت شەھىرىنى بۇگۇنكى جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا جىلغىسى (خەن دەۋرىدىكى ئۇتۇ جىلغىسىغا تەڭ) دەپ قارىغان. ئابې تاكېئو ئۇلارنىڭ قاغانبۇت شەھىرىنى تەكشۇرۇپ ئىسپاتلىشىغا ئاساسەن قوشۇلسىمۇ، لېكىن قاغانبۇت بۇگۇنكى مورى دەپ قارايدۇ. (ئابې تاكېئونىڭ 1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 164 ـ، 167 ـ بەتلىرىگە قاراڭ، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 124 ـ، 127 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. شىمازاكى ئاكىرا (توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيات ئۇيۇشمىسى نەشر قىلغان «سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تۇركىستان ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ ئالتىنچىسى «قاغانبۇت شەھىرىگە تەكشۇرۇش» تە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل كۆز قاراشلارغا قارىتا تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ، قاغانبۇت شەھىرىنى بۇگۇنكى مورىنىڭ غەربىدىكى «قەدىمىي شەھەر» ئەتراپلىرىدا، شەرقىي قىسىم تەڭرىتاغنى تۆت تەرەپكە باغلايدىغان مۇھىم قاتناش يولىنىڭ بىرى دەپ قارىغان.

㊲ «لياۋ تارىخى. تەيزۇڭ خاتىرىلىرى» (202 ـ بەت) گە قاراڭ. «لياۋ تارىخى. تيەنزۇخان خاتىرىسى 4» نىڭ قوشۇمچىسى «ياللۇغ چۇسەي خاتىرىسى» دە ياللۇغ چۇسەي چۆللۇكنىڭ پۇتكۇل غەربىگە ساياھەت قىلغان چاغدىكى ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپ مۇنداق يازغان: «ئۇ ئاۋۋال ئۇيغۇر

پادىشاھى بىلگىگە مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى: «ئۆتمۈشتە تەيزۇ ئالىيلىرى شىمالغا قوشۇن تارتىپ بۆگۈ شەھىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن گەنجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەجدادىڭلار ئۇماي قۇتلۇققا ماكانىڭنى سېغىندىڭمۇ؟ مەن ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. سەن قايتىپ كېلەلمىسەڭ مەن ئۇنى ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرىمەن. مېنىڭ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ، بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغىنىمىزغا ئۇن نەچچە ئەۋلاد بولدى. لەشكەرلىرى ۋە پۇقرالىرى كۆچۈش - يۆتكىلىشنى ناھايىتى ئېغىر كۆرىدۇ، قايتىپ بارالمايمىز، دەپ جاۋاب يوللىغان. دېمەك، سىلەر بىلەن بىز بىر كۆڭۈللۈك قەدىناس ئەمەسمىز. بۇگۈنكى كۈندە مەن غەربكە قاراپ مېڭىپ ئەرەبلەر ماكانىغا سەپەر قىلماقچى بولۇپ، دۆلىتىڭلاردىن ئۆتمەكچىمەن. شۇبھە قىلمىغايسىلەر، دېگەن بىلگە مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئوردىدا مۇراسىم تەشكىللەپ شەخسەن ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان ۋە ئوردىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز زىياپەت بەرگەن. ئۇ يولغا چىققاندا بىلگە ياخشى ئاتتىن ئالتايۇزنى، تۆگىدىن يۈزنى، قويدىن ئۈچ مىڭنى تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كىدانلارغا (قىتانلارغا) بېقىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇلارنى چېگرا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ قويدى». ياللۇغ چۇسەي غەربكە سەپەر قىلغان چاغدا گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئاللىقاچان تاڭغۇتلارنىڭ قولىدا بىت - چىت بولغانىدى، شۇڭا ئادەتتە ھەممەيلەن بۇ ئۇيغۇر پادىشاھى بىلگىنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پادىشاھى دەپ قارىماقتا. ھەتتا بەزىلەر بۇنى ئاساس قىلىپ ئۇماينىڭ شىجۇ قامجۇلارنىڭ ئورتاق پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. ئەمما، بۇ بۆلەك تارىخىي ماتېرىيالدا مەسىلە بەك كۆپ. ئالدى بىلەن لياۋ تەيزۇ تيەنزەننىڭ 3 - يىلى غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا گەرچە لەشكەر چىقىرىپ قامجۇغا ھۇجۇم قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قامجۇنى ھۆرمەتلىشى

لازىملىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقى ۋە تۆگىچى (ئاخىرقى يىللىرى) تەيپىڭ يىللىرىنىڭ ئارىسىدا لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىدىن قارىغاندا تەيزۇ قامجۇلارنىڭ تۈتۈقى كېيىن ئەۋەتكەن ئەلچىنى ئەسىر ئېلىپ، قامجۇلارنى چوقۇم بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىغان ياللۇغ تاش ئېيتقان ئاشۇ تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ياللۇغ تاشنى ئۇماي گەنجۇغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقىلى ئون نەچچە ئەۋلاد بولدى دېگەن. ئون نەچچە ئەۋلاد ئاز دېگەندىمۇ 200 يىل بولىدۇ، شۇڭا ئۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تىكلىنىشنىڭ ئالدىدىكى ئىش. 50 نەچچە يىل بۇرۇن سۇن كەيدى («دۇنخۇاڭ جاڭ خۇەيشىننىڭ نەزمى - نەسىرلىرىگە يازغان خاتىمە» سىدە) گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاڭ دەۋرىدىن بۇرۇن تۈرك خانلىقىدىن قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن تەرەققىي قىلىپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ بۆلەك تارىخىي ماتېرىيالمۇ ئۇنىڭ مۇھاكىمە ئاساسىنىڭ بىرى. ئەمما، بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر تاڭ سۇلالىسى ۋە تىبەتلەرنىڭ بۇ يەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بولغاچقا، ئاساسەن قوللىغۇچىلىرى قالمىدى. (؟ نىڭ 1977 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىدىن پايدىلىنىلدى). شۇڭا، بۇ بۆلەك تارىخىي ماتېرىيال ئەگەر يۇەن دەۋرىدىكى ئوردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاتا خاتىرىلەنمىگەن بولسىلا، ياللۇغ تېگىت قارىسىغا تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقارغان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزى تەشرىپدار بولۇپ بىر مۇنچە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى بىلىشى ھەم ئۇنى توقۇش ماتېرىيالى قىلىشى تەبىئىي، يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ئۇمايىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تەستە ئىسپاتلايدۇ.

㊳ خامىلتون 1955 ـ يىلى 153 ـ، 154 ـ بەتلىرى، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 153 ـ 154 ـ 168 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㊴ «لياۋ تارىخىدىكى قارام ئەللەر مەلۇماتنامىسى» نىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىش خاتىرىلەنگەن. بىراق، تەيزۇنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 907 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى سوۋغا ئېلىپ سالامغا كەلدى» دېگەن خاتىرىلەر بار. گەرچە مەلۇم ۋەقەلەرنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغا نىسبەتەن «نەسەبنامە» ۋە «بېقىندا مەملىكەتلەر مەلۇماتنامىسى» دىكى خاتىرىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بار بولسىمۇ، بىراق يىغىپ ئېيتقاندا، كېيىنكىسىدە مەسىلەر بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن: تيەنزەننىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، تيەنشيەننىڭ 1 ـ يىلى 2 ـ ئاي قاتارلىقلار، شۇڭا بۇ يەردە «نەسەبنامە» دىكى خاتىرىلەرنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇقمىز.

㊵ پېللىئوت: «قوچۇ، خېجۇ، خوجۇ، قاراغوجا ھەققىدە مۇھاكىمە» كە؛ خامىلتون 1955 ـ يىل 142 ـ بەت. خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 152 ـ بېتىگە قاراڭ.

㊶ خامىلتون 1955. 146 ـ 147 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمىسى 157 ـ 158 ـ بەت.

㊷ ۋېي لياڭتاۋ 1983 ـ يىل «قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن لياۋ، سۇڭ ۋە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى» نى، چىڭ شولونىڭ «لياۋ، جىن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەھلىل» («لياۋ، جىن تارىخى تەھلىل توپلىمى» شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشر قىلغان) گە قاراڭ.

㊸ ۋېتفوگىل ۋە فېڭ جياشېڭ 1949 ـ يىل («جۇڭگو جەمئىيەت تارىخى. لياۋ») 255 ـ بەت (note)

㊹ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 36 ـ بېتىدە خاتالىق بار.

㊺ رۇڭ شىنجياڭنىڭ 1986 ـ يىلىدىكى «بەيئەتچىلەر

قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ۋە H. W. Bailey نىڭ 1981 - يىلىدىكى («قەدىمكى دەۋردىكى خوتەن ساك تىلى مەدەنىيىتى» ھەمدە ئۇ تەرجىمە قىلغان بىر قاتار ساك تىلى ھۆججەتلىرىگە قاراڭ.

㊻ 9 - ئاينىڭ 癸酉 كۈنى سالامغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

㊼ خې شىجى، سۇن شىيۇشىنلارنىڭ 1980 - يىلىدىكى («گۋاجۇ - شاجۇدىكى ساۋ جەمەتى يىلنامىسىگە تۈزىتىش») تىن پايدىلىنىڭ.

㊽ جاڭ گۋاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ، 1989 - يىل.

㊾ (مۇللېر) 1915 - («تۇرپاندىن تېپىلغان ئىككى دانە تارىشا پۈتۈك») 22 - بەت.

㊿ «جۇڭگو تارىخى خەرىتىلەر توپلىمى» 6 - قىسىم 38 - 39 - بەتلىرىگە قاراڭ. ئۇنىڭدىن باشقا يىجى (ئېرتىش) Irtish بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.

㊿① بويلىنىڭ «ھايتون سەپەر خاتىرىسى» («ئوتتۇرا ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1964 - يىلىدىكى سانلىرى) نىڭ خې گاۋجى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان (جۇڭخۇا نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلغان كىتابىنىڭ 14 - بېتىگە، خامىدۇننىڭ 1958 - يىلىدىكى ئەسىرىگە قاراڭ شىمازاكى ئاكىرا. «قاغانبۇت شەھىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان گىملتاغ شەھىرى بۇگۈنكى مورىنىڭ غەربىدىكى «قەدىمكى شەھەر» گە جايلاشقان دېگەن قاراشنىڭ كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچى بار.

㊿② ۋېي لياڭتاۋنىڭ 1983 - يىلى، 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 40 -، 41 - بەتلىرىگە قاراڭ.

㊿③ بارتولد 1977 - يىل 279 - بەت (note)، پرتساك

1953 ـ يىل، 30 ـ بەت (note) .

㊹ پرتساكنىڭ 1953 ـ يىل؛ ۋىي لياڭتاۋنىڭ 1983 ـ يىل؛ ۋىي لياڭتاۋ 1986 ـ يىل.

㊺ «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. داۋامى» نىڭ ئۆزىنىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ مەنبەلىك قىممىتى مەسىلىسىدە چېن گاۋ خۋا، چېن جىچاۋلارنىڭ «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت مەنبەلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ 251 ـ 255 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㊻ بۇ قېتىمقى خانلىققا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە:

I جۇڭگوڭشۇنىڭ تۇنجى يىلى 2 ـ ئايدا ئەلچى ئەۋەتكەن ھەم مانى دىنى قاشتېشى سوۋغا قىلىش ئەترىتىدىن يەتمىش يەتتىسى كەلگەن بولۇپ قاما تېرىسى، قوتاز قۇيرۇقى، دورا قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلغان («كونا بەش دەۋر تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى 2. ئۇيغۇرلار» نىڭ 612 ـ بېتى)

II . جۇتەيزۇ گۇاڭشۇنىڭ 1 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىجۇ ئۇيغۇرلىرى تۇتۇق ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان .... (سوۋغىنىڭ كونكرېت نامى قىسقارتىلدى) ، ئۇيغۇرلار مانى ئەلچىلىرىدىن 77 كىشىنى ئەۋەتتى. قاما تېرىسىدىن 350 نى، كۆك ۋە قارا تىيىن تېرىسىدىن 28 نى، قاشتېشىدىن ياسالغان كەمەر ، ئىگەر ـ جابدۇقلاردىن بىر يۈرۈش، قوتاز قۇيرۇقىدىن 424 نى، چوڭ كەھرىۋادىن 20 نى، قىزىل تۇزدىن 300 جىڭ، قارىغاي يىلىمىدىن 390 جىڭ، يەنە بىر مۇنچە دورا تەقدىم قىلدى. («كىتابلار جەۋھىرى ۋاسساللار، ئولپان تاپشۇرغانلار ـ 5» ، 11425 ـ بەت») .

III . (گۇاڭشۇن 1 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا شىجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئەلچى تۇتۇق كەلدى. دىڭمو كۈنى (15 ـ كۈنى/ 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) قىشتان ئەلچىسى رىڭۇجى كەلدى. 21 ـ كۈنى خان

ئالىيلىرى نەزىر قىلدى. 25 ـ كۈنى . . . . . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى بولۇپ مانى راھىبى كەلدى. («يېڭى بەش دەۋر تارىخى. جۇ پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرە. تەيزۇ»).

Ⅳ . جۇ تەيزۇنىڭ گۇاڭشۇن 1 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تەيزۇ ئالىيلىرى قىشلىق پەرھىز مۇناسىۋىتى بىلەن شۆەنخۇامېن قوۋۇقىدىن ئاتلىنىپ شاھانە قەبرىلەرنى زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلدى ھەمدە قىتان ئەلچىسى رىگۇجى، ئۇيغۇر تۇتۇق قاتارلىقلارغا يېمەكلىك ۋە شاراب ئىنئام قىلدى.

يۇقىرىقى مەنبەلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىچە جەريانىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى (3.19) شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى تۇتۇق كەلگەن.

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (3.25) قىتان ئەلچىسى كەلگەن.

ۋە ئۇ 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (3.31) قىتان ۋە ئۇيغۇر ئەلچىلىرىگە تائام، شاراب ئىنئام قىلىنغان.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى (4.4) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىسى بولۇپ مانى راھىبى كەلگەن.

پېللىئوت ۋە چاۋاننېس «مانى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى» (JA, 1913, 305 — 308) دە يۇقىرىقى I ، Ⅱ (قىسمەن) مەنبەلەرگە ئاساسەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى بولغان مانى راھىبى جۇ خانلىقىغا كەلگەن، دەپ قارىغان. خامىلتون (1055، 86؛ خەنزۇچە تەرجىمىسى 92 ـ بەت، 43 ـ ئىزاھ) I ـ ئىزاھتا سۆزلەنگەنلەر شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى، پېللىئوت ۋە چاۋاننېس خاتالاشقان، دەپ قارايدۇ. ئەمما، مېنىڭچە بىز ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشقا ئىلاجىسىزمىز.

⑰ «ئەلنى ئىدارە قىلىش پايدىلىق ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى» (جيەنلۇڭنىڭ 3 ـ يىلى 4 ـ ئايدا)، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئادۇ

قاتارلىقلار كېلىپ، كۆپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. «سۈڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى. تەيزۇ خاتىرىلىرى» (11 ـ بەت) دىمۇ ئوخشاش خاتىرىلەنگەن. «قاشتېشى دېڭىزى» («سۈڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» 7840 ـ بېتىدىن ئېلىنغان) دا «قاتارلىق 42 ئادەم» دېگەن بىر قانچە سۆز ئارتۇق بېرىلگەن.

(58) مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى «سۈڭنامە. چەت ئەل تەزكىرىسى 6. قوچو» (14110 ـ بەت) ۋە «سۈڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى ياتلار. ئولپان» 7841 ـ بەت) تىن كۆرۈڭ، بىراق «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرىنىڭ داۋامى» ( 139 ـ بەت چيەندىنىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى) دا پەقەت «ئۇيغۇر» لار راھىب كالاننى ئەۋەتىپ نورغۇن نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى دېگەن، «سۈڭنامە. تەيزۇ خاتىرىلىرى» (22 ـ بەت، چيەندىنىڭ 3 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ھەتتا ئەلچى بولۇپ كەلگىنى گەنجۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئىدى دېگەن. «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرىنىڭ داۋامى» دىكى مۇجمەللىكلەرگە ۋە «سۈڭنامە» دىكى زىددىيەتلەرگە كېسىپ ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىزمىز. بىراق، كېيىنكى ئايدا گەنجۇ ئۇيغۇر خانى ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ ئۇدۇن، گۇاجۇ، شىياجۇدىن كېلىپ سوۋغا تەقدىم قىلغانلىق خاتىرىسىدىن ئويلىغاندا ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەرنىڭ داۋامى» 161 ـ بەت («سۈڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ خاتىرىلىرى» 23 ـ بەت، «سۈڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار ۋاسساللار ـ 7. تارىختىكى ئوردىغا تارتۇق بېرىش» 7841 ـ بېتى) دە ئېيتىلغان 11 ـ ئايدا كېلىپ سوۋغا تەقدىم قىلغانلار قوچو ئۇيغۇرلىرى بولۇشى كېرەك.

(59) دەيمۇۋېي «تىبەت راھىبلىرىنىڭ نەسەبەت خاتىرىسى» گېلىڭ شىبىڭ تەرجىمە قىلغان گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشر قىلغا خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 7 ـ 10 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥⓪ «بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى» شاڭخۇي نەشرىياتى 693 ـ، 698 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥① بارتولدنىڭ ئۆقتىئىسنەزەرلىرىنى 1956 ـ يىلى نەشر قىلىنغان توققۇز ئوغۇز (EI) يەتتىسۇ تارىخىدىن ۋە 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە») دىن كۆرۈڭ؛ مىنورىسكىي، ئۇنى «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 333 ـ جىلدىدىكى خاتىرىلەرنىڭ خاتا يېتەكلىشىگە ئۇچرىغان دەپ تەنقىد قىلىدۇ. مىنورىسكىينىڭ 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 289 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑥② پېللىئوت ۋە ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ تارىختىكى سودا يولى خەرىتىلىرىگە باھا» (TP . 1936 ـ يىلى فېڭ چېڭجۈن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان» 1956 ـ يىلى جۇڭخۇا نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمە مەجمۇئەسى نىڭ 5 ـ قىسمى» نىڭ 76 ـ 77 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥③ مىنورىسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 263 ـ 265 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥④ مىنورىسكىينىڭ 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىغا قاراڭ.

⑥⑤ ئابې تاكېئونىڭ 1955 ـ يىلى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان كىتابىنىڭ 196 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑥⑥ خەرىتە نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان كىتابىنىڭ 94 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑥⑦ «بارتولد ئەسەرلىرى» نىڭ 5 ـ 54 ـ بەتلىرىدىكى 30 ـ ئىزاھات (تەھرىر قوشقان ئىزاھات) قا، ۋاڭ جىلەينىڭ 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان («ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» ۋە ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى جۇغراپىيىسى)

نىڭ 15 ـ بېتىگە، لېۋىيىنشىڭنىڭ 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («يۇەن دەۋرىدىكى كۆسەن مۇنارلىرىنى تەكشۈرۈش») 249 ـ بېتىدىكى 6 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑱ خامىلتوننىڭ 1962 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر») نىڭ 24 ـ 30 ـ بەتلىرىگە، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 30 ـ 133 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑲ «تارىخىي ياقۇبى» 2 ـ تومىنىڭ 435 ـ 436 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. بۇ پارچىگە ھىجرىيە يىلنامىسى 164 ـ يىل (مىلادىيە 780 ـ 781 ـ يىللار) ۋە 165 ـ يىل (مىلادىيە 781 ـ 782 ـ يىللار) ئارىلىقى دەپ قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ كىتابقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى بارتولدنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 6 ـ بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑳ بۇ يەردىكى «ئىتائەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە» دېگەننى «خاننىڭ چاقىرىش پەرمانىنى قوبۇل قىلغان ھەرقايسى پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە» دەپ چۈشىنىش كېرەك، قەغەز تىتىلىپ كەمتۈك بولۇپ قالغان پادىشاھنىڭ نامى قىسقارتىش بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىندى ھەم مىنورىسكىينىڭ 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 301 ـ بېتىدىكى بەزى ئاتالغۇلارغا قىلىنغان ئىزاھاتلاردىن پايدىلىنىلدى.

㉑ «تارىخىي ياقۇبى» 2 ـ تومىنىڭ 435 ـ 436 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㉒ «تارىخى تەبەرىي» I نىڭ 1044 ـ بېتىگە قاراڭ. «سۇترىشنا» نىڭ ئەسلىي تېكىستى كەمتۈك بولۇپ (H. S. Wa. R. S. A) بولۇپ Guyani. S ئۇنى Ushuranah دەپ بېكىتكەن.

㉓ EI دىكى «Ghuzz» ماۋزۇسىغا قاراڭ (بارتولدنىڭ ماقالىسى)

㉔ مىنورىسكىينىڭ 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 287 ـ بېتىدىن ئېلىندى. شىت 1970 ـ يىلى

خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان (ئەرەب ئومى تارىخى) نىڭ 540 ـ بېتىدە (ئىبىن خەلدۇن (Ibn al — Khaldun) نىڭ «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» دىن نەقىل قىلىپ ئېلىنغان) دا ئۇنى پەرغانىدىن كەلگەن تۈرك دەيدۇ.

⑮ مۇھەممەد خارەزمىنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ھاياتىغا دائىر ئەھۋاللارنى $EI^1$ ۋە $EI^2$ نىڭ « KhWarazmi » ماۋزۇسىدىن پايدىلىنىڭ. ئۇنىڭ ئەسىرى مىلادىيە 836 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىلغان) (بارتولدنىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 10 ـ 11 ـ بەتلىرىگە قاراڭ).

⑯ خارەزمىنىڭ «زېمىننىڭ خەرىتىسى» نىڭ 103 ـ بېتىگە قاراڭ. «No. . . .» بولسا تەھرىر قوشۇپ قويغان رەت نومۇرى.

⑰ خارەزمىنىڭ «زېمىن خەرىتىسى» نىڭ 21 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑱ خارەزمىنىڭ «زېمىن خەرىتىسى» نىڭ 27 ـ 28 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑲ «تارىخىي تەبەرى» Ⅰ نىڭ 815 ـ 816 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑳ بېكۋىز: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈبۆت ئىمپېرىيىسى» 1987 ـ يىلى نەشرىنىڭ 159 ـ بېتىدىكى 104 ـ ئىزاھات) دا «تۈرك پادىشاھى قاغان» دېگەن سۆزلەرنى «تۈبۆت پادىشاھى قاغان» دەپ بېكىتىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پىكىر خېلى بۇرۇنلا يەنى ئالدىنقى ئەسىر نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «تارىخىي تەبەرى» تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ نەشر قىلىنغان ۋاقىتتا ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «تارىخىي تەبەرىي» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ. بىراق، تەبەرىنىڭ تېكىستلىرى ئانچە مۇجمەل ئەمەس، شۇڭا يۇقىرىقى پىكىرنىڭ نەزەرىيە ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس. مەئمۇننىڭ سۆزى ئەرەبلەرنىڭ بۇ «تۈرك»

لەرنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۈچ دەپ قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋرو - ئاسىيا ئوتلاقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، بۇ پەقەت چۈللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑧① ئىبىن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە دۆلەتلەر » (BGA. 6 - توم) نىڭ 28 - 31 - بەتلىرىگە قاراڭ.

⑧② مىنورسكىينىڭ 1948 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 276 - 277 - بەتلىرىنى كۆرۈڭ.

⑧③ ئىبىن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر » (BGA. 6 - توم) نىڭ 205 - 206 - بەتلىرى ۋە 262 - بېتىگە قاراڭ.

⑧④ ياقۇتنىڭ «يەر ناملىرى لۇغىتى» 2 - تومىنىڭ 24 - بېتىگە قاراڭ.

⑧⑤دې گويېنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىنى ئىبىن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە دۆلەتلەر» (BGA. 6 - توم) نىڭ كىرىش سۆزىدىن كۆرۈڭ.

⑧⑥ ئىبىن خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر » (BGA. 6 - توم) 31 - بېتىگە، فىرانسۇزچە تەرجىمىسىنىڭ 22 - 23 - بەتلىرىگە قاراڭ. فرانسۇزچە تەرجىمىسىدە «توققۇز ئوغۇزلار تۇرغان رايونلار تۈرك دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئۇ جۇڭگو (چىن) تۇبۇت، ۋە قارلۇقلار دۆلىتى بىلەن چېگراداش، باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىن قىماق . . . . . (قىسقارتىلدى) ؟»، بۇنداق چۈشىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس. مىنورسكىينىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىڭ (مىنورسكىينىڭ 1970 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 247 - بېتىگە قاراڭ).

⑧⑦ بارتولدنىڭ 1970 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 13 - بېتىگە قاراڭ.

⑧⑧ مىنورسكىي «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى ئىزاھاتىدا (1970 - يىلىدىكى كىتابىنىڭ 319 - بېتىدە) بۇ بۆلەك تارىخى

ماتېرىيالنى نەقىل كەلتۈرگەن، ئەمما تەفرىز بەرمىگەن.

⑧⑨ سوۋاگېت تەكشۈرۈپ بېكىتىپ تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «جۇڭگو ـ ھىندىستان سەپەر خاتىرىلىرى» نىڭ 27 ـ بېتى ۋە ئىزاھاتىغا قاراڭ. خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان «جۇڭگو ـ ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار تەزكىرىسى» (موگېنلەي، ۋېنجياڭ، خۇاڭ جاۋلار خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان كىتابنىڭ 25 ـ بېتى) دە «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى تۈركلەرنىڭ توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە تىبەتلەرنىڭ قاغان قەبىلىسىدۇر، قاغان قەبىلىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ دۆلىتى تۇتىشىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبچە ئەسلىي تېكىستى ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسى بىلەن بولغان پەرقى ناھايىتى چوڭ.

⑨⓪ ئەبۇزەيدنىڭ («جۇڭگو ـ ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار خاتىرىسى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 2 ـ تومىنىڭ) كىتابىنىڭ 95 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑨① سوۋاگېتنىڭ (1948 ـ يىل) «كىرىش سۆز» گە قاراڭ. خەنزۇچە تەرجىمىسىدە چۈشۈپ قالغان بۆلەكلەر بار.

⑨② «جۇڭگو ۋە جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان يول» (Yule. H) نىڭ CⅡ ـ CⅠ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑨③ PT. 1922 ـ يىل 401 ـ 402 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑨④ «جۇڭگو ـ ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار خاتىرىسى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 97 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑨⑤ ھايات EI² نىڭ « DJahiz» ماۋزۇسىدىن كۆرۈڭ. ئۇ ھاياتىدا يازغان ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ، بىراق ئۇنىڭ بىر جۇغراپىيە ئەسىرى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن تېكىست مىنورسكىينىڭ 1970 ـ يىلدىكى ئەسىرىنىڭ 267 ۋە 287 ـ بەتلىرىدىن ئېلىنغان. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە»

(باتولد 1935 ـ يىلى. خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 54 ـ بېتى) دىكى بايانلاردا مۇنداق يازىدۇ. «جېشىس مۇنداق دېگەن: مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى توققۇز ئوغۇزلار باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر مىللەت ئىدى، گەرچە سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن قارلۇقلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدا دائىم غەلىبە قىلاتتى، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشقا باشلىدى». بىراق، ئەسلى تېكىستنىڭ قايسى كىتابتىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

⑯ ماركۋارت: «شەرقىي ياۋروپانى سەيلە قىلىش» قا، بارتولدنىڭ 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 54 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑰ مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 217 ـ بۆلىكىدە ئۇنى ھىندىستاندىكى Mihran دەرياسىنىڭ بېشىنى مىسىردىكى نىل دەرياسى دەپ خاتا تونۇۋالغان، دەپ تەنقىد قىلغان ھەم ئۇنى ھەرقايسى جايلارنى ساياھەت قىلمىغان، شۇڭا ئەلۋەتتە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشلىرىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ، دېگەن.

⑱ بارتولدنىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 13 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑲ بارتولدنىڭ 1935 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ كېيىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 54 ـ بېتىگە قاراڭ.

<100> مىنورسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 268 ـ بېتى ۋە 287 ـ بېتىگە قاراڭ. ئەمما، «تەمىم ساياھەت خاتىرىسى» (مىنورسكىي 1948 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان شۇ كىتابنىڭ 297 ـ بېتىدىكى 3 ـ ئىزاھات) تا مىنورسكىي جېشىز (杰布兹) كاللىسىدا 840 ـ يىلىدىكى ۋەقە ئارىلىشىپ كەتكەن دەپ قارىغان. پرتساك (1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 280 ـ بېتى) ناھايىتى غەلىتە ھالدا مىنورسكىينىڭ يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرىدىن پايدىلىنىپ

مىنورسكىينىڭ ئۇقتىسىنەزىرىنىڭ ماكۋارت بىلەن ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

<101> «تارىخى ياقۇبى» 1 ـ توم، 178 ـ 179 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

<102> $El_1$ (Yaqubi) دا تاھىرىيلەر سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ خوراسان ۋە ھىندىستاننى زىيارەت قىلغان دېيىلگەن.

<103> ئىككىنچى بۆلىكى بولسا مۇسۇلمانلار سەجدە قىلىدىغان تەرەپ بولۇپ باغداتنىڭ جەنۇبىدىكى كۇفە، مەدىنە، مەككە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى باشقا يەرلەردۇر. ئۈچىنچى بۆلىكى ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ۋىزانتىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بۆلەككە ئائىت قولىيازمىلار بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن، تۆتىنچى بۆلىكى غەرب تەرەپ بولۇپ سۇرىيە، مىسىر، نۇبىيە، ئەلمەغرىب قاتارلىق يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

<104> ياقۇبىنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 7 ـ توم) نىڭ 292 ـ، 295 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<105> ياقۇبىنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 7 ـ توم) نىڭ 295 ـ بېتىگە قاراڭ.

<106> پرتساكنىڭ 1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 283 ـ 284 ـ بەتلىرىدىن پايدىلىنىڭ.

<107> ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ «تارىخى كامىل» نىڭ 6 ـ تومىنىڭ 509 ـ بېتىگە قاراڭ.

<108> ئىستەخرى «ھەر قايسى دۆلەتلەرگە يول» (BGA 1 ـ توم 334 ـ بەتلەر) دە سامانىيلار ئەمىرى ئىبىن نەسىر بىن ئەھمەدنى 849 ـ يىل مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان دەپ خاتىرىلىگەن. Khaylam توغرىسىدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى بارتولدنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 156 ـ

بېتىدىن كۆرۈڭ.

<109> ياقۇتنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 7 ـ توم) نىڭ 290 ـ بېتىگە قاراڭ.

<110> بارتولدنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 69 ـ بېتىگە قاراڭ.

<111> (al—Rasht<) رەشت ۋە كۇماد(Kumad) نىڭ ئورنىنى مىنورسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 361 ـ 363 ـ بەتلىرىدىن پايدىلىنىڭ.

<112> بارتولدنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 71 ـ بېتىگە قاراڭ.

<113> ياقۇبىنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 7 ـ توم) نىڭ 291 ـ 292 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<114> بارتولدنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 71 ـ بېتىگە قاراڭ.

<115> ياقۇبىنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 7 ـ توم) نىڭ 34 ـ بېتىگە قاراڭ.

<116> يۇقىرىقى كىتابنىڭ 304 ـ بېتىگە قاراڭ.

<117> بارتولدنىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 13 ـ 14 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. كراچكوۋسكىينىڭ «ئەرەب جۇغراپىيە هۆججەتلىرى» (1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) نىڭ 150 ـ 154 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<118> ياقۇبىنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 7 ـ توم) نىڭ 223 ـ بېتىگە قاراڭ.

<119> جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭلارنىڭ 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىڭ.

<120> گەردىزىنىڭ «تۈركلەر ھەققىدە ئىپتىقانلىرى» دىن پايدىلىنىڭ.

<121> مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»

(ئىنگلىزچە تەرجىمىسى) دىن پايدىلىنىڭ

<122> ئىبن فەقىھنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 5 ـ توم) ھىجرىيىنىڭ 209 ـ يىلى/ مىلادىيە 903 ـ يىلى يېزىلىپ پۈتكەن. بۇنى مىنورسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 168 ـ بېتىدىن كۆرۈڭ.

<123> «تۈركمەن ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا ئائىت» نىڭ 154 ـ 155 ـ بەتلىرىدىن ئېلىنغان مەشھەد قولىيازمىسىغا قاراڭ. ياقۇبىنىڭ «يەر ناملىرى لوغىتى» دىن ئېلىنغان پۈتۈن تېكىستكە قاراڭ. ئىبن فەقىھنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 5 ـ توم) نىڭ 329 ـ بېتىدە بۇ ئىشنى ناھايىتى قىسقىلا تىلغا ئالغان.

<124> نارشاھىنىڭ «بۇخارا تارىخى » دىكى 295 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

<125> ئىبن فەقىھنىڭ «ئەللەر تەزكىرىسى» (BGA 5 ـ توم) نىڭ 327 ـ 328 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئىبن خۇردادبېھنىڭ خاتىرىلىرىنى «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA 6 ـ توم) نىڭ 30 ـ 31 ـ بەتلىرىدىن فرانسۇزچە تەرجىمىسىنىڭ 22 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ ھەم مىنورسكىينىڭ 1948 ـ يىلىدىكى ئەسىرىنىڭ 292 ـ 294 ـ بەتلىرىدىن پايدىلىنىڭ.

<126> ئىبن فەقىھنىڭ «دۆلەتلەر تەزكىرىسى» (BGA 5 ـ توم) نىڭ 329 ـ 330 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<127> ئەسلى تېكىستتە زىندىق (Zindiq) دېيىلگەن. مىنورسكىي (1948 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «تەمىم ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 296 ـ بېتىدە) مانى دىنى دەپ چۈشەندۈرگەن.

<128> «تەمىم ساياھەت خاتىرىسى» (مىنورسكىي 1948 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان) ئەرەبچە نۇسخىسىنىڭ 289 ـ 292 ـ بەتلىرىگە، ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ 284 ـ 285 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<129> مىنورىسكىينىڭ 1498 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 276 ـ، 277 ـ بەتلىرىگە، جاڭ گۋاڭدا، ۋاڭ شياۋفۇلارنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي كىتابلار (ئىككىنچىسى)»، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ 1984 ـ يىلىدىكى 4 ـ سانىغا قاراڭ.

<130> مۇشۇ كىتابنىڭ 151 ـ 155 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

<131> ياقۇتنىڭ «يەر ناملىرى لۇغىتى» نىڭ 2 ـ تومىنىڭ 24 ـ 26 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<132> مىنورىسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 267 ـ بېتىگە قاراڭ.

<133> ھاياتىغا دائىر ئەھۋاللارنى EI[1] نىڭ «Mas'udi» ماۋزۇسىدىن كۆرۈڭ. ئۇنىڭ ئەسىرىنى دې خۇيىنىڭ BGA نىڭ 8 ـ تومىغا يازغان كىرىش سۆزىدىن كۆرۈڭ.

<134> ئېنوكى كازۇئۇ «چېگدۇنىڭ تىبەتچە نامى ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايان» («شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1984 ـ يىلىدىكى 31 ـ سانى) دا بۇ ئىسمىنىڭ چېگدۇنىڭ تىبەتچە نامى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغان. مائىنجىما شىنجى «ئەرەب ھۆججەتلىرىدىكى خۇاڭچياۋ توپىلىڭىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى» («ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1958 ـ يىل نەشر قىلىنغان 1 ـ توم 1 ـ نومۇر) دا، «بۇ يەر نامىنىڭ چېگدۇنىڭ ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمما تىبەت تىلىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە بولۇش ـ بولماسلىقتا ئازدۇر ـ كۆپتۇر گۇمانلار بار» دېگەن. «جۇڭگو ـ ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 2 ـ توم، 9 ـ ئىزاھاتىغا (141 ـ، 142 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<135> ئەرەبچە ئەسلىي نۇسخىسىدا Yanshau دەپ يېزىلغان. پېللىئوت ئۇنى Banshau دەپ تۈزەتكەن. (‹خۇڭچاۋ›

.(TP, 1922, p. 409

<136> «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە چيەنفۇنىڭ 5 ـ يىلى (878 ـ يىلى) 2 ـ ئاي. . .

2 ـ ئايدا: «زىياڭ يۈەنيۈ مەلۇمات يوللاپ خۇاڭمىي دېگەن جايدا ۋاڭ شيەنجىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەش تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى، ۋاڭ شيەنجىنى قوغلاپ تۇتۇپ بېشىنى كېسىۋالغاندىن كېيىن ئاستانىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا خۇاڭ چاۋ رەھبەرلىك قىلىدۇ.

<137> خەنزۇچە «جۇڭگو ـ ھىندىستاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار» نىڭ 96 ـ، 97 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<138> «ئالتۇن يايلاق» تا مەسئۇدى ئۆزىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 303 ـ يىلى بەسرە شەھىرىدە ئەبۇ زەيد بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغانلىقىنى ئېيتقان (351 ـ جىلددا). بىراق، ئەبۇ زەيدنىڭ كىتابىدىكى ئىبىن ۋەھاب (IbnWahab) «ئالتۇن يايلاق» تا ئىبن ھەببە Ibn. Habbar دەپ يېزىلغان (342 ـ بەت ۋە 347 ـ بەتلەر)

<139> يەنى مۇقەددەس ئوكيان «دۆلەتلەر بىلىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئايرىلمىسى» (BGA 3 ـ توم) نىڭ 51 ـ بېتىدىن پايدىلىنىڭ.

<140> مەسئۇدىنىڭ «پەندى ـ نەسىھەتلەر» (BGA 8 ـ توم) نىڭ 54 ـ بېتىگە قاراڭ.

<141> مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» 312 ـ 313 ـ بەتلىرىدىكى تەھرىرنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

<142> «قوشنىدارلىق» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان پېئىلى.

<143> مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرىش

ئەھۋالىنى چاۋاننېس، پېللىئوتلارنىڭ 1913 ـ يىلىدىكى نەشرىگە ئاساسەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» دىن، چېن تەننىڭ 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دىن، لىن ۋۇجۇنىڭ 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى مەنبەسى» دىن پايدىلىنىلدى.

<144> «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ئابىدىسى» نىڭ تېكىستىنى چاۋاننېس، پېللىئوتلارنىڭ 1913 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 58 ـ 59 ـ بەتلىرىدىن كۆرۈڭ.

<145> ئەبۇ زەيدىنىڭ كىتابىدىكى ئىبىن ۋەھاب «ئالتۇن يايلاق» پۇتونلەي ئىبىن ھەببە (Ibn Habbar) دەپ يېزىلغان (342 چى ۋە 347 ـ بۆلەكلەر).

<146> پېللىئوتىنىڭ «تۆت تەڭرىقۇت ھەققىدە نامىلىق ئەسىر» گە قاراڭ.

<147> فىرانىنىڭ 1931 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دۇنيادىكى چوڭ مەملىكەتلەر» نىڭ 329 ـ، 339 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<148> دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى مەسئۇدى مۇسۇلمان خەلىپىلىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلا قىسقارتىۋەتكەن. مەسئۇدى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان بابىلۇن پادىشاھىنى ھازىر ئاللىقاچان مەۋجۇت ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى ئەرەب خەلىپىسىگە ئالماشتۇرمىغان.

<149> 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى قەدىمكى گرېك جۇغراپىيىسىنىڭ كەڭلىك گرادۇسىغا ئاساسەن دۇنيانى بۆلۇش ئۇسۇلىغا ۋارسلىق قىلغان. مەسىلەن، مۇھەممەد خارەزمى، بىرونى، ياقۇتى، قەزۋىنى al

QazWiani ، ئىدرىسى قاتارلىقلار. كېيىن بەلخ ئۆلىمالىرى دۇنيانى رايونلارغا بۆلۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنى 12 رايونغا بۆلۈپ، تەبىئىي ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەمما، پارسلاردا ئەرەبلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل بۆلۈش ئۇسۇلى بار. ئۇلار پېرسىيىنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قاراپ، باشقا ئالتە چوڭ پادىشاھلىقنى يەنى ھىندىستان، جۇڭگو، تۈرك ئېلى، رىم، ئافرىقا، ئەرەبىستاننى ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىغا جايلاشتۇرغان مەسئۇدى ئېنىقكى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. («Iqlim» EI² دىن پايدىلىنىڭ).

<150> مەسئۇدى «پەندى ـ نەسىھەتلەر» (BGA 8 توم) نىڭ 83 ـ بېتىدە: «بەشىنچى مىللەت بولسا قارلۇق، ئوغۇز، قىماق، توققۇز ئوغۇز ۋە ھازار قاتارلىق ھەرخىل تۈرك ئۇرۇقلىرىدۇر» دېيىلگەن. مەسئۇدىنىڭ بۇ كىتابتىكى دۇنيانىڭ يەتتە چوڭ رايونغا قىلغان بايانلىرىدىكى بەزى ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 189 ـ بۆلىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا، ئەمما ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ.

<151> مىنورسكىينىڭ 1948 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 288 ـ بېتىگە قاراڭ.

<152> پېللىيوتنىڭ «قۇچۇ، قاراجا ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ. خانىدا تورۇ «توخرىلار ۋە كۇشانلار» (1931 ـ يىل)، كېيىن 1957 ـ يىلى خانىدا تورۇ ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن. بۇ سۆزنىڭ سېلىشتۇرمىسى توغرىسىدا، نۆۋەتتە تېخى ئەڭ ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مايوڭ ئەپەندى ھايات چېغىدا «گاسوگ» غا قىلغان تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىغا تەتقىقات» نىڭ 50 ـ 55

- بەتلىرىگە قاراڭ) دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خېلى كۆپ يەر ناملىرى «گاسوگ» نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ئېھتىمال مۇشۇ يول ئارقىلىق يۇقىرىدىكى مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغىلى بولار.

<153> EI[1] «مەسئۇدى» غا قاراڭ.

<154> مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 313 - بۆلىكىگە، پرتسانىڭ 1951 - يىلىدىكى ئەسىرىگە قاراڭ. خۇا تاۋنىڭ (b1990) ئەسىرىدىكى ئانالىزىدىن پايدىلىنىڭ.

<155> EI[2] «جۇغراپىيە» گە، بارتولدنىڭ 1970 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 15 -، 23 - بەتلىرىگە، جاڭ گۇاڭدا، ۋاڭ شياۋفۇلارنىڭ 1984 - يىلىدىكى ئەسەرلىرى، بەلخىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىرى ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن. ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول» غا، ئىبىن ھەۋقەلنىڭ «پايدىلىق ھەرقايسى جايلار» غا، مۇقەددەسىنىڭ «دۆلەتلەر بىلىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرلىرى» گە، ئايرىم - ئايرىم ھالدا BGA نىڭ 3 - 1 - توملىرىغا قاراڭ.

<156> ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول (BGA 1 - توم) نىڭ 295 - بېتىگە قاراڭ.

<157> يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 296 - بېتىگە قاراڭ.

<158> يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 312 - بېتىگە قاراڭ. Shaldji تالاسنىڭ جەنۇبىغا 4 فەرسەخ (24 كىلومېتىر) كېلىدىغان جايدىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان (مىنورىسكىينىڭ 1970 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 258 - بېتىگە قاراڭ).

<159> ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول» (BGA 1 - توم) نىڭ 312 -، 313 - بېتىگە قاراڭ. Luban بالاساغۇننىڭ شەرقى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. (مۇقەددەسىنىڭ «دۆلەتلەر بىلىمىنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرلىرى» BGA 3 - تومىنىڭ 281 -

282 ـ بەتلىرىگە قاراڭ)

<160> ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول» (BGA 1 ـ توم) نىڭ 6 ـ بېتىگە قاراڭ. ئىبن ھەۋقەلنىڭ «پايدىلىق ھەرقايسى جايلار» (BGA 2 ـ توم) نىڭ 11 ـ بېتىگە قاراڭ.

<161> ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول» (BGA 1 ـ توم) نىڭ 333 ـ بېتىگە قاراڭ. ئۆزگەند بولسا پەرغانىگە ئەڭ يېقىن بولغان دۈشمەن دۆلەتنىڭ بىر شەھىرى، ئۇنىڭ شەھەر سېپىلى، قورغانلىرى، ئېقىن سۇلىرى ۋە ئېتىز ـ باغلىرى بار.

<162> EI$^1$ «Ghuzz»

<163> ئىستەخرىنىڭ «دۆلەتلەرگە يول (BGA 1 ـ توم) نىڭ 9 ـ 10 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئىبن ھەۋقەلنىڭ «پايدىلىق ھەرقايسى جايلار» (BGA 2 ـ توم) نىڭ 12 ـ بۆلىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

<164> قىرغىزلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن قايسى ۋاقىتتا چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ مەركىزى ئەتراپلىرىدىن چېكىنىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېمەك قىيىن.

<165> «Iqlim» EI$^2$ (رايون)

<166> بۇ خەرىتىلەرنى ئىبن ھەۋقەلنىڭ «پايدىلىق ھەرقايسى جايلار» (BGA 2 ـ توم) دىن ۋە كرامىنىڭ «ئىستەخرى، ئىبن ھەۋقەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئىسلام (دۇنياسى) خەرىتىسى» گە قاراڭ. ئىستەخرىنىڭ كىتابى بىلەن ئىبن ھەۋقەلنىڭ كىتابىدىكى «دەريانىڭ سىرتىدىكى يەرلەر خەرىتىسى» (BGA 2 ـ تومىنىڭ 458 ـ، 459 ـ بەتلىرىگە ۋە 462 ـ، 463 ـ بەتلىرىگە قاراڭ) نىڭ شەرقىي شىمالى تالاس بىلەن چەكلەنگەن. شەرقىي جەنۇب تەرىپى پەرغانىنىڭ شەرقى بىلەن چېگرالانغان.

<167> خواتاۋنىڭ 1989 ـ يىلىدىكى ئەسىرىنىڭ 99 ـ

104 — بەتلىرىگە قاراڭ.
<168> جاڭ گۇاڭدانىڭ 1984 ـ يىلىدىكى (
«قېزىۋېلىنغان كىتابلار بىلەن مۇسۇلمانلار جۇغراپىيە
ئەسەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جۇغراپىيىسىنى تەتقىق
قىلىشتىكى ئەھمىيىتى» (2 ـ قىسىمدىن) ئەسەرىدىن
پايدىلىنىڭ.
La bille de Bakhouan dans la gegraphie d, Idrici>169
دىن Bakhouan ئىدرىس . <Idrici 556 — 553 p. 1906 . TP
① قوچونىڭ مەركىزىي شەھىرى Balygh ئىچە، Nouchad Jan
② غىچە (Barskham بولۇشى كېرەك) ۋە ③ توبۇتلەرنىڭ
مۇھىم بازىلىرىغىچە بولغان ئۈچ يولنى خاتىرىلىگەن. بىراق،
پېللىئوتنىڭ مۇھاكىمىسى گرېناردنىڭ «تارىختىكى ساتۇق
بۇغراخان رىۋايىتى» (65 — 66, 1900) نى ئاساس قىلىدۇ.
ئەمما، Grenard قا سېلىشتۇرۇشنىڭ ئاللىقاچان ئىلمىي ئاساسى
قالمىدى.
<170> مىنورىسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان
كىتابىنىڭ 263 ـ، 276 ـ بەتلىرىگە، بولۇپمۇ 276 ـ، 277
ـ بەتلىرىگە قاراڭ.
<171>مورى ياسۇتاكائونىڭ 1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان
كىتابىنىڭ 388 ـ، 389 ـ بەتلىرىگە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ
281 ـ، 288 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.
<172> خامىلتوننىڭ 1958 ـ يىلىدىكى كىتابىنىڭ 115
ـ 153 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. ئەمما، ئۇ (خامىلتوننىڭ 1955 ـ
يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 40 ـ 47 ـ بەتلىرىدىكى 1 ـ
ئىزاھاتتا، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 50 ـ، 52 ـ بەتلىرىگە
قاراڭ) 911 ـ يىلىدىن ئىلگىرى شىجۇ، ئۇۋېرغوللار قامجۇ
ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولغان دەپ قارىغانىدى. بۇ خىل كۆز
قاراشنىڭ هازىر قوللىنىغۇچىسى قالمىدى.

<173> يامادا نوبۇنىڭ 1971 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تەڭرىتاغ ئۇيغۇر پادىشاھلىقى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 476 ـ بېتىگە قاراڭ.

<174> مورى ياسۇتاكائۇنىڭ 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 334 ـ، 335 ـ بەتلىرىگە، 337 ـ بېتىدىكى 54 ـ 55 ـ ئىزاھاتلارغا قاراڭ.

<175> فېڭ جياشىڭ، چېڭ شولو، مۇگۇاڭۋېنلارنىڭ 1956 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («قىسقىچە ئۇيغۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» (بىرىنچى قىسىم) نىڭ 43 ـ بېتى ۋە 43 ـ 44 ـ بېتىدىكى قوشۇمچە رەسىمگە، چېڭ شولونىڭ «قۇچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قىسقىچە سىياسىي مەدەنىيەت تارىخى» («غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» 1984 ـ يىلىدىكى 4 ـ ساندىن ئېلىندى) غا، چېڭ شولونىڭ 1989 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («قۇچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخىدىكى بىر قىسىم ئاساسى مەسىلىلەر») گە قاراڭ.

<176> «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان) نىڭ 49 —، 50 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<177> ليۇ جىشياۋنىڭ 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم)») نىڭ 49 ـ 50 ـ بەتلىرىگە، لىن گەن «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە» نىڭ 748 ـ 749 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. لىن گەننىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆز قاراشنى ليۇ يىتاڭنىڭ 1975 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەتقىقات») نىڭ 167 ـ بېتىدىن كۆرۈڭ.

<178> Pگ. پۇللېيبلانكىنىڭ «ستايول ـ خالىستوي توپلىمىنىڭ دەۋرى مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسى نىڭ 90 ـ 97 ـ بەتلىرىگە قاراڭ ھەم شىنجياڭنىڭ 1984 ـ يىلى نەشر

قىلىنغان. «ستايول خالستوي جىلدلىرى» بىلەن غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى ئۇستىدە تەتقىقات ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

<179> قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلارنى خامىلتوننىڭ 1958 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىدىن كۆرۈڭ.

<180> تاڭ چاڭرۇنىڭ «بەيتەچىلەر قوشۇنى ھېراۋۇلىغا ئالاقىدار بىر نەچچە خىل ماتېرىيال» لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن «دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەردىن تاللانما» (1 ـ قىسىم) دىكى 30 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ. بۇ ماقالىدا يەنى «ئاساسەن جاڭ خۇەيشىننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بەيتەچى قوشۇن ساتراپىباشقۇرغان رايونلار يەنىلا خېشىدىكى 11 ئايماق دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت شاجۇ ۋە گۇاجۇ ئىككىسىلا بار ئىدى» دەپ قارىلىدۇ.

<181> دۇنخۇاڭدىن چىققان P2629، S3728، S1366 نومۇرلۇق ھۆججەت ـ كىتابلاردىن پايدىلىنىڭ.

<182> خامىلتوننىڭ 1958 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىغا قاراڭ ھەم مورى ياسۇتاكائۇنىڭ 1977 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا» نىڭ 124 ـ بېتىگە قوشۇمچە قىلىنغان «ستايول خالستوي جىلدلىرى» دا خاتىرىلەنگەن شىجۇنىڭ شەھەرلىرىنىڭ خەرىتىسىدىن پايدىلىنىڭ (خەنزۇچىسى قىسقارتىلدى).

<183> مىنورسكىينىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 272 ـ بېتىگە، خامىلتوننىڭ 1958 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 149 ـ بېتىگە قاراڭ.

<184> ئىسپىجاب يولىنىڭ ئەھۋالىنى ۋاڭ بىڭخۇانىڭ 1988 ـ يىلىدىكى ئەسىرى «تاڭ دەۋرىدىكى ئىسپىجاب ھەققىدە دەسلەپكى تەكشۈرۈش» تىن كۆرۈڭ.

<185> مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 21 ـ بېتىگە قاراڭ.

<186> ماتسۇدا سۇمىئونىڭ 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان) «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 401 ـ بېتىگە قاراڭ.

<187> مۇللېرنىڭ 1915 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 22 ـ بېتىگە (ئۆزگەرتىپ يېزىلغان)، 26 ـ بېتىگە (نېمىسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان) قاراڭ. خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، قاھار بارات، ليۇ يىڭلارنىڭ 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 60 ـ بېتىدىن كۆرۈڭ.

<188> پېللىئوتنىڭ ئەسىرى ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 152 ـ، 153 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. بۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قوشۇلمىدىغانلار: سېن جۇڭمىيەن («تۈرپان تارىشا پۈتۈكلىرىنىڭ تېكىستىگە قىسقىچە ئىزاھات»، مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تارىخىي تىللار تەتقىقات ئورنىنىڭ ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانى) ئابې تاكېئو (1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 367 ـ، 368 ـ بەتلىرىگە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 267 ـ، 368 ـ بەتلىرىگە قاراڭ)، گابائىن (S. 56 — 58)، خامىلتون (1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 151 ـ بېتىگە، خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 164 ـ بېتىگە قاراڭ) مورى ياسۇتاكائو (1983) قاتارلىقلاردۇر.

<189>مۇللېر 1915 ـ نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 67 ـ 68 ـ بەتلىرىگە، مورى ياسۇتاكائونىڭ 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 39 ـ بېتىگە ۋە 51 ـ 52 ـ بەتلىرىدىكى 19 ـ ئىزاھقا قاراڭ.

<190> مورى ياسۇتاكائو 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان

ئەسەرىنىڭ 38 ـ 39 ـ بەتلىرىدىكى يىغىنچاق بايانلارغا قاراڭ.

<191> مۆللېر 1915 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 25 ـ بېتىگە قاراڭ.

<192> خەن رۇلىننىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل يىل ھېسابلاش ئۇسۇللىرى» نىڭ 11 ـ ئىزاھىغا، «يۈەن تارىخى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى» 6 ـ سانىنىڭ 6 ـ بېتىگە قاراڭ.

<193> گابائىن 1970 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 20 ـ بېتىگە قاراڭ، بازەننىڭ قارىشىنى مورى ياسۇتاكائو 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 335 ـ 338 ـ بەتلىرىدىكى 35 ـ ئىزاھاتتىن كۆرۈڭ.

<194> خەن رۇلىننىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تېكىستتىن پايدىلىنىڭ، پېللىيوتنىڭ «تىبەتلەردىكى دەۋرىي كالېندار» دېگەن ماقالىسىگە (JA 1913، 633 ـ 667 ـ بەتلەردىكى) قاراڭ. ياڭ بومىڭنىڭ «قەدىمكى تىبەتلەرنىڭ يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى» (شىزاڭ تەتقىقاتى» 1994 ـ يىل 4 ـ سانى) غا قاراڭ.

<195> مىياۋ لىننىڭ 1915 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 24 ـ، 26 ـ بەتلىرىگە، بازەن (مورى ياسۇتاكائونىڭ 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 335 ـ بەت) گە قاراڭ. گابائىننىڭ 1973 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 20 ـ بېتىگە، خامىلتوننىڭ 1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 142 ـ 143 ـ بەتلىرىگە (خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 152 ـ بېتىگە) ئابې تاكېئو 1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسەرىنىڭ 368 ـ بېتىگە (خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ 267 ـ

بېتىگە) قاراڭ.

<196> مورى ياسۇتاكائۇنىڭ 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 334 ـ 338 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<197> ئىبن خۇردادبېھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA 6 ـ توم) نىڭ 27 ـ 28 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

<198> قاپالغا (سۇيئاب) ئائىت تەتقىقاتلارنى جاڭ گۇاڭدانىڭ 1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان («سۇيئاب شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا تەكشۈرۈش») تىن كۆرۈڭ.

<199> ئىبىن خورداديېھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA 6 ـ توم) نىڭ 206 ـ بېتىگە قاراڭ.

<200> بېلىنىسكىي 1973، («ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى») 2066 ـ بەت؛ مىنورىسكىي 1948 (تامىمنىڭ ساياھات خاتىرىسى) 290 ـ بەت؛ مىنورىسكىي 19705، 929 ـ 293 بەتلەر.

<201> ياقۇتى: «يەرناملىرى ئۇغىتى» 1 ـ توم جىلد 6 383 ـ 384 ـ بەتلەر.

<202> «يېڭى تاڭنامە. ئاخىرى جۇغراپىيە تەزكىرىسى (7 ـ جىلدنىڭ)» دە مۇنداق دېيىلگەن. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ياقىسىدىكى سوغدىلارنىڭ نۇجكەت شەھىرى (يېڭى شەھەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋاھالەنكى بۇ يەردە ئېيتىلغان نۇجكەنت روشەنكى تارىمنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شەھەر ئەمەس.

<203> مۇللېر: 1915، 26 ـ بەت n.2

<204> ئابې تاكېئو 1955، 391 ـ 392 ـ بەتلەر (خەنزۇچە تەرجىمىسى 282 ـ 283 ـ بەت).

<205> چىڭ شولو ئەپەندى ئابې تاكېئونىڭ تەسىرىگە

ئۇچرىغاچقا «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر بەزى ئاساسلىق مەسىلىلەر» دە روشەنكى، نۇجىنىڭ ئورنىنى تاشكەنت ئەتراپىدا دەپ مۇقىملاشتۇرغان. جاڭ گۇڭدا ئەپەندى «ئۇيغۇرلار» . (جۇڭگو ئېنسكلوپېدىيىسى جۇڭگو تارىخى تومى) دا ئۇچ بارسخان ئىسسىقكۆلنىڭ دەپ كۆرسەتكەن ئەمما، پاكىتنى ئىزاھلىمىغان.

<206> بېلىنىسكىي 1973 ، 198 ـ 200 ـ بەتلەر.

<207> سەمئانى «كىتابۇل ـ ئەنساب» 206 ـ A — B ؛ ئىبىن ـ ئاشىر «تارىخى ئومۇمىيە» 6 ـ توم، 509 ـ بەت.

<208> ياقۇبى: «ئەللەر تەزكىرىسى» ، (BGA) 7 ـ توم؛ 295 ـ بەت.

<209> «تەبەرى يىلنامىسى» II ، 2138 ـ بەت؛ نارشاخى «بۇخارا تارىخى» 86 ـ 87 ـ بەت؛ مەسئودى «ئالتۇن يايلاق» ، 3284 ـ بەت.

<210> ئىبىن قۇردادبىھ «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA, 6 ـ توم) 29 ـ بەت، ئىزاھ) .

<211> مىنورىسكىي 1970، 289 ـ 290 ـ بەت.

<212> جاڭ گۇڭدا 1979، («سۇيئاب شەھرىنىڭ هازىرقى ئورنى توغرىسىدا مۇھاكىمە») .

<213> ئىبىن قۇرادادبىھ «يوللار ۋە ئەللەر» (BGA 6 ـ توم) ؛ 206 ـ بەت.

<214> ئىبىن ھەۋقال « پايدىلىق ھەرقايسى جايلار» ( BGA, 2 ـ توم) ، 511 ـ بەت.

<215> مىنورىسكىي 1970، 98 ـ بەت؛ مەرۋەزىنىڭ كىتابى، 31 ـ بەت.

<216> «گەردىزىنىڭ تۈركلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى» 142 - بەت.

<217> مىنورىسكىي 1970، 90 - بەت.

<218> مەرۋەزىنىڭ كىتابى 31 - بەت.

<219> مىنورىسكىي 1970، 300 - 301 - بەت.

<220> جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ 1989، 32 - ئىزاھ.

<221> نىزامۇل - مۇلۇك «ئەلنى، ئىدارە قىلىش تەدبىرى» 224 - بەت، 218 - 223 - بەتلەردىن پايدىلىنىڭ.

<222> پرتساك 1951. ئوخشىمايدىغان قارىشىمنى خۇاتاۋ (b)، 107 - بەتتىن كۆرۈڭ.

<223> بۇ كىتاب دەسلەپتە ھىجرىيە 372 - يىلى 982 - 983 - يىلى پۈتكەن. تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشنى بارلدنىڭ «كىرىش سۆزى» (بارتولد 1970، 3 - 44 - بەت)، مىنورىسكىي «تەرجىمالىنىڭ كىرىش سۆزى» مىنورىسكىي 1970. XLI — LIV بەتلەردىن كۆرۈڭ.

<224> مىنورىسكىينىڭ ئىزاھى مىنورىسكىي 1970، 277 - 296 - بەت.

<225> ئالدىنقى ماقالە (10 - بەت) كە قاراڭ.

<226> ئەسلىي تېكىستتە بېگۇ (Beigu) مىنورىسكىي ئۇنى يابغۇ دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئەسلىي تېكىستتە خاتالىق بولمىسا بۇ سۆز («بۇ كە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن).

<227> ماتسۇدا سۇمىئو 1970، خەنزۇچە تەرجىمىسى، 401 - بەت.

<228>ئىسپىجاب يولىنىڭ ئەھۋالى ژاڭ بېڭخۇانىڭ 1988 - يىلىدىكى ئەسىرى «تاڭ دەۋرىدىكى ئىسپىجاب ھەققىدە دەسلەپكى تەكشۈرۈش» تىن كۆرۈڭ.

<229>«—anj» توغرىسىدا مىنورسكىي 1970، 217 - بەتتىكى 1 - ئىزاھتىن پايدىلىنىپ بۇ خىلدىكى ئەھۋاللاردىن گۇر - گانج (Gur — gahJ)

<230>ۋىلسون C,E. 1992، («ئالېكساندىرنىڭ گوگېي ماگوگېي تېمى»)، 706 - 609 - بەت.

<231> ۋىلسون C,E. 1992، 588 - بەت.

<232> كومېكوف (Б. Е. ,1972) «9 - 11 - ئەسىرلەر-دىكى قىماق دۆلىتى» 70 - بەت.

<233> بۇ كىتابنىڭ 2 - باب 2 - بۆلۈم (3) گە قاراڭ.

<234>ۋىلسون C,E. 1992، 60 - بەت، ئۇنى ئىلى دەرياسى دەپ قارىغان.

<235> «قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» (1 - توم. 270 - بەت) تە مۇنداق دېيىلگەن: «10 - ئەسىردە ئاقبېشىم (سۇيئاب) خارابىدىكى تۇرمۇش پەيدىنپەي توختىدى ئەمما يېڭى بىر نۇقتىدا يەنى ئۇنىڭدىن 5 - 6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ ئۈستىدە يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىندى.» بۇ دەل بالا ساغۇن ئىدى.

<236>«تۈركى تىللار دىۋانى»، MS. 叶 605. 《Zanbiart Qochinqar •• Qochingar —Bashi MS. 叶 611: Bashi》 بىلەن بالاساغۇننىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تاغ ئېغىزىنىڭ نامى دېيىلگەن.

<237> بارتولد 1935. 80 - 81 - بەت؛ 1935 خەنزۇچە

تەرجىمىسى 83 ـ بەت.

<238> «تۈركىي تىللار دىۋانى» M. S 608.

<239> «تۈركىي تىللار دىۋانى» M. S 608.

<240> دوسسون «موڭغۇلىيىگە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» لۇ بۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى « 1952 ـ 154 ـ بەت، ھەمدە بۇ لياڭشاۋنىڭ 75 ـ 78 ـ ئىزاھلىرىغا قاراڭ. بۇنىڭدىن باشقا رۇلبىي تەرجىمە قىلىپ ئىزھلىغان رۇبرۇك شەرققە سەپىرى» خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان نۇسخا 246 ـ 248 ـ بەت.

<241> ماتسۇدا سۇمىئو «ئاشنا قۇلىغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۆرۈشى ھەققىدە ئىزدىنىش» (ماتسۇدا سومىئو 1970، 409 ـ 421 ـ بەت) قوش دەريا يەنى بۆرتالا ھەققىدىكى قاراشنى 420 ـ بەتتىن كۆرۈڭ.

# تۆتىنچى باب غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ساتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيەتلىرى

## 1- بۆلۈم 893 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشى

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىللەردە غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان قارلۇقلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇ جايلاردا ياشاۋەردى. 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدە ئۇلارنى ئەرەب دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى دەپ يېزىشىدۇ. ياقۇبىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا① ئىسپىجاپ شەھىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭ (شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم) چېگرا رايونى بولۇپ، ئەرەبلەر مۇشۇ جايدىن سىرتقا كېڭەيگەنىدى. بۇنىڭدىن قارلۇقلار بىلەن سامانىيلار ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ راۋۇرۇس ئېغىرلاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئەرەبلەرنىڭ تەسىر كۈچى تالاس ئەتراپلىرىغا كېڭەيمىگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال سىرتقا قارىتىلغان ئۇرۇش ئىزچىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇشقا سېلىنغان كۈچنىڭ ئۇنچىۋالا زور ئەمەسلىكىنى 84 - يىلى نوھ بىن ئەسەد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سامانىيلار جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، سىرتقا

ھۇجۇم قىلىپ يەر ئىگىلەشكە چولىسى تەگمەي قالدى②. 892 - يىلى دانا ۋە قابىلىيەتلىك ئىسمائىل سامانىيلار جەمەتىنىڭ سەردارى بولغاندىن كېيىن، دەرھاللا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈش توغرىسىدا تەبەرى ئاددىيلا خاتىرە قالدۇرغان③: «شۇ يىلى (893.31/280) ئىسمائىل بىن ئەھمەدنىڭ قوشۇن تارتىپ تۈركلەر مەملىكىتىنى بويسۇندۇرغانلىقى، پادىشاھنىڭ شەھىرىنى بويسۇندۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئاتىسى ۋە قاتۇنىنى، بىر تۈمەنگە يېقىن ئادىمىنى ئەسىر ئالغانلىقى، چارۋا - مال ئولجا ئالغانلىقى، ھەر بىر مۇسۇلمان نۆۋكىرىنىڭ مىڭ دەرھەملىك مۈلۈك ئولجىغا ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ كەلدى».

بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى توغرىسىدا «بۇخارا تارىخى» دا بىر قەدەر كونكرېت ماتېرىياللار بار. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە④ سامانىيلار ئەمىرى نەسرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندە خەلىپە مۇئتەدى (892 - 902) 280 - يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيىدا (893 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە) ئەمىر ئىسمائىلنى ماۋەرەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىگەن. مانا شۇ ۋاقىتتا ئىسمائىل تالاسقا يۈرۈش قىلغانىدى⑤. نەسر 279 - يىلى 5 - ئايدا (892 - يىلى 8 - ئاي) يەرلىككە قويۇلغان⑥. تەبەرىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا 279 - يىلى نەسرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى خەلىپىلىككە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇنىڭ بەلىختىكى ھۆكۈمرانلىق تەۋەسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى⑦. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا 280 - يىلى 1 - ئاينى ئىسمائىلنىڭ يۈرۈشكە ئاتلانغان ۋاقتى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. يۈرۈشكە ئاتلانغان جاينىڭ تالاس ئىكەنلىكى توغرىسىدا «بۇخارا تارىخى» دىلا خاتىرە بار. ئەمما، مۇقەددەسىنىڭ ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ⑧: «دىھى نۇجكەث — >DIhi·nudj

<kath يېڭى شەھەر كەنتى بىر كىچىك شەھەر، بۇ شەھەردە بىر بازار بار. ئەتىيازدا سۆگەكلىك گۆش بىر دەرھەم تۆت مەينەگە كېلىدۇ. بۇ جاي ئىلگىرى چوڭ شەھەر ئىدى. ئىسمائىل بىن ئەھمەد بۇ جاينى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن كىچىكلەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ جاينىڭ ئاھالىسى كۆپ، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، بۇ شەھەردە بىر قورغان بار».

مۇقەددەسى تالاس ئەتراپىدىكى جايلارنى سۆزلەپ كېلىپ مۇشۇ شەھەرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ جاي تالاستىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بېلىنىسكىي «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەرلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى تالاس (ھازىرقى جامبۇل شەھىرى) نىڭ غەربىي شىمالىغا قويىدۇ⑨. شۇڭا، مۇقەددەسى ئىسمائىلنىڭ يۈرۈشكە چىققان جايىنى تالاس، دەپ توغرا دەلىللىگەن. شۇنداقلا بۇ بايانلارنى ئەڭ دەسلەپ نار شاھى يازغان، كېيىنچە جىق ئادەملەر مەزمۇنىغا قول تەگكۈزگەن «بۇخارا تارىخى» نىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىڭ خېلىلا يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«بۇخارا تارىخى» دا ئىسمائىلنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە كۆپلىگەن مۇشكۇلاتلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا تالاس ئەمىرىنىڭ نۇرغۇن دېھقان (Dihqan) يەنى يەر ئىگىلىرىنى باشلاپ ئەل بولغانلىقى ۋە ئەرەبلەرنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. تالاستىكى چوڭ بىر چېركاۋ ⑪ مەسچىتكە ئۆزگەرتىلگەن ۋە خەلىپە مۇئتەدىنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلغان. ئىسمائىل زور مىقداردىكى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ بۇخاراغا قايتقان⑫.

بۇ يەردىكى چىقىم، ئەل بولغان ئەمىر تەبەرىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۈرك پادىشاھىنىڭ» ئەسىرگە چۈشكەن ئاتىسى بىلەن بىر كىشى بولۇشى مۇمكىن⑬. ئىككىلا ئەسەردىكى زور مىقداردىكى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ھەققىدە بېرىلگەن خاتىرە

ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، «بۇخارا تارىخى» دا بېرىلگەن زور ساندىكى تۈركلەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە شۇ جايدىكى چوڭ چېركاۋنىڭ مەسچىتكە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «بۇخارا تارىخي» دا ئېيتىلغان لەشكىرىي يۈرۈش جەريانىدىكى ئېغىر مۇشكۇلاتلار توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئەھۋالنى فرىيى .R) N. Frye) ئىبىن فەقىھنىڭ ئەسىرىدىكى ئىسمائىلنىڭ مەلۇم بىر قېتىم تۈركىي ئىللىق قەبىلىلەرگە يۈرۈش قىلغاندا دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلىرى بىلەن بىر ۋەقە، دەپ قارايدۇ⑭.

مۇشۇلاردىن قارىغاندا «بۇخارا تارىخى» بىلەن «تارىخي تەبەرى» ئوخشىمىغان مەنبەلەر ئاساسىدا يېزىلغان، ئالدىنقىسىنىڭ بايانلىرى تېخىمۇ تەپسىلىرەك بولۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى دەلىللەيدۇ.

بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈش توغرىسىدىكى 3 ـ ماتېرىيال مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئەسىرىنىڭ خرونولوگىيە قىسمىدا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ 3284 ـ پاراگرافىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇشۇ يىلى (893/280 ـ 894) ئىسمائىل بىن ئەھمەدنىڭ ئىنىسى نەسر ئالەمدىن ئۆتۈپ خوراساننى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن تۈركلەر ماكانىغا ئاتلاندى. تۈرك شەھەرلىرىنىڭ سۇلتانى، دەپ تەرىپلىنىدىغان خان شەھىرىنى ئىستېلا قىلىپ قاتۇننى ۋە 15 مىڭ تۈركنى ئەسىر ئالدى. ئۇلاردىن بىر تۈمەن كىشى قىرىپ تاشلاندى. ئېيتىلىشىچە بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى (Tunkasi) بولۇپ، بۇ نام مۇشۇ مەملىكەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەر بىر پادىشاھنىڭ ھۆرمەت نىشانىسى بولۇپ كەلگەنىكەن. مەن ئۇنى قارلۇق دەپ ئاتىلىدىغان قوۋمدىن چىققانمىكىن دەيمەن. مەن ئەسىرىمنىڭ بېشىمدا تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ قەبىلە ۋە مەملىكەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مەن ئىلگىرىكى باشقا ئەسەرلەردىمۇ بۇ ھەقتە

سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم».

مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسىدىكى ئىككى نۇقتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىرىنچى، تەبەرىنىڭ ئەسىرىدە ئايرىم ھالدا ھىجرىيە 279 ـ يىلىغا مەنسۇپ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن نەسىرنىڭ ئۆلۈمى، ئىسمائىلنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى[15] ۋە 280 ـ يىلىغا مەنسۇپ قىلىنغان ئىسمائىلنىڭ يۇرۇشكە ئاتلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنى مەسئۇدى بىرلەشتۇرۇپلا بايان قىلىۋەتكەن، ئاندىن ماۋەرەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى خۇراساننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەن، دەپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە ئىسمائىلنىڭ خۇراسان ھۆكۈمرانى بولۇشى 287/900 ـ يىلى سەففارىيلار خانلىقى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى[16]. «ئالتۇن يايلاق»، «تارىخىي ياقۇبى»غا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئالدىنقى بۆلۈمدە مەركەزلىك ھالدا ئادەم، جاي، ۋەقە دېگەنلەر بۆلۈم سالنامە قىسمى رىۋايەتلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى؛ كېيىنكى بۆلۈم سالنامە قىسمى بولۇپ، پۈتۈن ئەسەرنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. سالنامە قىسمىدا تەبەرىنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرايدىغان كۆپلىگەن مەزمۇنلار بار بولۇپ، ئىككىلا ئەسەردە بۇ ۋەقەلەرنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن قارىغاندا مەسئۇدى كۆپرەك تەبەرىنىڭ يازغانلىرىنى تەكرارلاپ قويغان، يەنە كېلىپ بەزىلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە قىسقارتىۋەتكەن ياكى باشقىچە شەكىلدە بايان قىلغان. مەسئۇدى ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا تەبەرىنىڭ ئەسىرىگە يۇكسەك باھا بەرگەن ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى[17]. شۇڭا، بۇ بۆلەك خاتىرىسىدىكى قالايمىقانچىلىقلار مەسئۇدىنىڭ سامانىيلار خانىدانلىقىدىكى ۋەقەلەرنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى نۇقتا شۇكى، مەسئۇدى مەغلۇپ قىلىنغان پادىشاھ ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى

باشقىلاردىن ئائىلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. «ئالتۇن يايلاق» نىڭ قوزۇلمىسىدىن قارىغاندا مەسئۇدى ئومۇمەن ئۆز ئەسىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسىنى، ئۇنى «پالانى - پوكۇنى كىشىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىكى» نى ئەسكەرتىپ ماڭغان. بىراق، مۇشۇ ۋەقەگە كەلگەندە بۇنى باشقىلاردىن «ئائىلىغانلىقى» نى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېلىقى پادىشاھنىڭ قارلۇقلاردىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پىكرىنىڭ ئۆز قىياسى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ قانداقتۇر ئىشەنچلىك ئاخبارات ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاساس قىلغانلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە مەزكۇر ئەسەرنىڭ بېشىدىكى ئالاقىدار بايانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتۇق. ئەمما، پۈتۈن كىتابنى ئاختۇرۇپمۇ قارلۇقلارغا ئائىت ئېنىق بىر-ەر خاتىرىنى ئۇچراتمىدۇق (مەسىلەن 312 - پاراگراف)، ئەكسىچە ئۆز ئارا زىددىيەتلىك كۆپلىگەن قاراشلارنى بايقىدۇق (مەسىلەن 313 - پاراگراف)، بۇ قاراشتا قارلۇقلارنى پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان، بولۇپ ئالدىنقى پىكىر بىلەن زىت كېلىدۇ⑱.

گەرچە مەسئۇدىنىڭ خاتىرىلىرىدە يۇقىرىقىدەك نۇقسانلار بولسىمۇ، بىزگە يەنىلا مۇشۇ ۋەقەلەرگە دائىر يېڭى تەپسىلاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

بىرىنچى، ئۇنىڭ ھېلىقى پادىشاھنى قارلۇقلاردىن، دېگەن پىكرى بىزنىڭ ئالدىنقى ماقالىلاردىكى تەھلىلىمىز بىلەن خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا بىر يەردىن چىقىپ قالىدۇ. مەسئۇدى بۇ ھەقتە مۇۋاپىق ئىزاھ بەرمىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب - پارس دۇنياسىدىكى بىر خىل ئومۇمىي قاراشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، مەسئۇدى بىر پادىشاھنىڭ نامىنى ئائىلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەزكۇر پادىشاھنىڭ نامى ئەسلى

قولىيازمىدا بىر قانچە شەكىلدە يېزىلغان،⑲ بىر قەدەر ئېنىقراقى «طفنكس» (T. F. K. S.) ۋە «طنكس» (T. N. K. /S) دېگەن ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى شەكلىنى TafkadJ يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە خانلارنىڭ دائىم قوللىنىدىغان «تابغاچ» دېگەن ھۆرمەت نامى، دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەمما، قاراخانىيلار خانلىقىدىكى خان پادىشاھلارنىڭ «توبا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان⑳ بۇ ئاتالغۇنى ئۇنۋان نامى قىلىپ ئىشلىتىشى خېلى كېيىنكى زامانلاردىكى ئىش. پرتساك «قاراخانىيلار تارىخىدىكى تالاش ـ تارتىشتا تۇرۇۋاتقان بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسىدە بۇ ئۇنۋاننىڭ ئەڭ ئاۋۋال توغانخان (415 ـ 418/1024 ـ 1029) زامانىسىدىكى پۇللاردا كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ㉑. ناۋادا مۇشۇ تارىخنى بىر ئەسىر ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كەلسە بۇنى كۆپلىگەن ماتېرىياللار ئىسپاتلىشى كېرەك، ئەمما ھازىر تېخى بۇ ھەقتە بىرەر ئاساسقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسئۇدى بۇ ئۇنۋاننىڭ «مۇشۇ مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەربىر پادىشاھنىڭ ھۆرمەت نىشانىسى بولۇپ كەلگەنلىكى»نى ئاڭلىغان 8 — 9 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن قايسىسىنىڭ سەردارىنىڭ بۇ ئۇنۋان نامىنى قوللانغانلىقى تېخى بىزگە نامەلۇم، ئەكسىچە بىزگە مەلۇم بولغىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە بۇ سۆزنىڭ جۇڭگونى كۆرسىتىدىغان ئىبارە سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنغانلىقىدۇر㉒. قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ بۇ ئۇنۋاننى قوللىنىشىمۇ جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلىك㉓. مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇنداق بىر خاتىرە بار: «چىن پادىشاھلىرى Baghbur» دېيىلىدۇ. بۇ تەڭرىنىڭ ئوغلى، دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنۋان نامىدۇر. باشقىلار پادىشاھقا سۆزلىگەندە خاس TamghadJ khan دېگەن ئىبارىنى قوللىنىدۇ.

Baghdur سۆزى ئادەتتە ئىككىنچى شەخس تىلىدا قوللىنىلىدۇ.

قولىيازمىدىكى يەنە بىر خىل شەكىلنى Tunka دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۈرك تىلىدىكى سۆپەت قوشۇمچىسى Si نى قوشۇشقا بولىدۇ(يەنى㉔. Tunka(kanuT تۈركچە سۆز بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆزنىڭ «قاپلان جىنسىدىن بىر هايۋان» «tekin—tonka, tonka han» خاتىرىلىنىدۇ㉕. «قۇتاد غۇبىلىگ» دىمۇ مۇشۇ ئاتاق نامى ئۇچرايدۇ㉖. مەھمۇد قەشقىرى يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى ئافراسىياب توڭا ئالىپ ئەر دېيىلىدۇ. بۇ قاپلاندەك باتۇر كىشى، دېگەنلىك بولىدۇ»㉗. قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۆزلىرىنىڭ خان جەمەتىنى ئافراسىيابتىن باشلايدىغان بولغاچقا Tunka دېگەن ئاتاقنىڭ شۇ جايلاردا نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ «تارىخىي ئومۇمىيە»㉘ ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سامانىيلار خاندانلىقىدىكى بىر ئىسيانچى ھىجرىيە 310 - يىلى (922 - يىلى) جەڭدە يېڭىلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قېچىپ كەتكەن ۋە قەشقەردىكى Tughan—tekin ئىسىملىك بىر دېھقان (پومېشچىك - ت) نىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغان ھەمدە مۇشۇ جاينى بازا قىلىپ تۇرۇپ پەرغانە بىلەن سوقۇشقان. ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىكى Tughan نىڭ Tunka بىلەن بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى پۈلشۈناسلىق ماتېرىياللىرى ئىسپاتلىدى㉙. شۇڭا، مەسئۇدى تىلغا ئالغان ئۇنىۋانىنى Tunka دەپ ئۇقۇش توغرا.

ئومۇمەن «تارىخىي تەبەرى» ، «بۇخارا تارىخى» ۋە «ئالتۇن يايلاق» تىكى خاتىرىلەر قارلۇقلارنىڭ 893 - يىلى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ㉚. ئۇنداقتا شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

## 2- بۆلۈم 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى

ئۇزۇندىن بۇيان 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تارىخىي زادىلا ئايدىڭلاشماي كەلگەن بولۇپ، بارتولد بۇنىڭ سەۋەبىنى يېتەرلىك ماتېرىيالنىڭ بولمىغانلىقىدا، دەپ كۆرسەتكەنىدى㉛. 1951 - يىلى پرىتساك «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلار خانىدانلىقىغىچە» ناملىق مۇھىم ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئەسىرىدە 840 - يىلى شىمالىي دالادا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاك بولۇشى نەتىجىسىدە قارلۇقلار سەردارىنىڭ قاغان ئاتالغانلىقى توغرىسىدا توختالغاندىن كېيىن، 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا بايانلارنى كەلتۈردى. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدا قۇدرەتلىك قارلۇقلار دۆلىتى (ياكى قارلۇقلار ئىمپېرىيىسى)㉜ مەۋجۇت بولغان، مۇشۇ خانلىق كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ قاراخانىيلار خانىدانلىقى بولۇپ شەكىللەندى، دەپ قارىدى. ئەمما، پرىتساكنىڭ نۇقتىئىنەزىرى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بىز ئالدى بىلەن پرىتساك 9 — 10 - ئەسىرلەردىكى قارلۇقلار دۆلىتىنىڭ ئورنىنى دەلىللەشتە پايدىلانغان مەنبەلەرگە قاراپ چىقىشنى زۆرۈر تاپتۇق. پرىتساك مۇنداق دەيدۇ㉝: «ئەبۇ بەكر ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئىبن ئىسھاق ھەمەدانى، يەنى (بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان) ئىبن فەقىھ (902 - يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان) تۈركلەرگە دائىر ۋەقەلەردىكى نوپۇز ئىگىسى

بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زاماندىشى بولمىش ئەبۇ ئابباس ئىسا بىن مۇھەممەد بىن ئىسا مەرۋەزىدىن نەقىللەرنى كەلتۈرىدۇ. ئۇ (مەرۋەزى) ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى چېگرا رايونلارنى (مەسىلەن شاشنى) زىيارەت قىلغان. ئۇ يەرلىك كىشىلەرنى توپلاپ، «دانىشمەنلىكى، تەجرىبىسى ۋە تۈركلەر مەسىلىسى» بىلەن ئۇلارغا ئائىت ئاخباراتلارنى ئىگىلىگەن (290/902 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە يېزىلغان) نىڭ دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ تولىمۇ ئىشەنچلىك مۇتەخەسسىس تۈرك قەبىلىلىرىنى ساناپ كۆرسەتكەندە مۇنداق دېگەن: «بىز خۇراسان چېگرالىرىنى، دەريا (ئامۇ دەرياسى) نىڭ سىرتىدىكى جايلار ۋە ئىلاھقا ئىشەنمەس تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا دۇچ كەلگەن جايلار، (يەنى) غۇز (تۈركمەن)، توققۇزغۇز (ئۇيغۇر) ۋە قارلۇق [لارغا دۇچ كەلگەن جايلار] دىن توختاۋسىز خەۋەر تېپىشىمىزچە ئۇلارنىڭ ئاشۇ جايدا (قارلۇقلار بار جايدا) بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن. ئۇلار ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرى (يەنى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر) ئارىسىدا تولىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن. ئۇلار دۈشمەنگە تولىمۇ مەغرۇر ئىكەن. بۇ جايلاردىن ئاڭلىشىمىزچە ......».

پىرتساك بۇ بايانلاردا نەقىل كەلتۈرگەن بىر جۈملە تولۇقسىز جۈملە بولۇپ، ئابې تاكېئو ئۇنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلانغاندا «بۇ بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن مەنانى چۈشىنىش تولىمۇ قىيىن، گېرمانىيىدە تۇغۇلغان بىرەرسىدىن سورىسىڭىزمۇ بۇنىڭ ئېنىق مەزمۇنىنى دەپ بېرەلمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ[34].

ناۋادا بۇنى سەل ئاددىيلاشتۇرساق بۇ نەقىلدىكى باياننى «بىز توختاۋسىز تۈردە ئاڭلىدۇق» دەپ ئىخچاملاشقا بولىدۇ. ئەسلىي ئاپتورنىڭ دېگەنلىرىنى پىرتساك مۇھىم ئەمەس دەپ قاراپ قىسقارتىۋەتكەن. ئۇ بۇ بايانلاردىكى مۇئەللىپ ئاشۇ خەۋەرلەرنى «ئاڭلىغان» جايلار، يەنى خۇراسان چېگرالىرى،

ماۋەرەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلار ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە يېقىن بولغان ئاشۇ جايلار، شۇنداقلا ئاشۇ جايلاردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر جۈملىدىن غۇزلار، توققۇزغۇزلار ۋە قارلۇقلار» نىڭ ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدۇ. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەسلىي مۇئەللىپ «ئۇلارنىڭ ئاشۇ جايدا بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن» دەپ گەپ قىستۇرىدۇ. پرتساك «ئۇلارنىڭ» دېگەن سۆزنىڭ مۇشۇ قۇرلارنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان «قارلۇقلار» ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ كۆرسىتىدۇ. پرتساك مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ㉟: «شۇنداقتا بۇ ھال بىزگە مۇنۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «دۆلەت» يەنى تۈرك خەلقلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان خانلىق قارلۇقلارنىڭ قولىدا بولغان؛ سامانىيلار خانىدانلىقىدىكى ئىسمائىل بىن ئەھمەدنىڭ زامانىسىدىكى تۈرك دۆلىتىنى قارلۇقلار دۆلىتى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك».

بۇ نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان ئىبن فەقىھ㊱ 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان كىشى بولۇپ، ھەمەداندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى بىزگە نامەلۇم. ئۇنىڭ «ئەللەر» ناملىق ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئەسەر بولۇپ، ھىجرىيە 290 - يىلى (902) ئەتراپىدا يېزىلغان. ئەمما، بىزگە يېتىپ كەلگىنى بۇنىڭ 413 - يىلى (1022) نىڭ ئالدى - كەينىدىكى قىسقارتىلغان نۇسخىسى «ئەرەب جۇغراپىيە مەجمۇئەسى» (ABG) نىڭ 5 - تومىدا دې. گويې بۇنىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمىسىگە ئاساسەن مۇشۇ نۇسخىنى ئېلان قىلغان. 1923 - يىلى ئىراننىڭ مەشھەد شەھىرىدىكى ئىمام رىزا مەقبەرىسىگە قاراشلىق مەسچىد قىرائەتخانىسىدىن بىر باغلام قولىيازما تېپىلغان. بۇ قولىيازمىلار ئارىسىدا ئىبن فەقىھنىڭ «ئەللەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى، يەنى ئىراقنىڭ شەرقىدىكى جايلار جۈملىدىن ئىران، خۇراسان،

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر رايونىغا ئائىت قىسمى بار. پرتساكىنىڭ يۇقىرىقى نەقىلى مەشھەد قولىيازمىسىنىڭ 172A-171B بەتلىرىدىن كەلگەن بولۇپ㊲ «ئەرەب جۇغراپىيە مەجمۇئەسى» نىڭ 5 ـ تومىدا كۆزگە چېلىقمايدۇ. بىراق، بىز پرتساكىنىڭ بۇ مەنبەنى شەرھلىشىگە قوشۇلمايمىز.

خۇددى پرتساك ئېيتقاندەك ㊳ بۇ خاتىرە ياقۇتى يازغان «يەر ناملىرى قامۇسى» («مۇئجەمەل ـ بۇلدان») دىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا مەشھەد قولىيازمىسىنىڭ تولۇق تېكىستى رۇسچىگە تەرجىمە قىلىنىپ «تۈركمەنىستان ۋە تۈركمەنلەر تارىخىغا دائىر مەنبەلەر» نىڭ 1 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەنىدى ㊴.

ياقۇتى «يەر ناملىرى قامۇسى» دا مۇنداق يازىدۇ㊵: «ئەھمەد بىن مۇھەممەد ھەمەدانى خاتىرىسىگە ئەبۇ ئاببباس ئىما ئىبن مۇھەممەد مەرۋەزىدىن ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق يازدى: بىز بىر قىسىم جايلاردا يەنى (خۇراسان چېگرالىرىدىكى) دەريا سىرتىدىكى جايلاردا ۋە كاپىر تۈركلەرگە قوشنا جايلاردا يەنى توققۇزغۇز ۋە قارلۇقلارغا قوشنا جايلاردا توختاۋسىز ئاڭلىشىمىزچە ئۇلارنىڭ جايىدا بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقى ئارىسىدا بۇ دۆلەت يۇكسەك ئابرووۋيغا ئىگە ئىكەن. ئەمما، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىگە بەكمۇ رەھىمسىز ئىكەن. تىلىسە يامغۇر ۋە ئۇلار ئارزۇ قىلغان مۆلدۈر، قار دېگەنلەر دەررۇ ياغىدىكەن. بىز تاكى داۋۇد بىن مەنسۇر بىن ئەبۇئەلى بادغىس بىلەن دىدار مۇلاقەت بولۇشقىچە بۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتمىدۇق. بۇ زات تولىمۇ ئىشەنچلىك كىشى. ئۇ بۇرۇن خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. ئۇ بىر ۋاقىتلاردا غۇز تۈركلىرىنىڭ شاھزادىسى بىلەن خۇسۇسىي سۆھبەتتە بولغانىكەن. ئۇ شاھزادىنىڭ ئىسمى Balqaiq. b. DJabbuya ئىكەن. ئۇ زات (ھېلىقى شاھزادىگە): «ئاڭلىشىمچە تۈركلەر خالىغان ۋاقىتتا

يامغۇر ۋە قارنى چىللاپ كېلەلەيدىكەن. سىزنىڭچە راستىنلا شۇنداقمۇ؟» دېگەندە, ھېلىقى شاھزادە: «تۈركلەر خۇدانىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەسكەش، ئەڭ كۆنۈك سانىلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالايدۇ. سىزنىڭ ئاڭلىغىنىڭىز پۈتۈنلەي راست. ئەمما، بۇ ھەقتە بىر ھېكايە بار» . مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي: «مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمدىن بىرەيلەن تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان خان ئاتىسىغا خاپا بولۇپ ئۇنى تاشلاپ كېتىپتۇ. . . . (ئاخىر ھېلىقى غۇز تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قانداق قىلىپ يادا تاشنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى بايان بولغاچقا قىسقارتىلدى) » .

ياقۇتنىڭ مۇشۇ خاتىرىسىنى پرتساك كەلتۈرگەن نەقىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق پرتساكنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۈزۈپلا نەقىل ئېلىۋالغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىدۇ. بۇ مەنبەدە غۇز تۈركلىرىنىڭ پادىشاھى (Malik) تىلغا ئېلىنىدۇ، روشەنكى بۇ پادىشاھنىڭ يەنە ئۆز دۆلىتى (Mamlakat) بولغان. ئەمەلىيەتتە ئابباسىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەلچىسى ئىبن فەزلان (IbnaI—FadIan) 921 - يىلى بۇلغار ئېلىگە يول ئالغاندا بۇ مەملىكەتتىن ئۆتكەن ۋە بىر قىسىم غۇز مەملىكەتلىرىنىڭ سەردارلىرى بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولغان. ئۇنىڭ مەلۇماتىدا قانداقتۇر غۇز ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان بىرەر چوڭ قاغان ھەققىدە بىرەر ئۇچۇر بېرىلگەن ئەمەس ㊶. شۇڭا، پرتساك ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھېلىقى قىستۇرما جۈملىنى پەقەتلا قارلۇقلار ھاكىمىيىتىنى سۈپەتلىگۈچى ئىبارە دەپ چۈشىنىش كۇپايە. بىز پرتساكقا ئوخشاش ئەينى ۋاقىتتىكى قارلۇقلار سەردارىنى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ چوڭ قاغانى دەپ قارىمايمىز. ئەينى ۋاقىتتا بىر زور قارلۇقلار دۆلىتى بولغان، دەپمۇ قارىمايمىز، يەنە كېلىپ غۇز تۈركلەرنىڭ تۈركىي تىللىق

قەبىلىلەردىكى مۇقەددەس «يادا تاش» نى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. شۇنداق بولغانىكەن، ئابې تاكېئوغا ئوخشاش «تۇتۇق» چۈشەنچىگە تايىنىپ توققۇزغۇز يەنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىنى غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە يەتكەن، دەپ قارىيالمايمىز㊷.

پرتساك يۇقىرىدا يەنە مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر بۆلەك خاتىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «مەسئۇدى 332 ـ يىلى (943 ـ 994) مۇنداق مەلۇماتنى قالدۇرغان: قارلۇقلار پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلاردا تۇرىدىكەن» قارلۇقلار مۇرق (يايلاقتىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران) لىقىنى ئۇستىگە ئاپتۇ، قاغانلارنىڭ قاغانى شۇلاردىن چىقىدىكەن. ئۇ پۈتكۈل تۈرك قوۋمىنى ‹مۇرق› نىڭ تۇغى ئاستىغا توپلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپتۇ. ئۇلار ئافراسياپ ۋە Shana (ئاشىنا، A—Shi—na) نى ئاتا ـ بوۋىمىز، دەپ قارايدىكەن».

پرتساك مەسئۇدىنىڭ خاتىرىسى ئارقىلىق 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قارلۇقلارنىڭ ئۆزى قىياس قىلغاندەك «تۈركلەرنىڭ چوڭ خانى» بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە بىر قارلۇق دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. مەسئۇدىنىڭ ئەسىرىدىكى تولۇق تېكىست تۆۋەندىكىچە: «(313 ـ پاراگراف)» تۈركلەردىن قىماقلار، بارسخانلار㊹، بادىسلار (I—B. diyya؟) ۋە ماجارلار (؟) ㊺ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غوزلار ئەڭ جاسارەتلىك، ئۇلاردىن بەدەن تۈزۈلۈشى ئەڭ ياخشى، تەن قۇرۇلمىسى ئەڭ قاۋۇل، تەقى ـ تۇرقى ئەڭ سالاپەتلىك كېلىدىغىنى قارلۇقلار. ئۇلار پەرغانە، شاش ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلاردا (ياشايدۇ)، (ئىلگىرى) پادىشاھلىق ھوقۇقى شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. خانلارنىڭ خانى شۇلاردىن چىقاتتى. ئۇلارنىڭ مەملىكىتى پۈتۈن تۈرك يۇرتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، بارچە

خەلق شۇلارنىڭ پەرمانىغا قۇلاق سالاتتى. پېرسىيە مەملىكىتىنى بويسۇندۇرغان Farasiyab—al—Turki (ئافراسىياب) ئەنە شۇ قاغانلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە Shabah مۇ بار. ئەمما، بىزنىڭ زامانىمىزغا كەلگەندە تۈركلەردىن بارچە خەلققە ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىرەر قاغان چىقمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەمەرقەنت چۆلىدىكى (؟) Amat شەھىرى خارابىلىقتا ئايلىنىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلاردۇر. بىز ⑯ <al – Awsat> دېگەن كىتابتا پادىشاھلىقنىڭ مەزكۇر شەھەردىن كۆچۈپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق».

بۇ بايانلاردا تىلغا ئېلىنغان ئافراسىياب ئاۋەستا زامانىسىدىن بۇيانقى ئىران رىۋايەتلىرىدە زىكرى قىلىنىپ كەلگەن تۇران قەھرىمانى ئىدى. ئەرەبلەر كېيىنچە تۇرانلارنى ۋە بۇ قەھرىماننى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە چۈشىنىۋېلىشقانىدى⑰. Shabah دېگەن يەنە بىر كىشى توغرۇلۇق ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدە خېلى كۆپ خاتىرىلەر بار ⑱. مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» تا Shabah نى ⑲ تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ساسانىيلار خانىدانلىقىنىڭ پادىشاھى Hormizd Ⅳ (578 - 590) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇ ھېرات Badaghis ۋە Bushandj قا بېسىپ كىرگەن، كېيىن مەشھۇر سانغۇنى Bahram chubin تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، دەيدۇ.

رىۋايەتلەردىكى ئافراسىيابنى قويۇپ تۇرايلى، Shabah بىلەن قارلۇقلارنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىدە مەسئۇدىمۇ قىياس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. تەبەرى ۋە ياقۇبى بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن. يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بىر قىسىم قارلۇقلارنى 6 - ئەسىردىلا پامىرنىڭ غەربىدە ياشىغان، دەپ ئېتىراپ قىلغان ھالەتتىمۇ، 7-، 8 - ئەسىرلەردىكى غەربىي تۈركلەر ۋە تۈركەشلەرنىڭ ھەر قايسى قاغانلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن

ھېچقانداق ئېتنىك مۇناسىۋەت يوق. شۇڭا، مەسئۇدىنىڭ مۇشۇ بۆلەك خاتىرىسىنىڭ كېيىنكى يېرىمى غەربتە تۈرك قاغانلىقى زامانىسىدىن بۇيانقى تارىخنىڭ خاتا يىغىنچاقلىنىشى ئىدى.

ئالدىنقى ماۋزۇلاردىكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى شاش ۋە پەرغانە رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەلىپە مەئمۇن ئۆلارنى ئەرەبلەرنىڭ شەرقتىكى ئاساسلىق رەقىبلىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايتتى. كېيىنچە ئۇلار فەزل بىن سەھل تەرىپىدىن يېڭىلدى، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ سامانىيلار جەمەتى شاش ۋە پەرغانىنى ئىدارە قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن قارلۇقلار بۇ جايدا ياشاشقا ئىلاجسىز قالدى. شۇڭا، مەسئۇدىنىڭ قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئاساسەن 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دەسلەپكى تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماتېرىيال ئىدى، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ تەبەرىنىڭ ئەسىرىگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. پرتساك مانا مۇشۇنداق ئەسلىدىنلا مالىماتاڭ ماتېرىياللار ئارقىلىق 10 - ئەسىردىكى قارلۇقلارنىڭ ئۇلۇغ خانلىق ئورنى ۋە ئۇلۇغ قارلۇق دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى دېگەنلەرنى ئىسپاتلىماقچى بولغانىكەن. ئەسلى تېكىستىنى چۈشىنىشتە 9 — 10 - ئەسىرلەردە ھەر قايسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ قۇدرەتلىك ئورتاق ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە قانداقتۇر بىر قارلۇقلار دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

پرتساك يەنە بەلىغ ئۆلىمالىرىنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قارلۇق خانلىقى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى شەرھلەيدۇ. ئۇنىڭ دەلىللەشلىرى ۋە نەقىل كەلتۈرگەن ئەسەرلىرى توغرىسىدىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

9 ـ ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرى كىتاب بولۇپ پۈتكەن بەلخى — ئىستەخرى⑩ نىڭ ماۋەرەئۈننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلار توغرىسىدىكى بايانلىرى تۆۋەندىكىچە⑪:

«ماۋارائۈننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ شەرقى بىر سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان پامىر، Rasht گ بۇنىڭغا قوشنا قوتتال دەپ ئاتىلىدىغان ھىندىلار ماكانىدۇر؛ غەربىي بولسا تالاستىن قاراپ، Bishand، سوغدىيانا، سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا سوزۇلىدىغان، ئاندىن خارەزمگە تۇتىشىدىغان ۋە بۇ جايدىن خارەزم دېڭىزىغا تۇتىشىدىغان ياي شەكلىدىكى سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان غۇزلار دۆلىتى ۋە قارلۇقلاردۇر؛ شىمالىي پەرغانە بويلىرىدىن تالاس ۋادىسىغىچە بولغان سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان قارلۇق تۈركلەردۇر؛ جەنۇبىي بولسا بەدەخشان خارەزمگىچە بولغان تىك سىزىق ئۈستىدىكى جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىدۇر».

مۇشۇ تەسۋىرگە قارىغاندا، قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ تالاسنىڭ غەربىدىكى بەزى جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ⑫، بۇ ھال ئۇلارنىڭ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ئەھۋالى بىلەن ئۆز ئارا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىز ئالدىنقى بابتا ئىستەخرىنىڭ ئەسىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن «10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تارقىلىش ئەھۋالى» ناملىق بىر پارچە خەرىتە سىزىپ چىققانىدۇق. ئۇنىڭدىكى قارلۇقلارنىڭ ئورنى مۇشۇ تەسۋىرلەر بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ. بەلخ ئۆلىمالىرى سىزغان يۇمىلاق دۇنيا خەرىتىسى ⑬ دىمۇ قارلۇقلارنىڭ ئورنى دەل يۇقىرىقى تەسۋىردىكىدەك كۆرسىتىلگەن. («قوشۇمچە 1 ـ خەرىتە» گە قاراڭ).

ئەمما، قارلۇقلارنىڭ تارقالغان رايونى مەسىلىسىدە ھېچقانچە شۈبھە قالمىغان پەيتتە بىز يەنە بىر يېڭى مەسىلىنى

بايقايمىز: نېمە ئۈچۈن بەلخى — ئىستەخرى ھەر قايسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ سىياسىي دائىرىسىنى بايان قىلغاندا㊹ قارلۇقلارنىڭ سىياسىي دائىرىسىنى تىلغا ئالمايدۇ؟ بىر خىل جاۋاب مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: ئەسەرنىڭ باشقا جايلىرىدا قارلۇقلارنىڭ تارقالغان رايونىنى كۆپ قېتىملىق تىلغا ئالغان مۇئەللىپ بۇنى تاسادىپىي دىققەتتىن ساقىت قىلىپ قويغان ۋە قارلۇقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بايان قىلىشنى يادىدىن چىقىرىپ قويغان. ئەمما، بۇنداق جاۋاب كىشىنى زادىلا قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىستەخرى راستىنلا بۇنى ئۇنتۇغان بولسا ئىبنى ھەۋقەل ئىستەخرىنىڭ ئەسىرىنى تولۇقلاپ ۋە تۈزىتىپ چىقىش جەريانىدا بۇ مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ قويغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق تولۇقلاش يۈز بەرمىدى㊺. قارىغاندا بۇنداق جاۋاب ئاقمايدىغاندەك قىلىدۇ. تۆۋەندىكىلەر ئىستەخرىنىڭ ئەسىرىدىكى قارلۇقلارغا ئائىت خاتىرىنىڭ تولۇق تېكىستى: «6 ـ بەتتە پەرغانىدىن پۈتكۈل (قارلۇقلار ماكانى)نى كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە توققۇزغۇزلار تەۋەسىگە بارغۇچە 30 نەچچە يول ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ (ئالدىنقى ماۋزۇدا بۇنى ئېنىقلىدۇق) 9 ـ بەتتە توققۇزغۇز، قىرغىز، قىماق، غۇز، قارلۇق قاتارلىق تۈركلەر بىلەن بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ، ئۆزئارا تولۇق پاراڭلىشالايدۇ».

9 — 10 ـ بەت. . . . ھەر قايسى تۈرك مەملىكەتلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. غۇزلارنىڭ قوشنىلىرى قاسارلار، قىماقلار، قارلۇقلار ماكانى، بۇلغارلار ۋە جۇرجاندىن فاراب، ئىسپىجاپقىچە بولغان ئىسلام چېگرا شەھەرلىرىدۇر.

قىماقلار مەملىكىتى قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا، غۇزلار، قىرغىزلار ۋە al—Saqalib تېغى ئاربىلىقىدا.

al — Saqalib يەجۇجلەر ئۇلارنىڭ شىمالىدا ناۋادا سىز (سلاۋيان) ۋە قىماقلار ئاربىلىقىدىن كېسىپ ئۆتسىڭىز ئۇ چاغدا

ئۇلارنىڭ تەگرى ئاتا قىلغان ماكانى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا جايلىرى مەلۇم بولغۇسى.
قىرغىزلار توققۇزغۇزلار، قىماقلار، چوڭ دېڭىز ۋە قارلۇقلار ماكانىنىڭ ئارىلىقىدا.
توققۇزغۇزلار تۇبۇتلەر، قارلۇقلار ماكانى، قىرغىزلار ۋە چىن مەملىكىتى ئارىلىقىدا.
چىن مەملىكىتى چوڭ دېڭىز، توققۇزغۇزلار ۋە تۇبۇتلەرنىڭ ئارىلىقىدا. . . . .
قاسارلار. . . . . هازار دېڭىزى، al — Sarir ئورۇس ۋە غۇزلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر رايوندا.
تۇبۇت ئېلى چىن مەملىكىتى، ھىندى ماكانى، قارلۇقلار ماكانى، توققۇزغۇزلار ۋە پېرسىيە دېڭىزى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئۇنىڭ بەزى جايلىرى ھىندى پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىدە، يەنە بەزى جايلىرى چىن مەملىكىتى تەۋەسىدە. ئۇلارنىڭ ئۆز ماكانىدا تۇرىدىغان بىر پادىشاھى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى al—Tubba دىن باشلىنىدىكەن. بۇنى بىر ئاللا بىلىدۇ.
286 — 287 - بەتلەردە ماۋەرەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ تۆت ئەترابى، غۇزلار مەملىكىتى رايونى ۋە قارلۇق تۈركلىرى ھەققىدىكى بايانلار بېرىلگەن (ئالدىنقى نەقىلگە قاراڭ).
288 - بېتىدە ماۋەرەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ ماددىي بايلىقلىرى ۋە تەبىئىي شارائىتى سۆزلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلارنىڭ گۆش - تائاملىرىغا كەلسەك غۇزلار، قارلۇقلار ۋە ئۇلارغا قوشنا جايلاردىن توشۇپ كېلىنگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالايدۇ.
288 - بەتتە ماۋەرەئۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ غازات جەڭگاھى

بولغانلىقى سۆزلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ماۋارائۇننەھرنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ تۆت ئەتراپىدىكىلەر ساپلا بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئىدى. خارەزمدىن ئىسپىجاپقىچە بولغان تەرەپتە غۇز تۈركلىرى، ئىسپىجاپتىن پەرغانىنىڭ نېرىسىغىچە بولغان جايلاردا قارلۇق تۈركلىرى بار ئىدى. . . .» .

ئىستەخرى سىياسىي دائىرە ھەققىدە توختالغاندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «قارلۇق ماكانى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىكى «ماكان» (Ard ارخى) نىڭ ئەسلىي مەنىسى «يەر» ، «يەر شارى» دېگەنلىك بولاتتى؛ باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تەسرى ھەققىدە توختالغاندا «مەملىكەت / رايون» ( بىلاد =CountryBilad ) دېگەن سىياسىي جۇغراپىيىۋى مەنىدىكى سۆزنى ئىشلەتكەن. بۇ يەردە ئۇ روشەنكى بىزگە قارلۇقلارنىڭ مۇكەممەل ۋە بىرلىككە كەلگەن سىياسىي كۈچ بولۇشتىن قالغانلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ. گەرچە غەربىي تەڭرىتاغ رايونى يەنىلا قارلۇقلارنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، ئۇلاردا بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ جايلار «قارلۇقلار ماكانى» يەنى قارلۇقلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي، دەپ ئاتالغانىدى.

ئىبن ھەۋقەلنىڭ ئەسىرى ( BGA 2 - توم) ۋە «ھۇدۇدۇل - ئالەم» قاتارلىقلاردا تالاسنىڭ شەرقىدىكى ئىسپىجاپ شەھىرى ۋە فاراب شەھىرىگە ئائىت مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان يازمىلار بار.

بۇلار گەرچە ئىستەخرى ئەسىرىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسى (BGA 2 - توم) دا كۆزگە چېلىقمىسىمۇ، ئىستەخرىنىڭ ئەسلىي ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى ئېنىق[56]. ئىبن ھەۋقەلنىڭ يازغانلىرى مۇنداق: «Sutkand» شەھىرىدە بىر تەپسىر سۇپىسى بار. بۇ جاي تۈركلەرنىڭ يىغىلىدىغان جايى. ھەر قايسى

جايلاردىكى تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئىسلامغا كىرىپ بولدى، غۇزلار ۋە قارلۇقلاردىنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. بۇلار تۈركلەرنىڭ ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. فاراب، KandJid ، شاش شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقى مۇنبەت يايلاق، ئۇ جايدىكى خەلقتىن مىڭ ئۆيلۈكچە كېلىدىغان تۈركلەر ئىسلامغا كىردى. ئۇلار ئۇ جايلاردا ئۆز ئادىتى بويىچە چېدىر ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمارەتلىرى يوق. تالاس مۇسۇلمانلارنىڭ تۈركلەر بىلەن سودا قىلىدىغان جايى. ئۇلار (مۇسۇلمان ؟) نىڭ تالاسقا تەۋە بەزى قورغانلىرى بار. ئىسلام (مەملىكەتلىرىدىن بىرەر ئىنسان تېخى تالاستىن ھالقىپ باقمىدى. چۈنكى، ئۇ جايدىن ئۆتسىلا قارلۇقلارنىڭ ئاق ئۆيلىرى بار يەرگە كىرىپ قالىدىغان گەپ».

بۇ خاتىرىلەر بىزگە 893 - يىلى ئەرەبلەر تالاسنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن بۇ شەھەرنىڭ ئەرەبلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە تالاسنىڭ غەربىدىكى قارلۇقلار بىلەن شەرقىدىكى قارلۇقلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئەمەسلىكىنى، شەرقتىكى بەزى قارلۇق قوۋمىنىڭ ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت بىز يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن «قارلۇقلار ماكانى» دېگەن ئىبارىدىكى ئەھۋال بىلەن دەل كېلىدۇ. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي تەڭرىتاغدىكى قارلۇقلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەن بولۇپ، ئەسلىدىكى «قارلۇق» دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى چاك - چېكىدىن بۆسۈلگەنىدى.

بەلخى ناملىق ئالىمنىڭ ئامۇ دەريا بويىدىكى بەلخ شەھىرىدىن ئىكەنلىكى بىزگە ئايدىڭ. ئۇ جاي بىلەن ماۋەرەئۇننەھرنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ قويۇق بولۇپ، بەلخى ماۋارائۇننەھر رايونى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلارنىڭ ئەھۋالىنى

پىششىق بىلەتتى. ئىستەخرى بولسا ماۋارائۇننەھر رايونىدا جاھانكەزگەن، شۇنداقلا ماۋارائۇننەھر رايونىدىن تالاس ئارقىلىق شەرققە سەپەر قىلىپ جۇڭگوغا يول ئالغان كىشىلەرنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەرەبلەرگە قوشنا بولغان غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىشى ئېنىق ئىدى. ئالدىنقى بايانلىرىمىزدا يەنە ئۇنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەھۋاللاردىنمۇ خېلىلا ئەتراپلىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. شۇڭا، بەلكى - ئىستەخرىلەرنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ئىشەنچلىك، دېيىشكە بولىدۇ.

«ھۇدۇدۇل - ئالەم» بىزگە قارلۇقلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى بەزى تەپسىلاتلارنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 15 -، 16 -، 17 - بابلىرىدىكى ماتېرىياللار ئىستەخرىنىڭ ئەسىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرىدىن كېيىن، ئەمما مەزكۇر كىتاب يېزىلغان ۋاقىتلاردىكى ئىشلار ئەمەس[57]. 15 - باب «قارلۇقلار رايونى ۋە ئۇنىڭ شەھەرلىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا قارلۇقلارنىڭ يايلىقىنىڭ غەربىي ئۇچى تالاسقا 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان قۇلان شەھىرىنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ، بۇ جاي بولسا ئەرەبلەر دۇنياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇبھىسىزكى ئەرەبلەرنىڭ تەسىرى تالاستىن شەرققە سىلجىغانىدى. قارلۇقلارنىڭ شەرقىي چېگراسى بولسا Jamghar دىن ئارقىغا سۇرۇلۇپ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى بارسخانغا قەدەر كەلگەن، ئاھالىسىمۇ قارلۇق ھۆكۈمرانلاردىن قول ئۈزۈۋاتقان ھالەتتە ئىدى.

شۇ ئەسەرنىڭ 16 - بابىدا Chiqilلار بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە ۋە مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىدە مۇشۇ Chiqil لارنىڭ ئەسلىدە قارلۇقلارغا تەۋە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ[58]. بۇ قوۋم شۇبھىسىزكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ

بىر تەركىبىي قىسمى بولغان چىگىللار ئىدى⑲. قارلۇقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ چوڭ ئۇرۇق ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ، بىر ناھىيە (رايون) نىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغانىدى.

مەزكۇر كىتابنىڭ 17 ـ بابىدا Tukhsi لار بايان قىلىنىدۇ. گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە Navakat⑳ (يېڭى شەھەر) دىن چىگىل ۋە Tukhsi لارغا بارىدىغان يول توغرىسىدا سۆز بولغاندا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر چوقۇنىدىغان بىر تاغ تىلغا ئېلىنىدۇ. (سۈيابنىڭ شىمالىدىكى كاتان تېغى بولۇشى مۇمكىن)، بۇ مۇقەددەس تاغدىن ئۆتسىلا ㉑ تۈركەشلەر ۋىلايىتى بولۇپ، بۇ ۋىلايەت Tukhsi ۋە Az دىن تەركىب تاپقانىكەن. ئاشۇ جايدا، uz —Kat بىلەن Az نىڭ ئارىلىقىدا (؟) Suyab دېيىلىدىغان بىر شەھەر بار ئىكەن. مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىدە قارلۇقلار ئالتۇن تاغ (Tulis, Tunis) دىن كۆچۈپ تۈركەشلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا Tukhsi قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ㉒. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا Tukhsi لار مىنورىسكىي قىياس قىلغاندەك تۈركەشلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك㉓. ئەمما، قارلۇقلار غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچكەندىن كېيىن ئۇلارغا قارام بولغان Tukhsi لارمۇ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بىر كىچىك ئايلانغانىدى. S6551 نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا تۆگە ۋە ئات بىلەن خىراج تۆلىگەن «独西» لارنىڭ قارلۇقلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان Tukhsi لار بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن㉔.

«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا قارلۇقلارنىڭ ئەسلىدىكى تېررىتورىيىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ غەربتە غۇزلار ماكانىغا، شەرقتە توقۇزغۇزلارغا تۇتاشقان. ھەتتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى توقۇزغۇزلارنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى بولغان Jamghar مۇ قارلۇقلارغا تەۋە بولغان.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بولسا قارلۇقلارنىڭ تەۋەسىگە B. njul (ئونسۇ) كىرەتتى، ھەتتا قەشقەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن㊅. ئەمما، ئەمدىلىكتە شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردىكى رايونلار قولدىن كەتكەن، ئۇ جايلاردىكى قالدۇق قارلۇق قوۋمىلىرى ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋېلىشقانىدى㊆. داۋاملىق ھالدا قارلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇۋاتقان جايلارمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئەبجەق مەنزىرىگە ئوخشاپ قالغانىدى: (15 ـ باب).

«0. 3N» نۇنكەت (نومكت ، Nun. kat، تومكەت Tumkat) ㊇ بىر قاتناش ئېغىزى ئىدى. ھازىر تاشلىنىپ قاپتۇ. بۇ جايدا پەقەت ئازغىنە قارلۇقلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن، بۇ ئۆيلەر ئاللىقاچان ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ پاناھلىنىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

NO. 11 بارسخان ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي ئۇچىدا، ئۇنىڭ سەردارى (دېھقانى) قارلۇقلاردىن بولسىمۇ ئاھالىسىنىڭ كۆڭلى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى (توقۇزغۇزلار) غا مايىلكەن».

بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە سۇياب ئەتراپىدىكى (No. 15—7) (بۇنىڭ سەردارى يابغۇنىڭ Lul. gh, Atlaligh, Kukyal ئىنىسى)، (پادىشاھلىقىغا M. lJkath. uzkath (No. 15—8) تەۋە)㊈، (بۇ جايدىكى قارلۇقلار) Kiminkath (No. 15—9) L. ban دەپ ئاتىلىدۇ㊉ ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى Tun, 1 قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇلار ⑰ Talkh. zab (No15—10) گەرچە قارلۇقلارنىڭ ماكانلاشقان جايلىرى بولسىمۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە Tukhshi لارنىڭ شەھەرلىرى ئىدى.

چىگىللارمۇ ئالاتاۋ تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى (lSuyabNo. 17—2) كوپا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئىسسىق شەھەرنى (No..16—1) ئىگىلىۋالغانىدى، يەنە ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى yar

شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى[71]. ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپىدا بىر قانچە چوڭ قەبىلىنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشى ۋە بۇلارنىڭ تەپرىقچىلىق ۋەزىيىتى بىر زامانلاردىكى قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدىن S6551 نومۇرلۇق ھۆججەت تەستىقلايدۇ. ئالدىنقى ماۋزۇلاردا ئېيتقىنىمىزدەك بۇ ھۆججەتنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىنى ئالىملار 930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينى بولۇشى مۇمكىن، دەپ بېكىتكەن[72]. ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى تەسۋىرلەنگەندىن كېيىن مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنىڭ بىلەن قارلۇق، ياغما، يىمەك، تاتار قاتارلىقلار كېلىپ باش ئەگدى ۋە سىرىق ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تاپشۇرۇشتى؛ توخسىلار چارۋا تۆلىدى؛ قىرغىزلار قۇل - دېدەك سوۋغا قىلدى. ھەرقايسى قەبىلە - قوۋملار ساردىن قورققان چۈجىلەردەك بولۇپ قالدى. ئايماق - شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن سورىسا يولۋاسنى كۆرۈپ قالغان قوزىدەك ئۆزلىرىنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى دەۋالىدۇ ۋە گېپىنىڭ راستلىقىغا قەسەم ئىچىشىدۇ».

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى ھەققىدىكى بۇ تەسۋىرگە روشەن ئەدەبىي تۈس بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى قارلۇق، ياغما، توخسىلارنىڭ بەيئەتكە كېلىپ خىراج تۆلىگەنلىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى سابىق قارلۇقلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەرۋەقە بىز بۇ يەردە قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېمەكچى ئەمەس. ئۇ جايلاردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر پەقەت ئەلچى ئەۋەتىپ «بەيئەت قىلىمىز» دەپلا قويغان ۋە سوۋغات ئېپكەلگەنىدى. بۇ خىل

ئەھۋال «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى توققۇزغۇزلارنىڭ ماكانلاشقان جايلىرىغا ئائىت بايانلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىراق، 947 - يىلى يېزىلغان 3 - نومۇرلۇق تۇۋرۇك يازمىسى توققۇزغۇزلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ھەققىدە باشقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭدا توققۇزغۇزلارنىڭ غەرب تەرەپ تېررىتورىيىسىنىڭ نۇچ (يېڭى شەھەر) ۋە بارسخانغا يەتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. بىز ئالدىنقى ماۋزۇدا ئەرەبلەرنىڭ 893 - يىلى ئاللىقاچان تالاسنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ ۋاقىتتىن ئويلاشقاندا بۇ ئىككى جاينىڭ تەڭرىتاغنىڭ غەربىي ئۇچىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بارسخان شەھىرى Barshan «ھۇدۇدۇل - ئالەم» دىكى 11 — No15 نومۇرلۇق شەھىرى شۇ، ئىسسىقكۆل بويىغا جايلاشقان بۇ جايدىكى خەلقنىڭ كۆڭلى توققۇزغۇزلارغا مايىل ئىدى. گەرچە بۇ جاينىڭ سەردارلىرى (دېھقانلىرى) قارلۇقلار بولسىمۇ قارلۇقلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىگە تەۋە رايونلار بۇ شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. Nuch شەھىرى ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىكى Navikath (يېڭى شەھەر) شەرقتە سۇيابقا ئۈچ فەرسەخ، يەنى 18 كىلومېتىر كېلىدۇ ۋە خەنزۇچە مەنبەلىرىدىكى 新 城 (شەرقتە سۇيابقا 40 چاقىرىم، يەنى 20 كىلومېتىر) بىلەن بىر. ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قارلۇقلار، توخسىلار ۋە چىگىللار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوندا Navikat يېڭى شەھەردىن باشقا يەنە سۇياب ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرى بار ئىدى. 3 - نومۇرلۇق تۇۋرۇك يازمىسىدا قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ غەربتە مۇشۇ جايلارغا يەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەمما، بۇنىڭ جەريانى تىلغا ئېلىنمىغان. بەختكە يارىشا نىزامۇلمۇلۇكنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرىدە بىر تەپسىلات بار، ئۇنىڭدا، دېيىلىشىچە (73) 943 - يىلىنىڭ ئالدىدىراق بىر قىسىم كاپىر تۈركلەر بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغان. بۇ «كاپىر تۈركلەر»

نى قەشقەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ۋە ساتۇق بۇغراخان دەپ قىياس قىلغاندا⑦④، بۇنى دەلىللىگۈدەك بىرەر مەنبەنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەمدى شۇ قېتىمقى ئىشغالىيەتتىن بىر قانچە يىل كېيىن يېزىلغان 3 - نومۇرلۇق تۈۋرۈك يازمىسىدىن قارىغاندا بۇ «كاپىر تۈركلەر» قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى، بالاساغۇننى ئىشغال قىلىۋېلىشى بولسا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى مۇشۇ رايونلارغىچە كېڭەيتىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتەتتى.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن 10 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى بىر قانچە ئون يىلدا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ھەر قايسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا بىر ھاكىمىيەت بولۇۋالغان ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەسلىدە ھەر قايسى قەبىلىلەرگە ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاللىقاچان يىمىرىلگەنلىكىنى، يېڭى نوپۇز ساھىبىنىڭ بولسا تېخى ئاپىرىدە بولمىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. بۇ خىل ۋەزىيەتكە ئۆتكەنكى ئالىملار سەل قاراپ كەلدى، ھەتتا بۇنى خاتا شەرھلىدى. ئەمما، دەل مۇشۇنداق پارچىلىنىش ۋەزىيىتى ئاستىدىلا غەربىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى مەلۇم تۈركىي تىللىق قوۋم كونا ئەنئەنىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، دەسلەپ بولۇپ مەدەنىيەتنىڭ تىپ ئۆزگەرتىش يولىغا قەدەم ئالالايتتى.

## 3- بۆلۈم ساتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى

تەڭرىتاغ رايونىدا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىشى ساتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ئالىملار بۇ

شەخسكە دىققەت قىلىنغانىدى. 1875 - يىلى كالكۇتتادا نەشر قىلىنغان «1873 - يىلىدىكى يەركەننى تەكشۈرۈش دوكلاتى» دا دوكتور بېللېۋ «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىن پايدىلىنىپ ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغانىدى[75]. ئۇزۇن ئۆتمەي روبېرت شاۋ «... تۈركىستان تىلى گراماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ تەزكىرىنىڭ قىسمەن تەرجىمىسىنى تونۇشتۇردى[76]. 1881 - يىلى خ. راۋېرتى «تەبەقاتى ناسىرى» نى تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغاندا گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىكى بەزى خاتىرىلەرنى نەقىل كەلتۈردى[77]. 1893 - يىلى س. لېنپول تۈزۈپ چىققان خانىدانلىق نەسەبنامىسىدا ساتۇق بۇغراخان مەزكۇر خانىدانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالدى ۋە ئۇنىڭ نەسەبنامىسى كۆرسىتىلدى، ئەمما بۇنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتتى[78]. ئىككى يىلدىن كېيىن ئېلىئاس «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە ساتۇق بۇغراخاننى تىلغا ئالدى ۋە مۇنداق ئىزاھ بەردى: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قاغان پۈتكۈل تۈركىستانغا ھۆكۈمران بولغانىكەن. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە چىن (جۇڭگو) چېگرالىرىغا يەتكەنىكەن. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى، يەنى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بۇخارانى ئىشغال قىلغان، دېيىلىدۇ»[79]. ئۇ بۇلارنى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىن ئالغانىدى. 1900 - يىلى م. گرېنارد، ئەرەب، پارس مەنبەلىرى ۋە چاغاتايچە يازمىلار، شۇنداقلا خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ غەرب تىللىرىكى تەرجىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ «تەزكىرەئى بۇغراخان» نى تەپسىلىي تەتقىق قىلدى ھەمدە بىر قەدەر بالدۇرقى ۋاقىتلارغا مەنسۇپ بىر قولىيازمىغا تايىنىپ بۇ ۋەسىقىنى قايتىدىن تەرجىمە (قىسقارتىلما) قىلىپ چىقتى[80]. ئۇنىڭدىن باشقا بىرنەتشنېيدېر، د. روس قاتارلىقلارمۇ بۇ شەخس ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى يازدى[81]. بىراق، يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردا ئاساس قىلىنغان ۋەسىقە

مۇۋاپىق بولماي قالغان، ئۇنىڭدا ئالىملارنىڭ تايانغىنى خىلمۇ خىل كېيىنكى زامانلاردا كىتاب بولۇپ يېزىلغان «تەزكىرەئى بۇغراخان» ئىدى. بۇ قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەرخىل نۇسخىلىرىدىمۇ تۈرلۈك ئىگىز - پەسلىكلەر بار ئىدى.

1898 - يىلى مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» نىڭ ئىچىگە «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نى كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان تەتقىقاتقا ئاساس سالدى. ئەمما، بارتولد مەزكۇر مەنبەنىڭ دەسلەپكى قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت قىسمىدىكى خاتىرىلەرنى رىۋايەت تۈسىنى ئېلىپ قالغان ۋە زىددىيەتلىك جايلار كۆپ، دەپ قارىغانىدى㉒. شۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر مەنبە باشقا بىرەر تىلغا تولۇق تەرجىمە قىلىنمىدى ۋە كېيىنكى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى بارتولدنىڭ پىكرىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلەندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى پرتساك ساتۇق بۇغراخانغا دائىر خاتىرىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلدى. ئەمما، ئۇ قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ قارلۇقلاردىن كەلگەنلىكىنى توغرىسىدىكى قىياسىنى دەلىللەش ئۈچۈن تۈرلۈك مەنبەلەرنى بىر تەرەپلىمە شەرھلەپ قويدى㉓. ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش مەسىلىسى خانېدا ئاكىرانىڭ «سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن㉔. خانېدا ئاكىرانىڭ ماقالىسى ئاساسەن «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ۋە كېيىنكى زامانلاردىكى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلەندى. بۇ مەسىلە ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا دېگەندەك چوڭقۇرلاپ

كېتەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئېلىمىزنىڭ ئىلمىي ساھەسىدىكىلەرمۇ مەزكۇر تارىخىي شەخسكە خېلى بۇرۇندىنلا دىققەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ۋاڭ رىۋىي ۋە فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ زاتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى⑧⑤. 70 ـ يىللاردىن كېيىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخىمۇ چوڭقۇرلىدى⑧⑥. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تەزكىرەئى (ساتۇق) بۇغراخان» شىنجاڭدىكى ئالىملار تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۈچ خىل نۇسخىسى بارلىققا كەلدى⑧⑦.
(1) موللا ھاجى يازغان «تەزكىرەئى بۇغراخان (قاراخانىيلار خانلىقىدىكى ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قىسقىچە تارىخي)» باۋۇيىنئەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان. ئەسلىي قولىيازما كاتىپ موللا يۇسۇپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. ئەسلىي ئەسەرنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.
(2) «تەزكىرەئى ئەبۇ نەسىر سامانى» (ئاپتورى ئېنىق ئەمەس، ماۋىيخەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان). ئۇنىڭدا «سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بىر ماۋزۇ بار. ئەسلىي ئەسەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، «خاتىمە» ۋە «ھىجرىيە 1321 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى» (1903.8.7) دېگەنلەر ئەسكەرتىلگەن.
(3) «تەزكىرەئى ئەبۇ نەسىر سامانى، قاغان ۋە قاغان ئوغلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ تەرجىمىھالى، خوجا ئەبۇ نەسىر ساماننىڭ ئوغلى خوجا ئابدۇلپەتتاھنىڭ تەرجىمىھالى» (ئاپتورى نامەلۇم. سۇي ۋېيجى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان، باۋۇيىنئەن بېكىتكەن). ئاخىرىغا «مەزكۇر تەرجىمە ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى «ئىسھاقىيە» نەشرىياتى باسقان. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (1931) نىڭ 86 — 117 ـ بەتلىرىدىن ئىشلەندى» دەپ ئىلاۋە بېرىلگەن.

بۇ ئۈچ تەزكىرىدىكى ۋەقەلىك سىيۇژىتى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما بەزى مۇھىم پەرقلەرمۇ بار. مەسىلەن، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا (1) نۇسخىسىدا ھىجرىيە 409 ـ يىلى (1018 ـ 1019) دېيىلىدۇ، (2) ۋە (3) نۇسخىسىدا بولسا ھىجرىيە 429 ـ يىلى (1037 ـ 1038) دېيىلىدۇ. بىراق ئىلىمىزدىكى ھازىرقى ئەسەرلەر غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ياكى نوقۇل «تەزكىرەئى (ساتۇق) بۇغراخان» دىنلا پايدىلىنىش ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىسىز بولماقتا. بىز بۇ يەردە ساتۇق بۇغراخانغا ئائىت تۆرلۈك خاتىرىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىكى تەپسىلاتلارنى ئېنىقلىماقچى. شۇنداقلا ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇھاكىمە قىلماقچىمىز. ساتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ ئېتنىك تەۋەلىك مەسىلىسى كىتابىمىزنىڭ «قوشۇمچە (1)»⑧⑧ دە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئېتنىك تەۋەلىككە ئائىت تۆرلۈك قىياسلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۆزىگە خاس تارىخىي پاكىتلىرى بولغاچقا، ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىشقا ھېچقايسىسى قادىر بولالمىدى.

## 1. ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى پائالىيىتىگە ئائىت دەسلەپكى خاتىرىلەر

نۆۋەتتە مەلۇم بولۇشىچە، ساتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە گەردىزىنىڭ «زەينەل ـ ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. مەزكۇر ئەسەر 1050 ـ يىلى ئەتراپىدا تاماملانغان⑧⑨. راۋېرتى «تەبەقات نەسرى» نىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسىدىكى ئىزاھاتتا⑨⓪

كۆپلىگەن ئەرەب، پارس ئالىملىرىنىڭ قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ خېلى بالدۇرقى ئەھۋاللار توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغانلىقىنى، شۇلاردىن بىرى ئەبۇ سەئىد ئابدۇلقاھىر بىن داۋھەق گەردىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «شۇڭا مەن ئاشۇلارنىڭ خاتىرىسىنى ئاساس قىلدىم». قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكى ھەر قايسى سۇلتانلارنى بايان قىلغاندا راۋىرتى ساتۇقنى Satuk—Kujah دەپ ئاتايدۇ ۋە «Alif ( aAwfi?)» نىڭ ئەسىرىدە ئۇ ساتۇق قاراخان، دەپ ئاتالغاندى» دەيدۇ[91]؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتىنى 315 - يىلى (927) ياكى 320 - يىلى (932) دىكى ئىش بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە ھېچقانداق خاتىرە يوق؛ بۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان ئامىلنى بىر مۇھىم چۈش كۆرۈپ قېلىشقا مۇناسىۋەتلىك، دەيدۇ[92]. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «Satuk—Kujah» ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن (ۋاقتى ھەققىدە ئوخشاشلا بىرەر خاتىرە يوق) ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. مۇسانىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدىمۇ خاتىرە يوق....».

قولىمىزدا گەردىزىنىڭ ئەسىرى بولمىغاچقا گەردىزىنىڭ ئەسلىدىكى بايانلىرىنىڭ قانداقلىقى بىزگە قاراڭغۇ ئۇنىڭ بايانلىرى بەكمۇ قىسقا بولسىمۇ بىز ئۇچراتقان ساتۇق بۇغراخانغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە دېيىشكە شۈبھىلىنىش ھاجەتسىز[93].

14 - ئەسىرنىڭ باشلىرى كىتاب بولۇپ يېزىلغان جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە «تارىخىي قەشقەر» نىڭ قىسمەن مەزمۇنى ساقلىنىپ قالغان. «تارىخىي قەشقەر» نىڭ ئاپتورى ئەبۇلفەتوھ ئەبدۇلغەپپار ئەلمائى كاشغەرى ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق

ئۆلىمالاردىن ئىدى. سامئانى (562/1166 ـ يىلى قازا قىلغان) نىڭ «كىتابۇل ـ ئەنساب» تىكى قەشقەرگە ئائىت بايانلىرىغا ئاساسەن «تارىخى قەشقەر» دىن ئېلىنغانىدى[94]. ئالمائى كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ۋاپات بولغان يىلىنى 466 ـ يىلى (1073 ـ 1074) ئەتراپىدا بولسا كېرەك. دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ[95]. سەمەنى ئالمائى كاشغەرىنى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن ئون يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن، دەيدۇ. جامال قارشى بولسا ئۇنىڭ ئاتىسىنى ھىجرىيە 486 ـ يىلى 1093.1.2 ـ 1094.1.1) 20 قازان قىلغان، دەيدۇ. شۇنداقتا ئالمائى تەخمىنەن ھىجرىيە 476 ـ يىلى (1083 ـ 1084) ئەتراپىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ[96]. ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابىنى تاماملىغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئىشقىلىپ گەردىزىدىن بۇرۇن ئەمەسلىكى ئېنىق. گەردىزى مۇنداق يازىدۇ: «ساتۇق بۇغراخان مۇجاھىد ئابدۇلكەرىم بىن بازىر ئارسلان خان بىن بىلگە كۆل قەدىرخان[98] ئافراسىياب بىن باشەنگە ئاسىت (؟) بىن راسمان (؟) نىڭ ئەۋلادى. ئۇ (ئافراسىياب؟) تۇر بىن ئەفرىدۇن بىن .... يافەس بىن نۇھ[99] بىلەن (ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي) مۇناسىۋەتلىك. ئۇ (ساتۇق بۇغراخان) خەلىپە مۇتىئى (334 — 946/363 ـ 974) زامانىسىدا، توغرا ماڭغۇچى ئەمىر ئابدۇلمەلىك بىن نۇھ سامانى (343 — 350 /954 — 961) ھۆكۈم سۈرگەندە قەشقەر ۋە پەرغانىدىكى تۈرك خانلىرى ئىچىدە دەسلەپ بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. ئالدىنقى بايانلىرىمىزدا تىلغا ئالغان نەقىلچى شەرھىشۇناسلار قاتارىدىكى شەيخ، ھۆرمەتلىك ئىمام ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن فەدەرىنىڭ ئوغلى، كۆزگە كۆرۈنگەن، كامىل زات ئىمام ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلغەپپار (ئالمائى كەشغەرى) — ئاللا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى مەغپىرەت قىلسۇن — ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەرنى مىسال

قىلىدۇ. . . . »

ساتۇق ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەر يەنە ئىبنۇل ئەسىر (1169 ـ 1232) نىڭ «تارىخىي ئومۇمىيە» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. «تارىخىي ئومۇمىيە» ئەرەب، پارس دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇھىم سالنامىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ 536 ـ يىلى (1141 — 1142) دىكى ۋەقەلەر بايانىدا مەشھۇر قەتەۋان (قاتىۋان) ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاتلىشمىچە قەشقەر، بالاساغۇن، ئۇدۇن، تالاس قاتارلىق تۈركىستان مەملىكەتلىرى ۋە ئۇلارغا قوشنا بولغان دەريا سىرتىدىكى جايلار (نىڭ بىر قىسمى) ئۆز زامانىسىدا خاقانىيە سۇلالىسىدىكى تۈرك پادىشاھلارنىڭ ئىلكىدە بولغانىكەن». «(ئۇلار) ئافراسىياب تۈركنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئاتىسى ساتۇق قاراخان، دەپ ئاتالغانىكەن»[100].

ئۇنىڭدىن باشقا ھىجرىيە 520 ـ يىلى (1126) نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي ۋە قىسسىلەر مەجمۇئەسى» دىمۇ ساتۇقنىڭ نامى ئۇچرايدۇ[101].

مانا شۇ يوسۇندا 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردىكى بەزى بىر قىسىم تارىخىي ئەسەرلەردە ساتۇق بۇغراخانغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ پۈتۈلگەنلىكى بىزگە روشەنلەشتى. بۇ خاتىرىلەرنى چوڭ جەھەتتىن تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىر تۈركۈمدە ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىنى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق چۈشى بىلەن باغلاپ قارايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭدا باشقا تەپسىلاتلار تولۇق ئەمەس. يەنە بىر تۈركۈمدە تەپسىلاتلار تولۇق، كونكرېت سيۇژىتلارمۇ ئالدىنقىسىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىككى تۈركۈم خاتىرە بىردەك ھەقىقەتەنمۇ ساتۇق ئىسىملىك بىر شەخسنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، دەل شۇ كىشىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرگە باشچىلىق قىلىپ مەدەنىيەت تىپىنى يەڭگۈشلەشكە قەدەم

ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2. ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ئەرەبچە يېزىلغان «تارىخىي قەشقەرى» دە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى بايانلارنىڭ تەرجىمىسىنى مەن بارتولد ئىخچاملاپ تەرجىمە قىلغان «سۈرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نى تەرجىمە قىلغاندا تونۇشتۇرغانىدىم (خۇاتاۋ 1986 ـ 1987، تۈزىتىلگەن نۇسخىسى) «دۇنيا دىن تەتقىقاتى» نىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، خۇاتاۋ 1991a). بۇ بۆلەك خاتىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەر، بولۇپمۇ سامانىيلار خاندانلىقىدىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى پائالىيەتلىرى، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەرەب سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارغا بولغان قىزىقىشلىرى، ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ يەرلىك كىشىلەرگە بولغان تەسىرى قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ. شۇنداقلا ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ تەپسىلاتى، سامانىيلار خانلىقىدىن كەلگەن نەسىر دېگەن زاتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش جەريانىدا ئەرەبلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «344 ـ يىلى (955.4.27 ـ 956.4.14) ئىستىلاچى ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ يەرلىكى قەشقەرنىڭ ئاتۇش كەنتىگە جايلاشتى. ھازىر بۇ جايدا ياشاۋاتقانلار يەرلىكنى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ».

بۇ خاتىرە كېيىنكى زامانلاردىكى «تەزكىرەئى (ساتۇق) بۇغراخان» تەزكىرىسىنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتلىرىدىكى ئەھۋال بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، كېيىنكى تەزكىرىلەرمۇ ساتۇق

بۇغراخاننىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى مەلۇم سامانىي شاھزادىسى بىلەن باغلايدۇ، ھەتتا ئاشۇ شاھزادىگە «نەسىر» دەپ ئىسىم قويۇلىدۇ. شۇنداقلا ساتۇق مەخپىي ھالدا دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن تاغىسىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغانلىقى، كېيىن تاغىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال كېيىنكى تەزكىرىلەرنىڭ «تارىخىي قەشقەر» بىلەن مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق مەنبەدىن پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، كېيىنكى تەزكىرىلەردىكى ئەۋلىيالارنىڭ مىراجغا چىققىنى، خىزىر ئەلەيھىسسالام قاتارلىق تەركىبلەر 15 — 16 ـ ئەسىرلەردىن كېيىنكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ مەدەنىيەت تېپىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئىدى.

«تارىخىي قەشقەر» دىكى خاتىرىلەردىن مۇنۇ بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پانتېكىن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا كۆنېپتىشقا يول ئالغان. ئەمما ئۇلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېتىپ بارغان ـ بارمىغانلىقى، ئۇ جايدا پۇت تىرەپ تۇرغان ـ تۇرالمىغانلىقى ھەققىدە خەنزۇچە مەنبەلەردە بىرەر ئېنىق خاتىرە يوق. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋە كېيىنكى زامانلاردىكى ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرى، مەسىلەن، «سالامىنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسى»، ئىبنى خۇردادبىھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» ئەسىرى قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ غەربىي تەڭرىتاغ رايونىنى قارلۇقلارنىڭ ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋارەئۇننەھر رايونى سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئابباسىيلار خانىدانلىقىغا ياردەملىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توپىلاڭلارنى تىنچىتقانلىق

تۆھپىسى ھېسابىغا 819 ـ يىلى سامانىيلار جەمەتىدىكىلەر سەمەرقەنت (نۇھ)، پەرغانە (ئەھمەد)، شاش (يەھيا)، ئىلى (ئىلياس) شەھەرلىرىنىڭ مەمۇرىيلىقىغا تەيىنلەندى [102]. چوڭ ئوغۇل نۇھ پۈتكۈل جەمەتىنىڭ سەردارى ۋە يۇقىرىقى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 839 — 840 ـ يىلى نۇھ پەرغانىدە يەر تەۋرەپ جەمئىيەت قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ قالغانلىقتىن پايدىلىنىپ، پەرغانە ۋە ئىسپىجاپ شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. «تارىخىي قەشقەر» دە قەيت قىلىنغان شاشلىقلارنىڭ بىلگە كۆل قەدرخان مەزگىلىدە ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ۋە نۇھ بىن مەنسۇر رادىي سامانىينىڭ ئىسپىجاپنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلمۇالغانلىقى يۇقىرىقى ئاشۇ ئەھۋاللارنى كۆرسىتەتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بىلگە كۆل قەدرخان 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شەخس، ئۇ بىر مەھەل تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان.

ھالبۇكى، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ساتۇق تېخى گۆدەك ۋاقىتلىرىدىلا (12 ياشلار ۋاقتىدا) مەزكۇر سىياسىي كۈچىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قەشقەرگە يۆتكەلگەنىدى. ساتۇق ۋە ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ پائالىيەت نۇقتىلىرى قەشقەر، ئاتۇش ئەتراپلىرىدا بولۇپ، ساتۇق قوشۇن بىلەن ساقلىغان ئاتېبشى قورغىنىمۇ مۇشۇ جايلاردىن يىراق ئەمەس ئىدى[103]. ئەمما، بۇ خىلدىكى يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە ۋاقتى توغرىسىدا مەنبەلەردە بىرەر ئېنىق خاتىرە يوق. پرتساك 893 ـ يىلدىكى تالاس ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلغان قارلۇقلارنى ئوغۇلچاقنىڭ بىر تارماق قوۋمى، دەپ قارايدۇ[104]. ئۇ «تارىخىي قەشقەر» دىكى ئوغۇلچاق قەدرخان بىلەن سامانىيلار ئەمىرى ئىسمائىلنىڭ خەت ئارقىلىق ئالاقىلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەمدە بۇ تۇتۇشۇش دەل ئىسمائىلنىڭ تالاسقا ھۇجۇم قىلغىنى، دەپ

مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ئوغۇلچاق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. ئەمما، پرتساك مۇشۇ قىياسلىرىنى دەلىللىگۈدەك بىرەر ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى قىياسى بويىچە «قاراخانىيلار خاندانلىقىدا قوش خانلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان. شەرقتىكى ھۆكۈمران يەنى چوڭ قاغان ئارسلان قارا قاغان قارا ئوردۇ (بالاساغۇن) دا تۇرغان؛ غەربتىكى ھۆكۈمران يەنى ئورۇنباسار قاغان بۇغراقارا قاغان ئاۋۋال تالاستا تۇرغان، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلگەن، ئاخىرىدا يەنە تالاسقا قايتىپ كەلگەن. مۇشۇ تۈزۈمگە ئاساسەن تالاسنىڭ سەردارى ئورۇنباسار قاغان بولۇپ قالغان، ئۇ تۇرۇشلۇق ماكانىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، الاساغۇندا تۇرۇشقا ئىلاج قىلالماي، باشقا بىر تۇرۇشلۇق ماكان-لەشقەرنى تاللىۋالغان» دېگەننى شەرھىيلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە پرتساكنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بالاساغۇندا بىر قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولغان، دېگەننى دەلىللەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھېچقايسىسى يۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى پاكىتى «تارىخىي ئومۇمىيە» دىكى بىر تۈرك شاھزادىسى ھەققىدىكى مەلۇمات. ئۇ ھىجرىيە 332 - يىلى (944) سامانىيلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان مەزكۇر شاھزادىنى سامانىيلار خاندانلىقى لەشكەر چىقىرىپ ساتۇقفا ياردەم بەرگەن ۋە بالاساغۇن ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا ئەسىر ئالغان چوڭ قاراخانىنىڭ شاھزادىسى، دەپ قارايدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈش توغرىسىدا «سىياسەتنامە» دە بەزى ئىشارەتلەر بار بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق بالاساغۇن ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[105] . «سىياسەتنامە» [106] دە ئېيتىلىشىچە، سامانىيلار خاندانلىقىدىكى بىر قىسىم سانغۇنلار 943 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە

بالاساغۇندىكى كاپىر تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى باھانە قىلماقچى ۋە سانغۇنلارنى بىر يەرگە توپلىماقچى بولغان، ئەمما سىياسىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، باھانىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، لەشكىرىي يۈرۈشمۇ يوققا چىققان. «سىياسەتنامە» دە بۇ پىلاننىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقى ئېيتىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ بىكار قىلىنمىغانلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ. «تارىخىي ئۇمۇمىيە» دىكى ھېلىقى خاتىرە بىزدە تېخىمۇ تەسىر قالدۇرىدۇ. ئىبنۇل-ئەسىر ھىجرىيە 332 - يىلى (943 - 944) دىكى سامانىيلار خاندانلىقىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئىسيان ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ[107]: «مۇشۇ يىلى ئابدۇللا ئىبن ئەشكەم ئەمىر نۇھ (331 - 943/342 - 954) قا ئاسىيلىق قىلىپ، خارەزمدە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. نۇھ شۇ ۋەجىدىن بۇخارادىن مەرۋىگە ئاتلىنىپ، ئىبراھىم بىن پارسنى قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. قوشۇن ھەدەپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا ئىبراھىم يول ئۈستىدە قازا قىلدى. ئىبن ئەشكەم تۈرك پادىشاھى (Malik) غا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئاشۇ جايغا قېچىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ تۈرك پادىشاھىنىڭ بىر ئوغلى نۇھنىڭ قولىدا (تۇرغاقلىقتا) تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇخارادا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇھ تۇرغاق شاھزادىنىڭ ئاتىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئىبن ئەشكەمنى تۇتۇپ بەرسە، ئوغلىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تۈرك پادىشاھى جاۋابەن مەكتۇپ يوللاپ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئىبن ئەشكەم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نۇھقا ئەل بولۇپ كەلدى ۋە خارەزمدىن ئايرىلدى. نۇھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە گۇناھىنى كەچۈردى».

مەزكۇر خاتىرىدىكى ئىبن ئەشكەمنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس، ئەمما خاتىرىدىن ئىبن ئەشكەمنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ خارەزم ئەتراپى بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى، ئىسسىقكۆل بويىدىكى بالاساغۇن بىلەن

قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۈرك پادىشاھى خارەزمگە يېقىن جايدىكى تۈرك پادىشاھى، يەنى غۇز تۈركلىرىنىڭ سەردارى، دەپ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ناۋادا ئىبن ئەشكەم ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى خارەزمدىن غۇز تۈركلىرى رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئالىقاچان ئەرەبلەر ئىشغال قىلىپ بولغان تالاسنىڭ شىمالىدىن بالاساغۇنغا (ياكى تالاسنىڭ شەرقىدىكى مەلۇم جايغا) بارغان بولسا، نۇھقا ئەل بولۇپ كەلگەندە قايتىدىن خارەزمدىن ئۆتۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ ماتېرىيال ساتۇق زامانىسىدا بالاساغۇندا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

پرتساكنىڭ ئىككىنچى پاكىتى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى تۇڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (925 ـ يىلى، خۇن جىلو)، تيەنچېڭ 2 ـ يىلى (927 ـ يىلى، سەردارى جاڭ مۇجىن)، چاڭشىڭ 2 ـ يىلى (931 ـ يىلى، سەردارى دۇئار)، تيەنفۇ 6 ـ يىلى (941 ـ يىلى، شۆتۇڭخەي قاتارلىقلار) «تۈركلەر» نىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[108]، ئۇ بۇنى بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلگەن (يەنى ساتۇق ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن سامانىيلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان) لىقتىن، ئەلچى ئەۋەتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ياردەم سورىغانلىق، دەپ قارايدۇ[109]. ئۇ يەنە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى تيەنشيەن 3 ـ يىلى (928) ئەلچى ئەۋەتىپ قىتانلارغا ئولپان تاپشۇرغان تۈركلەرنى قاراخانىيلار خانىدانلىقى (بالاساغۇن ھاكىمىيىتى) نىڭ پۇقرالىرى، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قىياسنى 1900 ـ يىلىلا گرېنارد ئوتتۇرىغا قويغانىدى[110]. 1955 ـ يىلى خامىلتوننىڭ «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر مەنبەلەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل تەققاسلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى

توغرىسىدا توختالغانىدى[111]. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىزدە تېخى بۇ خىل قىياسنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتەلەيدىغان يېتەرلىك دەلىل يوق. ئەمما، خۇن جېلۇ قاتارلىق كىشىلەرنى قوجو ئۇيغۇرلىرى، خېشى بەيئەتچى قوشۇنى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى قاتارلىق بىر قانچە زور كۈچتىن يىراقتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بالاساغۇن ھاكىمىيىتىنىڭ ئانچە قۇدرەتلىك بولمىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا توغرا كەلسە ماتېرىيال تېخىمۇ كەملىك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇدۇن ساك ھۆججەتلىرىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى خېشى رايونىدا ئاز بولمىغان كىچىكرەك تۈركىي تىللىق قەبىلىسى ( 浑 ) ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. بۇ قەبىلە نامى ئېھتىمال توڭگۇاڭ 3 ـ يىلى (925) كېيىنكى تاڭ خانلىقىغا يېتىپ كەلگەن ئەلچى خۇن جېلونىڭ فامىلىسى بولۇشى مۇمكىن[112]. ئۇنىڭدىن باشقا «لياۋ سۇلالىسى تارىخي» دىكى تيەنشيەن 3 ـ يىلى (928) قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن تۇركلەر شېنسې 1 ـ يىلى (916) قىتان پادىشاھى تەيزۇ تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان خۇاڭخې ـ خېجۇ ئەتراپىدىكى تۇركلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، يوق؟ شۇڭا خامىلتون يۇقىرىقى ئەسىرىدە ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۇڭا بەش دەۋر مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئولپان تاپشۇرغان تۇركلەرنى گەنجۇدىن كۆچاغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر قەبىلە، دەپ بېكىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقمۇ ئەمەس».

پرتساكنىڭ ئۈچىنچى پاكىتى ئارسلانخان نامىنى ئالغان مۇسا بىن ساتۇقنىڭ بالاساغۇننى ئىشغال قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق بالاساغۇندا ئەسلىدە بىر چوڭ قاغان ـ ئارسلان خاننىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ[113]. گەرچە مۇسا ھەققىدىكى بۇ ئىككى ئىش (ئاتاق ۋە ھۇجۇم) ھەقىقىي بولغان پاكىت بولسىمۇ، بىز پرتساكنىڭ

خۇلاسىسىگە قوشۇلالمايمىز. كىشىلەرگە سىر ئەمەسكى، مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان (998- يىلى 1 - ئايدا ۋاپات بولغان) نىڭ تۇرۇشلۇق جايى قەشقەر ئىدى[114]، ئۇنىڭ ئىنىسى بۇغراخان هارۇن بىن سۇلايمان بولسا بالاساغۇندا تۇراتتى [115]. مانا مۇشۇ هارۇن بۇغراخان دەل 992 - يىلى بۇخاراغا بېسىپ كىرگەن مەشھۇر شەخسىنىڭ ئۆزى ئىدى. هارۇن بىن سۇلايمان ئەلى بىن مۇسادىن ئالتە يىل بۇرۇن قازا قىلغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بالاساغۇن ئەلىنىڭ ئوغلى توغانخان ئەھمەدكە ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ 1003 — 1006 - يىللاردىن باشلاپ يۇسۇپ قەدرخان بىن هارۇن بىن سۇلايمان قەشقەر ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئۆز نامىدا پۇل قويدۇردى. مەزكۇر يۇسۇپ قەدرخان 1007 — 1008 - يىللىرى ياكى شۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك غەلىبىلىك هالدا ئۇدۇننى ئىگىلىگەن، ئۇ كېيىنچە يەنە پەرغانە (1022) ۋە بالاساغۇن (1027) شەھەرلىرىنى ئىگىلىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن (1032) ئوغلى ئارسلانخان سۇلايمان قەشقەر ۋە بالاساغۇننى ئىدارە قىلدى. 1041- يىلى ئىبراھىم تېكىن ئۆزىنى تاۋغاچ بۇغراقاغان دەپ ئاتاپ ئارسلانخان سۇلايماننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە ماۋارەئۇننەھردە مۇستەقىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقى شەرق ۋە غەرب، دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى [116]. يۇقىرىقى قىسقىچە باياندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پرتساكنىڭ ئاتاق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى (ئارسلان - چوڭ قاغان، بۇغرا - ئورۇنباسار قاغان) ئەڭ ئاز دېگەندە ئارسلانخان سۇلايمان زامانىسىدىن ئىلگىرىكىگە قارىتاندا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ساتۇق زامانىسىدا، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىلا پۈت تۇرالمايدۇ. قوش خانلىق تۈزۈم ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئوغۇلچاقنىڭ ئىلگىرى تالاس ئەتراپىدا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، شۇڭا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە

بولىدىغىنى پەقەت ساتۇقنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتە ئىلگىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىدە پائالىيەت قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ساتۇقنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا مەزكۇر سىياسىي كۈچ ئاللىقاچان قەشقەرنى ئۆز مەركىزى قىلىپ بولغانىدى، ئەمما بۇنداق يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

(2) «تارىخىي قەشقەر» دىكى سامانىيلار جەمەتى ۋە تۈرك پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبنامىسىغا ئائىت بايانلاردا مالىمانچىلىق مەۋجۇت، سامانىيلار جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى تۆۋەندىكىچە[117]

204 ـ يىلى (819) نۇھ بىن ئەسەد (سەمەرقەنت) ئەھمەد بىن ئەسەد (سەمەرقەنت)

250 ـ يىلى (864) نەسىر بىن ئەھمەد

(279 ـ يىلى (892) ئىسمائىل بىن ئەھمەد

295 ـ يىلى (907) ئەھمەد بىن ئىسمائىل

301 ـ يىلى (914) نەسر بىن ئەھمەد

331 ـ يىلى (943) نۇھ بىن نەسر

343 ـ يىلى (943) ئابدۇلمەلىك بىن نۇھ

ئىسمائىل نۇھنىڭ جىيەنى بولۇپ، 892 ـ يىلى قېرىندىشى نەسر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن رەسمىي تەختكە چىققان. ئەمما «تارىخىي قەشقەر» دە ئىسمائىل، نۇھ ۋە كېيىن سۆزلىنىدىغان ئابدۇلمەلىكنىڭ ئىنىسى نەسر ئاكا ـ ئۇكا قىلىپ قويۇلغان. تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى جەھەتتىن ئالساق بىلگە كۆل قەدىرخاندىن ساتۇقنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاقتا قەدەر بولغان جەريانىدا بازىر ئارسلانخاندىن باشقا يەنە بىر قانچە ئەۋلاد پادىشاھ باردەك قىلىدۇ، ئەمما بۇ مالىمانچىلىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ خىل تەپسىلات مالىمانچىلىقى قەدىمكى قەھرىمانلارغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە خاتىرىلەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبنۇل ـ ئەسىر ۋە ئالمائى

بىردەك بىلگە كۆل بىلەن ئافراسىيابنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ. ساتۇق بىلەن زاماندىش بولغان سالامىمۇ مۇشۇ ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسا كېرەك. 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»[118] دا مەھمۇد قەشقەرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان، قاتۇن، تارىم، تېكىنلىرىنىڭ ئافراسىياب پۇشتى ئىكەنلىكىنى، ئافراسىيابنىڭ «تۈركلەرنىڭ يولباشچىسى» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، شۇنداقلا قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئافراسىيابنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئافراسىياب - ئاۋېستا زامانىسىدىن تارتىپ ئىران خەلق رىۋايەتلىرىدىكى تۇرانلارنىڭ قەھرىمانى بولۇپ كەلگەنىدى. كېيىنچە ئەرەبلەر تۇرانلار ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانىنى تۈركلەر بىلەن بىرگە بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا ئادەتلىنىپ قالدى[119]. ساتۇققا ئائىت خاتىرىلەردىكى بۇ خىل باغلىۋېلىشلار ئېتنىك تەۋەلىك ۋە نەسەبنى تەتقىق قىلىشتا ھېچقانچە ياردەم بېرەلمىسىمۇ، ھاكىمىيەتنىڭ مەدەنىيەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

(3) نەسىر سامانى ساتۇققا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم شەخس بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەزكۇر شەخس ھەققىدىكى خاس تەزكىرىلەر ۋۇجۇدقا كەلدى[120]. بىز مۇقەددەسىنىڭ «ئەللەر» ناملىق ئەسىرىدىن[121] سامانىيلار ئەمىرى نۇھ بىن نەسىرنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئۈچ مۇھىم ۋەزىرگە ھاۋالە قىلغانلىقىنى ھاۋالە قىلىنغان بولۇپ، ئۈچ مۇسىم ۋەزىرگە ھاۋالە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز: ئابدۇلمەلىك نۇجاھقا، مەنسۇر قايىققا، نەسىر زارىققا ھاۋالە قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەر ئوغۇللارنىڭ بىرىنىڭ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلىشقانىدى. ئەمما، 954 - يىلى چوڭ ئوغۇل ئابدۇلمەلىك تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىنىسى نەسىر

سامانىيلار خانىدانلىقى تارىخىدا قايتا كۆزگە چېلىقمايدۇ. شۇڭا، بارتولدنىڭ ھۆكۈمىنى توپ - توغرا: ناۋادا راستىنلا نەسر سامانى ئىسمىلىك كىشى ئۆتكەن بولسا ئۇنىڭ سامانىيلار ئەمىرى نۇھ بىن نەسرنىڭ ئوغلى نەسر بىن نۇھ نەسردىن باشقا كىشى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس[122].

يۇقىرىقى بىر قانچە نۇقتىدىن باشقا «تارىخىي قەشقەر» ۋە «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دىكى ساتۇقنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرىگە ئائىت يىلنامىلەرمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 3- بۆلۈم ساتۇقنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرىگە ئائىت يىلنامىلەر مەسىلىسى

ساتۇقنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە ئائىت ھەر قايسى يىلنامىلەردىن ئالىملار پەقەت ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە «تارىخىي قەشقەر» دە بېرىلگەن 344 - يىلى (955 - 956) دېگەن بىردىلا پىكىر بىرلىككە ئىگە. قالغان يىلنامىلەرگە ئائىت مەنبەلەر كەمچىل بولغانلىقتىن كۆپىنچە قىياس بىلەن بىر نىمە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ قانچىلىك ئۇمۇر كۆرگەن دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى دەسلەپكى مەنبەلەردە مەلۇمات يوق، كېيىنكى زاماندىكى «تەزكىرەئى (ساتۇق) بۇغراخان» دا ئۇنى 96 يىل ئۆمۈر كۆردى، دەيدۇ» بۇ ياش ئالىقاچان بېكىتىلىپ بولغان تارىخىي پاكىتلار بىلەن زادىلا ماس كەلمەيدۇ[123]. گرېنارد ۋە پرتساك [124] ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتىنى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، دەپ قارايدۇ، ئۇلار بۇنداق دېيىشتە ئىبن خەلدۇن (1332 - 1406) نىڭ «دۇنيا تارىخي» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر بۆلەك خاتىرىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ خاتىرىدە ئېيتىلىشىچە [125] تەبەرىستاندىكى شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بىر سەردار لەشكەر باشلاپ سامانىيلار

خانىدانلىقىغا قارشى چىققان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن لەيلا بىن نۇئىمان دەيلەمى ھىجرىيە 308 ـ يىلى 12ـ ئايدا (921 ـ 4 — 5 ـ ئايلار) قوشۇن چىقىرىپ سامانىيلار خانىدانلىقىغا قاراشلىق نىشاپۇرنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن سامانىيلار ئەمىرى «تۈرك پادشاھى بۇغراخان» (بۇغراخان مالىكەت ـ تۈرك) دىن ياردەم سورىغان، تۈرك پادشاھى ياردەمگە قوشۇن چىقارتقان، بۇ قوشۇن تۇستا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. ئاھۇلدا لەيلانى ئەسىرگە ئالغان. گرىنارد ۋە پرتساك مۇشۇ بۇغراخاننى ساتۇق بۇغراخان دەپ قاراپ، شۇ ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ساتۇقنىڭ ئاللىقاچان سامانىيلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا كىرىپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى.

ئىبىن خەلدۇن مەشھۇر ئەرەب تارىخشۇناسى ۋە پەيلاسوپى بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر [126]. ئەمما، «دۇنيا تارىخي» ناملىق ئەسىرى ئۇنچىلىك ياخشى باھاغا ئېرىشەلىگەن ئەمەس. بارتولد مۇنداق دېگەنىدى: «ئىبىن خەلدۇن ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىدا ياشىغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخي ھەققىدىكى بىلىمى شۇبھىسىزكى ئىبنۇل ـ ئەسىر ئەسىرىدىن كەلگەن. ئىككى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ھېچقانداق يېڭىلىقنى بايقىمايمىز. ئۇنىڭ ئەسىرىدە ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ ئەسىرىدىكى بەزى ماتېرىياللار بولمىغاچقا تەقلىدلەشكە ئورۇن يوق»[127]. پرتساك ئاساس قىلغان ئاشۇ خاتىرە ھەققىدە ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ ئەسىرىدىمۇ تەپسىلىي بايانلار بار. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: [128] (سامانىيلار سانغۇنى) ھامۇئى تۇس شەھىرىدە لەيلا بىلەن تۇتۇشتى، جەڭدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەغلۇپ بولۇپ مەرۋىگە چېكىندى. ئەمما، ئۇ مۇھەممەد بىن ئابدۇبابەلئامى، ئەبۇ جەئپەر سارۇكى، خارەزمشاھ، سىمغور دەۋابى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە مۇستەھكەم دەسسەپ داۋاملىق

جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت لەيلاننىڭ بىر قىسىم قوشۇنى مەغلۇپ قىلىندى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇ بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندا بۇغرا ئۇنى قوغلاپ كەلدى. ئۇ قېچىشقا يول تاپالماي بىر ئۆيگە مۆكۈنۈۋالدى، ئەمما يەنىلا بۇغرا تۇتۇۋالدى. بۇغرا ھامۇئىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھامۇئى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، لەيلاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە ئۇزۇن نەيزىگە ئىلىپ سازايى قىلدى. لەيلاننىڭ قول ئاستىدىكىلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە تىلىكىگە يەتتى».

كېينكى يىلى سامانىيلار قوشۇنى داۋاملىق تەبەرىستاندا شىئەلەر بىلەن جەڭ قىلدى، ئىككى تەرەپ كېيىن سۇلھىلىشىپ سامانىيلار قوشۇنى چېكىنگەندە «ئۇلار» بۇغرانى ئاشۇ جايدا قالدۇرۇپ قويدى، ئۇ كېيىنچە نىشاپۇرغا قايتىپ كەلدى[129].

ئىبنۇل ـ ئەسىر «بۇغرا» نى «تۈرك پادشاھى بۇغرا» دېمەيدۇ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن تۇس ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسىمۇ بۇغراخانغا تەئەللۇق قىلىنغان. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا بۇغرا پەقەت سامانىيلارنىڭ سانغۇنلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئادەم. شۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر شەخس «تارىخىي ئۇمۇمىيە» دىن غايىب بولىدۇ. گرېنارد ۋە پرتساكنىڭ نەقىلىدىن قارىغاندا ئىبىن خەلدۇننىمۇ ئۇنى قايتا تىلغا ئالمىغان. شۇڭا بىز ئىبىن خەلدۇننىڭ يازغانلىرىنى ئاساس قىلالمايمىز. 14 — 15 ـ ئەسىرلەردىكى مەزكۇر ئۇئەللىپ شۇبھىسىزكى 10 — 13 ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ ئەسىرىدىكى «بۇغرا» نى خاتا ھالدا «تۈرك پادشاھى بۇغراخان» دەپ يېزىپ قويغان. گەرچە بۇغرا ئىسىملىك ئاشۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەزكۇر ئاتاقنىڭ ئىستېمال ئەھۋالى بىزگە روشەن بولمىسىمۇ، بىز كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قاراخانىيلار

ھۆكۈمرانلىرى قوللانغان «قارا»، «توغان» قاتارلىق باشقا ئاتاقلارغا دىققەت قىلدۇق. مەزكۇر ئاتاقلارنى ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكەنىدى[130]. شۇڭا ئاتاقتىكى ئوخشاشلىقتا تايىنىپلا «تارىخىي ئومۇمىيە» دىكى «بۇغرا» نى ساتۇقتا تەڭلەشتۈرۈۋالساق بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتىنى جۇشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ئىبن خەلدۇننىڭ يۇقىرىقى خاتىرىلىرىدىن باشقا پرتساك يەنە ئەبۇ دۇلەفنىڭ ساياھەتنامىسىدىكى بىر بۆلەك بايانغا دىققەت قىلغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئەبۇ دۇلەف 331 ـ يىلى (942ـ 943) بۇخارادىن جۇڭگوغا ماڭغان سامانىيلار ئەلچىسىگە ئەگىشىپ جۇڭگوغا بارغۇچە Bughraj دەپ ئاتىلىدىغان تۈرك مەملىكىتىدىن ئۆتكەن، ئۇ مەملىكەتتىكى كىشىلەر ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان[131]. پرتساك «بۇ ئەھۋال ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 942 — 943 ـ يىللىرى ساتۇق بۇغراخاننىڭ مەملىكىتىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا كىرىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ[132]. ئەبۇ دۇلەف 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب سەيياھى ئىدى. ئەمما، زامانىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ۋە 1923 ـ يىلى مەشھەد شەھىرىدىن تېپىلغان ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئەسىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ «تۈركلەر، چىن (جۇڭگو) ۋە ھىندىستانغا بارغانمەن» دېگىنى پۈتۈنلەي توقۇلما[133]. شۇڭا پرتساكنىڭ قىياسىنى بۇ خاتىرە دەلىللەپ بېرەلمەيدۇ.

بىراق، بىز «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دىكى كىشىلەر دىققەت قىلمىغان بىر جۈملە سۆزگە دىققەت قىلدۇق. ئۇنىڭدا ساتۇقنى ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇتىئ دەۋرى (334 ـ 363 /946 ـ 974) دە ۋە سامانىيلار ئەمىرى ئابدۇلمەلىك ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەر (343 ـ 954/350 ـ 916) مۇسۇلمان

بولغان، دەيدۇ. يەنى ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتى ئەڭ بۇرۇن دېگەندىمۇ 343 - يىلى (7.5.954 - 6.4.955) دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى ماۋەرەئۇننەھردىكى سامانىيلار خانىدانلىقىدىن قېچىپ كەلگەن شاھزادە نەسر سامانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نەسرنىڭ ئوردىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتى ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ 954 - يىلى دادىسى قازا قىلىپ ئاكىسى تەختكە چىققان مەزگىللەردە بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت سەمەنىينىڭ «كىتابۇل - ئەنساب» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە مەشھۇر ئەقىدەشۇناس ئەبۇ سەن مۇھەممەد بىن سۇفيان بىن مۇھەممەد بىن مەھمۇد كەلەماتى ھىجرىيە 340 - يىلى (951 - 952) نىشاپۇردىن ئايرىلغاندىن كېيىن سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخارادا بىر قانچە يىل تۇرۇپ قالغان، كېيىن تۈرك قاغانىنىڭ ھوزۇرىغا خىزمەتكە بارغان، ئەڭ ئاخىرىدا 350 - يىلى (961 - يىلى) شۇ جايدا قازا قىلغان[134]. ئۇنىڭ بۇخارادىن ئايرىلغان ۋاقتى نەسر سامانىينىڭ ئوردىنى تاشلاپ ماڭغان ۋاقتى ۋە ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتى بىلەن قانداقتۇر بىر تۇرلۇك باغلىنىشقا ئىگىدەك قىلىدۇ.

يەنە بىرى، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە قاراخانىيلار پادىشاھلىرىدىن ساتۇق ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇسانىڭلا ھەم تۈركچە ھەم مۇسۇلمانچە ئىسمى بولغان (ساتۇق = ئابدۇلكېرىم، مۇسا = بايتاش). بۇ ئەھۋال بىزگە ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى مۇسا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا مۇسا تۇغۇلغاندىلا ئۇنىڭغا مۇسۇلمانچە دىنىي ئىسىم قويۇلاتتى ۋە قايتىدىن تۈركچە ئىسىم قويۇپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە «تارىخىي قەشقەر» دە تىزىپ كۆرسىتىلگەن نەسەبنامىدە «بايتاش» نامى ئىككى يەردە ئۇچرايدۇ. (132 — 133 - بەتلەر)، «مۇسا» نامى بولسا پەقەت

بىرلا جايدا ئۇچرايدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭدا خاتا ئىشلىتىلىپ قالغان (132 ـ بەت 18 — 19 ـ قۇرلار). بۇنىڭدىن قارىغاندا مۇسا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئاتىسىغا ئوخشاشلا تۈركچە ئىسمىنى قوللانغان. بۇمۇ ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىنىڭ مۇسا خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردىكى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، بىز پرتساكقا ئوخشاش ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى ۋە قاغانلىق تەختتە ئولتۇرۇشى 40 يىلغا يېقىن تارىختا ئىگە، دەپ قارىمايمىز[135]. «تارىخىي قەشقەر» دە تىلغا ئېلىنغان 12 ياش ۋە 25 ياش دېگەنلەر راست بولسا ئۇ ھالدا 12 ياشنى ساتۇقنىڭ تاغىسى بىلەن زىدىيەتلىشىپ قالغان مەزگىلى، 25 ياشنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتى، دەپ شەرھلەشكە بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ۋاپات بولغان. ئومۇمەن، ساتۇق ۋاپات بولۇشتىن بىر قانچە يىل ئاۋۋال دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز تەڭرىتاغ رايونىدىكى مەدەنىيەت تىپ ئۆزگىرىشىنىڭ 950 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان دەپ قارايمىز[136].

ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى بايتاش بىن ساتۇق (دىنىي ئىسمى مۇسا) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا غەربىي تەڭرىتاغ ۋادىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىبنۇل - ئەسىر «تارىخىي ئومۇمىيە» نىڭ 349 ـ يىلى (960.3.3 — 961.2.19) ماۋزۇسىدا تۈركلەردىكى ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئائىت كىچىككىنە خاتىرىنى قالدۇرىدۇ[137].

بارتولد «يەتتىسۇ تارىخى» دا مۇشۇ تۈركلەرنى يەتتىسۇ ۋادىسى ياكى تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلغاندىن بۇيان ئۇنىڭ مۇشۇ پىكرى ئاساسەن بېكىتىلگەن خۇلاسىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزىلەر

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «بۇ ئەھۋال مۇسانىڭ شۇ يىلى پۈتكۈل قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى مەدەنىيەت تىپىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دەپ قارىدى[139]. بۇنى ئىنكار قىلىشقا ھازىرچە بىزنىڭ قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. ئەمما، ساتۇقنىڭ ۋاپات بولۇشتىن بىر قانچە يىل ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، 943 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلغان «كاپىر تۈركلەر» نىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىشىپ تۇرۇپ، 960 ـ يىلىدىكى ۋەقەنى باشقىچە شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلىمىز: دەل مۇشۇ يىلى مۇسا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە قىلىنغان ھۇجۇمدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر مۇساغا بەيئەت قىلغان؛ پارس مەنبەلىرىدىكى خاتىرىلەردە شۇ ۋەجىدىن زور تۈركۈمدىكى تۈركلەرنىڭ «دىن ۋە مەدەنىيەت» ئۆزگەرتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى قولغا چۈشكەندىن كېيىن مۇسا ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇددا ئۇدۇنغا ھۇجۇم باشلىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى يۈرۈش قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان P5538a نومۇرلۇق ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى «ۋىساراخانىڭ شاجۇ خانى ساۋيۇەنجۇڭغا يوللىغان مەكتۇپى» (بۇ ھۆججەت تيەنزۇن 4 ـ يىلى، يەنى 970 ـ يىلى يېزىلغان) دا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قەشقەرنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئېيتىلىدۇ[140]. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىي. يات ئەللەر ھەققىدە قىسسە. ئۇدۇن» دا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كەيباۋ 4 ـ يىلى (971 ـ يىلى) ئۇدۇنلۇق راھىب جى شياڭنىڭ ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ سۇللۇغنى مەغلۇپ قىلىپ ئولجا ئالغان ئۇسسۇلچى پىلنى ھەدىيە قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقى ۋە

بۇنىڭغا ئىجازەت سورىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا قەشقەر (سۇللۇغ) تەرەپ راستىنلا جەڭدە مەغلۇپ بولغان بولۇپ، مەزكۇر تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ھاكىمىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا خېلى ئۇزاق مەنزىل زوروۇر بولغاندەك قىلىدۇ.

لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى يېڭى مەدەنىيەت كۆچلىرىنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ ۋادىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تەرەققىياتى ناھايىتى زور بولدى. مۇقەددەسىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا [141] مەركىزىدىكى چېركاۋ مەسچىتكە ئۆزگەرتىلگەن؛ مەركى بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى يېڭى شەھەر (Navikat?) نىڭ ھۆكۈمرانى مۇسۇلمانلاردىن بولغان. گەرچە مەزكۇر تۈركىي تىللىق خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى تولىمۇ ئاجىز بولسىمۇ ۋە بالاساغۇننىڭ غەربىدىكى كىچىككىنە شەھىرىدىكى «ئوردا» دا تۇرۇۋاتقان بۇ «تۈركمەن پادىشاھى» سامانىيلار خاندانلىقىغا سوۋغا تاپشۇرۇپ تۇرسىمۇ[142]، ماۋەرەئۇننەھردىكى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى مۇقەررەر مۇشۇ ھاكىمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولاتتى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى بولسا تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى تۈركلىشىش ۋە مەدەنىيەت تىپىدىكى ئۆزگىرىش ھادىسىنى ئالغا سىلجىتاتتى.

## 4- بۆلۈم ساتۇقنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ساتۇقنىڭ پائالىيەتلىرى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان مەزكۇر يۇرت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچى ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى.

«تارىخىي قەشقەر» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشى قەشقەرنى تارتىۋېلىش بىلەن ماس قەدەمدە ئورۇندالغان. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئوغۇلچاق قەدىرخان قېرىندىشى يەنى ساتۇقنىڭ ئاتىسى بازىرخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ «تەزكىرەئى (ساتۇق) بۇغراخان» دا ئېيتىلىشىچە [143] ساتۇقنىڭ ئۆز ئانىسى (شۇبھىسىزكى بازىر ئارسلان خاننىڭ خانىشى) مۇ قەدىرخانغا قاتۇن بولغان. ھۆكۈمران قازا قىلسا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ۋاپات بولغۇچىنىڭ تەختىگە ۋە قاتۇنغا ۋارىسلىق قىلىش كۆچمەنلەرنىڭ ئادىتىگە مۇخالىپ كەلمەيتتى، ئەمما مۇشۇ سەۋەبلىك سابىق ھۆكۈمراننىڭ بالىلىرى ھەممىشە خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالاتتى. ساتۇق بولسا ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. «تەزكىرەئى بۇغراخان» دا ئېيتىلىشىچە ساتۇق كىچىكىدىلا ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن؛ «تارىخىي قەشقەر» دە ئېيتىلىشىچە تاغىسى ئۇنى سىناشنى توختاتقاندىن كېيىن «ناۋادا ئۇ مېنىڭدىن كېيىن مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە زەرەر يەتكۈزسە مەن بۇنداق ئەھۋالغا سەۋرى قىلىپ قاراپ تۇرالمايمەن» دېگەن. بۇ يەردىكى «زەرەر يەتكۈزسە» دېگەنلىك شۈبھىسىزكى تەختنى تارتىۋېلىشنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا، كىشى ناھايىتى تەبىئىي يوسۇندا ساتۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بىرى — ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا زۆرۈر بولغان چەتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىدۇ. «تارىخىي قەشقەر» دىكى ساتۇقنىڭ تاغىسىغا جەڭ ئېلان قىلغان ۋاقىتتا پەرغانە غازاتچىلىرىنىڭ ئۇنى قوللىغانلىقى مۇشۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى بولالايدۇ[144].

ساتۇقنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ يەنە بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي تەڭرىتاغ

رايونلىرىغا بولغان تەسىرىنىڭ كۆچەيگەنلىكىنى ئىدى. تېررىتورىيە جەھەتتىن ئالغاندا ئەرەب دۇنياسى بىلەن قەشقەرىيە بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى. ئىستەخرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەرەبلەر ئۆزكەندنى ئىگىلەپ بولغانىدى. بۇ جاي قەشقەرگە ۋە ساتۇق ئەڭ دەسلەپ بازا قىلغان ئاتبېشى دېگەن جايغا بەكلا يېقىن ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆزكەند ۋە ئوش شەھەرلىرىنىڭ سىرتىدا بۇ ۋاقىتتا تۈركلەر پائالىيەت قىلىۋاتاتتى[145]. ئارىلىق مۇشۇنچە يېقىن بولغانىكەن، تەسىرى دەرۋەقە زور بولاتتى. تەشۋىقات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن كەراماتى دېگەن كىشىنىڭ شەرقتىكى تۈرك قاغانى ئوردىسىغا خىزمەتكە بېرىشى ھەممىگە مەلۇملۇق مىسال ئىدى، ئۇنىڭدىن سىرت ئەرەب دۇنياسىدىن كەلگەن ئەرەب - پارس سودىگەرلىرى ۋە نەسر سامانى كەبى سىياسىي ئۆكتىچىلەرنىڭ بىلىپ - بىلمەي قالغان تەشۋىقاتلىرىمۇ مۇئەييەن رول ئوينىغانىدى. «تارىخىي قەشقەر» دە سودىگەرلەرنىڭ دىنىي ئادەتلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى تەكىتلىنىدۇ، شۇنداقلا نەسرنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىلغان ۋەز - تەبلىغلىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پىرتساك تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت تىپىدىكى ئۆزگىرىشىنى تىنچ شەكىلدە باشلانغان، دەپ قارايدۇ[146]. ئەمما، شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، سىنىپىي جەمئىيەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاڭ - ئىدىئولوگىيە ھەممىشە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىدىئولوگىيە بولسا كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەجبۇرىي يوسۇندا تېڭىلىدۇ. مەيلى ساتۇقنىڭ ئوغۇلچاقنى يېڭىشىدە بولسۇن ياكى كېيىنچە مۇسانىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئىستىلا قىلىشى بولسۇن ھەممىسىدىلا قوراللىق كېڭىيىش كۆزگە

چېلىقىدۇ.

ساتۇقنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇچىنچى ئارقا كۆرۈنۈشى ئەرەبلەر، بولۇپمۇ سامانىيلار خانىدانلىقىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قوشنا رايونلارغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچى ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، كۆچمەنلەر رايونى بىلەن دېھقانچىلىق رايونى ئوتتۇرىسىدا تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى باشتىن ـ ئاخىرى مەۋجۇت بولىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە ماۋەرەئۈننەھردىكى سوغدى سودىگەرلىرى مۇھىم روللارنى ئوينىدى، ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى ھەرقايسى كۆچمەنلەر رايونىدا ساقلىنىپ قالدى[147]. ئەرەبلەر ماۋەرەئۈننەھرنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىنمۇ سوغدىلار رايونىدا سودا پائالىيەتلىرى توختاپ قالمىدى. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ «قىرغىزلار» ماۋزۇسىدا 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ تەڭرىتاغ ۋادىسىدىن يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ يۇرتلىرىغىچە بولغان جايلاردا سودا قىلغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ خىلدىكى سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر ئەرەبلەرلا ئەمەس ئىدى، يەنە باشقا مۇسۇلمانلار، ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان سوغدىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ساتۇق بۇغراخان پائالىيەت قىلىۋاتقان مەزگىللەرگە كەلگەندە ماۋەرەئۈننەھر رايونى ئاللىقاچان ئەرەبلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ بولغانىدى. تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشاۋاتقان جايلارغا بېرىپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەر ئاساسەن دېگۈدەك مۇسۇلمانلار ئىدى. «تارىخىي قەشقەر» دە ئاتۇشقا كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ داق يەردىلا ناماز ئوقۇغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرىتاغ ۋادىسىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق قوۋملار بىلەن

ماۋەرەئۇننەھردىكى سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ سودا دائىرىسىنىڭ نەقەدەر كەڭلىكىنى سامانىيلار تەۋەسىدە يېزىلغان خاتىرىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىستەخرى ماۋەرەئۇننەھرنىڭ ماددىي بايلىقى توغرىسىدا توختالغاندا ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى قامدىغاندىن سىرت «ماۋەرەئۇننەھردىكى پاختا كىيىملەرنىڭ جاي جايلارغا توشۇلىدىغانلىقىنى»، ئالماشتۇرۇش سۇپىتىدە «غوز ۋە قارلۇقلار ماكانلىرىدىن گۆش تۈرىدىكىلەرنىڭ توشۇپ كېلىنىدىغانلىقىنى» يازىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قوشنا تۈركلەر ئۇلارغا قول ـ دېدەك ساتىدۇ. بۇ ماللار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، يەنە باشقا ئەللەرگە (ئەرەبلەرگە) توشۇلىدۇ»[148]. «تارىخىي قەشقەر» دە ماۋارەئۇننەھردىن ئاتۇشقا توشۇلىدىغان ماللاردىن يىپەك ـ كاناپ، تاتلىق ـ تۈرۈم ۋە باشقا تۈرلۈك بۇيۇملارنىڭ بارلىقى ئېيتىلىدۇ. مۇقەددەسى ماۋارەئۇننەھردىكى سودا مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدا توختالغاندا تۈركلەر رايونىغا توشۇلىدىغان ماللاردىن پاختا، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ[149].

ئەرەب دۇنياسىدىكى بۇ خىل كەڭ سودا پائالىيەتلىرى ۋە ئەرەب ـ پارس سودىگەرلىرىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈشلىرى تەڭرىتاغ رايونى، بولۇپمۇ غەربىي تەرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي قوۋمىغا، ئولتۇراق دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئائىت يېڭى تۈيغۇلارنى ئاتا قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا تەڭرىتاغ ۋادىسىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق قوۋملار يەرلىك دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قارىتا بىۋاسىتە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى، ئەمدىلىكتە بولسا كەڭ سودا پائالىيەتلىرى قوشۇلۇپ ئۇلاردا ماۋەرەئۇننەھردىكى سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ئىگىلىك ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا يېڭى چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋاللار، بولۇپمۇ يېڭى

ماددىي تۇرمۇش ئامىلىنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى، بەش دەۋر مەزگىلىدىكى مالىمان سەۋەبىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، خېشى كارىدورى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ ۋادىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودا پائالىيەتلىرى شالاڭلاپ قالغانىدى. شۇڭا، غەربىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر كۈنپېتىشتىكى ئەرەبلەرگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قاراۋاتاتتى. «تارىخىي قەشقەر» دە ئوغۇلچاق قەدىرخاننىڭ يىپەك كىيىملەر ۋە تاتلىق تۇرۇملارغا قىزىقىپ، ساتۇقنىڭ ئاتۇشقا دائىم بېرىپ، ئەرەب كارۋانلىرىنىڭ ماللىرىدىن زوق ئالىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تەبىئىي يوسۇندا ئۇلارنى ئاشۇ خىل تۇرمۇش بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتنى قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بارغانىدى.

يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشلەر توغرىسىدا توختالغاندا ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب دۇنياسىغا يېقىنلاشقانلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ ۋادىسىدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. 920 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەرەبلەرنىڭ شىمالىدىكى بۇلغارلار ئۆزلۈكىدىن ئەرەبلەرنىڭ دىنىغا كىردى ۋە ئابباسىيلار خەلىپىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باغداتتىن بىلىملىك ئىماملارنى، دىندارلارنى ۋە بىناكارلارنى ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. ئەرەب ئەلچىلەر ئۆمىكى يارلىققا بىنائەن يولغا چىققاندا ئۇلارغا قېتىلىپ سەپەر قىلغان ئىبىن فەزلان ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى غۇزلارنىڭ ئەرەبلەر ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارنى تولىمۇ ياقتۇرىدىغانلىقىنى، ئەرەب دۇنياسىدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك تۇرمۇشقا بەكمۇ ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ۋە شۇ ۋەجىدىن قىلچە ئىككىلەنمەي ئەرەب

دىنىنىڭ ئادەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ، ياشاۋاتقانلىقىنى ئىگىلىگەنىدى. [150] قارىغاندا، ئادەتتىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن باشقا (مەسىلەن، ساتۇقنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش مۇددىئاسى، بۇلغارلارنىڭ قاسارلار ۋە غۇزلارغا تاقابىل تۇرۇش ئارزۇسىدىن باشقا) تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا يېقىنلىشىشىدا يەنە ئەرەب دۇنياسىدىكى گۈللىنىۋاتقان ئىگىلىك ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشمۇ مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەرەب دۇنياسىنىڭ تارتىش كۈچى يەرلىك سىياسىي ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى نەتىجىسىدە قوشنا ئەللەردىكى غازاتچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ساتۇق بۇغراخان دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يېڭى مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئىگە تۇنجى تۈركىي تىللىق قوۋملار ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

ئىزاھلار

① ياقۇتى: «ئەللەر» (BGA، 7 ـ توم) 295 ـ بەت.

② «كامبرىج ئىران تارىخىي» 4 ـ توم، 4 ـ باب «سامانىيلار خانىدانلىقى» غا قاراڭ.

③ تەبەرى: «تەبەرىي» I، 1238 ـ بەت؛ ئىبنۇل ـ ئەسىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» 7 ـ توم، 464 ـ بەت. تەبەرىنىڭ «يىلنامە» سىدىن ئەسىرگە چۈشكەن كىشىنىڭ تۈرك پادىشاھى ياكى ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىي قوليازمىنىڭ تۇتۇقلۇقى سەۋەبلىك ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ (2138 ـ بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ). «تارىخىي ئومۇمىيە» دە ئەسىرگە چۈشكەن كىشىنىڭ

ئاتىسى ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەھۋال 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندىمۇ تەبەرىنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ سۆزنىڭ روشەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

④ نەرشەخى: «بۇخارا تارىخى» 80 — 87 ـ بەتلەر.

⑤ سەمئانى: «كىتابۇل ـ ئەنساب» 286B ـ بەت.

⑥ بارتولد: 1977، 223 ـ بەت.

⑦ تەبەرى: «تارىخىي تەبەرىي» Ⅱ، 2133 ـ بەت.

⑧ مۇقەددەسى: «ئەللەر» (BGA، 3 ـ توم) 274 ـ بەت.

⑨ ئا. م. بېلىنىسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەرلەر» لېنىنگراد، 1973، 205 ـ بەتتىكى خەرىتىدۇ. 206ـ بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ.

⑩ ر. ن. فىرايى: «بۇخارا تارىخى ئۈچۈن يازغان تونۇشتۇرۇش».

⑪ Kelisa—ibuzurug گرېنارد «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ تارىخىي» 33 ـ بەت، 1 ـ ئىزاھ) ئادەتتە خرىستىئانلار رايونىدىكى چوڭ چېركاۋنى كۆرسىتىدۇ («پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» 1901 — 1902 ـ بەت).

⑫ نارشاهى: «بۇخارا تارىخى» 86 — 87 ـ بەتلەر.

⑬ ر. ن فىرايى: «بۇخارا تارىخى» نىڭ 295 ـ ئىزاھاتىدا تەبەرىنىڭ خاتىرىسىنى «تالاس ھۆكۈمرانى ئەسىرگە ئېلىندى» دەپ تەرجىمە قىلغان. شۈبھىسىزكى، ئۇ مۇشۇ كىشىنى بىر، دەپ قارىغان.

⑭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑮ تەبەرى: «تارىخىي تەبەرى» Ⅱ، 2133.

⑯ تەبەرى: «تارىخىي تەبەرى» Ⅱ، 2194 ـ 2195؛ «بۇخارا تارىخى»، 87 — 97 ـ بەتلەر (بولۇپمۇ 92 ـ بەت)؛ «تارىخىي بەيھەق» 68 ـ بەت.

⑰ مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» 11 ـ پاراگراف.

⑱ نەقىل ۋە تەپسىلىي بايانلارنى كېيىنكى ماۋزۇلاردىن كۆرۈڭ.

⑲ مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» 5 ـ توم، 150 ـ بەت، 3 ـ ئىزاھ.

⑳ ج. كلاۋسون: «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 438 ـ بەت.

㉑ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، «خانلار نەسەبنامىسى» غا قاراڭ. پرتساكنىڭ «ئۇنۋانلار» ناملىق ماقالىسىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمىدىم. ئەمما، ئۇ «قاراخانىيلار تارىخىدىكى تالاش ـ تارتىشتا تۇرۇۋاتقان بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسىدە (ۋېي لياڭتاۋنىڭ تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىلى 2 ـ سان) مەزكۇر ئاتاقنىڭ ئەڭ دەسلەپ توغانخان زامانىسىدىكى (415 ـ 418/1024 ـ 1025) پۇللاردا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

㉒ 8 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى مەزكۇر سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئەۋالىنى ج. كلاۋسوننىڭ «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 438 ـ بەتتىن كۆرۈڭ.

㉓ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» فاكسىمىل 228 ـ بەت.

㉔ لۇئىس: «تۈرك تىلىنىڭ گراماتىكىسى» 59 ـ 60، 220 ـ بەتلەر.

㉕ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» فاكسىمىل 605 ـ بەت.

㉖ «قۇتادغۇبىلىك» خەنزۇچە تەرجىمە، 573 ـ بەت؛ كلاۋسون 8 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇرچە مانى ۋەسىقىلىرى ۋە بۇددىزىم تېكىستلىرىدە بۇ سۆزنىڭ «جەسۇر»، «باتۇر» دېگەن مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. («13 ـ ئەسىردىن

بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتمولوگىيە لۇغىتى» 515 ـ بەت).

㉗ مەھمۇد قەشقەرى، فاكسىمىل 605 ـ بەت. بۇ يەردىكىسى ج. كلاۋسۇننىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى (515 ـ بەت) دىكى بايانىنىڭ تەرجىمىسى.

㉘ ئىبنۇل ـ ئەسىر «تارىخىي ئۇمۇمىيە» 8 ـ توم، 132 — 134 ـ بەتلەر.

㉙ م. ن. فېدورۋ (1983): «10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر قىسقىچە بايان» 111 — 112 ـ بەتلەردىكى دەلىللەشكە قاراڭ. مەن يولداش ۋېيشىڭنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم.

㉚ تەبەرى ۋە ئىبنۇل ـ ئەسىر خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا 904 ـ يىلى سان ـ ساناقسىز تۈركلەر ماۋەرەئۇننەھرنىڭ شىرتىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلغان، بۇ قوشۇندا قوشۇن سەردارلىرىنىڭ تۈرۈشى ئۇچۇن تەييارلانغان تۈركلەرنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىلىك چېدىرىدىنلا 700 نەچچىسى بولغان. شۇ چاغدا ئىسمائىل قوشۇن تارتىپ ياۋغا قارشى ئاتلانغان.

㉛ بارتولد 1977، 254 — 256 ـ بەتلەر.

㉜ پرتساك 1951، 286 ـ بەت.

㉝ پرتساك 1951، 280 — 281 ـ بەتلەر. تىرناق ( ) ئىچىدە بېرىلگىنى پرتساكنىڭ سۆزى، چاسا تىرناق [ ] ئىچىدە بېرىلگەنلىرى بولسا مەن تېكىستنى چۈشىنىشتىكى راۋانلىق مەسىلىسى ئۈچۈن قوشقان سۆزلەر. بۇلار ئەسلىي مەنىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

㉞ ئابې تاكېئو: 1955، 395 ـ بەت؛ خەنزۇچە تەرجىمىسى 286 ـ بەت. ئابې تاكېئو بۇ جايدا ئېنىقسىز بولغان مەزكۇر ماتېرىيالغا تايىنىپ تۇرۇپ، قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېگراسىنى غەربتە سىر دەريا بويلىرىغا ھەتتا ئامۇ ۋادىسىغا يەتكەن، دەپ

دەلىللىگەن. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

㉟ پرتساك 1951، 281 ـ بەت.

㊱ $EI^2$ ۋە $EI^2$دىكى «ئىبنۇل فەقىھ» گە ۋە جاڭ گۋاڭدا، ۋاڭ شياۋفۇ 1984 كە قاراڭ.

㊲ پرتساك 1951، 281 ـ بەت. 2 ـ ئىزاھ.

㊳ پرتساك 1951، 281 ـ بەت 2 ـ ئىزاھتا مۇنداق دەيدۇ: «. . . . . . بۇ بۆلەك ياقۇتنىڭ ‹يەرناملىرى قامۇسى› دىمۇ ئۇچرايدۇ. (1 ـ توم، ليپزىگ، 1866 ـ يىل، 840 ـ بەت) مەن ياقۇتنىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن مەشھەد قولىيازمىسىدىكى بەزى كىچىك سەۋەنلىكلەرنى تۈزەتتىم».

㊴ «تۈركمەنىستان ۋە تۈركمەنىستان تارىخىغا دائىر مەنبەلەر» 153 — 154 ـ بەتلەر. مەن ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدىلاندىم.

㊵ بېيرۇت نۇسخىسى، 1979 ـ يىل، 2 ـ توم 23 ـ 26 ـ بەتلەر.

㊶ ئىبن فەزلان ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى $EI^1$ۋە $EI^2$دىكى «ئىبن فەزلان» ماۋزۇسىدىن كۆرۈڭ. ئا. پ. كاۋالېۋىسكىينىڭ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشىنى، تەرجىمىسىنى ۋە ئىزاھىنى «ئىبن فەزلان ۋە ئۇنىڭ بۇلغار ئېلىگە ساياھىتى (922 ـ 921)» دىن كۆرۈڭ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا مەشھەد قولىيازمىلىرىدىن قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ، پايدىلىنىشقا بەكمۇ قولاي.

㊷ ئابې تاكېئو 395 — 396 ـ بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمىسى 286 — 287 ـ بەتلەر (خەنزۇچە تەرجىمىسىدە خاتالىق بار).

㊸ پرتساك 1951، 281 ـ بەت.

㊹ «بارسخانىيلار» دەپمۇ ئاتاشقا بولىدۇ.

㊺ رەسمىي تېكىستتە al—Madjghariyya دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان.

㊻ مەسئۇدىنىڭ بىر ئەسىرىنىڭ نامى. بۇ ئەسەردە مەركەزلىك ھالدا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ. كېيىن بولارنىڭ ھەممىسى «ئالتۇن يايلاق» قا كىرگۈزۈلگەن. EI[1] دىكى «مەسئۇدى» غا قاراڭ.

㊼ EI[2] نىڭ «ئافراسىياب» ماقالىسىغا قاراڭ. مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 21 - باب «ئەڭ دەسلەپكى پارس پادىشاھلىرىنىڭ ۋە ئۇلار ھەققىدىكى پاراڭلار» دا (540 - پاراگراف) ئەفراسىياب تۈرك مەملىكىتىدە تۇغۇلغان، دەيدۇ. 554 - پاراگرافتا ئۇنىڭ پارسلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

㊽ تەبەرى «تارىخى تەبەرىي» I. 991 — 992 - بەتلەر؛ «تارىخى ياقۇبىي» 1 - توم، 166 - بەت.

㊾ مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق» 24 - باب 632 — 633 - پاراگراف. «ئالتۇن يايلاق» نىڭ فرانسۇزچىسىنى ئىشلىگەن تەرجىمان بۇ ئادەمنى Hormizd Ⅳ زامانىسىدىكى تۈركلەرنىڭ سەردارى دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. (237 - بەت)

㊿ دې. گويې ئىلگىرى بەلخى بىلەن ئىستەخرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىنى كۆرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئەمما، بىز بارتولدنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن پايدىلاندۇق (1970، 15 — 23 - بەتلەر) EI[1] ۋە EI[2] دىكى «بەلخى» ۋە «ئىستەخرى» ماقالىلىرىغا قاراڭ.

(51) ئىستەخرى: «ئەللەر» (BGA، 1 - توم) 286 - بەت.

(52) پەرغانىدىكى ئۆزكەندنىڭ شەرقىي شىمالىي قارلۇقلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولسا كېرەك.

(53) ئىبن ھەۋقەل: «جايلارنىڭ ئەھۋالى» (BGA 2 - توم، 8 — 9 - بەتلەر) دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، ماۋارەئۇننەھرنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى (توبۇتلەرنىڭ

غەربىي شىمالى، قارلۇقلارنىڭ غەربىي جەنۇبى) «چىن ماكانى» جۇڭگو بىلەن ئوتاشمايدۇ. بۇ جاي ئۇدۇننى كۆرسەتسە كېرەك. پرتساك (286 ـ بەت) قايتا ئىشلىگەن خەرىتىدە بۇ جاي يوق.

٥٤ بۇ ھەققىنكى نەقىلنى كىتابىمىزنىڭ 3 ـ باب 3 ـ پاراگراف «3. بەلىغ ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى توققۇزغۇزلاردىن» كۆرۈڭ.

٥٥ ئىبىن ھەۋقەل: «جايلارنىڭ ئەھۋالى» (BGA، 2 ـ توم) 13 — 14 ـ بەتلەر (12 ـ پاراگراف).

٥٦ ئىبىن ھەۋقەلنىڭ ئەسىرى 977/367 ـ يىلى تاماملانغان، «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» 982/272 ـ يىلى يېزىلىشقا باشلىغان. خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىبىن ھەۋقەلنىڭ ئەسىرىنىڭ تارقالغانلىقى ھەققىدە بىرەر خاتىرە يوق، شۇڭا «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» نىڭ ئاپتورىنىڭ مەزكۇر ئەسەردىن پايدىلانغانلىقىنى قىياس قىلىش قىيىن. «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى ئىبىن ھەۋقەلنىڭ ئەسىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما ئىستەخرىنىڭ «ئەللەر ناملىق ئەسىرىدە (BGA, 1 ـ توم) ئۇچرىمايدىغان ئەھۋاللار توغرىسىدا مىنورىسكىي كىشلەرنى «ئىبىن ھەۋقەل ئىستەخرىنىڭ ئەسىرىدىكى پۈتكۈل قۇرلارنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن» ئەھۋالغا دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. (مىنورىسكىي 1970، 355 ـ بەت) تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىبىن ھەۋقەلنىڭ ئەسىرىدىكى مەنبەگە ئاساسلانغاندا «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى بەزى ئوخشاشلىقلارمۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» 89 ـ بەت No25 داۋامى دېيىلىدۇ: «ئىسپىجاب بىلەن (سىر دەرياسى) ئارىلىقى، پۈتكۈل ئىسپىجابنىڭ يايلىقى، شۇنداقلا شاش، فاراب ۋە Kunjdih نىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئىسلامغا كىرگەن ۋە جەگدىن قول ئۈزگەن بىرەر مىڭچە تۈرك ئائىلىسى (چېدىرى) بار». ئۇنىڭدىن سىرت، «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» No 25 ـ 93 تىكى تالاس

ھەققىدىكى تەسۋىرمۇ ئىبن ھەۋقەلنىڭ ئەسىرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا جەڭدىن قول ئۈزگەن تۈركلەر ھەققىدىكى ئىككى ئەسەردە بېرىلگەن ماتېرىيال ئېھتىمال زاماندىش مەنبەنى ئاساس قىلغان بولسا كېرەك. ئىبن ھەۋقەلنىڭ ئۆز ئەسىرىدە «ئىستەخرىنىڭ دەريا سىرتى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنى ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىلغان، دېگەنلىكى، ئىسلامىيەتنىڭ غەربتىكى ئۆلكىلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىنى كەمتۈك بولۇپ قالغان، دېگەنلىكىنى ئويلاشقاندا يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەردىكى جەڭدىن قول ئۈزگەن تۈركلەر ھەققىدىكى ماتېرىيال ئىستەخرىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان بولۇشى ئېھتىمال تولىمۇ يېقىن. يەنە كېلىپ ئەسلىي نۇسخىسىدىن ئەمەس قىسقارتىلما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان.

⑰ بارتولد 1970، 27 ـ بەت.

⑱ مىنورىسكىي 1970، 98 ـ بەت؛ مەرۋەزى، 31 ـ بەت، پرىتساك 1951، 271 ـ بەت ئۆچىدا گىنفۇ 1975.

⑲ ۋاڭ شياۋفۇ 1992 89 ـ ئىزاھ.

⑳ مەرۋەزى، 142 ـ بەت.

㉑ ئەسلى مەتنىدە «تاغنىڭ سول يېقىدا» (يەنى شەرقىدە) دېيىلگەن. مىنورىسكىي 1970، 90 ـ بەت.

㉒ مەرۋەزى، 31 ـ بەت.

㉓ مىنورىسكىي 1970، 300 — 301 ـ بەتلەر.

㉔ جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ 1989، 32 ـ بەت. ئۇنىڭدىن سىرت تاڭ دەۋرىدىكى تەڭرىتاغ رايونىدا ياشىغان 达奚 (dat—riei) يەنى توخسىلارنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى.

㉕ مىنورىسكىي 1970، oN 15 ـ 21، 13 ـ 1.

㉖ «ئەرش يولىدىكى ئاجايىباتلار» دە كۇسەنىڭ غەربىدە «گېلۇ دۆلىتى» (割鹿国) نىڭ بارلىقى، راھىب شىڭ چىن قاتارلىقلارنىڭ گېلۇ دۆلىتىدىن ئۆتكەنلىكى خاتىرىلىنىدۇ. بۇ

گېلۇلار ۋە «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم» دىكى ئۈچ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان قارلۇقلارنىڭ قېپقالغان قوۋمىدىن بولسا كېرەك.

⑥⑦ بۇ يەر نامى گەردىزىنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مىنورىسكىي (1970، 289 ـ بەت) گەردىزىنىڭ قولىيازمىسىدىكى بۇ سۆز (J1، 7 ـ قۇر) Tumkat دەپ ئوقۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىدىن دوكلات» (بارتولد 1897) تا بۇ سۆزنى Navikat (يېڭى شەھەر) دەپ ئوقۇغىنى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ كۆرسىتىدۇ. سۆزنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا مىنورىسكىينىڭ پىكرى يوللۇقتەك قىلىدۇ. ئەمما، بىز قۇدامەنىڭ ئەسىرى (BGA، 6 ـ توم، 206 ـ بەت) دىكى «ناۋىكەت ناھايىتى چوڭ شەھەر. ئۇ جايدا بارسخانغا بارغىلى بولىدىغان بىر چوڭ يول بار» دېگەن قۇرلارغا ئاساسەن يەنىلا گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىكى يەر نامى Navikat دەپ ئوقۇشقا مايىل بولدۇق. بۇ يەردە ۋاقتىنچە مىنورىسكىينىڭ پىكرى قوبۇل قىلىنىدى.

⑥⑧ Padshai jabghuy نى مىنورىسكىي «يابغۇ پادىشاھلىقى» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ ئانچە توغرا بولمىغاندەك قىلىدۇ.

⑥⑨ مۇقەددەسى: «ئەللەر» (BGA، 3 ـ توم، 264 ـ، 48 ـ بەتلەر). ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، L. ban دېگەن جاي بالاسۇغۇنغا ناھايىتى يېقىن ئىكەن. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى شەھەرلەر» دە ئۇنى كېيىنكى ئىسىم بىلەن قوشۇپ بىر قىلىپ قويغان (Labanshuy)، ئەمما بۇنىڭ تارىخىي پاكىتىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان.

⑦⓪ مىنورىسكىي 1970، 292 ـ بەت.

⑦① مىنورىسكىي 1970، 298 — 300 بەتلەر.

⑦② جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ 1989.

⑦③ نىزامۇل ـ مۇلۇك: «سىياسەتنامە» 224 ـ بەت؛ 218 — 223 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(74) پرتساك (1951) قاراخانىيلار قوشۇنى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل شەرھى زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

(75) «1873 - يىلى يەركەنگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىنىڭ دوكلاتى» كالكۇتتا، 1875 - يىلى، 121 - بەت.

(76) ر. شاۋ: «شەرقىي تۈركىستان» (قەشقەر ۋە يەركەن) دىكى تۈرك تىلىنىڭ ئەھۋالى» لاھور، 1875 - يىلى.

(77) «تەبەقاتى نەسرى» لوندون، 1881 - يىلى، 901 — 902 - بەتلەر.

(78) «مۇھەممەد (ئەرەب) سۇلالىلىرى: خرونولوگىيە ۋە جەمەت شەجەرىسى» لوندون، 1893، ئاپتور ماتېرىياللىرىنىڭ «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شەرق تىللىرى بۆلۈمىدىكى پۇلشۇناسلىق ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگى. قوشۇمچە» دىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

(79) ن. ئېلىئاس، د. روس: «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» 1898 - يىلى، 286 — 287 - بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمە 1983 - يىلى (2 - كىتاب) 193 — 194 - بەتلەر.

(80) گرېنارد: «‹تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان› ۋە ئۇنىڭ تارىخى» 5 — 79 - بەتلەر.

(81) ئې. برتشنېيدېر: «شەرقىي ئاسىيا مەنبەلىرىدىن ئوتتۇرا ئەسىر بويىچە تەتقىقاتلار» لوندون 1888 - يىلى، 252 - بەت؛ ف. ستكرىن ۋە د. روس: «ئاسىيانىڭ يۈرىكى» لوندون، 1899 - يىلى، 119 - بەت. 1874 - يىلى گرىگورىيوۋ تۇنجى قېتىم رەسمىي ھالدا «قاراخانىيلار خانىدانلىقى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ماقالىسىنى بىز كۆرەلمىدۇق.

(82) بارتولد 1977، 18 - بەت؛ بارتولد 1935، خەنزۇچە تەرجىمە 80 - بەت.

(83) پرتساك 1951، ۋېي لياڭتاۋنىڭ تەرجىمىسىگە قاراڭ.

⑧④ دەسلەپ 1974 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان، كېيىن خانېدا ئاكىرانىڭ «مەركىزىي ئاسىيا ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلدى. (كيوتو، 1983، 435 — 488 ـ بەتلەر).

⑧⑤ ۋاڭ رىۋېي: «پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» «يۇيگوڭ» ژۇرنىلى 4 ـ جىلد 5 ـ سان (1935 ـ يىللىق 11 ـ ئاي)، فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار 1956، 51 ـ بەت.

⑧⑥ ۋېي لياڭتاۋ 1986، ليۇ زىشياۋ 1985.

⑧⑦ يەنى «تەزكىرەئى بۇغراخان (1)»، «تەزكىرەئى بۇغراخان (2)» ۋە «تەزكىرەئى بۇغراخان (3)» قاتارلىقلار بىر دەك شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىيالللىرى» نىڭ 16 ـ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن (1988 ـ يىلى 1 ـ ئاي).

⑧⑧ «قاراخانىيلار جەمەتىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى بويىچە تەتقىقات» ناملىق ماقالە دەسلەپ «يۈەن سۇلالىسى تارىخي ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخي بويىچە تەتقىقاتلار مەجمۇئەسى» نىڭ 12 ـ 13 ـ قوشما سانىدا (1989 ـ يىلى 10 ـ ئاي — 1990 ـ يىلى 2 ـ ئاي) ئېلان قىلىنغانىدى.

⑧⑨ بارتولد 1977، 20 ـ بەت.

⑨⓪ «تەبەقاتى ناسىرى» لوندون، 1881 ـ يىلى، 901 — 902 ـ بەتلەر.

⑨① ئەسلىي تېكىستتە Satuk-karachar دېيىلگەن ئەڭ ئاخىرقى «r» ھەرپى «n» بولسا كېرەك.

⑨② ئەسەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ساتۇق (خوجا) ھەققىدە بۇ ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە ئۇ كىشى كاپىر ئىكەن ۋە تۈركىستانغا ھاكىم بولغانىكەن. بىر قېتىم مۆھىم چۈش كۆرگەندىن كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بوپتۇ ۋە ئىسلامغا كىرىپتۇ.

بۇ ئېھتىمال 927/315 ـ يىلى ياكى 933/320 ـ يىللىرىدىكى ئىشلار
بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ھېچقاندا خاتىرە يوق».

⑬ گەردىزى ۋە ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ خاتىرىلىرى ئۆز ئارا
ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بارتولد (1977، 10 ـ بەت) سالامنىڭ
ئەسىرى ئاشۇ ئىككىيلەن ئۈچۈن مەنبە بولغان، دەپ قارايدۇ.
(سالام 955 ـ يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان). سالاممۇ
ساتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇشى
مۇمكىن.

(94) سەمئانى: «كىتابۇل ـ ئەنساب» 470B ـ
471A، 472 ـ بەتلەر. «قەشقەر تارىخى» دىن باشقا يەنە
سەمئانىينىڭ «كىتابۇل ئەنساب» (470B ناملىق ئەسىرىدە
ئالمائىنىڭ «سۆرراھ لۇغىتى» نى كۆرۈشكە بولىدۇ.

(95) مەن 1989 ـ يىلى تاماملىغان دوكتورلۇق
دىسسېرتاتسىيەمنىڭ (خۇا تاۋ 1989 a) 47 ـ بېتىدە «ئالمائى
ئاتىسىدىن 20 يىل بۇرۇن ۋاات بولغان، ئۇنىڭ قازا قىلغان
ۋاقتى 466 ـ يىلى (1073 ـ 1074) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە»
دېگەنىدىم. بۇ خاتا بولغانىكەن.

(96) سەمئانى: «كىتابۇل ـ ئەنساب» 472B، بارتولد
1898، 129 ـ بەت.

(97) بارتولد 1898، 130 ـ بەت.

(98) بىلگە كۆل: ئەسلىي قولىيازمىدا چېكىت چۈشۈپ
قالغان. بارتولد (1898، 130 ـ بەت) ئالدىدىكى سۆزنى Bilka
دەپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. كېيىنكى سۆزنى ج. ماركۋارت
Uighur دەپ ئوقۇسا، پرتساك Kur دەپ ئوقۇغان (پرتساك
1951، 293 ـ بەت). بىز ۋاقتىنچە پرتساكنىڭ ئوقۇغىنىنى
ئاساس قىلدۇق. خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە پەقەت 阙毗伽 دەپلا
خاتىرىلەنگەن، 伽毗阙 دېگەن شەكلى ئۇچرىمايدۇ.

(99) ئەسلىي مەتنى Afrasiyab b. Basank Ast (?)b. Tur

Rasman Nuh. ۋە b. Afridun b. . . . b. Karktan (?) Yafth b. مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» نىڭ 540 - پاراگرافىدا ئافراسىيابنىڭ تولۇق ئىسمىنى Farasiyab b. Bashank b. Zay Arsan b. Turak b. Sabaniyasib b. Tuh b. Dusurun b. Tudj b. Afidun. دەپ يازىدۇ.

[100] ئىبنۇل - ئەسىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» 11 - توم، 82 - بەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاڭلىشىمچە قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆدۈن، تالاس قاتارلىق تۈركىستان رايونى ۋە بۇ جايغا قوشنا جايلارنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى خاقانىيە خانىدانلىقىدىكى تۈرك پادىشاھلىرىنىڭ قولىدا بولغانىكەن. ئۇلار مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئافراسىياب تۈرك ئۇرۇقىدىن، ئەمما ئۇلار ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىسمى ساتۇق بۇغراخان. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ مەئەللەقتىن چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا تۈرك تىلىدا سۆزلەپتۇ. سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ‹مۇسۇلمان بولغىن! مۇسۇلمان بولساڭ ھەر ئىككىلا ئالەمدە ياخشىلىق ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈشىدە مۇسۇلمان بوپتۇ ۋە تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئۆز قارارىنى جاكارلاپتۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇسا بىن ساتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. ئاشۇ مەملىكەتنى ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئارسلانخان مۇھەممەد ئىبن سۇلايمان بىن داۋۇد بۇغراخان بىن ئىبراھىم تاۋغاچخان بىن ئىلىك نەسر ئارسلانخان بىن ئەلى بىن مۇسا بىن ساتۇق دېگەن زات تەختكە چىققانغا قەدەر سوراپتۇ. ئۇ قوشۇن تارتىپ قەدىرخانغا قارشى چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋاپتۇ. سەنجەر قەدىرخاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىز 494 - يىلىدىكى (1100 - 1101 - يىللار) ۋەقەلەر باياندا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. پادىشاھلىق ئارسلانخانغا تەۋە بولغاندا ئۇ مەزمۇت تەخت تۇتالىغانىدى» ساتۇقنىڭ ئىسمى

«تارىخىي ئومۇمىيە» نىڭ (Tornbeng نەشرىدە)، Sh. B. Q
«تارىخىي ئومۇمىيە» نىڭ بېيرۇت نەشرىدە، Sh. B. Q دەپ ئېلىنغان.

[101] «قىسقىچە تارىخلار ۋە قىسسەلەر مەجمۇئەسى» (230 - بەت) Abi Nassr Ahmad b. Ali b. musa b. s. n. دېگەن قۇرلار بار. بۇ يەردىكى مۇسانىڭ ئاتىسى Kuchah Kafiro (ساتۇق خوجا) S. t. kuchau ئەسلىدە S. n. kuvhsh (Kafir) نىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك.

[102] بارتولد 1977، 209 - بەت.

[103] ئاتېبشى ھەققىدىكى خەنزۇچە ۋە مۇسۇلمانچە خاتىرىلەرنى خۇاتاۋ 1989 - دىن كۆرۈڭ.

[104] پرتساك 1951، 287 — 290 - بەتلەر.

[105] پرتساك 1951، 294 - بەت

[106] نىزامۇل مۇلۇك: «سىياسەتنامە» 220 - ۋە 224 - بەت.

[107] ئىبنۇل - ئەسىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» 8 - توم، 410 - بەت.

[108] «يېڭى بەش دەۋر تارىخىي» 74 - جىلد، «كونا بەش دەۋر تارىخىي» 39 - جىلد، «بەش دەۋر تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» 29 - جىلد؛ خامىلتوننىڭ تەتقىقاتىنى كۆرۈڭ: خامىلتون 1955، 98 — 100 - بەتلەر.

[109] پرتساك 1951، 294 — 295 - بەتلەر.

[110] گرېنارد 1900، 36 — 37 - بەتلەر.

[111] خامىلتون 1955، 94 — 100 - بەتلەر، بولۇپمۇ 94 — 95 - بەتلەردىكى ئىزاھ، خەنزۇچە تەرجىمىسى 101 — 103 - بەتلەردىكى 4 - ئىزاھ.

[112] خ. بېيلىي: «قەدىمكى خوتەندىكى ساك مەدەنىيىتى» 91 — 92 - بەتلەر. موڭغۇللار زامانىسىدىمۇ خېشى رايونىدا

渾 قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى ھەيران قالارلىق ۋەقە. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 170 ـ جىلد «يۈەن يۈنىڭ تەرجىمىھالى» دە يۈەنشىيەن يىللىرى شىشيا، جوڭشىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ تىنچلاندۇرغۇچى ئورۇنباسار سىلاۋچى بولغان يۈەن يۇ ئوردىغا «غەربىي شىيا زېمىنىدا چىياڭلار، 渾 لار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنى ئايرىۋالماق قىيىن» دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات سۇنغان.

[113] پرتساك 1951، 296 ـ بەت.

[114] بارتولد 1898، 132 ـ بەت.

[115] م. ن. فېدوروۋ: «10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شەرقى قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تارىخىدىن بايان» (چىن ۋېيشىڭنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم)، توۋەندىكى ئايرىم ئىزاھلانمىغان نەقىللەر بىردەك مۇشۇ ئەسەردىن ئېلىندى.

[116] ۋېي لياڭتاۋ 1986، 103 — 112 ـ بەتلەر.

[117] س. بوسۋورخ 1980، 101 — 102 ـ بەتلەر.

[118] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئېنگلىزچە).

[119EI²] نىڭ «ئافراسىياب» ماۋزۇسىغا قاراڭ. مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» تا (372 ـ پاراگراف) ئافراسىيابنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قارلۇقلار بىلەن باغلاپ قارايدۇ. خۇاتاۋ (b) 1990، 111 — 112 ـ بەتلەر.

[120] «تەزكىرەئى بۇغراخان (Ⅰ)» ۋە «تەزكىرەئى بۇغراخان (Ⅱ)» غا قاراڭ.

[121]BGA، 3 ـ توم، 337 ـ بەت.

[122] بارتولد 1977، 255 — 256 ـ بەتلەر.

[123] «تەزكىرەئى بۇغراخان (I)» دا (بەت) 409 ـ يىلى (1018 ـ 1019) قازا قىلغان، دېيىلىدۇ: «تەزكىرەئى

بۇغراخان ( Ⅱ )» ۋە «تەزكىرەئى بۇغراخان ( Ⅱ )» دا بولسا 429 ـ يىلى (1037 ـ 1038) قازا قىلغان دېيىلىدۇ.

[124] گرېنارد: 1900، 33 — 34 ـ بەتلەر؛ پرتساك 1951، 292 — 293 ـ بەتلەر.

[125] گرېنارد 1900، 34 ـ بەت 1 ـ ئىزاھتا «تارىخىي ئومۇمىيە» دىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئىبىن خەلدۇن سۆز ـ ئىبارىلىرى سەل ـ پەللا پەرقلىنىدىغان جۈملىلەر بىلەن ئوخشاش بىر ۋەقەنى بايان قىلغان، ئەمما ئۇ بۇغراخاننىڭ ئاتام نامى ‹تۈرك پادىشاھى بۇغراخان› ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنى ئىبنۇل ـ ئەسىر ‹بۇغرا› دەپ يازىدۇ».

[126] ما شياۋخې: «ئىبىن خەلدۇن» — تەيۋەن شەرق كۇتۇپخانىسى شىركىتى، 1993 ـ يىلى.

[127] بارتولد 1997، 4 ـ بەت.

[128] ئىبنۇل ـ ئەسىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» 8 ـ توم، 124 — 125 ـ بەتلەر.

[129] ئىبنۇل ـ ئەسىر: «تارىخىي ئومۇمىيە» 8 ـ توم، 131 — 132 ـ بەتلەر.

[130] قارا تېكىن: «تارىخىي ئومۇمىيە» 8 ـ توم، 79 ـ، 492 ـ بەتلەر؛ توغان تېكىن: «تارىخىي ئومۇمىيە» 8 ـ توم، 133 ـ بەت.

[131] ئەسلىي تېكىستنى ياقۇتنىڭ «يەر نامىلىرى قامۇسى» نىڭ 3 ـ تومىدىكى Sin (جۇڭگو) ماۋزۇسىدىن كۆرۈڭ، ئىنگلىزچىسىنى خ. يۇلىنىڭ «جۇڭگو ۋە ئۇ يەرگە بارىدىغان يول» I (لوندون 1866، 186 — 193 ـ بەتلەر) دىن كۆرۈڭ؛ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى فېلىك چېنجۇننىڭ «ئەرەب سەيياھى مىسارنىڭ خاتىرىسىدىكى غەربىي يۇرت قەبىلىلىرى» («غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي

دېگىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى دەلىللەشكە دائىر تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى ، 1963، 184 — 187 - بەتلەر) ناملىق ماقالىسىدىن كۆرۈڭ، ئۇنىڭدا ھەتتا يەرلىك ئاھالىنىڭ شىئەلەر ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ.

[132] پرتساك 1951، 292 - بەت، 5 - ئىزاھ.

[133] EI² «ئەبۇ دۇلەف» ماۋزۇسىغا قاراڭ؛ مايوك: «سامانىيلار خانىدانلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقىسى» — «ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر» 1983 - يىللىق 5 - سان.

[134] سەمئانى: «كىتابۇل - ئەنساب» 486A - بەت؛ ئەسلىي ئەسەردىكى «تۈرك قاغانى» دېگەن خەتلەر ئېنىق ئەمەس. بارتولدنىڭ مۇقىملاشتۇرۇش پىكرىنى بارتولد 1977، 255 - بەت 5 - ئىزاھتىن كۆرۈڭ.

[135] پرتساك 1951، 292 - بەت.

[136] «قىرغىزس س س ر تارىخىي» 1 - توم، 291 - بەتتە: «جامال قارشىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغان ئاساسلانغاندا بۇ ۋەقە سامانىيلار خانىدانلىقىدا ئابدۇلمەلىك بىن نۇھ زامانىسىدا (954 - 961) يۈز بەرگەن» دېيىلىدۇ.

[137] «شۇ يىلى تەخمىنەن 200 مىڭ تۈرك ئىسلام دىنىغا كىردى».

[138] بارتولد 1956 (2) ، 99 - بەت.

[139] پرتساك1951، 296 - بەت، ۋېي لياڭتاۋ 1986، 77 — 78 - بەت.

[140] خ . ن . بىيلىي: «ۋىسارا ۋە تويىنلار» MA، 1964.

[141] مۇقەددەسى: «ئەللەر» (BGA، 3 - توم) 275 - بەت.

[142] يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

[143] «تەزكىرەئىي بۇغراخان (2)» 19 - بەت،

«تەزكىرەئى بۇغراخان (3)» 49 — 50 ـ بەتلەر.
[144] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 146 ـ بەت.
[145]BGA، 1 ـ توم 333 ـ بەت.
[146] پرتساك 1951، 291 ـ بەت.
[147] خانېدا ئاكىرا: «سوغدىلارنىڭ شەرقتىكى پائالىيىتى» 409 — 434 ـ بەتلەر.
[148]BGA، 1 ـ توم، 288 ـ بەت.
[149]BGA، 3 ـ توم، 324 — 326 ـ بەتلەر.
[150]ئا. پ. كاۋالېۋسكىي: «ئەھمەد ئىبن فەزلاننىڭ ئەسىرى» فاركوۋ، 1956 ـ يىلى.

قوشۇمچە I

# قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خان نەسەبى توغرىسىدىكى تەتقىقات

يۈز نەچچە يىللار مابەينىدە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يەنى خان جەمەتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر بېسىقمىدى. مۇتەخەسسىسلەر ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئون نەچچە خىل قىياسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ① بۇنىڭ ئىچىدە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان نەسەبى «ياغمالاردۇر»، «قارلۇقلاردۇر»، ۋە «ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەندەك ئۈچ خىل قاراشنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇلاردىن «ياغمالاردۇر» دېگەن قاراش مەشھۇر ئالىم بارتولدنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن بولۇپ 60 ـ، 70 ـ يىللاردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم مۇھىم ماقالىلەر بۇ خىل قاراشنى سۈيىئىستېمال قىلغان. خان نەسەبى «قارلۇقلاردۇر» دېگەن قاراشنى داڭلىق تۈركلوگ پرتساك تەپسىلىي دەلىللىگەن. ھازىر نۇرغۇنلىغان غەربلىك ئالىملار بۇ قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن خادىملار قاراخانىيلارنىڭ خان نەسەبى «ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن قاراشنى تەرىپلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلاردىمۇ بەزى مۇھىم كۆز قاراشلار بار. بۇ يەردە بىز مۇشۇ ئۈچ خىل قاراشلارنى سىستېمىلىق تەھلىل قىلىپ ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ خان نەسەبىنى تەتقىق قىلغاندا قايسى خىل قاراشتىكىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئىسلام

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ساتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيىتى ھەققىدە باشقىچە پىكىردە بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلغەپپارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

ئابدۇلغەپپار 9 ـ ئەسىرلەردە كاشغەردە ياشاپ ئۆتكەن كىشى. ئۇنىڭ «تارىخىي كاشغەر» دېگەن ئەسىرى بار بولۇپ كېيىن يوقاپ كەتكەن. بىراق، 14 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان جامال قارشىنىڭ «مۇلھاتۇس ـ سۇراھ» (سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە) دېگەن ئەسىرىدە ئۇنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ساقلىنىپ قالغان② ئابدۇلغەپپارنىڭ «تارىخىي قەشغەر» دېگەن ئەسىرىدە: ئۇ تۈرك قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئوغۇلچاق قەدرخاننى ئاساسەن قەشقەردە دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قەشقەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى دېيەلەيمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: ئوردا ـ خان تۇرىدىغان جاي، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ئورداكەنت دەپ ئاتالغان. مەنىسى خان تۇرىدىغان جاي ۋە پايتەخت دېگەنلىكتۇر ③ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەر يېنىدىكى ئاتۇشتىن باشقا ساتۇق بۇغراخان ئەڭ بۇرۇن ئىگىلىگەن ئات بېشى دېگەن جاينىمۇ كۆرەلەيمىز. بۇ جاي تالڭ دەۋرىگە مەنسۇپ خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە ئات بېشى دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر پەرغانە ئىسسىقكۆل ئوتتۇرىسىدىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان شەھەر دەپ ئاتالغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان سىياسىي پائالىيەتلىرىدە بۇ جاي قەشقەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق④. ساتۇق بۇغراخان بۇ جاينى ئىگىلىگەندىن كېيىن پەرغانە خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. جۇغراپىيىلىك ئورنى ياخشى بولۇپ ئېگىزلىكتىن قەشقەرنى ئېلىشقا پايدىلىق. چۈنكى، ساتۇق بۇغراخان پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جاي قەشقەرنىڭ غەربىدە بولغاچقا، بارتولد ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ساتۇق بۇغراخان «ھۇدۇدۇل — ئالەم»

دە خاتىرىلەنگەن ياغمالارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئويلاشقان، ھەمدە قاراخانىيلار خانلىق نەسەبىنى ياغمالار دەپ پەرەز قىلغان⑤. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىروسىمۇ «ھۇدۇدۇل — ئالەم» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بۇ خىل قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن⑥.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ھازىر بىزگە 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ياغمالار ۋە قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى «ھۇدۇدۇل — ئالەم» بىلەن گەردىزىنىڭ «زەينۇل — ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدىن كەلگەن. «ھۇدۇدۇل — ئالەم» نىڭ مىروس تەرجىمە قىلغان شەرھى نۇسخىسى بار. «زەينۇل — ئەخبار» نىڭ بارتولد كۆچۈرگەن نۇسخىسى بار. ئۇنى كېيىنچە B. A مارتىنېز ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان. (ئەسلىي ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىمۇ قوشۇپ بېرىلگەن)⑦.

تۆۋەندە بۇ ئىككى ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە بەزى يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز. («زەينۇل — ئەخبار» بارتولدنىڭ كۆچۈرگۈزگەن بەت نامى بىلەن ئېلىندى. «ھۇدۇدۇل — ئالەم» نىڭ سانلىرى باب ئابزاسلىرىنىڭ سانلىرىنى بىلدۈرىدۇ.)

| 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر | ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدىكى پەرەزلەر |
|---|---|
| ① «زەينۇل — ئەخبار» .88—89) (P.P دىكى ئۇدۇن بىلەن قەشقەر ھەققىدىكى بايانلاردا: «قەشقەر بۇرۇن تىبەت خانلىقىغا قارام بولغان» دەپ قەيت قىلىنغان. | بۇ بەلكى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تىبەتلەر غەربىي رايونلارغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى كونا شەھەر ئەتراپىدىكى تىبەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسەتسە كېرەك. |
| ② «زەينۇل — ئەخبار» .84—85) (P.P ياغمىلار توققۇز ئوغۇزلاردىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى قارلۇقلارغا تايىنىپ ياشايتتى. بىراق، ئۇلار ئۇزلۇكسىز كۈچىيىۋاتقان قارلۇقلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەي قالغان. شۇ سەۋەبتىن تۈرك خانلىرى ئۇلارنى قارلۇقلار بىلەن قىماقلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا، ئۇلار داۋاملىق قارلۇقلاردىن دەككىسىنى يەپ تۇرغان بولغاچقا يەنە قىماقلارغىمۇ تايانغان. كېيىنچە ئۇلار قىماقلارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ تۈركلەر يېنىغا كۆچۈپ بارغان. | بۇ دەل K ساگىلىبدي مۇلاھىزە قىلغانغا ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. قارلۇقلار گەرچە كۈچەيىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا تۈرك خانلىرىغا قارام بولۇپ ياشايتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇز خانى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۈرك خانلىرى بولسا تۈركەش خانىنى كۆرسىتىدۇ ⑧. ياغمىلار توققۇز ئوغۇزلاردىن ئايرىلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن بىر نەچچە مەزگىل ئۆتۈپ تۈركەش خانلىقىغا قارام بىر قەبىلە بولۇپ قالغان. |
| ③ «ھۇدۇدۇل — ئالەم» 10—12 J. imlikathb بۇرۇن قىماقلار قارلۇقلار، ياغمىلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغان. | مىنورىسكىي بىلەن مورى ياسۇتاكائۇنىڭ قارىشىچە بۇ شەھەر تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ئىكەن ⑨. ياغمىلارنىڭ بۇ يەردە قارلۇقلار بىلەن بىرگە ياشىشى ئۇلارنىڭ يەنىلا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چوقۇم تۈركەش خانلىقىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن ئىشلار (يۇقىرىقى ئابزاستىن كۆرۈۋېلىڭ). |

④«هۆدۇدۇل ئالەم» 6 — 21 دەرياسىنىڭ يۇقىرى on. Khaylam ئېقىنىدا Khaylam شەھىرى بولۇپ قارلۇقلار بىلەن ياغمالارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. o.31—1 n دا Ighraj—art تىغىنىڭ قاپتىلىدىكى ياغمالارغا قاراشلىق رايونلار.

Khaylam دەرياسى نارىن دەرياسىدۇر. Khaylam شەھىرى نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مۇھىم بىر شەھەر Ighraj -art تىغى ئادەتتە تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كۆرسىتىدۇ⑩. بۇ ئىككى خاتىرىگە ئاساسەن ياغما قەبىلىسى Ighraj — art نىڭ شەرقى ۋە غەربى قەشقەر بىلەن پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ يەردىكى قارلۇقلار 816 ـ يىلى پەدەرى بىننى سەفالنىڭ زەربىسىگە ئۇچراشتىن بۇرۇنقى ئىشلاردۇر⑪، شۇ سەۋەبتىن قارلۇقلار كۆچەيگەن. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياغمالار جەنۇبقا كۆچۈپ بولغان. «زەينۇل — ئەخبار» ۋە «هۆدۇدۇل — ئالەم» دىكى ياغمالار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك، ياغمالارنىڭ ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بىزنى (توققۇز ئۇيغۇر مەڭگۇ تىشى نىڭ ⑫، 17 ـ قۇرىنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىكى ۋەتەننى قوغداپ ئۇرۇشقان خەلقلەر ياغمالاردۇر⑬ دىگەن قاراشقا ئىگە قىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| ⑤ «هۇدۇدۇل ئالەم» 1-13. No دا قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەزەلدىن قارلۇقلار بىلەن ياغمالاردىن بولاتتى. | (大历后) تۈركەشلەر قارلۇقلارغا (قارام) بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياغمىلار تۈركەشلەرگە مەنسۇپ بىر قەبىلە بولغان. بەلكىم ئۇلارمۇ قارلۇقلارغا قارام بولغاندۇر. مەيلى قانداقلا بولسۇن تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلار تىركىشىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇلار چوقۇم كۈچلۈكلەرگە قارام بولغان. كېيىنچە بەلكىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا («توققۇز ئۇيغۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى 17 ـ قۇر؟) جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ قەشقەر ئەتراپىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. |
| ⑥ «هۇدۇدۇل ئالەم» 1-12. No دە قەشقەر چىنىستان (جۇڭگو) غا قارايدۇ. ئورنى ياغمالار تىبەتلەر، قىرغىزلار ھەم ئۇدۇن ئارىسىغا جايلاشقان⑭. | بىز ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك قىرغىزلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى باغرىدا بولۇشنىڭ پەقەت 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئۇزاققا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار⑮. ئەگەر بۇ ھۆكۈم خاتا بولمىسىلا بۇ بۆلەكتىكى ماتېرىياللار 840 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياغمالارنىڭ قەشقەر ئەتراپىدا ياشىغان ۋاقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. |
| ⑦ «هۇدۇدۇل ئالەم» — 2 13No ۋە 3-13No ئاتۇش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى Khirmiki مەھەللىسىنىڭ ئالدىنقىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكى، كېيىنكىسىدە ياغمالار، قارلۇقلار، ئوغۇزلار ياشىغانلىقى ئېيتىلغان. | توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك⑯. |

شۇنداق قىلىپ بىز ئەرەبچە - پارسچە ماتېرىياللاردىكى ياغمالارنىڭ قەشقەر ئەتراپىدا ياشىغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىل دەۋرلىرىنىڭ 9 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا تەۋە بولۇپ 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ساتۇق بۇغراخان بىلەن باغلاشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ⑰. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى خاملىتون تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بەش دەۋر مەزگىلىدىكى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا «ھۇدۇدۇل — ئالەم» دە ھۆكۈم قىلىنغان گەنجۇ، گۇاجۇ، شاجۇ لىنىيىلىرىدىن كۇچا قاتارلىق جايلىرىغىچە بولغان جايلاردىكى ۋەسىقىلەردە ئەكس ئەتكەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە مەنسۇپتۇر⑱. مىنورىسكىينىڭ قارىشىچە بولغاندا بۇ ئەسەرلەردىكى تىبەتلەرگە دائىر ماتېرىياللار تىبەتلەرنىڭ غەربىي دىيارغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن بۇرۇنقى مەزگىللەرگە ⑲ ۋە بۇ جايلاردىن چىقىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىللەرگە تەۋەدۇر⑳. جاگېزلېدى ( 查格里迪 ) گەردىزىنىڭ «زەينۇل — ئەخبار» ناملىق ئەسىرىنى مۇكەممەل تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭچە غۇزلار، قارلۇقلار، قىماقلار ۋە ياغمىلارنىڭ ماتېرىياللىرى 744 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى، 840 - يىللىرى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى مەزگىللەرگە مەنسۇپ㉑. بۇ تەتقىقاتلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن بىزنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مەزمۇنلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا بىزدە 9 - ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياغمالارنىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللار يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەسەبىنىڭ ياغمالار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمىز. نەتىجىدە قاراخانىيلارنىڭ خانلىق نەسەبى

«ياغمالاردۇر» دېگەن قاراشنى قوللىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىرلا دەلىلى ئېشىپ قالىدۇ. يەنى «قىسقىچە تارىخلار ۋە قىسسىلەر مەجمۇئەسى» ( Mudjimil al—Tawarikh wa al—Qiss ) دىكى بىر ئابزاس خاتىرىدۇر. بۇ ئەسەر 12 ـ ئەسىردە يېزىلغان. ئاپتور نامىنى قالدۇرمىغان㉒. كىتابتا شەرقتىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ناملىرىنىڭ ئاتىلىشى ھەققىدە جەدۋەل بېرىلگەن㉓. ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەڭرىتاغلىرى ئەتراپلىرىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ـ قەبىلە باشلىقلىرى ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلاردۇر.

## شەرقتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىلىشى

| | |
|---|---|
| جۇڭگو: (Chin) ھۆكۈمرانى: Faghfur(天子) | ئېچكى چىننىڭ ھۆكۈمرانى㉔: توققۇزغۇزخان |
| ئۇدۇن ھۆكۈمرانى: ئۇدۇن ئالىيلىرى | ھازارلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ھازارخان |
| تىبەت ھۆكۈمرانى: تىبەت خان | غۇزلارنىڭ ھۆكۈمرانى: يابغۇ |
| ياغمالارنىڭ ھۆكۈمرانى: بۇغراخان | سوغدىلارنىڭ ھۆكۈمرانى: بېك ـ تېكىن |
| چىگىل ھۆكۈمرانى: تېكىن | پەنجىكەنت ھۆكۈمرانى: كۆل بىلگە |
| ؟ ھۆكۈمرانى: M. ghligha | ؟ ھۆكۈمرانى: ئىنال تېكىن |
| سۇياب ھۆكۈمرانى: Y. lan—shan | سالىغ ھۆكۈمرانى: قىلاجۇر |
| ؟ ھۆكۈمرانى: Khaski | بارسخاننىڭ ھۆكۈمرانى: T. bin بارسخان |

| | |
|---|---|
| قەشقەرىيەنىڭ ھۆكۈمرانى: خان | قىماقلارنىڭ ھۆكۈمرانى: تۇتۇق |
| تاتارلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ؟ | شالاجىلارنىڭ ھۆكۈمرانى: خىلىش-ئېركىن |
| ھۇمۇكات ھۆكۈمرانى: يالاۋكات | ئۇلۇغ سوغدىلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ئىخشىد |
| قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانى[25]: ب. راتىق | توقسىن (توخسى) لارنىڭ ھۆكۈمرانى: ق. تېكىن |
| لوبان ھۆكۈمرانى: ق. تېكىن لۇبان | سوغدشانا ھۆكۈمرانى: ئەفشىن |
| جاج ھۆكۈمرانى: Kh. dh. yu | مازارلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ك. ن. د. خ |
| سلاۋىيانلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ؟ | ئورۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ئورۇسخان |
| بۇرتاسلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ؟ | ئارانلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ئارانشاھ |
| ل. ك. زانلارنىڭ ھۆكۈمرانى: ل. زان شاھ | ھىندىلارنىڭ ھۆكۈمرانى: رەي |

بۇ جەدۋەلدىكى ياغمىلارنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئاتىلىشىغا ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان نەسەبى «ياغمىلار» دۇر دېگەن قاراشنى ياقلىغۇچىلار ياغمىلارنىڭ نامىنى قوللانغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىرىمۇ شەرتسىز ياغما قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ[26] بۇنداق دەپ قارىغان بىلەنمۇ يەنىلا كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكى خاتىرىلەنگەن «بۇغراخان» ياغما قەبىلىسىنىڭ بىردىن - بىر ياكى ئەڭ مۇھىم نام ئاتىقى. بىراق، ئەمەلىيەتتە «بۇغراخان» قاراخانىيلاردا بولسا ئۇرغۇن ئاتاقلارنىڭ بىرى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇغرا ئاتالغۇسى ھەققىدە توختالغاندا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «نار تۆگە»

دېگەنلىك بولىدۇ. پەقەت بىرلا يەردە ( MS. 542 ) ئۇنىڭ قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نامى دەپ ئېيتقان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇنى ئۇ ئانچە مۇھىم نام ئاتاق قاتارىغا كىرگۈزمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى «قىسقىچە تارىخلار ۋە قىسسەلەر مەجمۇئەسى» دېگەن ئەسەردىكى بۇ ماتېرىياللارنىڭ قانچىلىك پۇت تىرەپ تۇرالىشىغا بىر نېمە دېيەلمەيمىز. شۇنداقلا بۇ نامىسىز ئەدىبنىڭ بۇ جەدۋەلدە ئوتتۇرىغا قويغان «ياغمالار ھۆكۈمرانى» ۋە «قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى» كۆرسىتىپ ئۆتۈشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرەلمەيمىز. ئۆزىمىزگە ئازراق چېكىنىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ «ھۇدۇدۇل — ئالەم»، «زەينۇل — ئەخبار» دىكى مەلۇم جەدۋەللەر بىلەن بەلگىلىك باغلىنىشى بارلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. بىز پەقەت قاراخانىيلار خانىدانلىقى ياغمالاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قىياسنىڭ مۇكەممەلسىز بىرلا دەلىلى بار، دەپ ئېيتالايمىز.

پرتساك قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى قىياسنى دەلىللەش ئۈچۈن قەشقەرىيەنىڭ خانلىرى ئوغۇلچاق قەدىرخان بىلەن ساتۇق بۇغراخان قاتارلىقلارنى قارلۇق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان دەيدۇ㉗. پرتساك ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن «قەشقەر تارىخى» دىكى بىر بۆلەك ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى بىلگە كۆل قەدىرخاننىڭ ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدا ياشىغانلىقىغا دائىر خاتىرىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. بۇ خاتىرىدە «تۈركلەر زېمىنىدا ئەڭ بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن جايلار شاش رايونىدۇر. شاشلىقلار بىلگە كۆل قەدىرخان زامانىسىدا مۇسۇلمان بولغان. ئەينى چاغدا نۇھ بىننى مەنسۇر ئەل ـ رادى ئەس ـ سامانى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇنى ئاقسۇ شەھىرىگىچە چېكىندۈرگەن. نۇرغۇن بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ ئاندىن قايتىپ كەتكەن»㉘. ئۇ يەنە بۇ ئىشنى «خوجا ئەبۇ نەسر

سامانىنىڭ تەزكىرىسى» دىكى نۇھ بىننى ئەسەدنىڭ ھىجرىيە 225 ـ يىلى (850 ـ يىلى) ئاقسۇ شەھىرىنى ئىگىلىگەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلەر خاتىرىسى بىلەن باغلاپ قارايدۇ(30). بىۋاستە ماتېرىياللار كەم بولغان شارائىتتا بۇنداق قاراش قاراخانىيلارنىڭ خانلىق نەسەبىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇنى ئاساس قىلىپلا ساتۇق بۇغراخان قارلۇقلاردىن بولىدۇ، دېيىش كىشىنى قايىل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. «قەشقەر تارىخى» دىكى خاتىرىلەر بىر ئاز مۇجمەل، بارتولد ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ بەك مۇجمەل ئىكەنلىكىنى سامانىيلار سۇلالىسىغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان(31). ئۇ تۈرك رايونىدىكى ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان جاينى شاش دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا، 751 ـ يىلى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار شاشقا چېكىنىدۇ. كېيىنچە قارشىلىق قىلىشلار يەنى سوپىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئوخشاش ۋەقەلەر بولغان بولسىمۇ (806—810)(32)، بىراق شاش رايونى يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا تۇرغان. بولۇپمۇ 816 ـ يىلى پەدىرى قارلۇقلارغا قوشۇن تارتىپ كىرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ شاش رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي سامانىيلار شاش رايونىنى قايتا ئىدارە قىلىدۇ(33). «قەشقەر تارىخى» تىلغا ئالغان ئاتالمىش «ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن» دېگەن سۆز بەلكى مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ ۋەقەلەرگە دائىر خاتىرىلەر بىر قەدەر ئېنىق يېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا يابغۇ دەپ ئاتىلاتتى. يابغۇلارنىڭ ئاستىدا يەنە باشقا قارلۇق «خانلىرىنىڭ» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى(34). شۇڭا، ئاقسۇ شەھىرىگە قوشۇن تارتقان نۇھ بىننى مەنسۇر

راستىنلا نۇھ بىننى ئەسەد بولسا، ئەگەر ئاقسۇ شەھىرىگە قوشۇن تارتقان مەزگىللەردە راستىنلا 839 ـ 840 ـ يىللىرى بولسا㉟ ، ئۇنداقتا ساتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى كۆل بىلگە قارلۇقلاردىكى قەدرخان ئەمەس. تۈركەشلەر تارمار قىلىنغاندىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا يەنە «خان» لارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: «893 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىغا دائىر خاتىرىلەردىن تىلغا ئېلىنغان «خان» نامىلىرى㊱ «خان» دېگەن بۇ نام بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا «قەدر» دېگەن سۈپەتلەشنىڭ بار، يوقلۇقى كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

پىرتساك يەنە 893 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدىكى قارلۇقلار ئوغۇلچاقنىڭ بىر قوۋمى ئۇ «قەشقەر تارىخى» دىكى ئوغۇلچاق قەدرخان بىلەن سامانىيلارنىڭ ئىسمائىل خاننىڭ باغلىنىشلىقى بولغان خاتىرىلەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەم بۇ ئىسمائىلنىڭ تالاسقا قوشۇن تارتقانلىقى دەپ جەزملەشتۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئوغۇلچاق مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ دەپ جەزملەشتۈرىدۇ. پرتساكنىڭ بۇنداق يەكۈنىنىڭ ھېچقانداق بىۋاسىتە ئاساسى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتالمىش قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمرانى كۆل بىلگەنىڭ ئەۋلادى ئوغۇلچاقنىڭ تالاستىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى «قاراخانىيلار خاندانلىقى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى ئىككى ئاساسي بۆلەككە ئايرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ھەر قايسى خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىككىگە بۆلىدۇ (قوش پادشاھلىق تۈزۈم). شەرقىي تارمىقى ھۆكۈمرانلىقىنى چوڭ خان بولۇپ قارا ئوردا (بالاساغۇن) دا تۇرىدۇ. ئارسلان قاراخان دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ، ئۇمۇ ئۆز

نۆۋەتتە نەزەرىيە جەھەتتە قاراخانىيلارنىڭ پۈتكۈل ئاھالىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانى غەربىي تارمىقىنىڭ ھۆكۈمرانى. ئىلىك خان، ئاۋۋال تالاستا كېيىن قەشقەردە تۇرغان. كېيىن، يەنە تالاسقا كۆچۈپ كەتكەن، ئۇ بۇغراخان دېگەن نام بىلەن ئاتالغان» ㊳. گەرچە تالاستىكى خان ئىلىك خان بولسىمۇ ئۇ 893 ـ يىلى تالاستا تۇرالماي قالغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بالاساغۇندىمۇ تۇرالمايدۇ. شۇڭا، باشقا بىر جاينى ئىزدەپ قەشقەرگە كەلگەن. لېكىن، ئەمەلىيەتتە پىرتساك ئەينى ۋاقىتتا بالاساغۇندا پەقەت بىرلا قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى بارلىقى ھەققىدە دەلىللىگەن ئىسپات پۇت تېرەپ تۇرالمايدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى ماتېرىيالى ئىبنۇل — ئەسىرنىڭ «تارىخىي كامىل» دىكى تۇنجى تۈرك پادىشاھى. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 332 ـ يىلى (943 ـ، 944 ـ يىللىرى) سامانىيلار قولىدىكى بۇ پادىشاھ سامانىيلارنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، ساتۇق بۇغراخانغا ياردەم بېرىپ، بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىپ بالاساغۇندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانىنى ئەسىرگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش «سىياسەتنامە» دە شېپى كەلتۈرۈلگەن ھەم بۇ بالاساغۇن ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ قارايدۇ㊴. نىزامۇل ـ مۈلۈكنىڭ «سىياسەتنامە» ㊵ دېگەن ئەسىرىدە دېيىلىشىچە سامانىيلارنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈمرانلىرى 943 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز سىياسىي قالايمىقانچىلىقتا بالاساغۇندىكى كاپىر تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى باھانە قىلىپ ئەسكەر توپلىغان. بىراق، سىياسىي توپىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ باھانىسىگىمۇ ئېھتىياجى قالمىغان. ئەسكەر چىقىرىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغان. «سىياسەتنامە» دە بۇ پىلاننىڭ تەپسىلاتى ئەمەلىيلىشىشى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى بېشارەت بېرىلگەن. «تارىخىي كامىل» دىكى ئۇ

بىر ئابزاس خاتىرىمۇ بىزگە ئوخشاش بولمىغان تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. ئىبنۇل ـ ئەسىر ھىجرىيەنىڭ 332 ـ يىلى سامانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق توپىلاڭ ھەققىدە توختىلىپ ⑪ بۇ يىلدا ئابدۇللا بىننى ئەشكەم ئىبىن نۇھقا ئاسىيلىق قىلدى (331 ـ 943/342 — 954) خارەزمدىن مەرۋىگە كەلدى. ئىبراھىم ئىبىن پارسىنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. قوشۇن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالغاندا، سەپەردە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىبن ئەشكەم تۈرك ھۆكۈمرانىغا مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۈرك ھۆكۈمرانىنىڭ بىر ئوغلى نۇھنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇخارادا نەزەربەند ئاستىدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئوغلىنىڭ دادىسىغا نۇھ مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭدا ئىبن ئەشكەمنى تۇتۇپ بەرسە شاھزادىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تۈرك خانى بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبن ئەشكەم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نۇھقا تەسلىم بولۇپ خارەزمدىن ئايرىلىدۇ. نۇھمۇ ئۇنى ئالاھىدە كۆتۈۋېلىپ ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىدۇ.

بۇ ئابزاس خاتىرىدىكى ئىبن ئەشكەمگە دائىر مەلۇماتلارنىڭ ئالدى ـ كەينى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىبن ئەشكەم پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار خارەزم بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى بالاساغۇن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى تۈرك خانى چوقۇم خارەزم ئەتراپىدىكى تۈرك خانى غۇز تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ پەرەز قىلىش كېرەك. ئەگەر ئىبن ئەشكەم ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى خارەزمدىن غۇز تۈركلىرى رايونلىرىدىن ئۆتۈپ مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تالاسنىڭ شىمالىغا ـ بالاساغۇنغا بارغان بولسا، ئۇ نۇھقا قايتۇرۇلغاندا خارەزمدىن ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوق. يىغىپ

ئېيتقاندا بۇ ماتېرىياللار ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە بالاساغۇندا قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى ماتېرىيالى، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى تۇڭگۇاڭنىڭ 3 - يىلى (925 - يىلى) خۇن جىلۇ، تيەنچېڭنىڭ 2 - يىلى (927 - يىلى) سەركەردە چاڭ مۇجىن، چاڭ شىڭنىڭ 2 - يىلى (931 - يىلى) سەركەردە دۇئارى، تيەنفۇنىڭ 6 - يىلى (941 - يىلى) شۆ توگخەي قاتارلىق تۇرك ئەلچىلىرىنىڭ چىنغا بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن㊷. ماتېرىياللار ئۇنىڭ قارىشىچە بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى تالاپەتكە ئۇچرىغاندا ساتۇق بۇغراخان ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغان سامانىيلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچىلەر ياردەم سوراپ بارغان㊸. ئۇ يەنە «كىدان تارىخى» دىكى تيەنشەننىڭ 3 - يىلى (928 - يىلى) كىدانلارغا ئەلچىلىككە بارغان تۇركلەرنىمۇ قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى، دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قاراش 1900 - يىللىرىلا گرېنارد ئوتتۇرىغا چىقارغان㊹. 1955 - يىلى خامىلتون «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» دىمۇ بۇنداق سېلىشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە توختالغان㊺. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى بىزدە بۇلارنى ئىنكار قىلالىغۇدەك تولۇق ئىسپات يوق. بىراق، خۇنجىلۇ قاتارلىقلارنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرى خېشى كارىدورىدىكى قاراقچى قوشۇنلار، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى قايرىپ قويۇپ كۈچلۈك بالاساغۇن ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىدىن ئاجىز بىر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتكە ئەلچى ئەۋەتىشى ھەققىدە ماتېرىيال مەنبەسى تېخىمۇ كەملىك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بىز خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردىن ئەينى ۋاقىتتىكى خېشى رايونىدا نۇرغۇن ئۇششاق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە «ھون» قەبىلىسىنىڭمۇ

بارلىقىنى بىلىمىز. بەلكى، بۇ تۇغگۇاڭنىڭ 3 ـ يىلى كېيىنكى تاڭغا بارغان خۇنجىلۇنىڭ فامىلىسى بولۇشى مۇمكىن㊻. ئۇنىڭدىن باشقا «كىدان تارىخى» دىكى تيەنشەننىڭ 3 ـ يىلى (928 ـ يىلى) كىدانغا بارغان تۇرك ئەلچىسى بىلەن شىن سەننىڭ تۇنجى يىلى (916 ـ يىلى) كىدان خانى بىۋاستە قوشۇن چىقىرىپ يۇرۇش قىلغان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىگىلىگەن جايىدىكى تۇركلەر بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى بولماي قالارمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن خامىلتوننىڭ «بەش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «شۇنىڭ ئۈچۈن بەش دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىگە ئولپان تۆلىگەن تۇركلەرنى گەنجۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدىكى مەلۇم تۇرك قەبىلىسى، دەپ قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئەمەس» دەپ يازغان.

ئۈچىنچى تەرەپتىن، پرتساك ئارسلان خان دەپ ئاتالغان مۇسا بىننى ساتۇقنىڭ بالاساغۇننى ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىشىدەك بىر ۋەقەدىن بالاساغۇندا ئەسلىدە ئارسلانخان (چوڭ خان) بار ئىدى، دەپ دەلىل كەلتۈرىدۇ㊼. بىراق، مۇسا بىلەن ئالاقىدار بولغان بۇ ئىككى ئىش (نامى بىلەن ھۇجۇمى) ھەقىقەتەن ئەمەلىيەت بولسىمۇ بىز يەنىلا پىرتساكنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلالمايمىز. كىشىلەر بىلىدۇ مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان تۇرۇشلۇق جاي قەشقەر ㊽ ئۇنىڭ نەۋرە قېرىنداشلىرى ھارۇن بۇغراخان بىننى سۇلايمان ㊾بالاساغۇندا تۇراتتى. بۇ كىشى 382 ـ يىلى (992 ـ يىلى) خارەزم شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان مەشھۇر كىشىدۇر ㊿. ھارۇن بۇغراخان ئەلى بىننى مۇسادىن بۇرۇن ۋاپات بولىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بالاساغۇن ئەلىنىڭ ئوغلى توغانخان ئەھمەدنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇشى ئېھتىمال51. ئۇ 394 ـ يىلى (1003 ـ، 1004 ـ يىللىرى) قوزئوردۇ ھۆكۈمرانى نامىدىكى يارماق پۇل تارقاتقان 52. ئەلى بىننى مۇسا قەشقەردە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

ئورنىغا كىمنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى بىزگە نامەلۇم. 396 ـ يىلى (1005 ـ يىللىرى) دىن باشلاپ يۈسۈپ قەدىرخان بىننى ھارۇن بىننى سۇلايمان قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ پۇل تارقاتقان(53) يۈسۈپ قەدىرخان ئىسىملىك بۇ خان 398 ـ يىللىرى (1007 — 1008 ـ يىللىرى) ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي ئۇدۇننى ئىگىلىدى(54). كېيىن ئۇ يەنە پەرغانىنى (1022 ـ يىلى) ۋە بالاساغۇننى (1027 ـ يىلى) ئىگىلىدى(55). ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن (1032 ـ يىل) ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان قەشقەر ۋە بالاسا، غۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى(56). 1041 ـ يىلى ئىبراھىم بىلگە تېكىن ئۆزىنى تابغاچ بۇغرا قاراخان دەپ ئاتاپ ئارسلان سۇلايمان خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئىككى دەريا ئارىلىقى (ماۋەرەئۇننەھر) مۇستەقىل بولدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي ۋە غەربىي خانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈندى(57). يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىرتساكنىڭ نام ھەققىدىكى قىياسى (ئارسلانخان چوڭ خان، بۇغراخان مۇئاۋىن خان) ھېچ بولمىغاندا ئارسلان سۇلايمان خاندىن بۇرۇن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدىكى ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئارسلانخان بىلەن بۇغراخاندىن ئىبارەت ئىككى خاننىڭ بىر ۋاقىتتا مەۋجۇتلۇقى ۋە بالاساغۇن بىلەن تالاس (قەشقەر) دىكى ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى پەرەزمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. پىرتساكنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى تارىخىغا دائىر پەرەزلىرى ئۇنىڭ 10 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون نەچچە يىللىرىدىكى تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتلەرگە بولغان تونۇشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ يۇقىرىقى ماقالىسىدە مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» دېگەن ئەسىرىدىكى بىر ئابزاسىنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قارلۇقلار «تۈرك چوڭ خانى»

نىڭ ئورنى ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇر ۋۋاتقان بۈيۈك قارلۇق خانى ھەققىدىكى پەرەزلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ دەيدۇكى58: مەسئۇدى 332 ـ يىلى (943 — 944ـ يىللىرى) مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ. قارلۇقلار «پەرغانە، شاش ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ماكانلاشقان. ئۇلار (Mulk ياپلاقنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانى) مۇلۇكلۇكنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ نەسلىدىن خاقانلار چىقىدۇ. بارلىق تۈرك قوۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «مۇلىك» قول ئاستىغا يىغىدۇ. ئۇلاردىكى بارلىق ھۆكۈمرانلار (تۈركلەر) ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇلار ئافراسىياب بىلەن ئاشنالارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قارايدۇ.

تۆۋەندە مەن مەسئۇدىنىڭ ئەسلىي خاتىرىسىنىڭ تەرجىمىسىنى بەردىم59: (313 ـ ئابزاس) تۈركلەردە قىماقلار، بارسخانلار، بادىيەلەر، مازار قاتارلىقلار بار. ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ باتۇرلىرى غۇزلاردۇر. بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن. بويى ئېگىز ھۆسن ـ جامالى قاملاشقانلىرى قارلۇقلاردۇر. ئۇلار پەرغانە، شاش ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايدۇ. (بۈرۈن) ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. ھەر قايسى خانلار ئۇلار ئىچىدىن بارلىققا كەلگەن. پادىشاھلار بارلىق تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. پۈتۈن ئاۋام ھۆكۈمرانىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلاتتى. پارسلارنى بويسۇندۇرغان ئافراسىياب مۇشۇ خانلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇلاردا يەنە (Shabah) مۇ بار. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزگە كەلگەندە تۈركلەرنىڭ ھەر قايسى قاغانلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ سەمەرقەنت چۆلىدىكى AMa (؟) دېگەن شەھەر ۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرىدىكى ئىشلار. بىز «al — Awsat» دېگەن ئەسەردە60 پادىشاھنىڭ بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

بۇ بۆلەك باياندىكى ئافراسىياب بولسا ئاۋۇنستا دەۋرىدىن

بۇيانقى ئىران رىۋايەتلىرىدىكى تۇرانىنىڭ قەھرىمانى. ئەرەبلەر كېيىن تۇرانلاربىلەن بۇ قەھرىماننى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ كەلدى (61). يەنە بىر شەخس ئەرەب ـ پارس ماتېرىياللىرىدىكى ساسانىيلارنىڭ پادىشاھى ھورمۇز تەرىپىدىن زەربە يېگەن تۈرك شاھىدۇر. مەيلى رىۋايەتلەردىكى ئافراسىياب بىلەن Shabah ۋە قارلۇقلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار ياكى يوق بولسۇن مەسىلىنىڭ بەلكى پەرەز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. تەبەرى ۋە ياقۇبىلار بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق بىشارەت بەرمىگەن. يەنە بىز بىر قىسىم قارلۇقلارنىڭ 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا كۆكتارتنىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. ئۇنداقتا 7 ـ 8 ـ ئەسىردىكى غەربىي تۈركلەر ۋە تۈركەشلەرنىڭ ھەر قايسى خاقانلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق نەسەب مۇناسىۋىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنىڭ بۇ ئابزاس باياننىڭ كېيىنكى يېرىمى غەربىي تۈركلەرنىڭ پۈتۈن تارىخىدا بېرىلگەن خاتا خۇلاسىدۇر.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارلۇقلار شاش ۋە پەرغانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا ياشىغان. موڭغۇللارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار پارس ۋە ئەرەبلەرنىڭ شەرقىدىكى ئاساسلىق رەقىبلەرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇلار پەدەرى بىننى سەھالى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. سامانىيلار شاش ۋە پەرغانىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا ئۇلار بۇ ئىككى رايوندا ياشىيالماس بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنىڭ قارلۇقلار ياشىغان جايلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار بولۇشى كېرەك. بەلكى ئۇنىڭ مەلۇمات بەرگىنى «تارىخىي تەبەرى» بولۇشى مۇمكىن. پىرتساك مۇشۇنداق مۇجمەل خاتىرىلەردىن 10 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغان. بەزى

نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان. ئەكسىچە بىز 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەر ئالماشقان دەۋرىدىكى غەربىي تەڭرىتاغ رايونلىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن پارچىلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئۆتتۇق. بۈيۈك قارلۇق خانلىقىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدۇق [62]. يىغىپ ئېيتقاندا پىرتساك ساتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلارنىڭ نەسەبىنىڭ قارلۇقلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك دەلىل ماتېرىياللارنى تاپالمىغان. ساتۇقنىڭ بوۋىسى كۆل بىلگە 840 ـ يىللاردىن بۇرۇن ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ ئۇنىڭ قارلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. يەنە ئۆزىمىزگە بىر ئاز ئىمكانىيەت قالدۇرۇپراق ئېيتساق ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى رايونلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە قارلۇقلار بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ بىز يەنىلا 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردىكى تارقاق قەبىلىلەرنىڭ قايسى بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالمايمىز. «قاراخانىيلارنىڭ نەسەبى قارلۇقلاردۇر» دېگەن قاراشنىڭ تولۇق دەلىللەشكە بولمايدىغان يەرلىرى باردەك قىلىدۇ.

ھالبۇكى، قاراخانىيلارنىڭ نەسەبى «قارلۇقلاردۇر» دېگەن قاراشنى دەلىللەشكە يېتەرلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولمىسىمۇ، «قەشقەر تارىخى» دا كۆل بىلگىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. ئۇ ساتۇقنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنلا مۇشۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىدە ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلارنىڭ خانلىق نەسەبىنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردۇر دېگەن قاراشنىڭ كىشىنى قايىل قىلىشى ئۈچۈنمۇ يەنە چوڭ مۇشكۈللەرگە دۇچ كېلىدۇ. بەلكى، كىشىلەر بۇنداق تولۇق ئىسپاتقا مەڭگۈ ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ھازىرقى دۆلەت

ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلىپ ئېيتساق قاراخانىيلارنىڭ خانلىق نەسەبى «ئۇيغۇرلاردۇر» دېگەن قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساس قىلىدىغان مۇھىم مەنبەسى «جىن تارىخى 粘害草奴传 » دىكى بىر بۆلەك خاتىرىلەر يىل دەۋرى 1161 ـ يىللاردىن 1189 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى مەزگىللەردە لياۋ خاندانلىقىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بولۇپ ئۇنىڭدا: «بۇ ئەلنىڭ چېگرا بويلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايلىرى «قۇز ئوردىدۇر». لېكىن، بىز بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى كۆرگىنىمىزدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى نۇقتا بار. بىرى: «قەشقەر تارىخى» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماتېرىياللاردىن بىز 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاراخانىيلار خاندانلىقىدىكىلەر بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تارىخىي ۋە نەسەبىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: «قەشقەر تارىخى» دا ساتۇق بۇغراخان قاتارلىقلارنى ئافراسىياب بىننى باساق ئەسەد(؟) بىننى راھمان (؟) لاردىن چىققان دەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرى (513 MS ) خاتۇنلىرى (MS206 .207) تېكىنلىرى (MS208) ئاپراسىياپ ئەۋلادلىرىدۇر. ئافراسىياب «تۈركىي تىللىق خەلقلەر-نىڭ سەركەردىسى» (MS605) دەپ جاكارلايدۇ. ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى شەھەر قەلئەلەرنىڭ تارىخىنى ئافراسىيابنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلايدۇ. («قەشقەر» MS73بارسخان (MS625) شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇرۇن ياشىغان چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن خەۋەرسىز ھەتتا تونيوقۇقنى بىلمەيدۇ (81 MS) . ئىككىنچى بىر نۇقتا، موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە شەرقتىكى خەنزۇچە تارىخىي ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان (回鹘 写 ). (ئۇيغۇرلار) سۆزى تەڭرىتېغى رايونلىرىدىكى ھەم

تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىتىلغان. مەسىلەن: «گەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھىتى» دىكى «ئۇيغۇرلار» ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەشبالىقنىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ھەتتا خارەزملىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: «چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى ئەسكەر تارتىپ بېسىقتۇرغان ئۇيغۇر ـ تاغ قاراقچىلىرى» ⑥③ قاتارلىقلار. شۇنىڭ ئۈچۈن 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرققە سودا قىلىشقا كەلگەن ئاتالمىش بالاساغۇنلۇق «ئۇيغۇر» لار شۇلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىز ھازىرغىچە ساتۇق بۇغراخاننىڭ ۋە قاراخانىيلارنىڭ خانلىق نەسەبىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، بىز ساتۇق بۇغراخاننىڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تىپى جەھەتتە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تۈنجى قەدەمنى تاشلىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز.

ئىزاھلار:

①پرتساك: «قاراخانىيلار خانلىقى» 1953 ـ يىلى 21 — 22 ـ بەتلەر ۋە ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقى تارىخى» 1986 ـ يىلى 27 ـ بەت.

② ئابدۇلغەپپارنىڭ مەلۇماتى سەمئانىنىڭ «كىتابۇل ـ ئەنساب » 世系书 (GMS) 470A ـ 472A، ۋە «مۇلھاقاتۇس ـ سۇراھ» دېگەن ئەسەرلىرىنى كۆرۈڭ. «جامال قارشىنىڭ ئەھۋالى» ۋە «مۇلھاقاتۇس ـ سۇراھ» خەنزۇچە تەرجىمىسى، خۋاتاۋ.

③ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» MS.74

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى مەھمۇد قەشقەرى يەنە «ئوردا» بالاساغۇن ئەتراپىدىكى بىر جاي. مۇشۇ جاي نامى بىلەن بالاساغۇنمۇ «قۇز ئوردۇ» دەپ ئاتالغان دەيدۇ. بىزگە مۇقەددەسىنىڭ «قوشنا ئەل بىلىملىرىنىڭ تۇرلىرى» (BGA 3 ـ جىلد 263 ـ، 264 ـ، 275 ـ بەتلەر) دىن مەلۇمكى بالاساغۇننىڭ غەربىدىكى بىر تۈرك ھۆكۈمرانى تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ نامىمۇ «ئوردا» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭغا قارىغاندا ھېچ بولمىغاندا 9 ـ ئەسىردە بالاساغۇننىڭ كۆلىمى كىچىك بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ پايتەخت قىلىنمىغان. موڭغۇللار دەۋرىدە چاغاتاي تۇرغان جاي ئالمالىقنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، شەھەردە ئەمەس ئىدى. بەلكى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كەتسە كېرەك.

④ «ئاتبېشى دەرياسىنى سېلىشتۇرۇشقا دائىر ھەرخىل تارىخىي خاتىرىلەر ھەققىدە» خۇاتاۋ. 1989 ـ يىل.

⑤ بارتولد «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېرىكى» 1956 ـ يىل 92 ـ 93 ـ بەت.

⑥ مىنورىسكىي 1970 ـ يىل. 277 — 281 ـ بەتلەر، خامىلتون 1955 ـ يىل (PP. 94 ـ، 95 n. 4 1955 ـ يىلى خەنزۇچە. 101 — 103 ـ بەتلەر) لەرمۇ شۇنداق قاراشتا.

⑦ «تارىخى جاھانكۇشاي» مىنو. مىنورىسكىي 1970 ـ يىلى. «زەينۇل — ئەخبار» نىڭ بارتولد رەتلىگەن نۇسخىسى 1897 ـ يىلى بارتولد («غەربىي يۇرت تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە ئەسلىي تېكىستىنى مەرۋەزىنىڭ كىتابىدىن كۆرۈڭ. 1983 ـ يىلى 4 ـ سان.

⑧ چازېكلېدى: «گەردىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە» (746 ـ 780 A. D) 262 ـ، 263 ـ بەتلەر.

⑨ مىنورىسكىي: 1970 ـ يىل 271 ـ، 272 ـ، 275 ـ 276 — بەتلەر. مورى ياسۇ تاكائو: 1977 ـ يىل «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» 124 ـ بەتلەر.

⑩ بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» 1977 ـ يىل 153 — 155 ـ بەتلەر. مىنورىسكىي 1970 ـ يىل «كاتالوگ» قا قاراڭ. بىراق، بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس. Ighraj—ARt نىڭ ئەھۋالىنى مىنورىسكىي 1970 ـ يىل 195 —، 277 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑪ مۇشۇ كىتابنىڭ 1 ـ بابى 2 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

⑫ قەبرە تېكىستلىرى مۇشۇ كىتابنىڭ 1 ـ باب، 2 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

⑬ بۇ بىر ئابزاس تارىخى ماتېرىياللارغا دائىر خاتىرە (4 ـ، 9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا غەربىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن قارلۇقلار ھەققىدىكى پەرەز. ھازىرغىچە ھېچقانداق ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە ئەمەس. بىز ئىستەخرىنىڭ «ھەر قايسى ئەللەنىڭ يوللىرى» ناملىق ئەسىرىدە (BGA 1 ـ جىلد 6 ـ بەت) دە پەرغانىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن ھالقىپ ئۆتسە قارلۇقلار زېمىنىغا بارغىلى توققۇز ئوغۇز زېمىنىدىن ئايرىلىپ شاجۇ ئەتراپىغا بارغىلى بولىدۇ (ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا ھەققىدە دەلىل. خۇاتاۋ 1989 ـ يىل (2) 97 — 98 ـ بەتلەر ئىزاھات 435) جەمئىي 30 مەنزىللىك يول. ئىستەخرىنىڭ بۇ ئەسىرىدىن ياغمالار ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتنى بىلگىلى بولمايدۇ.

⑭ پارسچە ئەسلىي چىن (Chin) دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز بىلەن پارسچىدىكى خوتەن (khutan) سۆزىنى خاتا تەلەپپۇز قىلىشى بىلەن مۇجمەللىشىپ كەتكەن. (مىنورىسكىي 1970 ـ يىل 24 ـ بەتكە قاراڭ) بۇ يەردە ئېنىق بىر مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردە قەشقەرنى چىنغا (Chinistan) تەۋە دېگەن. بۇ چوقۇم تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەشقەرنى تۆۋەن چىن دەپ ئاتايدۇ

( MS173 . ) يەنە ( MS219 . ) قەشقەر ئەتراپىدىكى بارسخاننىمۇ تۆۋەن چىن دەيدۇ.

⑮ مۇشۇ كىتابنىڭ 1 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

⑯ بۇنى 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇرلار شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۆنگەي ئېتەكلىرىنى ئىدارە قىلغان ۋەقەلەر، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

مۇللېر ( F. W. K. Muller ) تونۇشتۇرغان «مەدھىيىلەر توپلىمى» دا 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۇيغۇرلار شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى شەھەرلەرنى ئىدارە قىلغان بۇنىڭ ئىچىدە ( Kash ) بەلكى قەشقەر بولۇشى مۇمكىن.

⑰ خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «غەربكە بېرىش يوللىرى» (رۇڭ شىنجياڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسى «غەربكە بېرىش يوللىرى، تارىخى جۇغراپىيە تەتقىقاتى» ، «داۋاملىق غەربكە مېڭىش» ( «چوڭ نوم پۇتۇك» 51 ـ جىلد) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى يات ئەللەر تەزكىرىسى. ھىندىستان» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ياغما قەبىلىسىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن. ۋاڭ يەندى ئىدىقۇتتىكى چاغدا تىلغا ئالغان ياغما، قارلۇق، قىرغىز قاتارلىقلار ھەققىدە پېللىيوت «كۇسەن 库善 » (فىڭ چىڭجۈن تەرجىمىسى «غەربىي دىيار جەنۇبىي دېڭىز ئوكيان تارىخى جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات مەجمۇئەسى» داۋامى 8 ـ بەت) دېگەن ئەسەرىدە Awfi نامە (8 ـ ئەسىر) ھەققىدە توختىلىپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ياغمالار، قارلۇقلار، قىرغىزلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن «بىز پەقەت (ۋاڭ يەندىنىڭ) ياغمالار، قارلۇقلار، قىرغىز قاتارلىق ئۈچ نامنى بىللە تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇلار يۇقىرىقى ماقالىلەردىن پايدىلانغان» دەيدۇ.

⑱ خامىلتون 1955 ـ يىل 13 ـ بەت 1955 ـ يىل خەنزۇچە

تەرجىمىسى 15 — 16 ـ بەتلەر. 1 ـ ئىزاھات ۋە 16 ـ، بەت 1 ـ ئىزاھات ۋە 19 ـ بەت.

⑲ مىنورىسكىي 1970 ـ يىل، 126 ـ بەت.

⑳ مۇتەخەسسىسلەر ئادەتتە تىببەت زەنپۇدامۇ قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن دۆلەت بۆلۈنۈپ ئۇلار غەربىي دىياردىن چېكىنگەن دەپ قارايدۇ. بىراق، كونكرېت ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھەقتىكى مۇنازىرە يەنىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ.

㉑ چازېگلېدى (Czegledy. k 1973) «گەردىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى (746 ـ A. D 780 —)»

㉒ بۇ ئەسەرگە دائىر ئەھۋاللارنى بارتولد 1977 ـ يىل، 26 ـ بەتتىن كۆرۈڭ.

㉓ئەسلىي نۇسخىسى بارتولد 1898 ـ يىل 24 ـ بەتكە كىرگۈزۈلگەن.

㉔پارسچە Chin Andaran نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئىچكىرىكى جۇڭگو».

㉕ ئەسلىي تېكىست kh. l. kh (hallukh).

㉖بارتولد 1956 ـ يىل (2) 92 — 93 ـ بەت. مىنورىسكىي 1970 ـ يىل 277 — 281 ـ بەت. خامىلتون 1955ـ يىل .PP 95 ـ 94 .n 1955 ـ يىل خەنزۇچە 101 — 103 ـ بەت 4 ـ ئىزاھات (سوۋېت ئىتتىپاقى) «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تارىخى» 2 ـ توم. (Tou Ⅱ ، 1979) 14 ـ بەت. 2 ـ ئىزاھات.

㉗ پرتساك 1951 ـ يىل («قارلۇقلاردىن قاراخانىيلار خانلىقىغىچە»)

㉘«Bllka kur» (田比 伽啊) ئەسلىي كۆچۈرمە نۇسخىسىدىن تەلەپپۇز قىلىنىشى ئازدۇر ـ كۆپتۇر يىراقلىشىپ كەتكەن. بارتولد (1898 ـ يىل 130 ـ بەت) ئەسلىي ئالدىنقى بىر سۆزى بىلگە (Bilka) كېيىنكى سۆزىنى ماركۋت ئۇيغۇر

(ughur) دەپ ئوقۇغان. پرتساك بولسا كۇر (kur) دەپ ئوقۇغان. (پرتساك 1951 ـ يىل 283 ـ بەتكە قاراڭ)

㉙ پۈتۈن تېكىستنى بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچە 3 تىن كۆرۈڭ.

㉚ سەمئانى «كىتابۇل ـ ئەنساب» (GMS) 286B ـ 287 A

㉛ بارتولد 1977 ـ يىل 255 ـ بەت.

㉜ بارتولد 1977 ـ يىل 200 — 201 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

㉝ بارتولد 1977 ـ يىل 209 — 210 ـ بەتلەر.

㉞ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قاغان» سۆزى ھەققىدىكى (MS315. 276.) ھەمدە خەن رۇلىن ئەپەندىنىڭ «تۈركلەردىكى ئەمەلناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەرىگە قاراڭ.

㉟ سەمئانى كىتابۇل ـ ئەنساب (世系书) ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە 225 ـ يىل (840 ـ يىل) ئىبنۇل ـ ئەسىرنىڭ «تارىخىي كامىل» (6 ـ توم 509 ـ بەت) تە خاتىرىلىنىشىچە بۇ ئىشنى ئىسلام كالېندارى بويىچە 224 ـ يىل (839 ـ يىل) غا تەۋە دەپ يازغان.

㊱ پرتساك 1951 ـ يىل ۋە بۇ ئەسەرنىڭ 4 ـ باب 1 ـ بۆلۈمىدىكى تەبەرىنىڭ «تارىخىي تەبەرى» دىن ئېلىنغان ۋە مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ، ناھىشىنىڭ «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى خاتىرىلەرگە دىققەت قىلىڭ.

㊲ قەدىر (Qadir) تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى ئاتاق نامى بولۇپ ئادەم ئىسمىدىن كېيىنرەك پەيدا بولغان كلاۋسوننىڭ «8 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركچە سۆزلۈك لۇغىتى» (Clausun. G. 《An Etymoloqicat Dictionary of Pre—13th Century Turkish》) نىڭ مەزكۇر ماددىسىغا قاراڭ. مەن بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى «قەدىر» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىكىن دەپ قارايمەن.

㊳ ۋېي لياڭتاۋ 1986 ـ يىل 2 ـ بەتتىن ئېلىنغان.
㊴ پرتساك 1951 ـ يىل 294 ـ بەت.
㊵ نىزامۇل ـ مۇلۇك «سىياسەتنامە» 220 ـ ۋە 224 ـ بەتلەر.
㊶ ئىبنۇل ـ ئەسىر «تارىخىي كامىل» 8 ـ توم 410 ـ بەت.
㊷ «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74 ـ جىلد، «كونا قىسسىلەر تارىخى» 39 ـ جىلد، «بەش دەۋرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» 29ـ جىلد خامىلتونىنىڭ تەتقىقاتى. خامىلتون 1955 ـ يىل 98 ـ، 100 ـ بەتلەر. خەنزۇچە 107 — 108 ـ بەت.
㊸ پرتساك 1951 ـ يىل، 294 — 295 ـ بەتلەر.
㊹ گرېنارد 1900 ـ يىل 36 — 37 ـ بەتلەر.
㊺ خامىلتون 1955 ـ يىل 94 — 100 ـ بەت. بولۇپمۇ 94 ـ، 95 ـ بەتلەردىكى 1 ـ ئىزاھات بەكرەك مۇھىم، 1955ـ يىل خەنزۇچە 101 ـ، 103 ـ بەتلەر 4 ـ ئىزاھات .
㊻ بالبي «قەدىمكى ئۇدۇن ساك تىلى مەدەنىيىتى» 91 ـ، 92 ـ بەتلەر موڭغۇللار دەۋرىدە خېشى كارىدورى يەنىلا هون قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى دەپ ئاتالغان خەلق ياشاپ كەلگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 170 ـ جىلد «يۈەن يۇ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغان چاغلاردا تاڭغۇتلار زېمىنىدىكى يوللارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىلگەن يۇەن يۇنىڭ ئوردىغا مەلۇم قىلىشىچە تاڭغۇتلاردا چاڭ، هون قاتارلىقلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ پەرقلەندۇرۇش قىيىن......».
㊼ پرتساك 1951 ـ يىل 296 ـ بەت.
㊽ «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» بارتولد 1898 ـ يىل 132ـ بەت.
㊾ پرتساك ( «قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر تالاش ـ تارتىش

قىلىنىۋاتقان بىر نەچچە مەسىلە ھەققىدە» ۋېي لياڭتاۋ تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى». 1984 ـ يىل 2 ـ سان 68 ـ ئىزاھات) قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئىككى نامىلىق تۇزۇمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ھارۇننىڭ يەنە بىر ئىسمى ھەسەن ئىدى، دەيدۇ. فېدوروۋ (1983) «10ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ئومۇمىي تارىخى» (قەدىمكى يارماقلارنى ئاساس قىلىپ) بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىككى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

⑩ ئىبنۇل ـ ئەسىر «تارىخىي كامىل» 9 ـ توم 95 ـ، 98 — 100 ـ بەتلەر جايلار ھەققىدە تەتقىقات، فېدوروۋ (1983ـ يىل) 104 ـ 105 ـ بەت.

⑪ 11 ـ ئەسىردىكى يازغۇچى شىلەل سەبى ئەخمەت بىن ئەلىنى بۇغراخاننىڭ ۋارىسى، دەيدۇ. فېدوروۋ (1983 ـ MH ) 106 ـ بەتتىن نەقىل كەلتۈرگەن.

⑫ ماركوف «پۇللارنىڭ مۇندەرىجىسى» 209 ـ بەت 136. NO فېدوروۋ (983 ـ M.H1) دىن نەقىل كەلتۈرگەن، 106 —، 107 ـ بەت.

⑬ فېدوروۋ (1983 ـ M.N) 107 ـ بەت.

⑭ ئەل ـ ئۇتبى (AL—utbi) 498 ـ يىل (1007 — 1008 ـ يىللىرى) تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالىدۇ. ئۇنى ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانى دەيدۇ. فېدوروۋ (MH 1983) 107 ـ بەتتىن نەقىل كەلتۈرگەن.

⑮ فېدوروۋ (MH ـ 1938) 110 — 111 ـ بەتلەر.

⑯ فېدوروۋ (M.H 1983 —) 114 ـ بەت.

⑰ ۋېي لياڭتاۋ 1986 ـ يىلغا قاراڭ.

⑱ پرتساك 1951 ـ يىل.

⑲ مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» 155 ـ بەت.

⑥⓪ مەسئۇدى — بىر ئەسەرنىڭ ئىسمى. بۇ ئەسەر تۈركىي تىللىق خەلىقلەرنىڭ ھەرخىل ئەھۋالىنى يىغىپ توپلىغان. كېيىنچە «ئالتۇن يايلاق» قا كىرگۈزۈلگەن. «مەسئۇدى» EI[1] ۋە دې. گويې «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى» (BGA) 8 - توپلام «كىرىش سۆز» دە مەسئۇدىنىڭ بىر گرافىكنى كىرگۈزۈپ نەقىل كەلتۈرگەن. (6 — 8 - بەت).

⑥① EI[2] «ئافراسىياپ» دېگەن سۆزگە قاراڭ. مەسئۇدى «ئالتۇن يايلاق» 21 - باب «ئەڭ ئاخىرقى پارس دۆلەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇرلىرى» دە پاراسىياپ (ئافراسىياپ) تۈركلەر زېمىنىدا تۇغۇلغان (540 - ئابزاس) ۋە پارسلار بىلەن سوقۇش قىلغان (544 - ئابزاس).

⑥② مۇشۇ ئەسەرنىڭ 4 - باب 2 - بۆلۈمى.

⑥③ ياڭ جىجيۇ « 回回 (خۇيخۇي) سۆزىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىش تارىخى» ۋە «سەيدۇللانىڭ مىللەت تەركىبى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە». ياڭ جىجيۇ «يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ئۈچ ماقالە» گە قاراڭ.

[ قوشۇمچە ] I

# جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»

10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەم بولۇشىدۇر. ناھايىتى چەكلىك ئەسلىي ماتېرىياللار ئىچىدە جامال قارشىنىڭ ① ئەرەبچە يازغان «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

جامال قارشىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە ئۇ ئۆزىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرىدە تۇنجى بولۇپ مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ۋە بارتولد، بۇركمان، خوفمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە② ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇ فەزل بىننى مۇھەممەد (Abual —Fadl b. Muhammad) ③ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىگە جامال قارشى دەپ تەخەللۇس قويغان. «قارشى» تۈركچە سۆز بولۇپ مەنىسى «ئوردا»، «قەلئە» بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى «ئوردىنىڭ جامالى» دېگەن بولىدۇ④.

جامال قارشى ھىجرىيە 628 ـ يىلى (1230 — 1231 ـ يىللىرى) ئالمالىقتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى بالاساغۇنلۇق ھاپىز (قارىي) ئىدى. يەنى مەسچىتتە قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچى ئىدى، ئانىسى مەۋرىلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا موڭغۇللار ئوتتۇرا

ئاسىيانى ئىستېلا قىلىپ بولغان بولۇپ، ئالمالىق چاغاتاينىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى زېمىن ئىدى. گەرچە چاغاتاي ئىسلام دىنىغا ئانچە دوستانە مۇئامىلە قىلمىسىمۇ، بىراق پۈتكۈل موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ھەرخىل دىنلارنى قوشۇۋېلىش ۋە چارۋىچىلىقتا قارىتقان سىياسەتلىرى ھەم ئالمالىقتىكى چىگىنا خىدىچىن جەمەتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاستىدا يەنىلا مۇسۇلمان گۇرۇھلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ساقلىنىپ قېلىندى. جامال قارشى مانا شۇنداق مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى مەدرىسەلەردە ئۆتتى. ئەرەب - پارس تىللىرىنى، قۇرئان شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگەندى. بەزى ئۇستازلىرى ئۇنى «قۇرئانشۇناس» دەپ ئاتىغان.

يېتىلگەن جامال قارشى ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران چىگىنا خىدىچىننىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بالىلىرىغا ئۇستاز بولغان. كېيىنچە يەنە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ مەدرىسەدە ئىشلىگەن. ئۆزىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ئوردىدا ياشىغانلىقى ھەم ھۆكۈمران ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغانلىقتىن ئۇ «قارشى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىكەن. بارتولدنىڭ قارىشىچە بۇ ئەلۋەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇنى شۇنداق ئاتىشى ئىدى.

662 - يىلى (1263 — 1264 - يىللىرى) جامال قارشى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ئالمالىقتىن ئايرىلىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. كېيىن ئاساسەن قەشقەردە ياشايدۇ. ئۇ يەردە يەرلىك دىنىي ئۆلىمالار بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارنى ساياھەت قىلىپ كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى داڭلىق شەيخلەر، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇپ يېتىدۇ. «تولۇقلىما» (ئىلاۋە) دە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى

قېتىم قايدۇ ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

جامال قارشى ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بىر قەدەر داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ «مولهاقاتۇس ـ سۇرراھ» «‹سۇرراھ› لۇغىتىگە يازغان تولۇقلىما» دۇر. بۇ ئۇنىڭ قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ تەكلىپى بىلەن يازغان ئەسىرىدۇر. قەشقەردىكى بىر مەدرىسەنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن 11 ـ ئەسىردىكى ئەرەب لۇغەتچىسى جەۋھەرىنىڭ «ئەل ـ سىياھ» ناملىق ئەسىرنىڭ قولىيازمىسى تېپىلغاندىن كېيىن 681 (1282 ـ 1283) ـ يىلى تۈزۈلگەن پارس تىلىدا ئىزاھلانغان لۇغەتتۇر، بۇ لۇغەتنىڭ تولۇق ئىسمى «تىللاردىكى ئۆلچەملىك سۆزلەر» بولۇپ ئۇ ئادەتتە («سۇرراھ لۇغىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) «سۇرراھ» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «چۈشىنىشلىك، ئېنىق» بولۇپ «ئېنىق سۆز، ئۆلچەملىك سۆز» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسەر بىر مەزگىل داڭ چىقارغان ھەمدە كېيىن نۇرغۇن لۇغەتچىلەر (ئۇنى) ئۈلگە قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ماتېرىيال مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلانغان.

ئەمما، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىزگە ئەڭ كېرەكلىك بولغىنى كېيىن ئۇنىڭ «مولها قاتۇس سۇرراھ» لۇغىتىگە ئەرەبچە يازغان «تولۇقلىما» ناملىق كىتابىدۇر.

ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋە ئەسەرنىڭ تاماملانغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بىراق، «تولۇقلىما» دىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت ھىجرىيە 702 ـ يىلى (1302 ـ يىلى8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى — 1303 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى)، شۇنىڭ ئۈچۈن «تولۇقلىما» نىڭ تاماملانغان ۋاقتى ھىجرىيە 702 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئەمەس⑥. «تولۇقلىما» ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىر قىسىم خانلىقلارنىڭ تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاقلىق شەيخلەرنىڭ تەزكىرىسىگە دائىر ماتېرىياللارنى، شۇنداقلا بىر قىسىم شەھەرلەرگە بارىدىغان

يوللار، يۇرتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«تولۇقلىما» موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى ۋە كۆچەيگەن دەۋرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ 13 - ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەزگىللەردىكى تارىخ ھەققىدىكى خەنزۇچە خاتىرىلەر تولىمۇ كەم. مۇسۇلمانلار تارىخىغا دائىر خاتىرىلەر خېلى كۆپ بولۇپ جۇۋەينى، راشىدىددىن، ۋەسساپ قاتارلىقلارنىڭ پارسچە يازغان ئەسەرلىرى خېلى داڭلىق بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇشۇ دەۋرلىرىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى، جۇۋەينى گەرچە تۈركىستانغا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بىر قەدەر بۇرۇن تەخمىنەن 1260 - يىللىرى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك⑦. راشىدىددىننىڭ، ۋەسساپلارنىڭ ئەسەرلىرى يېزىلغان چاغلار بولسا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىراننىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى چۈشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ دىققىتى ئاساسەن غەربىي ئاسىيادىكى موڭغۇل ھاكىمىيىتىگە — ئېلخانلارنىڭ تارىخىغا مەركەزلەشكەن⑧. ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ «تارىخىي كامىل» دېگەن ئەسىرى خېلى مۇھىم بولسىمۇ، بىراق ئەسەرنىڭ ئاپتورى موڭغۇللار بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇن مىسوپوتامىيەگە قېچىپ كەتكەن بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا دائىر ئەمەلىي ئىشلارنى تەپسىلىي يازالىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئەسەرلەرگە قارىغاندا جامال قارشىنىڭ «تولۇقلىما» سى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردە تۈركىستاندا يېزىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈركىستاندىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىكى

باياتلىرى بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، ئۆزى بىۋاستە چۈشەنگەن ياكى ھەر قايسى جايلاردا ئاڭلىغانلار بولۇپ بۇلار باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئىككى نۆۋەت قايدۇغا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە چاغاتاي خانلىقىغا دائىر قىزىقارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ. يالۋاچلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا دائىر بىر ئەمەس تۆت مەسئۇدىنىڭ ئىككى دەريا ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنىڭ تارىخىي قىممىتى تېخىمۇ چوڭ.

«تولۇقلىما» نىڭ موڭغۇللاردىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەھمىيىتىمۇ ئىنتايىن چوڭ. مەسىلەن: «قاراخانىيلار تارىخىنىڭ بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى تارىخى ۋە نەسەبلىرى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب - پارس يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىمۇ ئۆزگىچىلىك بار. جامال قارشى ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن مەسىلەن: 11 - ئەسىردىكى ئابدۇلغەپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» دە بايان قىلىنغان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بەزى مۇھىم ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان. بۇ تارىختىن بۇيان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. جامال قارشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم شەيخلەر توغرىسىدىكى بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش كىشىلەر ھەققىدىكى باياتلىرى ھەققىدە بارتولد: «ئۇ بىزگە بۇ مەزگىلدىكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىدى» دېگەن ئىدى.

«سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى ئەڭ بۇرۇن م. س. ئاندرىيوف 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن بايقىغان. قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسە قىسمىغا كۆچۈرگۈچىنىڭ كۆچۈرگەن ۋاقتى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن:

«سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نى ئاللانىڭ ئاجىز نامرات

قوللىرىدىن پەرھاد ئەندىجانى شىرپىدىن بىن موللا نۇردۇنلارنىڭ قوللىرى بىلەن 1066 ـ يىلى (1655 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، 1656 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) 5 ـ ئاينىڭ دەسلەپكى ھەپتىسىنىڭ چارشەنبە كۈنى خۇجەنتتە يېزىپ تاماملىدى. ئاللا بۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەي.»

1898 ـ يىلى بارتولد ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغاندا مۇشۇ كۆچۈرمە نۇسخىسىغا ئاساسەن «تولۇقلىما» نىڭ ئابزاسلىرىنى ۋە تېكىستولوگىيىسىنى بېكىتىپ، بۇ ئەسەرنىڭ 1 ـ تومىنىڭ «تارىخىي ماتېرىياللار» قىسمىغا (128 — 152 ـ بەتلىرىگە) كىرگۈزگەن. بۇ ئابزاسلار ئاساسەن تۆت مەزمۇننى ئۆزى ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار:

1) قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر ئەھۋاللار، 2) موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرى ھەققىدىكى تارىخىي بۆلەكلەر. 3) بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى ھەم يەر ـ جاي ۋە داڭلىق شەخسلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە. 4) ئاپتورنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى.

كېيىن، (1902 ـ يىل) بارتولد تۈركىستاندا تېخىمۇ مۇكەممەل قولىيازمىنى تاپقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ⑨. بىراق، ئۇنىڭ ئۆزى ياكى باشقىلار تېخىمۇ مۇكەممەلرەك «تولۇقلىما» نى ئېلان قىلمىدى.

بارتولدتىن باشلاپ «ئىلاۋە» نىڭ ئابزاس بۆلەكلىرى غەربتىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن پايدىلانغان. مەسىلەن: بويلېر «تارىخىي جاھانكۇشاي» نىڭ تەرجىمە شەرھىسى ۋە پرتساكنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىغا دائىر ماقالىلىرى. بىراق، باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان مۇكەممەل نۇسخىسى بولمىغاچقا كۆپلىگەن كىشىلەر پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەي قېلىۋاتىدۇ.

مەن 1986 ـ يىلى ۋە 1987 — يىلى بارتولدنىڭ بۇ ئابزاس ـ ئۇزۇندىلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلدىم⑩. تەرجىمە دەسلەپتە نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ھەم شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى توپلىمى» دا ئېلان قىلىنغان (10 ـ، 11 ـ سانلىرى) تەرجىمە نۇسخىسىدىكى بىر ئاز كۈچ سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك يېرى ئىسلامىي لەقەبلەرنىڭ تەرجىمىسىدۇر.

ئەرەبچە، پارسچە لەقەبلەر بىر ئاز مۇرەككەپ سەلبىي ئىجابىي مەنىدىكى لەقەبلەردىن تەرەققىي قىلىپ شان ـ شەرەپ نامى بولۇپ قالغان، ئىسلام دۇنياسىدىكى ھۆكۈمران، ئەمەلدار، سەركەردە ۋە دىنىي ئۆلىمالار تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان. ھەمدە بارغانسېرى ئەۋج ئالغان. بۇ جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان پادىشاھلارنىڭ ھۆرمەت ناملىرىغا ئوخشاش بولۇپ ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا لەقەب ئەرەب ـ پارسلاردا ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلىدۇ، بۇ يەردە بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى بىرىنچى، نۇرغۇن ئەھۋال ئاستىدا لەقەب ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كىشىلەرگە تونۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشتا تەرجىمە قىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا مەنىسىگە قاراپ تەرجىمە قىلىشنى ئاساس قىلاتتۇق. بۇ مۇۋاپىق ئۇسۇل ئەمەس ئىدى. چوقۇم ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە لەقەب دەپ ئېلىش كېرەك. مەنە تەرجىمىسىنى تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويسا بولىدۇ. ئىككىنچى، جامال قارشى كۆپ ھاللاردا لەقەبنى ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويغان. ئۈچىنچى، ئۇ بەزى ۋاقىتلاردا لەقەبنىڭ بەزى تەركىبلىرىنى قىسقارتىۋەتكەن. مەسىلەن: 53B ـ ۋاراقتىكى «سەيىپ قاھىرىدىن» بەزى بەتلەردە «سەيپىدىن» دەپ ئېلىنغان «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل تەرجىمىسى

ۋە شەرھىسى ئىشلىنىپ تاماملاندى.

«سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» گە كىرگۈزۈلگەن سۇلتان ساتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە خاتىرىلەر⑪53B] – ۋاراق] ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئىككى دەريا ئارىسى (ماۋارائۇننەھر) دىكى ۋە باشقا جايلاردىكى مەشھۇر تۈرك خانلىرىنىڭ تەزكىرىسى: ساتۇق بۇغراخان قازى. ئادۇلكەرىم ئارسلانخان كۆل بىلگە قەدرخانلار ئافراسىيابقا تۇتىشىدۇ. ئافراسىياب ئەفرىدۇنغا، ئەفرىدۇن جەمشىتكە، ئۇ ياقۇپقا، ياقۇپ نۇھقا تۇتىشىدۇ. خۇدا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. ساتۇق خەلىپە ئەل مۇتىئى دەۋرىدە (334 — 363 ـ يىللىرى /946 — 974 ـ يىللىرى) ئەبدەل مەلىك بىننى نۇھ سامانى ھاكىمىيىتى دەۋرىدە قەشقەر ۋە پەرغانە رايونلىرىدىكى تۈرك خانلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان. ئالدىنقى ئابزاستا شەرھىيشۇناسلار تىلغا ئالغان شەيخلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم راقى ئىلھام ئەبۇ ئابدۇللا ھۇسەيىن پەدەرنىڭ ئوغلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىمام كامىل، ئىقتىدارلىق ئابدۇلغەپپار ئالمائى قەشقەرى خۇدا ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ئۆزىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىدۇ:

تۈرك رايونىدا ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان جاي شاشتۇر. شاشلىقلار كۆل بىلگە قەدرخان دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان. سامانى (al—Amir Nuh. b Mansur al—Radi al—samani) ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە قوشۇن تارتىپ ئاقسۇ شەھىرىگىچە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن. بىر قىسىم بايلىقلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن چېكىنگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىككىسىنىڭ ئالاقە مەكتۇپلىرى تاكى نۇھ بىن مەنسۇر ئالەمدىن ئۆتكۈچە داۋاملاشقان. ئىسمائىل بىن مەنسۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن قېرىنداشلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ قەدرخان بىلەن ئالاقىنى ئۈزمىگەن. لېكىن، تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئارسلانخاننىڭ قېرىندىشى ئوغۇلچاقتا

ئۆتكەن. تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئىسلامغا مۇخالىپ سۆزلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. كېيىنچە نەسر بىن مەنسۇر قېرىنداشىمدىن يۈز ئۆرۈپ قەشقەرگە قېچىپ كېلىدۇ. ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئۇنىڭغا: ئۆز ئۆيۈڭدە تۇرغاندەك خاتىرجەم تۇر دەيدۇ. [ 36A - ۋاراق] «قېرىنداشىمنىڭ ساڭا سوغاق مۇئامىلىدە بولۇپتۇ، بىراق مەن سەن بىلەن ياخشى ئۆتىمەن» دەپ ئۇنى ئاتۇشنىڭ ئەمەلدارى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. كارۋانلار دائىم بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەردىن ئاتۇشقا مال توشۇپ تۇراتتى. نەسر بەزى قىزىقارلىق ئىشلارنى قەدرخانغا سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى قەدرخان ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە دىنىسىز بۇ كىشىلەر ئەينى چاغدا يىپەك رەخت، شېكەر قاتارلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. چۈنكى، ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، ئېيتىدۇ. ئانچە ئۆيلىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. نەسر ئۇنىڭغا كالا تېرىسى چوڭلۇقى بىلەن تەگرەك زېمىنغا ئىگە بولۇشنى، ئۇ يەرگە بىر مەسچىت سېلىش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭدا ئۆزى ئىبادەت قىلدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خان ئۇنىڭغا ئۆزەڭ قەيەرنى خالىساڭ شۇ يەرنى ئالغىن» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ناسىر بىر سېرىق كالىنى سويۇپ، كالا تېرىسىنى تىلىپ، تىلىنغان تاسما بىلەن بۈگۈنكى ئاتۇشتىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئورنىنى چۆرۈپ دائىرە قىلىپ ئىگىلەيدۇ. بۇ دىنىسىز خان نەسرنىڭ تەلىپىدىكى ئامەتكە ھەيران قالىدۇ. بۇ ئوغۇلچاق خان ساتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئىدى.

ساتۇق بۇغراخان 12 ياش ۋاقتىدا باتۇر، روھىي كەيپىياتى دۇرۇس، ئەقىللىق، زېرەك، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ياخشى، نەزىرى ئۆتكۈر بولۇپ، باشقا شاھزادىلەردە بۇنداق ئالامەتلەر

تولۇق ھازىرلانمىغانىدى. ئەگەر بۇخارادىن كارۋانلار كەلسە ساتۇق بۇغراخان ئاتۇشقا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى كۆرۈپ كېلەتتى. نەسر سامانى ئۇنى ياخشى كۈتۈپ مېھمان قىلاتتى. پېشىن ۋاقىتلىرىدا مۇسۇلمانلار ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەۋاتقاندا ئۇ يىراقتا تۇرۇپ تاماشا كۆرەتتى. ئۇلار نامازنى ئۆتەپ بولۇپ تارىغاندا، ئۇ سامانىينىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى سوراپ كۆرەتتى. سامانى بولسا: بىز بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيمىز [36 ـ ۋاراق] مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىلدى؟ دەپ سورايتتى. بۇ چاغدا سامانى ئۇلۇغ ئاللانىڭ 99 سۈپەتلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ يەنە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقان بايانلىرى ئارقىلىق ئىسلام شەرىئەتلىرىنى بايان قىلاتتى. يەنە ئىسلام قائىدىلىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ساتۇققا: ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭ ئاستا پەيدا بولۇپ قەلبىڭدىن ئورۇن ئېلىپ يىلتىز تارتىدۇ، دەيدۇ.

بۇ چاغدا ساتۇق بۇغراخان: بۇنداق تەڭرىگە چوقۇنسا بولغۇدەك، بۇ پەيغەمبەر نېمە دېگەن سادىق، بۇنىڭغا ئەگەشسەك بولغۇدەك، بۇ نېمە دېگەن گۈزەل. بۇنىڭغا بەيئەت قىلساق بولغۇدەك» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاللانى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ مۇھەممەت پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. — خۇدا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنىمۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سامانى ساتۇق بۇغراخاندىن بۇ مەخپىيەتلىكنى تاغىسى ئوغۇلچاقتىن سىر ساقلاش ھەققىدە ۋەدە ئالىدۇ. ساتۇق بۇغراخان مەخپىي ھالدا «قۇرئان» ئوقۇيدۇ.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى بىلىۋالىدۇ. قائىدىلىرىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ يەنە مەخپىي يۇسۇندا مۇرىت توپلايدۇ. 50 نەچچە ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. كېيىنچە ئوغۇلچاق ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى سېزىپ قالىدۇ. ھەم ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى نازارەت قىلدۇرىدۇ. نازارەت قىلغۇچى ئۇنىڭ ھەر كۈنى تەرەت ئېلىپ، ناماز ئۆتەۋاتقانلىقىنى ئوغۇلچاققا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاغىسى بۇ ئىشنى خاتۇنىغا ئېيتىدۇ. خاتۇن ساتۇقنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇنىڭغا: شەنبە كۈنى تاغاڭ ئۆزى شەخسەن بىر ئىبادەتخانا سېلىپ سېنى سىناپ باقماقچى. ۋاقتى كەلگەندە سەن ياخشىراق كۈچ چىقىرىپ ئىشلەرسەن دەپ خۇپىيانە بېشارەت قىلىدۇ. ئۇ كۈنى ھەربىر ئەمگەكچى بىردىن كېسەك كۆتۈرسە ساتۇق ئىككىدىن كېسەك كۆتۈرىدۇ. ئىشلەۋاتقاندا ئۈنسىز ھالدا ئۇلۇغ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ [37 ـ ۋاراقA]: خۇدا دۈشمەنلىرىم ئۈستىدىن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىمگە مەدەت بەرگەيسەن! مېنى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلدۇرغىن! ماڭا بۇ يەرنى بەندىلىرىڭ يىغىلىدىغان مەسچىت قىلىپ بەرگەيسەن! مەن بۇ يەرگە تەكچە ياسايمەن، سېنى مەدھىيىلەيدىغان مېھراب ياسايمەن. ئاندىن ئەزان ئېيتىپ ناماز ئوقۇيمەن. نامازغا ئىماملىق قىلىمەن. سېنىڭ ئىلتىپات قىلىشىڭنى تىلەيمەن». مانا بۇ ئاتۇشتىكى چوڭ مەسچىت، خاتۇن ئېرىنىڭ ساتۇق بۇغراخاننى جاپالىق ئىشلەتكەنلىكىگە نارازى بولدى. تاغىسى ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىدىن رازى بولدى. ئۇ: «ئەگەر ئۇ بىزنىڭ دىنني پائالىيەتلىرىمىزگە سۇسلۇق پوزىتسىيىسىدە بولۇپ ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلغان بولسا ياكى مەندىن كېيىن مېنىڭ ئەۋلادلىرىمغا زىيان سالىدىغان بولسا مەن ئۇنىڭغا يول قويمىغان بولاتتىم» دەيدۇ.

بۇ ئىشلار جەريانىدا ساتۇق بۇغراخان «قۇرئان كەرىم» نى

يادىلاپ بولىدۇ. ھەم ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ 25 ياشقا تولغاندا 50 نەچچە چەۋەندازنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىدۇ. ئۇ بىر ئۆتكەلنى ئىگىلەپ [يىغاچ بالىق] قا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ جايدا ئون نەچچە كۈن تۇرىدۇ. تاغىسىنغا پۈتۈن ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇ شۇبھىلىنىشلەرنى قايرىپ قارشىلىق قىلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا قەشقەرلىق 300 ئاتلىق چەۋەنداز يىغىلىدۇ. ئۇ يەنە پەرغانىلىك غازاتچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار تەخمىنەن 1000 غا يېقىن ئادەم ئىدى. ئۇلار ئەڭ بۇرۇن ئات بېشىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 3000 ئاتلىق ئەسكەرگە كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ بۇ يەرلەرنى ئىسلاملاشتۇرىدۇ. ھەم بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئاللاتائاللانىڭ ۋەھىيسىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىدۇ. ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلەپ ئۆزى ئاللانىڭ قۇلى، بۇ غەلىبە ئاللانىڭ قۇلىنىڭ غەلىبىسى: ئۆزۈمنىڭ ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم دەپ قارايدۇ.

344 – يىلى (955 – يىل 4 – ئاي 27 – كۈنى – 956 – يىل 4 – ئاينىڭ 14 – كۈنى) ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مېيىتى قەشقەر ئاتۇشتىكى مەشھەد دېگەن يېزىغا دەپنە قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ مازاردا شەيخ بار بولۇپ، بۇ قەبرىگە قاراپ يۈرۈۋاتىدۇ. ساتۇق بۇغراخان بىلەن بىرگە «دىن تارقاتقان بايتاش ئارسلانخان 388 – يىل 1 – ئايدا (998.1.3—2.1) غازى بولىدۇ. ئۇنىڭ مېيىتى قەشقەردە بولۇپ ئۇنىڭغا ھازىرغىچە كىشىلەر بېرىپ تاۋاپ قىلىپ يۈرمەكتە.

ئىزاھلار:

① دەسلەپكى تەرجىمىسىدە بۇرۇنقى تەرجىمانلار 贾玛勒.喀尔施 دەپ يېزىلغانىدى. 1986 – يىلى خەلقئارالىق يۈەن سۇلالىسى تارىخى يىغىنىدا 扎马勒哈儿昔 دەپ

ئۆزگەرتىلدى.

② بارتولد: 1997 ـ يىل 51 — 62 ـ بەتلەر. بىرو كېلمان 1939 ـ يىل. خوفمان 1969 ـ يىل 84 ـ 89 ـ بەت. ئۇنىڭدىن باشقا بارتولدنىڭ «روسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرق بۆلۈمى‌توپلىمى» دە جامال قارشىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ «تولۇقلىما» نىڭ قولىيازمىنىڭ تېپىلىشىغا دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغان. بىراق، ئۇنى كۆرمىدۇق.

③ بۇ بارتولدنىڭ كۆز قارىشى، ئۇنىڭ تەخەللۇسىدىكى… جامال «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» ( EL². Supplement. p240 ) ۋە خوفمان 1969 (84 ـ بەت) تىكى ئىسمىغا بەكرەك يېقىن كېلىدۇ. يەنى Abu al — Fadl Djamal al — Din Muhammabt b. Umar b. Khalid بىروكېلمان 1939 (196 ـ بەت) تە سەل ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش بار.

④ بۇ سۆزنىڭ يىلتىزىنى كلاۋسون: An Etymological Dichonary Dt pre—13th Century Turkish, Oxford, 1962, in EI² «Qarshi» p . Spular 664, b دىن كۆرۈۋېلىڭ.

⑤ جەۋھەرى: 9 ـ ئەسىردە ياشىغان، تۈركىي مىللەتلەردىن بولغان ئەدىپ ئۇ فاراب شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «تىللار تاجى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ گۈزەللىكى» دېگەن ئەسىرى بار. بۇ ئەسەرنىڭ ئەرەب تىلى لۇغىتىنى تۈزۈشتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. كېيىنكى ئەرەب ـ پارس تىللىرى لۇغىتىنى تۈزگۈچىلەر قايتا تۈزۈش، تولۇقلاش، شەرھلەش جەريانلىرىدا ئازراق ئىسقارتىۋەتكەن ھەم پارس، تۈركىي تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان (EI¹ (. 495—497 I ,P گە قاراڭ.

⑥ ئۇنىڭدىن باشقا خوفمان (1969، 87 ـ بەت) دە «تولۇقلىما» نىڭ پەرغانە نۇسخىسىدا ئىككى ئىزاھات بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. 1 ـ ئىزاھات ئىسلام كالېندارى بويىچە 701 ـ

يىلنى يەنە بىر ئىسلام كالېندارى بويىچە 692 ـ يىلنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ جۇۋەينى «تارىخىي جاھانگۇشاي» 25 ـ بەت.

⑧ پېتروشۇپىسكىي: «رەشىدىددىن ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەسىرى» (خوجىيەنچى تەرجىمە قىلغان «تارىخىي رەشىدى»، 1ـ توپلام 1 ـ قىسىم 71 ـ بەت) «تارىخىي رەشىدى» دە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋە ئىراننى ئىستېلا قىلىشقا دائىر مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇۋەينىنىڭ ۋە ئىبنۇل ـ ئەسىرلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان.

⑨ بىروكېلمان ئىككى قولىيازما ھەققىدە توختالغان. بىرى ئاندىروف كۆچۈرگەن قولىيازما. يەنە بىرى كاسسېكوۋ كۆچۈرگەن قولىيازما. بەلكى، بۇ بارتولد قولغا چۈشۈرگەن قولىيازما بولۇشى مۇمكىن. خوفمان (1969، 86 ـ بەت) تە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «سۇرراھ لۇغىتى» نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ. لېكىن، ئۇلارنىڭ «ئىلاۋە» قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ـ ئالمىغانلىقىنى قىياس قىلىش قىيىن.

⑩ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى لىۋ كەيگۇ بىلەن تاۋمۇخۇالارنى قايتا كۆرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. ئەسەردىكى پارسچە شېئىرلارنى لىۋ يىنشىڭ تەرجىمە قىلغان.

⑪ ماقالىدىكى ئەرەبچە ۋە پارسچە ترانسكرىپسىيەلەردە «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» ئاساس قىلىندى. باسمىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن K نى C,P نى Ch دەپ ئېلىندى. تەرجىمىدىكى [ ] ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى قۇرلار بويىچە تەرجىمە قىلىندى. بايانلارنىڭ سەۋەبلىرى ئەسلىي مەنىسى ئۆزگەرمەي ئاخىرىغا تەرجىمە قىلغۇچىسىنىڭ چۈشەنچىسىنى قوشۇپ قويغان. ئەسلىي ئەسەرلەردىكى ۋاقىت يىللار ھىجرىيە كالېندارىدۇر. تەرجىمىدە مۇناسىپ ھالدا مىلادىيە ۋاقتى قوشۇپ قويۇلغان. يەر جاي ناملىرىدىن باشقا تەرجىمىدىكى بارتولدنىڭ

تەھرىرلىگەنلىرى ھېچقانداق چۈشەنچە بېرىلمىگەن. ئەسەردىكى [xۋاراقA] ، [AxۋاراقB] قاتارلىق بەلگىلەرنى بارتولد ئەسلىي قولىيازمىلارغا قويغان. [x — ۋاراق ئالدى يۈزى] ، [30 - ۋاراقنىڭ كەينىيۈزى] نىڭ باشلانغان يېرىدە.

⑫ (Bilka Kur) : بىلگە كۆل ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرۈش جەريانىدا ھەرپ چۈشۈپ قالغان. بارتولد (1898، 130 - بەت) ئالدىنقى سۆزنى Bilka دەپ، كېيىنكى سۆزنى ماكۋارت ئۇيغۇر، دەپ ئوقۇغان. پرتساك Kur ، دەپ ئوقۇغان. (پرتساك 1951، 293 - بەتكە قاراڭ) بۇ يەردە ۋاقتىنچە پرتساكنىڭكىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىمىز. لېكىن، خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە پەقەت كۆل بىلگىلا بار بولۇپ، بىلگە كۆل ئۇچرىمايدۇ.

⑬ ئافراسىيابنىڭ ئىسمى بىر جايدا خېلى كۆپ يېرى چۈشۈپ قالغان بولۇپ، گۇمانلىق.

⑭ تۇر بىننى ئەفرىدۇننىڭ ئىسمىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ خېلى كۆپ بەزى جايلىرىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بەزى جايلىرى گۇمانلىق (ئىزاھاتتا سوئال بەلگىسى قويۇلدى) .

⑮ «بۇغراخان تەزكىرىسى» دىكى بەگ (2 - بەت «بۇغراخان تەزكىرىسى ‹2›» دىكى بەگ شەھىرى (17 - بەت) بۇغراخان تەزكىرىسى ‹3›» دىكى بەگ يېرى (48 - بەت) ھەممىسى ئاتۇش ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئىسىم بىلەن مۇناسىۋىتى بار.

## قوشۇمچە Ⅲ

# تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئاساسلىق پايدىلانغان تارىخىي ھۆججەتلەر

## خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار

«كونا تاڭنامە» (كېيىنكى جىن) ليۇ جۇ، (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«يېڭى تاڭنامە» (سۇڭ) ئوۋياڭشيۇ، سۇڭ چى كۆرۈپ چىققان. (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» (سۇڭ) ئوۋياڭشيۇ يازغان. شۇ ۋۇداڭ كۆرۈپ چىققان، (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«كونا بەش دەۋر تارىخى» (سۇڭ دەۋرى) شۆجۇجېڭ (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«لياۋ تارىخى» (يۈەن دەۋرى) توتو قاتارلىقلار (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» (يۈەن دەۋرى) توتو قاتارلىقلار (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» (سۇڭ دەۋرى) سىماگۇاڭ. (يۈەن دەۋرى) خۇسەنشىڭ ئوقۇلۇشقا ئىزاھات بەرگەن. (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرىنىڭ داۋامى» (سۇڭ دەۋرى) لى تاۋ. (جۇڭخۇاچە ئۆلچەملىك نۇسخا)

«كىتابلار جەۋھىرى» (سۇڭ دەۋرى) ۋاڭ چىنرۇ، ياڭ يى

قاتارلىقلار (جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى باسقان نۇسخا. 1960 - يىل)
«بۈيۈك تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» (سۇڭ دەۋرى) سۇڭ مىنچۇ تۈزگەن. (سودا نەشرىياتى 1958 - يىل)
«قائىدە - مۇراسىملار توپلىمى» (تاڭ دەۋرى) دۇزۇ (جۇڭخۇا 1988 - يىل)
«تاڭ دەۋرى ئومۇمىي تارىخى» (سۇڭ دەۋرى) ۋ اڭ بۇ جۇڭگوشۇناسلىق ئاساسىي كىتابلار مەجمۇئەسى نۇسخىسى (سودا نەشرىياتى 1935 - يىل)
«سۇڭ دەۋرى ئومۇمىي تارىخى توپلىمى» (چىڭ دەۋرى) شۇ سوڭجى (جۇڭخۇا كاتالوگ نۇسخىسى 1957 - يىل)
«دۇنخۇاڭ خەزىنىلىرى» (تەيبېي 1986 - يىل) (چىڭ دەۋرى) لى ۋېينتيەن
« 会昌一品集 » (تاڭ دەۋرى) لى دېيۇ تۈزگەن مەجمۇئە نۇسخىسى.
«فەنچۇەن توپلىمى» (تاڭ دەۋرى) دۇمۇ تۈزگەن مەجمۇئە نۇسخىسى.
«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» جى شەنلىن قاتارلىقلار تەھرىرلىگەن (جۇڭخۇا 1985 - يىل).
«مايمۇننىڭ ھىندىستانغا كىرىش خاتىرىسى» « 大正藏 » ترىپىتاكا 51 - جىلد.
« 大正藏 » « 继业粮? 域行程 » 51 - جىلد.
« 大正藏 » « 慧超往五天竺闹记 » 51 - جىلد.
ئۈنىڭدىن باشقا «دوكتور پۇتەييەننىڭ تارىخشۇناسلىققا دائىر ماقالىلىرى توپلىمى» (1 - قىسىم) « 慧超往五天竺国传迻录 » گە قاراڭ.
«ۋاڭ يەندېننىڭ ئىدىقۇت خاتىرىلىرى»، «ۋاڭ گوۋېي مىراسلىرى» 13 - قىسىم (قەدىمكى ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ تۈزگەن خىل مۇندەرىجىسى) يوللۇغ چۇسەي «غەربكە ساياھەتنامە»، شاڭخەيدا تەھرىرلىگەن.

(جۇڭخۇا 1981 ـ يىل)
لىيۇ يۇ «غەربكە بېرىش خاتىرىسى»، «ۋاڭ گوۋېي مىراسلىرى»، 13 ـ قىسىم «قەدىمكى ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ تۆت خىل مۇندەرىجىسى» «ئەۋلىيا چىيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھىتى» «ۋاڭ گوۋېي مىراسلىرى» 13 ـ قىسىم (ئەۋلىيا چىيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھىتىنى تەھرىرلەش) (《大正新修大藏经》) گاۋلەن شۇنسىلاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن بارلىق بۈيۈك ھەقىقەت نوملىرى توپلىمى، 1924 ـ 1934 ـ يىل

## مۇسۇلمانچە تارىخىي ماتېرىياللار

(قوشۇمچە [Ⅳ] «مۇسۇلمانچە تارىخىي ماتېرىياللار ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسەرناملىرى سېلىشتۇرما جەدۋىلىگە» قاراڭ)

بەلازورى: «كىتابەل ـ فۇتۇھەل ـ بۇلدان» (ھەرقايسى ئەللەرنى ئىستېلا قىلىش تارىخى) = al—Baladhuri, Kitab Futuh al—Buldan: The Origins of the Islamic State. tr. by F. C. Murgotten, New York 1969

ئىبنۇل ـ ئەسىر: «تارىخى كامىل» (تارىخىي كامىل) = ibn al—athir قوشۇمچە [Ⅳ] كە قاراڭ»

ئىبن فەزلان: «ئىبن فەزلان ساياھەت خاتىرىسى» =Ibn Fadlan, (1) Ковалевский, А. П. 1956, Книга Ахмеда Йбн Фадлана. Харьков 1956 (كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى مەشھەدنىڭ ئومۇمىي توپلىمىغا «ئىبن فەزلان ساياھەت خاتىرىسى» ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ سۈرەتكە ئالغان نۇسخىسى بېرىلگەن)؛ (2) دەمەشىق 1959.

ئىبن فەقىھ: «ئەللەر تەزكىرىسى» =Ibn Faqih: BGA، 5 ـ جىلد (قوشۇمچە [Ⅳ] كە قاراڭ)

ئىبن ھەۋقە: «كىتابۇ سۈرەتەل ـ ئەرز» (زېمىن

خەرىتىسى» (1) BGA (Ibn Haukal= 2 ـ توپلام. (قوشۇمچە [Ⅳ] كە قاراڭ)

(2) Ibn Hawqal: Configuration de la Terre: introduction et rtaduction par J. H. Kramers et G. Wiet, Paris 1964.

ئىبن خۇردادبىھ: «مەسالىك ۋەل ـ مەمالىك» (يوللار ۋە ئەللەر) (1) BGA (Ibn Khurdadhbah: =، 6 ـ توپلام، (قوشۇمچە [Ⅳ] كە قاراڭ) (2) «يوللار ۋە ئەللەر» (جۇڭخۇا 1991 ـ يىل)

ئىستەخرى: «كىتابۇ مەسالىكەل ـ مەمالىك» (ئەللەر يوللىرى) (1) BGA (Istakhri: =1 ـ توپلام (قوشۇمچە [Ⅳ] كە قاراڭ)

**图书在版编目（CIP）数据**

西域历史研究：八至十世纪/华涛著；阿布来提·努尔东译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.10
ISBN 7－228－07629－X

Ⅰ.西… Ⅱ.①华… ②阿… Ⅲ.西域－历史－研究－8～10世纪－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.K928.6

中国版本图书馆CIP数据核字（2002）第082342号

西域历史研究（维吾尔文）
华涛著

阿布来提·努尔东等译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆社会科学院印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 14.3 印张
2002年12月第1版 2002年12月第1次印刷
印数：1 — 3000

ISBN7—228—07629—X/K.1063 定价：20.00元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ



ISBN 7-228-07629-X
(民文)定价：20.00 元